ئەدەبىي كىتابلاردىكى ئىدېئولوگىيىلىك مەسىلىلەرگە

www·islamyoli·net

جاۋابكار ئەمەس.

# بۆرە ئانا

تۇختى ئايۇپ

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1999 - يىل

## بىرىنچى باب

باھارنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى ...

يايلاقتا قارنىڭ ئاخىرقى پارچىلىرىمۇ ئېرىپ تۈگىگەن، ئۇ پەقەت تاغنىڭ تەسكەي تەرىپىدىكى يانباغىرلاردا ۋە تاغنىڭ ئېگىز چوققىلىرىدىلا قارا قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇق چاغلىرىنى ئەسلىتىپ كۈمۈشتەك يالتىراپ كۆرۈنەتتى. تېخى ھەپتە ئىلگىرىلا خۇددى كېسەلچان ئادەمنىڭ چىرايىدەك سارغۇچ خۇنۈك ۋە كۆڭۈلسىز كۆرۈنىدىغان كەڭ يايلاق بۈگۈن يېشىلىپ سۇس يېشىللىقتا پۇركەنگەن، ئۇنىڭدىن ئىسقا ئوخشاش كۆكۈچ رەڭ، نەمخۇش ئىسىق ھور كۆتۈرۈلەتتى. تاغ ئۈستىدىن يېنىك سوقۇۋاتقان قۇرغاق شامال ھېلىمۇ سوغۇق ئىدى. بىراق ئۇ يەنىلا تاغ ناخشىسىنىڭ ئەكس ساداسىدەك يېقىملىق، لەرزان، قۇياش نۇرىدەك يۇمشاق ھەم راھەتلىك تۇيۇلاتتى. ئۇنىڭ بوۋاق تىنىقلىرىدەك ئىللىق نەپەسلىرىدە ئۆزگىچە مەززىلىك پۇراق: ئەكچىگەن يەرنىڭ ۋە دېۋىرقاي بىلەن ئارچا يايپرىقىنىڭ نەملەنگەندىن كېيىنكى كۈچلۈك ھىدى...

كۆك بۆرە شەپىسىز يورغىلاپ قارىغايلىق ئارىسىدىن چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ كۆپكەن، پەسكە ساڭگىلىغان يېلىنلىرى يورغىلىغاندا ئىككى يانغا چايقىلىپ باراتتى. ئۆزىمۇ كۆرۈنەرلىك ئورۇقلىغانىدى، يوتا ھەم قورساقلىرىدىكى كۈل رەڭ، ئاقۇچ تۈكلەر پۇرلىشاڭغۇ كۆرۈنەتتى. قاچانلاردىدۇر يېرىمى ئۈزۈۋېتىلگەن، ئەمدى دىقماقلىشىپ قالغان كالتە قۇيرۇقى ئۇنى تەبىئىي گۈزەللىكى ۋە سەلتەنىتىنى يوقاتقان جاپاكەش ھەم بىچارە قىلىپ كۆرسىتەتتى. ئەمما ۋۇجۇدىدا كۈچ، تۇيغۇنلۇق ۋە ئۆز - ئۆزىگە بولغان ئادەتتىن تاشقىرى ئىشەنچ ئۇرغۇپ تۇراتتى. گەۋدىسى تولغان، پۇتلىرى ئۇزۇن ھەم قۇۋۋەتلىك ئىدى. ۋۇجۇدىدا ھاياتلىقنى ئەيمەندۈرگۈچى، قورقۇنچقا سالغۇچى ياۋايى ۋەھشىيلىك، كۆزلىرىدە غايەت كۈچلۈك كۆكۈچ نۇر چاقناپ تۇراتتى. بۆرە دەريا ياقىسىغا كېلىپ، دەريا سۈيىنىڭ ھەيۋەتلىك شارقىراشلىرىغا تۇيغۇنلۇق ھەم پەۋقۇلئاددە ئۆتكۈر سېزىمى بىلەن قۇلاق سېلىپ تۇردى.

يايلاقنىڭ غەربىي تەرىپىدە شىمالدىن جەنۇبقا تار، ئەمما ئىككى قىرغىقى قىلىچ بىلەن كېسىپ چۈشۈرۈلگەندەك تىك ئاق تېكە دەرياسى ئېقىپ تۇراتتى. دەريانىڭ

ئۆپقۇنلۇق شوخ ئېقىنى باشقىچە ئىدى. مەرۋايىتتەك چېچىلىپ تۇرغان ئاقۇچ بۇژغۇنلىرى يىراقتىن خۇددى سىماپتەك يالتىراپ كۆزنى چاقاتتى، تاشتىن - تاشقا ئۇرۇلۇپ، كۆۋەجەپ ئاقىدىغان ھەيۋەت دولقۇنلىرى يايلاقنىڭ بولۇق ئۆسكەن ئوت - چۆپلىرىگە تويۇنۇپ سەمرىگەن بىر توپ ئاتنىڭ تىنىمسىز شوخ چېپىشلىرىنى ئەسلىتەتتى. ئۇنىڭدىن تاراۋاتقان گۈلدۈرلىگەن ئۈزۈلمەس ھەيۋەتلىك سادا زېمىننى تىترىتەتتى، تاغ ئىچىنى لەرزىگە سالاتتى...
بۆرىنى كۆرۈپ قىزىل تۇمشۇق چوغۇندەكلەر (ئىزاھات: چوغۇندەك — تاغدا ياشايدىغان، شەكلى قاغىغا ئوخشايدىغان بىر خىل قۇش.) ئاسماندا ئەنسىز چۇڭۇلداشتى ۋە ئالدىراپ تېنىگەندەك ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ بىردەمدىلا كۆزدىن غايىپ بولۇشتى. ئەمما بۆرە چوغۇندەكلەرنى كۆرمىگەندەك، چوڭۇلداشلىرىنى ئاڭلىمىغاندەك، تەشۋىشلىرىگە پەرۋا قىلمىغاندەك ئىدى.
بۆرە پەسكە چۈشۈپ، تاغ تېرىكى تۈۋىگە كېلىپ، ئۇنى - بۇنى پۇراپ كۆردى. ئەتراپتا قۇرۇق ھاراق بوتۇلكىلىرى، تاماكا قاپلىرى، سولىياۋ خالتىلار چېچىلىپ ياتاتتى. بۆرە ئۇنىڭدىن يىرگىنىپ نېرى كەتتى. بېشىنى كۆتۈرۈپ، نەمخۇش ھاۋانى تەمە بىلەن پۇراپ باقتى. بۆرىنىڭ بۈگۈن ئوۋدىن تەلىيى كەلمىگىنى، شۇڭا ئۇۋۇسىغا ئولجىسىز قايتىپ كېتىۋاتقىنى ئېنىق. مەيلى نېمىلا بولمىسۇن، ئۇنىڭ ئەمدى ئۇۋۇسىغا قايتىدىغان ۋاقتى يەتتى. ۋۇجۇدىدا ئۇنى نەپەسسىزى ئالدىرىتىۋاتقان، تەقەززا قىلىۋاتقان، ئىچىنى كۆيدۈرىۋاتقان، سېغىندۇرىۋاتقان پەۋقۇلئاددە نازۇك سېزىم كۈچى ئۇنى قانائەت بىلەن تويۇنۇشقا ئۈندىمەكتە، مەيلىنى ئۆز ئۇۋۇسىغا تارتماقتا...
بۆرە قاغىنەك، زىرىق، ئارچا ۋە ئازغان بىلەن بۈككىدە قاپلانغان تاغ باغرىنى بويلاپ، خۇددى يىلاننىڭ سويلىشىدەك چەبدەسلىك بىلەن يۇقىرىغا ياماشتى ...
تاغنىڭ بۈرتۈپ چىققان قورام تاشلىرى كۆك، بۆرىنىڭ تۈكلىرىمۇ كۆك، خۇددى تاغ بىلەن بىر جان، بىر تەندەك... ۋۇجۇدى، جىسمى ئاشۇ كۆپكۆكلۈك ئىچىگە يۇغۇرۇلۇپ كەتكەندەك ئىدى ...
بۆرە ھەش - پەش دېگۈچە ئۆز ئۇۋۇسىنىڭ ئالدىغا، ئەتراپى قويۇق ئارچا ھەم زىرىق بىلەن قاپلانغان تاغ ئۆڭكۈرىگە يېتىپ كەلدى. تۇغۇلغىنىغا بىر ئايدىن ئاشقان، كۆزلىرى يېڭىلا ئېچىلغان بۆرە كۈچۈكلىرى ئانىسىنىڭ تونۇش، مېھرىلىك ھىدىنى ئانىسى دەريا بويىدىكى چېغىدىلا پۇراپ ئۈلگۈرگەن، شۇڭا ھەممىسى ئۆڭكۈر ئاغزىغا چىقىپ تەقەززالىق بىلەن تەلمۈرۈپ تۇرۇشقانىدى . ئانىسى ئۆڭكۈر ئاغزىغا كەلگەن ھامان بەش كۈچۈك غىڭشىپ يېلىنغىنىچە ئانىسىغا تەڭلا تاشلىنىشتى. تەجرىبىلىك ئانا بالىلىرىنى ئۆڭكۈرنىڭ ئەڭ ئىچكىرى يېرىگە، پىنھان، خەتەرسىز ۋە ئىللىق ماكانىغا باشلاپ كىردى. ئاستىغا بىر قەۋەت شۋاق، ئەمەن ۋە قوي يۇڭى يېيىلغان ئۆڭكۈر ئىچى ئىسسىق، نەمخۇش ھەم راھەتلىك ئىدى. كالتە قۇيرۇق بۆرە قوي يۇڭى ئۈستىدە پۇتلىرىنى ئۇزۇن سوزۇپ، بېشىنى يەرگە قويۇپ، يېنىچە سۇنايلىنىپ ياتتى. ئېچىرقاپ كەتكەن بۆرە كۈچۈكلىرى ئانىسىنىڭ باغرىغا تاشلىنىپ، سۈت بىلەن تومپايغان يۇمران ئەمچەكلىرىنى تالىشىپ ئېمىشكە باشلىدى. ئەمچىكىنىڭ بوشقىنە ئاغرىشى ئىچىدىكى شېرىن غىدىقلىنىش شۇنچىلىك لەززەتلىك ئىدىكى، كالتە قۇيرۇق ۋۇجۇدىدىكى بېسىش مۇمكىن بولمايدىغان بۇ چەكسىز لەززەتتىن مەستخۇشلىنىپ، پۇتلىرىنى تېخىمۇ ئۇزۇن سوزۇپ، گەۋدىسىنى كېرىپ،

ئىختىيارىچە تاشلاپ جىمجىت يېتىپ كەتتى.

نەقەدەر ئۇلۇغ خىلۋەت، ئىللىق ماكان ـ ھە بۇ؟ كالتە قۇيرۇقنىڭ تالاي ئەجدادلىرى، ھەتتا ئۆزىمۇ مۇشۇ ئۆڭكۈردە تۇغۇلغانىكەن، بۇ شۆھرەتلىك كەچمىشلەرنى ئۇرۇق ـ ئەجدادلىرىنىڭ ئۆڭكۈرنىڭ تاش يوچۇقلىرىغا، يېرىقلىرىغا سىڭىپ كەتكەن تونۇش پۇراقلىرى، ئانىسى ئۆزىنى تەۋەللۇت قىلغاندا ۋۇجۇدىدىن تامچىغان قان، ئانا باغرىدىن ئاغزىغا تېمىپ چۈشكەن ھەربىر يۇتۇم سۈت ئۇنىڭغا ئەسلىتىپ تۇراتتى. مانا ئەمدى ئۇنىڭ چوڭىيىپ، ۋايىغا يېتىپ بۇ قەدىمىي مۇقەددەس ئۆڭكۈردە مۇشۇ بالىلىرىنى ئىككىنچى قېتىم تەۋەللۇت قىلىشى...

سۈتكە بولۇشچە قېنىپ، توقلۇق راھىتىدىن تېنى يايراپ كەتكەن كۈچۈكلەر ئانىسىنىڭ باغرىدىلا ئۆزىنى ھەر تەرەپكە تاشلىشىپ تاتلىق ئۇيقۇغا كېتىشتى. بالىلىرى تويىۋېدى، كالتە قۇيرۇقنىڭمۇ ئەتىگەندىن بېرى ۋۇجۇدىنى ئارامسىزلاندۇرۇۋاتقان ئاچلىقى بېسىلىپ، ئىچ ـ ئىچىدىن راھەت تېپىپ قالدى. ئۇ خۇددى ئۇخلىغاندەك جىمجىت ياتاتتى، ئەمما كۆزلىرى ئوچۇق ئىدى...

شۇ قېتىمقى پاجىئە بالىلىرىنىڭ ئۆزىگە ئەگىشىپ دەريا تەرەپكە ئەمەس، ئېزىقىپ ـ تېنەپ، كۈلتۈك قار بىلەن قاپلانغان يايلاق تەرەپكە قاچقانلىقىدىن يۈز بەردى. شۇ قېتىم، قار قېلىن ياغقان كۈنىنىڭ ئەتىسى ئۇ كۆك يايلا بىلەن بىللە بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ قىشلاقتىكى بۈك چىغلىقتا قويۇۋېتىلگەن بىر توپ مالغا تېگىش ئۈچۈن تاغدىن چۈشكەن. ئەتىگىنى مالچىلار تېخى ئۆيىدىن چىقىپ ئۈلگۈرمىگەنىدى. بۇ ئوۋ ئۈچۈن ياخشى پەيت. كالتە قۇيرۇق بىلەن كۆك يايلا بالىلىرىغا تەييار ئولجا بىلەن ئوزۇقلىنىشنى ئەمەس، مۇشۇنداق چاغدا ئوۋغا سېلىپ، ئۇلارغا ئۆز نېسىۋىسىنى قانداق تېپىپ يېيىش ئۇسۇلىنى ئۆگىتىشى، قىسقىسى، ئۇلار ئۆز بالىلىرى ئالدىدا ئاتا ـ ئانىلىق بۇرچىنى ساداقەتلىك بىلەن ھەر قانداق خەۋپكە تەۋەككۈل قىلغان ھالدا ئادا قىلىشلىرى كېرەك. بۇنداق بۇرچ بۆرىلەر ئۈچۈن ئۇلۇغ ھەم مۇقەددەس. بۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ بالىلىرىغا مىراس قىلىپ قالدۇرىدىغان نەرسىلىرى ناھايىتى جىق. بالىلىرى ھاياتلىق دۇنياسىنىڭ كۈچلۈك ھۆكۈمرانى، تەبىئەتنىڭ ھىمىرىلمەس گەۋدىسى سۈپىتىدە ياشاش ئۈچۈن، ئۆزىنىڭ روھىيىتىدە، ۋۇجۇدىدا نۇرغۇن خاسلىقلارنى ئاپىرىدە قىلىشى زۆرۈر. ئۇلار ئانىسى ئاق سۈت بىلەن تويۇندۇرۇۋاتقان، ئەركىلىتىۋاتقان چاغدىكى ئادەتتىن تاشقىرى مۇلايىملىق، مېھرىبانلىق ھەم ئۆز ھاياتىنىڭ ئەمىنلىكى، ئاسايىشلىقى ئۈچۈن بىرلىك، ئۆملۈكنىلا ئەمەس، مۇھىمى، ئادەتتىن تاشقىرى باتۇرلۇق، جاسارەت ھەم ھېچنىمىدىن ئايانمايدىغان ۋەھشىيلىك، رەھىمسىزلىكنى ئۆگىنىشى كېرەك...

ئەڭ ئالدىدا كالتە قۇيرۇق بىلەن كۆك يايلا، ئۇنىڭدىن كېيىن بالىلىرى قېلىن چىغلىق ئارىسىدا تىۋىش چىقارماي ئۆمىلەپ ئىلگىرىلەپ مال توپىغا يېقىنلاشتى ۋە بىردىنلا چىغ تۈۋىدىن پۇرژىنىدەك قاڭقىپ چىقىپ مال توپىغا شىددەت بىلەن تاشلىنىشتى. ئۇلارنىڭ ئەتىيازدا تۇغۇلغان سېمىز تۆل قويىدىن بىرنى پۇرلاپ بېسىپ، تۇشمۇ ـ تۇشتىن چىشلەپ ـ تارتىشىپ يەپ تۈگىتىشى ئۈچۈن، ھېچقانچە ۋاقىت كەتمىدى. لېكىن شۇ پەيتتە، بۆرىلەر ھەر قاچان دۇچ كېلىش ئېھتىمالى بولغان ئىش ئاخىر يۈز بەردى. قوتان تەرەپتىن ئۈچ ئاتلىق ئادەم قىقاس ـ سۈرەن سېلىپ، مىلتىقلىرىدىن ئوق ئۈزگىنىچە بۆرىلەر ئۈستىگە ئات چاپتۇرۇپ كېلىشتى. كالتە

قۇيرۇق باللىرىغا باش بولۇپ ئۇدۇل دەريا تەرەپكە ـ ياۋا تېرەكلىك ئارىسىغا قاچتى. ئارقىسىدىن ئېتىلغان ئوق قۇلقى تۈۋىدىن ۋىژىلداپ ئۆچاتتى. ئۇ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ياۋا تېرەكلىك ئارىسىغا بېرىپ ئۈلگۈردى. ئەمما كەينىدە نە كۆك يايلا، نە باللىرى كۆرۈنمەيتتى. كالتە قۇيرۇق ئوقتەك يۈگۈرۈپ دەريانى كېسىپ ئۆتتى ـ دە، تاغ ئۈستىگە چىقىپ ئەتراپنى كۆزىتىشكە باشلىدى. ئۇنىڭ ۋەھىمە ھەم ھالاكەت قورقۇنچىدىن چوغدەك يېنىپ كەتكەن ئۆتكۈر كۆزلىرى شۇئان يايلاقتىكى مۇدھىش مەنزىرىنى ئىلغا قىلدى. ئۈچ ئاتلىق ئادەم ئاتلىرىنى بولۇشىچە چاپتۇرۇپ، يايلاقتىكى كۆلتۈك قار ئۈستىدە بۆرە باللىرىنى قوغلاپ يۈرەتتى. قورساققىچە چۆكۈپ كېتىدىغان قېلىن قاردا ياش بۆرىلەر ھەر قانچە يۈگۈرۈپمۇ ئاتلاردىن ئۆزۈپ كېتەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. كالتە قۇيرۇق ھەسرەت ۋە غەزەپتىن جالاقلاپ تىترەپ، ئەلەم ۋە قىساس ئۇچقۇنى ئۇچقۇنداپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن ھەممە ئىشنى كۆرۈپ تۇردى. ئاتلىقلار ياش بۆرىلەرنى كالتەك بىلەن ئۇرۇپ بىر ـ بىرلەپ يىقىتىشتى ۋە تاغارلىرىغا سولاپ ئاتلىرىغا ئارتىشتى. كالتە قۇيرۇق شۇ چاغدىلا ئەس ـ ھوشىنى تېپىپ جان ـ جەھلى بىلەن پەسكە تاشلاندى. ئۇ كۆك يايلىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئۇ ئەمدى ئۆزى يالغۇز ئاتلىق مالچىلار بىلەن يەككىمۇ ـ يەككە ئېلىشماقچى، شۇ ئارقىلىق باللىرىنى قۇتۇلدۇرۇۋالماقچى بولدى ـ دە، ئاتلىقلارنىڭ ئالدىنى كۆزلەپ يايلاق تەرەپكە يۈگۈرۈپ كەتتى. ئۇ دەريادىكى مۇز ئارىلاش ئېقىۋاتقان سۇدىن قانداق ئۆزۈپ ئۆتكىنىنى، دەريادىن ئۆتكەندىن كېيىن بەدىنىدىن سۇنىڭ قانداق شۇرقىراپ قۇيۇلۇۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇ چاتقاللىقتىن ئېشىپ، كۆلتۈك قار ئۈستىدە يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ تۇساتتىنلا تاشيولدا قاتار كېلىۋاتقان ئاپتوموبىل كالوننىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان مۇشۇ زېمىندا پەيدا بولۇپ قالغان بۇ غەلىتە مەخلۇقنىڭ گەۋدىسىنىڭ شۇ قەدەر يوغان، ئاۋازىنىڭ شۇ قەدەر كۈچلۈك ۋە يېقىمسىزلىقىغا ئەقلى يەتمەيتتى. ئۇ بۇ مەخلۇقلارنىڭ تېزراق كۆزدىن يوتۇشىنى كۈتۈپ، بىر تۈپ قاغىنەك تۈۋىدە خېلىغىچە تۈگۈلۈپ ياتتى. غەلىتە مەخلۇقلار كۆزىدىن يوتۇپ، بۆرە ئورنىدىن تۇرغاندا ئاتلىقلار ئاللىقاچان كۆزدىن غايىپ بولغانىدى. شۇ ئان كالتە قۇيرۇقنىڭ ۋۇجۇدىدا زاھىر بولغان ئادەتتىن تاشقىرى كۈچلۈك ھەسرەت ۋە جۇدالىق دەردى ئاغزىدىن خۇددى ھازىدار ئادەمنىڭ يىغىسىدەك سوزۇلۇپ ئېتىلىپ چىقتى:

ـ ھۇ... ۋ...ۋ...!

كۆك يايلىنىڭ شۇنىڭغىچە ئىز ـ دېرىكى يوق ئىدى. كۆك يايلا ـ ھە! مۇشۇ زېمىندىكى بۆرىلەر قەۋمىنىڭ ئاشۇ كۈچلۈك سەردارى! نېمىمۇ قورقۇتالىغان، باش ئەگدۈرەلىگەن ئۇنى؟ ئۇۋۇ ئۈستىدىكى جەڭ، تاغ تېكىسى بىلەن يەكمۇ ـ يەك ئېلىشىشلار، مالچى ئىتلارنىڭ قورشاۋلىرى ... ئۇنىڭ غەزەپكە كەلگەن چاغدىكى كۆك يايلىسىنىڭ تىك تۇرۇپ كېتىشلىرىگە، كۆزلىرىنىڭ يالت ـ يۇلت قىلىپ قەھرلىك يېنىشلىرىغا قايسى مەخلۇق ئۇدۇل تىكىلىپ قارىيالىغان؟ ھايات ـ ماماتلىق ئېلىشىشتا ئۆتكۈر، قۇۋۋەتلىك چىشلىرى بىلەن بىرلا قېتىم چىشلەشلىرىگە قايسى كۈچتۈڭگۈر رەقىبى چىدالىغان؟ كالتە قۇيرۇقنى سۆيۈندۈرىدىغان، ئامراقلىقىنى كەلتۈرىدىغان ئاجايىپ كۆك يايلا ئىدى ئۇ!

كالتە قۇيرۇق شۇ كېچە ئۆڭكۈردە ئۆزى يالغۇز مۈگدىنىپ، غېرىبسىنىپ ياتتى. بالا

ھەسرىتى، جۇدالىق دەردى ئىچىدە كېچىچە غىڭشىپ، ھۇۋلاپ چىقتى. ئەمما ئۇنى بىردىنبىر ئاۋۇندۇرۇۋاتقان، ئۇنىڭغا تەسەللىي بېغىشلاۋاتقان نەرسە قورسىقىدىكى يېڭى جاننىڭ تىپىرلاشلىرى، تىنىمسىز مىدىراشلىرى ئىدى. كۆك يايلىنىڭ ھەر قاچان قۇتراپ تۇرىدىغان روھىي تەشنالىقىدىن ئايرىدە قىلىنغان يېڭى جان ھەر قېتىم مىدىرلىغاندا، تېپچەكلىگەندە ھازىدار ئانىنىڭ ئەلەم ۋە ھەسرەتلىرى يىراق - يىراقلارغا قوغلىنىپ كەتكەندەك تۇيۇلاتتى. بۇ مىدىرلاش، بۇ تېپچەكلەشنىڭ ئانا ۋۇجۇدىغا بەخش ئېتىدىغان سېزىمى شۇ قەدەر تاتلىق، شۇ قەدەر شېرىن ئىدىكى...
كالتە قۇيرۇق ئەتىسى قارلىق دالادا كۆك يايلىنىڭ ئىزىنى پۇراپ ئىزدەپ كېتىۋېتىپ ئۇشتۇمتۇت تونۇش ۋە غەلىتە پۇراق ئارىلاشمىسىنى ھىدلاپ قالدى - دە، شۇ تەرەپكە ئوقتەك يۈگۈرۈپ كەتتى. تاغ باغرىدا قاچاندۇر بىر چاغلاردا تاغ ئۈستىدىن غۇلاپ چۈشكەن يوغان قورام تاش تۈۋىدە كۆك يايلا بىلەن بىر ئادەم سوزۇلۇپ ياتاتتى. كۆك يايلا ئۇ ئادەمنىڭ كارنىيىغا ئېغىز سالغىنىچە قېتىپ قالغانىدى. كۆكرىكىدىن ھېلىمۇ ئاستا سىرغىپ ئېقىۋاتقان قاندىن ئاقۇچ ھور كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. كۆزلىرى ئوچۇق، ئۇنىڭدىن يەنىلا بۆرۇنقىدەك غەيۇر، ئاتەشلىك كۆكۈچ نۇر چاقناپ تۇراتتى.
ئۆلگەن ئادەمنىڭ تەلەتى تولىمۇ پاجىئەلىك ۋە قورقۇنچلۇق كۆرۈنەتتى. يۈزلىرى كۆكەرگەن، ئىششىغان، كۆز قارىچۇقلىرى چاناقلىرىدىن چاچراپ چىقىپ كەتكەنىدى. ئېغىزىدىن ساڭگىلاپ قالغان تىلىنىڭ ئاستىدا قان ئارىلاش قىزغۇچ كۆپۈك مۇز بولۇپ قېتىپ قالغانىدى. كالتە قۇيرۇق ھۇۋلىمىدى، غىڭشىمىدى، ھېچبىر تەشۋىش، قورقۇنچسىز كۆك يايلىنىڭ يېنىغا كەلدى - دە، ئۇنىڭ دىڭگىيىپ تۇرغان قۇلاقلىرىنى، باش - كۆزلىرىنى مېھرى بىلەن پۇراپ كەتتى. ئاھ، نەقەدەر ئەزىز، تونۇش، يېقىملىق پۇراق! ئۇ كۆك يايلىنىڭ يېنىغا كېلىپ، گويا ئۇنىڭ سوۋۇپ قاتقان ۋۇجۇدىنى ئۆز گەۋدىسى بىلەن ئىسسىتماقچى بولغاندەك بىر پەس تۈگۈلۈپ ياتتى. ھېلىمۇ تىكلىشىپ تۇرغان كۆك يايلىسىغا، قورساق، ساغرىسىغا بىر خىل مېھرلىك ئەركىلەش بىلەن سۇۋۇنۇپ كەتتى. كالتە قۇيرۇق ۋۇجۇدىدا ئەمدى نېمىشقىدۇر ئادەتتىن تاشقىرى خاتىرجەملىك ھېس قىلىپ تۇراتتى. قورقۇنچ، ۋەھىمىدىن قىلچە ئەسەر يوق ئىدى! بىر چاغدا ئۇنىڭ ئۆتكۈر سېزىملىرى يىراقتىن بۇ ياققا قاراپ كېلىۋاتقان ئىككى ئاتلىق ئادەمنى بايقاپ قالدى، ھوشيارلىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇ تەرەپكە سەگەكلىك بىلەن قۇلاق سالدى - دە، گويا كۆك يايلا ھازىرلا ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆزىگە ئەگىشىپ ماڭىدىغاندەك، كەينىگە قاراپ - قاراپ قويۇپ، قويۇق چاتقاللىق ئارىسىغا كىرىپ غايىپ بولدى.
...ئۇيقۇسىغا قانغان بۆرە كۈچۈكلىرى پۇتلىرىنى سوزۇپ، بەللىرىنى ئىگىپ ئەسنەپ كېرىلدى، ئاندىن ئانىسىنىڭ دۈمبىسىگە، بويۇن ھەم بېشىغا يامىشىشقا باشلىدى. بالىلىرىنىڭ قورساقلىرى سۈتتىن تومپايغان، نەپەسلىرى ئىسسىق، بەدەنلىرى مامۇقتەك يۇمشاق ئىدى، پۇتلىرى دىقماق، ئەمما قۇۋۋەتلىك، تومپاي كۆرۈنەتتى. بالىلار... كالتە قۇيرۇقنىڭ كۆك يايلىدىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى جۇدالىق ھەسرىتىگە ھەمدەرد بولغۇچى بىردىنبىر قۇۋانچى. پەقەت مۇشۇ بالىلىرىلا ئۆتكەن يىلى قىشتىكى پاجىئەلىك كەچمىشنى، خېلىلا يىتىلىپ قالغان بالىلىرىنى ئاتلىقلارنىڭ كۈلتۈك قاردا قوغلاپ يۈرۈپ، ئورۇپ يارىلاندۇرۇپ تاغارغا تىقىپ قانداق ئېلىپ كەتكەنلىرىنى ھەم كۆك يايلىنىڭ قورام تاش تۈۋىدىكى ئۆلۈم

مەنزىرىسىنى ئۇنتۇلدۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ تىنىمسىز مىدىرلاشلىرى، كۆزى ئېچىلغاندىن كېيىنكى شوخلۇق بىلەن ئوينىششلىرى، تاتلىق ئۇيقۇلىرى كالتە قۇيرۇقنى ياشاشقا، ياشىغاندىمۇ ئۆز ئەركى، قەيسەرلىك ۋە چىدامىلىق بىلەن ياشاشقا ئۈندەپ تۇرىدۇ.

ئۆڭكۈر ئىچىگە سىرتتىن سۇس، گىرىمسەن نۇرچەشمىسى ئۇچۇپ كىردى. بۆرە كۈچۈكلىرى ئۇ نۇردىن ئاجىز كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ، ئۇنىڭغا ھەۋەس ھەم قىزىقىش بىلەن ھاڭقېتىپ قاراپ كېتىشتى. كالتە قۇيرۇق لىككىدە ئورنىدىن تۇردى. دۇرۇس، باھارنىڭ مۇشۇنداق كۈنلىرى باللارنى ئاپتاپقا، شامالغا سېلىشنىڭ ئوبدان پەيتى. ئۇلار ھاياتلىقنىڭ ئۆڭكۈر ئىچىدىلا تۈگەللەنمەيدىغانلىقىنى، تەبىئەتتە ئۇلارغا قۇچاق ئېچىپ تۇرغان نۇرغۇن، ناھايىتى نۇرغۇن نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى بىلىشى، ئۇلار بىلەن تونۇششى كېرەك.

كالتە قۇيرۇق بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئۆڭكۈر ئاغزىغا چىقتى. ئۆڭكۈر ئاغزىدا، چاتقاللار ئارىسىدا تۇرۇپ ئەتراپنى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈش مۇمكىن ئىدى. بۆرە كۈچۈكلىرىنىڭ مارجاندەك يالتىراپ تۇرغان كىچىككىنە كۆزلىرى كۈچلۈك نۇرغا ناھايىتى تېزلا كۆنۈپ كەتتى.

پەستە – تاغ باغرىدا باش ـ ئايىغىغا كۆز يەتمەيدىغان ياپيېشىل قارىغايزارلىق كۆزگە تاشلىناتتى. ئۇلار گويا بۇ مۇقەددەس تاغقا باغرىنى يېقىپ، قۇياش ئاپتىپىنىڭ راھەت، ئاسايىشلىقى ئىچىدە مۈگدەۋاتقاندەك، خىيال سۈرۈۋاتقاندەك ئىدى. ئورمانلىقتىنمىكىن ياكى ئاق تېكە دەرياسىدىنمىكىن، ئەيتاۋۇر يىراق ـ يىراقلاردىن خۇددى تاغ كەلكۈنىنىڭ كېچىدىكى ھەيۋەتلىك شاۋقۇنىغا ئوخشاش تىنىمسىز گۈرۈلدىگەن ئاۋاز كېلەتتى. بۇ شامالنىڭ كۈچىيىشىگە ياكى ئاجىزلىششىغا ئەگىشىپ ئۆزگىرىپ بارىدىغان ئانچىلىكلا گۈركىرەش، گۈرۈلدەشكە ئوخشمايتتى. بۇ يەرنى ھاۋاغا، ھاۋانى يەرگە، مەۋجۇدلۇقنى روھقا، روھنى مەۋجۇدلۇققا ئايلاندۇرىۋاتقان غايەت زور ئىچكى ئېنېرگىيەنىڭ توختاۋسىز ھەرىكىتىدىن بالقىپ چىقىۋاتقان ئاۋاز ئىدى. گۈپۈلدەپ، ئۈزۈلۈپ ـ ئۈزۈلۈپ سوقۇۋاتقان، تەڭداشسىز زور بەقۇۋۋەت بىر يۈرەكتىن ئوخچۇپ تاراۋاتقان ھاياتلىق كۈچى يەر ۋە ھاۋانىڭ تومۇر ـ تومۇرلىرىنى قىزىتىپ، چەكسىز بىر بوشلۇققا قاراپ ئېقىۋاتقاندەك قىلاتتى. بۇ يۈرەك كائىنات ئاپىرىدە بولغاندىن بىرى ئەنە شۇنداق سوقۇپ كەلدى. بۇ ئۇلۇغ تەڭداشسىز ئىلاھىي كۈچنىڭ مەڭگۈلۈك دۈپۈلدەشلىرىدە، ھەيۋەتلىك شارقىراشلىرىدا ئۆلمەس بىر ئاھاڭ ياڭراپ تۇراتتى. بۇ مەڭگۈ ئېيتىپ تۈگەتكىلى بولمايدىغان مەۋجۇتلۇق ناخشىسى ئىدى، بۇ ناخشىدا شۇنداق بىر مىلودىيە بار ئىدىكى، ئۇ ھاياتلىقنىڭ شادىيانە كۈيىگىمۇ، بەخت تەنتەنىسىگىمۇ، ماتەملىق ۋە ھالاكەتنىڭ ھەسرەتلىك ھازا ـ مەرسىيىسىگىمۇ ئوخشاپ كېتەتتى.

يىغا ۋە كۈلكە ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇ بۆرىنىڭ سوزۇپ ـ سوزۇپ ھۇۋلاشلىرىغا ۋە ئۇنىڭ تاغ ئارىسىدىكى ئەكس ساداسىغا ئوخشايتتى. بۆلارنىڭ ھەممىسى مەۋجۇتلۇق، ئەبەدىي مەۋجۇتلۇق ئۈچۈن ئىدى، ئەكس سادا يەردىن ھاۋاغا، ھاۋادىن يەرگە ئۇرۇلغان چاغدا ئۇنىڭ شىددەتلىك زەربىسىدىن تاغلار توزغاقتەك توزۇپ، دەريالار جان تالىشىۋاتقان يارىدار يىلاندەك تولغىنىپ كېتەتتى. شۇ چاغدا ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىدىن خۇددى بۆرىنىڭ كۆزلىرىدىن بالقىغان نۇردەك كۆپكۆك ئوت ئۇچقۇنلىرى چاچراپ چىقاتتى ـ دە، ئۇ ناھايىتى تېزلا غايەت چوڭ يانغىنغا ئايلىناتتى،

ئۇ، زېمىن – مەۋجۇتلۇق تەگرىسىنىڭ ئۇلۇغ، ئەبەدىي ئۆلمەس يۈرىكى ئىدى!

كالتە قۇيرۇق ئۆگكۈر ئاغزىدىن قايتىپ كىرىپ، باللىرىنى باغرىغا بېسىپ تۈگۈلۈپ ياتقىنىچە خىيال سۈرۈۋېتىپ شۇ قېتىمقى ئوۋنى ئىختىيارسىز ئەسلەپ كەتتى. قالتىس ئوۋ بولغان ئىدى ـ دە، شۇ قېتىم كۆك يايلا ئىككىسى باللىرىغا مال توپىغا قانداق شەپىسىز يېقىنلىشىشنى، يېقىنلاشقاندىن كېيىن قويلارغا پەۋقۇلئاددە تېز ۋە شىددەت بىلەن ھۇجۇم قىلىش كېرەكلىكىنى، قويلارغا زەربە بىلەن تاشلىنىپ، ئۇنى يىقىتىپ كارنىينى قانداق چايناپ ئۈزۈۋېتىشنى ئۆگەتكەنىدى. شۇ قېتىم قويلارنىڭ ھالى بۇرۇنقىدەكلا ناھايىتى ئېچىنىشلىق بولدى، كالتە قۇيرۇق ھېچقانچە كۈچ سەرپ قىلمايلا تۆل قوينىڭ كارنىيغا ئېغىز سالغان چاغدا، يېنىدىكى ئۈچ بالىسى تۆلنىڭ قۇيرۇق ۋە ساغرىسىغا يىتىلىۋاتقان ئۆتكۈر چىشلىرىنى تەگلا پاتۇرۇشتى. بۆرە باللىرى ئۈچۈن شۇنىسى ئەجەبلىنەرلىك بولدىكى، بۇ تۆل قوي گويا شۇنداق بىر تەقدىرنى رازىمەنلىك بىلەن كۈتۈپ تۇرغاندەك، ئازراق تېپىرلاش ۋە مەرەشتىن باشقا ھېچقانداق قارشىلىق قىلمىدى. بۇ ھال كالتە قۇيرۇقنىڭ تولىمۇ ئۆچلىكىنى كەلتۈرگەنىدى...

كالتە قۇيرۇق خىيال سۈرۈۋېتىپ يەنە كۆك يايلىنى ئەسكە ئالدى. ئۇنىڭ يالغۇزلۇق ۋە يېتىمسىراشتىن ئارامنى يوقاتقان سەزگۈسىدە كۆك يايلىنىڭ قانداق ئۆلگەنلىكى توغرىسىدىكى خىياللار مانايىقىپ يۈرەتتى...

مالچىلار مىلتىقلىرىدىن پاك ـ پۇك ئوق ئۈزگەن چاغدا، چوغدەك قىپقىزىل، چېكىتتەك كىچىك بىر نەرسە بۆرىلەرنىڭ بېشىدىن "ۋىژ" قىلىپ ئۇچۇپ ئۆتكەندە، ياش بۆرىلەر ھەممىدىن بەك ئالاقزادە بولۇشقان. ئۇلار پىتراپ قاياقلارغا كەتتىكىن؟ ياكى ئۆزگە يېتىشەلمەي ئارقىسىدا تەمترەپ يۈرەمدىكىن؟ كۆك يايلا قېچىپ كېتىۋېتىپ سۈرئىتىنى ئاستىلاتتى. ئۇ ئەتراپىنى ھىدلاپ، باللىرىنىڭ تونۇش پۇراقلىرىنى ئىزدەۋاتقان چاغدا، كۈتۈلمىگەندە "ۋاق" قىلغان ئاۋاز بىلەن دەسلەپتە يەردىن بىر غۇلاچچە ئېگىز سەكرەپ كەتتى ـ دە، ئاندىن قېلىن چاتقاللىق ئارىسىغا پۇرلىشىپ يىقىلدى. شۇئان يەر ئايلىنىپ ئوگتەي ـ توگتەي بولۇپ كەتكەندەك بولدى، ئالدى ئوڭ پۇتىنىڭ بېغىشىدىن باشلانغان چىدىغۇسىز بىر ئاغرىقتىن ئىڭراپ، پۇتىغا ئېسىلىپ قالغان پولات قاپقانغا غەزەپ ۋە ھەيرانلىق بىلەن چەكچىيىپ قارىدى. بۇ نېمە ھال؟ كىچىككىنىلا بىر نەرسە! چوگلىقى تۈلكىچىلىك كەلمەيدىغان بۇ غەلىتە نەرسىنىڭ شۇنچىلىك مۇستەھكەم ھەم غالىپلىقى ئۇنىڭ ئەقلىگە سىغمايتتى، شۇگا ئۇنى ئېزىق چىشىغا ئېلىپ غەزەپ بىلەن چايناشقا باشلىدى. شۇنىسى ھەيران قالارلىقكى، ئۇنىڭ ھېچبىر يېرى بىرەر جانلىق مەخلۇقاتقا ئوخشىمايتتى. ئۇنىڭ نېمىسىدۇر شاراقلايتتى، تاشلارغا تېگىپ جىرىڭلىغاندەك قىلاتتى. كۆك يايلا ئۇنىڭدىن ئادەمنىڭ پۇرىقىنى تېزلا ھىدلاپ سېزىۋالدى. ئاھ، دەرىخ! ئۇنىڭ شۇنچە ئۆتكۈر كۆزلىرى، ھوشيار سەزگۈلىرى ۋە نازۇك پۇراش سېزىملىرى نېمە ئۈچۈن بۇ قاباھەتنى ئالدىن بىلىۋېلىشقا ئاجىز كەلدى؟ ياكى ئۇ بىر قەۋەت قۇم ئارىلاش قۇرۇق توپا ئاستىغا كۆمۈلۈپ قويۇلغىنى ئۈچۈنمۇ؟ ياق، كۆك يايلا ئادەملەرنىڭ تەر ۋە ياغ ئارىلاش غەلىتە پۇراقلىرىنى چوگقۇر يەر ئاستىدىنمۇ پۇراپ سېزىۋېلىشقا قادىر. توغرىراقى، ئۇ پىتراپ، قاياقتىندۇر تەمترەپ يۈرگەن ئۈچ بالىسىنىڭ غېمىدە سەكپارە بولۇپ، بۇ لەنىتى تەر ۋە ياغ پۇراقلىرىنى ئەستىن

چىقارغان. شۇنداقتىمۇ كۆك يايلا ئادەملەرنىڭ ئۆزىدىن ئەقىللىق ۋە تەدبىرلىك ئىكەنلىكىگە تەن بەرگۈسى كەلمەيتتى. شۇڭا ئۇ ئۆزىنى ھامان ئۇلاردىن غالىپ ۋە بۇ زېمىنگە ھەقىقىي ھۆكۈمران ئورنىدا سېزەتتى. كۆك يايلا قاپقاندىن پۇتىنى ئاجرىتىۋېلىش ئۈچۈن يۇلقۇنغانسېرى قاپقان ئۇنىڭ پۇت بېغىشىنى شۇنچە شىددەت بىلەن قىسىشقا باشلىدى. ئۇ قاپقانغا يەنە ئۆچمەنلىك ۋە ھەيرانلىق بىلەن چەكچىيىپ قارىدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئېتىلىپ چىققان غەزەپلىك كۆكۈچ نۇر قاپقاننىڭ دات باسقان قارامتۇل گىرۋەكلىرىدە يالت - يۇلت قىلىپ چاقناپ كەتتى. قاپقان تاشتەك ئېغىر ۋە قوپال ئىدى. بىر ئۇچى ئۇنىڭغا، يەنە بىر ئۇچى يەرگە چوڭقۇر قېقىۋېتىلگەن تۆمۈر قوزۇققا چېتىپ قويۇلغان تۆمۈر زەنجىر كۆك يايلا ھەر قېتىم سىلكىنىپ يۇلقۇنغاندا شاراقشىغان ئاۋاز چىقىراتتى. كۆك يايلا خۇددى يوقاتقان ھالدا قاپقان بىلەن جان - جەھلى بىلەن ئېلىشىپ، ئۇنى قۇۋۋەتلىك چىشلىرى ئارىسىغا ئېلىپ قاراسلىتىپ چايناشقا باشلىدى. ئۇ قىساس ۋە تەڭداشسىز غەزەپ ئارىلىشىپ كەتكەن ئەسەبىي تۇيغۇ ئىچىدە ئۇششاق چىشلىرىنىڭ پارە - پارە بولۇپ، سۇنۇپ ئۈزۈلۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزمەيتتى. قاپقان ۋە زەنجىر ئۇنىڭ ئاغزىدىن ئاققان شۆلگەي ئارىلاش قىپقىزىل قان بىلەن بويالدى. كۆك يايلىنىڭ ۋۇجۇدىنى ئوتتەك كۆيدۈرۈۋاتقان غەزەپ ۋە ئۆچمەنلىك كۈچى بىلەن قانلىرىنىڭ ۋاراقشىپ قاينىشىدىن ئاستىدىكى قار ئېرىپ، قۇمساڭغۇ توپا بىلەن ئارىلىشىپ كەتتى. كۆك يايلىنىڭ قارا پاتقاقتا ئايلىنىۋاتقان توپا ئۈستىدە تىنىمسىز دومىلىشىدىن دۈمبىسىنىڭ كۆكۈچ، سارغۇچ، مەيدە ۋە قورساقلىرىنىڭ ئاقۇچ تۈكلىرى قاپقارا لاي بىلەن مەينەتلىشىپ كەتكەنىدى. بەدىنىدىن ئوت يالقۇنىدەك قىزىق ھارارەت ۋە ئاقۇچ ھور كۆتۈرۈلەتتى. كۆزلىرى يۈرەكنى سىرقىرىتىۋەتكۈدەك دەرىجىدە دەھشەتلىك ۋە قورقۇنچلۇق كۆرۈنەتتى. ساق قالغان تۆت جۈپ ئېزىق چىشى يەنىلا بۇرۇنقىدەك مەزمۇت بولۇپ، خەنجەردەك ھىڭگىيىپ تۇراتتى.

دالا جىمجىت، پەقەت يىراقلاردىلا بۆرىلەرنىڭ سوزۇپ ھۇۋلىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. تۇمانلىق ئاسماندا جانسىز پىلىلداپ تۇرغان يۇلتۇزلار خۇددى ئاينىڭ تارام - تارام كۆز ياشلىرىدەك كۆرۈنەتتى. كۆك يايلىنىڭ بۇلاردىن كۆڭلى بۇزۇلۇپ كۆزلىرىدىن بۇلدۇقلاپ ياش كەتتى. ئۇ نېمىگە يىغلىدى؟ نېمىگە نىدا قىلىپ ئىڭشىدى؟ قاپقانغا چۈشۈپ ئادەملەرنىڭ مەھكۇم ئەسىرى بولۇپ قالغىنى ئۈچۈنمۇ؟ ياق! ئەزىبرايى! ئۇ ھازىر ئۆزىنى مەھكۇم تۇتقۇن ۋە يېڭىلگۈچى دەپ ئويلىغىنى يوق. بىراق بىر ئىشنى خاتا قىلغاندەك... بىر قەدەمنى، ئاشۇ بىر قەدەمنى كۆڭۈل پاراكەندىچىلىكىدە خاتا بېسىپ سالغاندەك...

كۆك يايلا قاپقاننى چايناۋېرىپ ھالىدىن كەتتى. ئۇ ئاشۇ ھالسىراش ئىچىدە ئۆزىنى يەنىلا ھەرە تەرپكە ئاتاتتى. كالتە قۇيرۇق ھەمراھىنىڭ يىراقتىكى ھۇۋلاشلىرىغا قۇلاق سالاتتى. قۇلاقلىرى شۇ قەدەر سەزگۈر، كۆزلىرى شۇ قەدەر ئۆتكۈر ئىدى. ئۇ قاپقاننىڭ قاتتىق قىسىشىدىن ئۈگىلىرى ئېزىلىپ كاردىن چىققان پۇت بېغىشىنى ۋە قان ئۇيۇپ كۆپتەك ئىششىپ كەتكەن تاپىنىنى ھەدەپ يالاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ بىر چاغلاردىكى سەزگۈر تاپىنى ئەمدى ھېچنەرسىنى سېزەر ئەمەس، ئەمما ئۇنىڭدىكى چوغدەك قىزىق ھارارەت بۆرىنىڭ نېپىز، يۇمران تىلىنى كۆيدۈرەتتى. ئۇ تاغ كەينىگە ئولتۇرۇۋاتقان ئايغا تەلپۈنۈپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بار كۈچى بىلەن ئۈگرىگۈسى،

ئۇنىڭغا قوغلاپ يەتكۈسى كېلىپ، قاپقاننى جان - جەھلى بىلەن چىشلەپ چايناشقا، ئۇنىڭ بىلەن ئېلىشىشقا باشلىدى. ئېلىشىپ - ئېلىشىپ ماغدۇرىدىن كەتكەندىن كېيىن، ئۆزىنى قاپقان ئۈستىگە تاشلاپ بىر پەس جىم بولۇپ قالدى. ئۇ ئەمدى ئۆلۈمنى، ھالاكەتنى رايىشلىق بىلەن كۈتىۋاتامدۇ؟ شۇنداق قىلىشقا مەجبۇرمۇ؟ ياق، ئۆلۈم – ھالاكەت ئەمەس، ئۆزىگە ئەبەدىي ۋە مۇقەددەس بولۇپ تۇيۇلىدىغان روھتىن جۇدا بولۇشلا ھەقىقىي ھالاكەت! كۆك يايلىنىڭ مەھكۇملۇققا ھەرگىزمۇ تەن بەرگۈسى كەلمەيتتى. ئۇنىڭ تومۇرلىرىدا ئوخچۇپ ئېقىۋاتقان قانىنىڭ شىددەتلىك ئەۋجىدە يەنىلا بىر خىل روھ – ھاياتقا بولغان مۇھەببەت ۋە ھاياتلىق ھوقۇقىنى تالىشىش ئۈچۈن مەۋج ئۇرىۋاتقان شەپقەتسىزلىك ھەم ئادەتتىن تاشقىرى ۋەھشىيلىك ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

قارلىق دالا ئاستا - ئاستا يورۇپ، تاغ ئۈستىدە قۇياش پارقىرىدى. ئۇنىڭ تال - تال قىزغۇچ نۇرلىرى قار ئۈستىدە جىمىرلاپ كۆك يايلىنىڭ كۆزلىرىنى چېقىشقا باشلىدى. شىۋىرغان ئۇششىيتىپ بارغانسېرى كۈچەيمەكتە ئىدى. ئۇ ئەتراپتىكى قار دۆۋىلىرىنى ئۇچۇرتۇپ بۆرىنىڭ باش - كۆزىگە زەرب بىلەن ئۇراتتى. دەريا تەرەپتىن مۇزنىڭ سوغۇق ئەۋجىدىن چاراسلاپ يېرىلغان ئاۋازى كېلەتتى. شۇ چاغدا بۆرە دەممۇ - دەم ئۇرۇلىۋاتقان شىۋىرغاندىن ۋۇجۇدىنى ئەندىكتۈرگۈچى غەلىتە تونۇش پۇراقنى سېزىپ قالدى ۋە ھوشيارلىق بىلەن بېشىنى كۆتۈرۈپ، تۇمشۇقىنى شىۋىرغانغا تۇتتى. شۇنداق ... ئادەم ... يەنە ئاتنىڭ دۈپۈرلەشلىرى ...دېمەك كۈن چىقىشى بىلەن ئادەملەرنىڭ بۇياققا قاراپ كېلىۋاتقىنى ئېنىق، "ئاھ، بۇ ئادەملەر... ئۇلار ھازىرلا، ھازىرلا كېلىدۇ، دەسلەپتە ئۆز ئامتىگە تەنتەنە قىلىشىپ قاقاقلاپ كۈلۈشىدۇ، ئاندىن ئاتلىرىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، تېرەمنى تەتۈر سويۇپ، يېغىمنى شىلىپ، ئوشۇقىمنى كېسىۋالىدۇ - دە، گۆشۈمنى قاغا - قۇزغۇنلارغا تاشلاپ بېرىدۇ..." كۆك يايلا مۇشۇلارنى ئويلاپ قايتىدىن كۈچ، قۇۋۋەتكە تولدى ۋە پۇت بېغىشنى قاپقان قىسقان يەرنىڭ سەل ئۈستۈنرەكىدىن شىددەت بىلەن چايناشقا باشلىدى. ئۇنىڭ ساق قالغان تۆت جۈپ چىشلىرى يەنىلا ئۆتكۈر، مەزمۇت ئىدى، ئۇنىڭ پۇتىنىڭ ئۈستىخانلىرىنى قاراسلىتىپ ئېزىشكە ماغدۇرى يېتەتتى. بۆرە دەسلەپتە ۋۇجۇدىغا شۇرۇلداپ تاراۋاتقان چىدىغۇسىز ئاغرىقتىن قاخشاپ ئىڭراپ كەتتى ۋە ئەنسىزلىك ئىچىدە ئالدىراپ بېشىنى كۆتۈردى. يىراقتىن تۈنۈگۈنكى ئاتلىق ئادەملەر ئۇدۇل بۇياققا قاراپ كېلىۋاتاتتى. "نېمە قىلىۋاتىمەن؟ ئۆز جىسمىمنى ئۆزۈم چايناپ نابۇت قىلىۋاتقىنىم نېمىسى؟ ياكى ئۆلۈمدىن، ھالاكەتتىن قورقۇپمۇ؟ – ھەسرەتلىك ئىڭرىۋەتتى بۆرە، ئەمما ئۇ شۇئان يەنە ئۆز تەبئىتىگە قايتتى، – ياق، ياق، ئۆلۈمدىن قورقۇش دېگەن نېمە؟ ئۆز - ئۆزۈمگە شەپقەتسىزلىك قىلىشتىن مەقسەت ئەركىنلىك ۋە ھاياتلىققا ئېرىشىش."

كۆك يايلىنىڭ ئۇششاق تەكشى چىشلىرى ئاللىقاچان ئېزىلىپ، ئۇۋۇلۇپ تۈگىگەن، تۆت جۈپ ئۆتكۈر چىشلىرى پۇت بېغىشنىڭ ئۈستىخانلىرىنى چايناپ پارچە - پارچە قىلىۋەتكىنى بىلەن مۇستەھكەم پېيىنى چايناپ ئۈزىۋېتىشكە ئاجىز ئىدى. بۆرىنىڭ يۈرىكى گۈپۈلدەپ سوقۇشقا باشلىدى، ئادەملەر بارغانسېرى يېقىنلاپ كېلىۋاتاتتى، ھەتتا ئۇلارنىڭ سۆزلىشىۋاتقان ئاۋازلىرىمۇ ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇلار بىر چاغدا، كۈتۈلمىگەندە چاتقاللىق يېنىدا ئۇياق - بۇياققا دوملاۋاتقان بۆرىنى ئىلغا قىلدى ۋە

ھايت ـ ھۇيت قىلىشىپ ۋارقىرىشىپ ئاتلىرىغا قامچا سىلىشتى. ئاتنىڭ تۇۋىقىدىن چاچراپ چىققان قار بۆرىنىڭ ئۈستىگە چېچىلدى. دەل شۇ چاغدا بۆرىنىڭ ئاخىرقى شىددەتلىك چاپىنىشى بىلەن تەڭ پۇتىنىڭ پېيىمۇ ئۈزۈۋېتىلگەنىدى. بۆرە دەسلەپتە بار كۈچى بىلەن قاتتىق يۇلقۇنۇشتىن ئاتنىڭ ئايىغىدىن ئىككى غۇلاچچە نېرىغا ـ قار ئازگىلىغا دومىلاپ چۈشتى، ئەمما ئۇ قانداق تېز يىقىلغان بولسا، شۇنچىلىك تېزلىكتە چاچراپ قوپۇپ، ئۈچ پۇتلۇق بولۇپ تاغقا قاراپ قاچتى. ئۇنىڭغا شۇنىسى بەك ئايدىڭ ئىدىكى، ئەبەدىي ئۆلمەس تىرىكلىك روھىي، ماتانەت ۋە مۇھەببەت ئەمدى ئاشۇ تاغلاردىلا قالغانىدى، ئۇنى پەقەت ئاشۇ قامەتلىك تاغلارلا ئۆز قوينىغا، پاناھىغا ئالالايتتى. ئاتلىقلار بۆرىنىڭ ئارقىسىدىن تاپ بېسىپ قوغلاپ كەلمەكتە ئىدى، ۋارقىراشقان، ھۇيقۇتقان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، مىلتىقتىن پاڭىلداپ ئېتىلغان ئوق بۆرىنىڭ قۇلىقى تۈۋىدىن ۋىژىلداپ ئۇچۇپ ئۆتتى. ئالدىدىكى قارلار بۈركۈت چاڭگىلىغا چۈشكەن كەپتەر تۈكىدەك توزۇپ كەتتى. نىھايەت، ئاتلىقلار بىلەن كۆك يايلىنىڭ ئارىلىقى بارغانسېرى ئۇزۇراپ بارماقتا ئىدى...

كۆك يايلا ئارقىسىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان ئاتلىق ئادەملەرنىڭ قارىسى يوقىتۇشى بىلەن تەڭ، ۋۇجۇدىدىمۇ ئالدىغا بىر قەدەم چامدىغۇدەك كۈچ ـ مادارنىڭ قالمىغانلىقىنى ھېس قىلدى، ھاسىراپ شۇنچە تېز نەپەس ئېلىۋاتقىنىغا قارىماي، ئۆپكىسىگە ھاۋا يېتىشمەيۋاتاتتى. ھەربىر نەپەس ئالغاندا، گېلىدىن خىرقىرىغان ئاۋاز ئاڭلىناتتى. تىلى ئاغزىدىن بىر غېرىچچە ساڭگىلاپ كەتكەنىدى. قورسىقى نەپەس بىلەن ماس ھالدا ئىچىگە بىر كىرىپ، بىر تومپىيىپ تۇراتتى. چىشلەپ ئۈزۈۋېتىلگەن ئالدى پۇتىنىڭ بېغىشلىرىنىڭ گۆش ـ پەيلىرى ئاللىقاچان مۇزلاپ بىر تال تاياقتەك قېتىپ قالغانىدى. ئۇ ئۈچ پۇتلۇق بولۇپ، ئىمجان يىلاندەك تەستە سۆرىلىپ تاغ باغرىدىكى قېرى ئارچىنىڭ قېلىن شاخلىرى ئارىسىغا يوشۇرۇنۇۋالدى ۋە ئەتراپقا سەگەكلىك بىلەن قۇلاق سېلىشقا باشلىدى. ئەتراپ جىمجىت، گويا كائىنات سوغۇق دەھشىتىدىن مۇز بولۇپ قېتىپ كەتكەندەك...

كۆك يايلىنىڭ خاتىرجەمسىزلىكى تېخىچە تۈگىمىگەنىدى، ئۇ بىر خىل تەشۋىش ـ ئالاقزادىلىك ئىچىدە تۈگۈلۈپ ئارچا ئاستىدا بىر پەس ياتتى، قانچىلىك ياتقىنى ئۇنىڭغا نامەلۇم ئىدى.

قۇياش ئەتىگەندە تاغ ئۈستىدىن شۇنچە چىرايلىق، تاپ ـ تازا نۇرلىرى بىلەن كۆزنى چاقنىتىپ پارقىراپ كۆرۈنسىمۇ، يۇقىرى ئۆرلىگەنسېرى قوغۇشۇن رەڭلىك قېلىن تۇمان ئىچىدە شۇنچە خۇنۈك ۋە نۇرسىزلىنىپ كەتتى. گاھىدا ئۇنى تاغ تەرەپتىن قۇتراپ يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان قارا بۇلۇتلار يالماپ يۇتۇپ كېتەتتى. گاھىدا ئۇ يەنە يۇپقا بۇلۇتلار ئارىسىدىن پەيدا بولۇپ قالاتتى. ئۇ شۇ تاپتا گويا ئۆزگە خىرىس سېلىۋاتقان مۇدھىش ھالاكەت تورىدىن قۇتۇلۇپ قېلىش ئۈچۈن، ئۇنىڭ بىلەن جان تىكىپ ئېلىشىۋاتقان مۇنۇ كۆك يايلىغا ئوخشاپ قالغانىدى. ۋاقىت كۆك يايلىنى ئاستا ماغدۇرىغا كەلتۈردى، ئەمما ئۈزۈۋېتىلگەن بېغىشىنىڭ چىدىغۇسىز ئاغرىقى يەنىلا ئۇنىڭ سېزىملىرىنى قىيناپ قاخشاتماقتا ئىدى. بۆرە گويا ئاشۇ ئاغرىق ئازابلىرىنى يالماپ يۇتۇۋېتىپ ئۆز تېنىگە ئاراملىق بەرگۈزمەكچى بولغاندەك پۇت بېغىشىنى ھەدەپ يالاشقا باشلىدى. يۇمران تىلىنىڭ ئىسسىق ھارارىتى پۇت بېغىشىنىڭ مۇزلىرىنى ئېرىتىپ، سەزگۈلىرى بىر خىل ئارام ۋە راھەت تاپقاندەك

بولدى. ئەمما مۇز ئېرىش بىلەن تەڭ بۆرە پۈتىنىڭ ئېچىلىپ قالغان قىپقىزىل گۆشلىرىنى كۆرۈپ بىردىنلا كۆڭلى بۇزۇلۇپ كەتتى. كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش قۇيۇلدى. نېمىشقا شۇنداق؟ ئەزەلدىن قورقۇش ۋە مەشئۇم تەقدىر ئالدىدا زارلىنىشنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىغان بۇ بۆرە نېمە ئۈچۈن ھازىر بۇ بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالدى؟

ياكى ئۇ پۇت بېغىشىدىكى ساڭگىلاپ قالغان گۆش، پەي ھەم ئاستا تەپچىرەپ ئېقىۋاتقان قاندىن كۆڭلى بۇزۇلدىمۇ؟ ھەئە... ئۇنىڭ سەزگۈسىنى بىردىنلا يۇمشىتىپ ئازابلاۋاتقان نەرسە ئاشۇ قان ھەم گۆش... كالتە قۇيرۇق – قەدىناس ھەمراھى باللىرىنى يېڭى تۇغقاندا ئۇلار بەئەينى ئۆز تېنىنىڭ بىر پارچە گۆشىدەك قىپقىزىل ئىدى. بۇ گۆش، بۇ سۆيۈملۈك باللىرى كالتە قۇيرۇقنىڭ بەدىنىدىن ئاجراپ چىققان بىلەن، ئۇنىڭ تومۇرلىرىدا ئۆزىنىڭ ئاتىلارغا خاس جۇشقۇن، ھارارەتلىك قېنى شۇۋۇلداپ ئاقاتتى... بۆرىنىڭ ئۆمرىدە بېقىپ ئۆستۈرگەن، قاتارغا قوشقان باللىرى سان ـ ساناقسىز، ئۇلار ئۈچۈن ۋۇجۇدىدا، روھىيىتىدە ئاپىرىدە بولغان مېھر ـ مۇھەببەتمۇ بىھېساب ئىدى! بۆرىنىڭ پۇت بېغىشىدا كۆرۈنۈپ قالغان قىپقىزىل گۆش بىلەن ئارىسىدىن ئاستا تەپچىرەپ ئېقىۋاتقان ئىسسىق قان پاڭىلداپ ئېتىلغان ئوق ئاۋازى بىلەن قاياقلارغىدۇر يىتراپ كەتكەن ئۈچ بالىسىنى ئىختىيارسىز ئۇنىڭ ئېسىگە سالدى. خېلىلا چوڭىيىپ، ئوۋغا يارايدىغان بولۇپ قالغىنىغا قارىماي، ئۇشتۇمتۇت ئۆزلىرىگە قاراپ ئېتىلغان ئوق ئاۋازلىرىدىن قورقۇپ، يۈرەكلىرى يېرىلغۇدەك بولغان ئاشۇ باللىرى شۇ تاپتا نەلەردە تىنەپ ـ تەمتىرەپ يۈرىدىكىن؟ ئانىسىغا ئەگىشىپ تاغ ئارىسىغا ياكى ئورمانلىقلارغا قېچىپ كەتتىمىكىن؟ يالغۇز قالغان بولسا چوڭ بولغان ئۇۋىسىنى تېپىپ بارالىدىمىكىن؟

يېقىنلا يەردىن ئىككى پاي ئوق ئېتىلدى، تاغ ئارىسى جاراڭشىپ كەتتى. ئوق ئاۋازىنىڭ شىددەتلىك زەربىسىدىن ئارچا شاخلىرى ئۈستىدىكى ئاپئاق قار كۆك يايلىنىڭ باش ـ كۆزىگە شىرقىراپ چۈشتى. كۆك يايلا چەبدەسلىك بىلەن بېشىنى كۆتۈرۈپ، ھاۋانى سەگەكلىك بىلەن ھىدلاشقا باشلىدى. دەسلەپتە ئىسنىڭ، كۆيگەن قانداقتۇر بىر نەرسىنىڭ ئاچچىق پۇرىقى، ئاندىن تونۇش، يېقىملىق ئۆزگىچە بىر پۇراق باشتا ئۈزۈلۈپ ـ ئۈزۈلۈپ، كېيىن دەممۇدەم بۇرنىغا ئۇرۇلۇشقا باشلىدى. ئاھ، ئۆز باللىرى... پەقەتلا ئۆزىنىڭ! دېمەك، ئۇنىڭ باللىرىنىڭ مۇشۇ يېقىنلا يەردە ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقىنى ئېنىق. كۆك يايلا باللىرىنىڭ تونۇش ھىدىدىن قايتىدىن كۈچ ـ قۇۋۋەتكە تولدى. ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ئۈستىۋېشىدىكى قار توزۇندىلىرىنى سىلكىپ چۈشۈرۈۋېتىپ، پۇراق كېلىۋاتقان تەرەپكە ئۈچ پۇتلۇق بولۇپ ئاقساپ جېنىنىڭ بارىچە يۈگۈردى. يۈگۈرگەنسېرى ئۇنىڭ بۇرنىغا باللىرىنىڭ پۇراقلىرى بىلەن قوشۇلۇپ ئادەمنىڭمۇ، ئاتنىڭمۇ دىماغنى سەسكەندۈرگۈچى تەر، كىر ۋە ياغ ئارىلاش يات پۇرىقى ئۇرۇلۇشقا باشلىدى. شۇ ئان بۆرىنىڭ سەزگۈسىدە بىر ـ بىرى بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن مۇھەببەت ۋە ئۆچمەنلىك تاغ كەلكۈنىدەك كۈۋەجەپ ئوخچۇپ كەتتى. كۆك يايلا يىراقتىن ئۇلارنى ئېنىق كۆردى، ئۆشنىسىگە مىلتىق ئارتىۋالغان ئاتلىق ساقاللىق بىر ئادەم تۇنۇگۈن بۆرە باللىرى سولانغان تاغارنى ئىگەرنىڭ كەينىگە غانجۇغىلاپ قارلىق تاغ قاپتىلى بويلاپ كەلمەكتە ئىدى. كۆك بۆرە ھەممىنى ھېس قىلدى، ئۇ دەسلەپتە يۈرىكىنىڭ يېرىلىپ كەتكۈدەك دەرىجىدە

قاتتىق دۈپۈلدىشىدىن سېزىملىرىنى يوقىتىپ جايىدا مۇزدەك قېتىپ تۇرۇپ قالدى، ئەمما يەنە شۇئان چېپىپ كېتىۋاتقان تاغ تېكىسىدەك ھاۋاغا قاڭقىپ چىغىر يول يېنىدىكى يوغان قورام تاش ئۈستىگە سەكرەپ چىقتى. غەزەپ ۋە قىساس تۇيغۇسىدىن چاقناپ كەتكەن كۆزلىرى ئاتلىق ئادەمگە نەيزىدەك تىكىلدى، يۈرىكى ئۇرۇشتىن توختاپ قالغاندەك بولدى. ئات ئۈستىدە سوغۇقتىن دۈگدەيگەن، قاش - كىرپىكلىرىگە قىروۋ تۇتۇپ كەتكەن ئادەم بۆرىگە ئۈچ - تۆت غۇلاچچە قالغاندا ئېتىنىڭ بىردىنلا پۇشقۇرۇپ، چۆچۈپ كەينىگە داجىشىدىن ھوشيارلىنىپ بېشىنى كۆتۈردى - دە، قورام تاش ئۈستىدە ئۆزىگە چەكچىيىپ قاراپ تۇرغان كۆك يايلىلىق بۆرىنى كۆرۈپ، ئالمان - تالمان ئۆشنىسىدىن مىلتىقىنى ئالدى، ئەمما كۆزلىرى قورققىنىدىن ئالاق - جالاق بولۇپ كەتكەنىدى. ئاستىدىكى ئات بۆرىدىن ۋەھىمىگە چۈشۈپ جايىدا تىنىمسىز ئايلىناتتى، ياندىكى چاتقاللىق ئارىسىغا ئۆزىنى ئاتماقچى بولاتتى. ئاتلىق ئادەم قولىدىكى تىزگىنىنى بار كۈچى بىلەن تارتىپ ئاتنى ئارانلا باشقۇرۇپ تۇراتتى. شۇ ئارىدا ئىككى رەقىبىنىڭ قان تولغان كۆزلىرى بىر - بىرى بىلەن يالت قىلىپ ئۇچراشتى، گويا چاقماق چېقىلغاندەك بولدى. ئۇلارنىڭ يېرىم تىنىق ئارىلىقىدىكى چەكچىيىپ قاراپ قېلىشلىرى شۇنچىلىك قورقۇنچلۇق ھەم دەھشەتلىك ئىدى. ئاتلىق ئادەم بۆرىنىڭ دەل كۆكرىكىنى چەنلەپ مىلتىقتىن بىر پاي ئوق ئۈزدى، گۈمبۈرلىگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ كۆك يايلىنىڭ يۈرەك باغرى "ۋىژ" قىلىپ كۆيگەندەك بولدى. كۆك يايلا جان ئاچچىقىدا قورام تاش ئۈستىدىن بىر غۇلاچچە ئېگىز كۆكلەپ كەتتى ۋە ۋۇجۇدىدا ئۆلىۋاتقان ئەڭ ئاداققى كۈچىنى يىغىپ ئاتلىق ئادەمنىڭ ئۈستىگە زەرب بىلەن تاشلاندى. ئىككىسىنىڭ يومداقلىشىپ قار ئۈستىگە يىقىلىشىدىن ئۈركۈپ كەتكەن ئات دەريا تەرەپكە قاراپ ئوقتەك تېزلىكتە چېپىپ قېچىپ كەتتى...

مالچىلار قوتانغا ئوۋچىلار ئاتامانىنىڭ ئېتىنىڭلا قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ كۆڭلىدە قانداقتۇر بىر كېلىشمەسلىكنى سېزىشتى - دە، كەچ كىرىپ قالغىنىغا قارىماي ئاتلىرىغا مىنىشىپ تەرەپ - تەرەپكە چېپىشتى. ئۇلار ئىز ئىزدەپ قورام تاش يېنىغا كەلگەندە ئاللىقاچان كەچ كىرىپ كەتكەن بولۇپ، بىر - بىرىگە مەھكەم چاپلاشقىنىچە مۇزدەك قېتىپ قالغان كۆك يايلا بىلەن ئوۋچىلار ئاتامانىنىڭ ئۆلۈكى قان بىلەن بويىلىپ كەتكەن قار ئۈستىدە قارىيىپ كۆرۈنەتتى. كۆك يايلىنىڭ ئاتامانىنىڭ كارنىيىنى غەزەپ بىلەن چىشلىشىدىن بىر - بىرىگە مەھكەم كىرىشىپ كەتكەن ئۆتكۈر چىشلىرىنى مالچىلار ھەر قانداق قىلىپمۇ ئاجرىتالمىدى...

... بۆرە كۈچۈكلىرىنىڭ ئىنچىكە ئاۋازدا غىڭشىشلىرى ھەم بويۇن تۈكلىرىنى چىشلەپ تارتىشلىرىدىن كالتە قۇيرۇق چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى. يۈرىكى قورقۇنچ ھەم ۋەھىمە ئىچىدە گۈپۈلدەپ سوقماقتا ئىدى. كۆز ئالدىدا كۆك يايلىنىڭ قانغا مىلەنگىنىچە قار ئۈستىدە سوزۇلۇپ ياتقان سىماسى ھېلىمۇ كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كالتە قۇيرۇق ئالاقزادىلىك ئىچىدە ئۆڭكۈر ئېغىزىغا قاراپ قويدى، خۇددى ئاشۇ قوراللىق ئادەملەر ھازىرلا ئۆڭكۈرگە باستۇرۇپ كىرىپ، بالىلىرىنى تاغارغا سولاپ ئېلىپ كېتىدىغاندەك، بالىلىرىنى باغرىغا مەھكەم بېسىپ تۈگۈلۈپ ياتتى...

## ئىككىنچى باب

قويلار كۆل بويىغا يېيىلغان، ئۇلار سۇس مايسىرەڭ تۈسكە كىرگەن كۆل گىرۋىكىدە بىرلىرى بويىننى سوزۇشۇپ، بىرلىرى ئالدى پۇتلىرى بىلەن تىزلىنىپ سۇ ئىچىشمەكتە ئىدى. سۇغا قانغانلىرى ئارقىسىغا يېنىپ چىملىق ئۈستىدىكى قۇرۇق قىياق ياپراقلىرىنى ۋە چىغلارنى كورسۇلدىتىپ چاينىشاتتى. ئەينەكتەك يالتىراپ تۇرغان سۇ يۈزى قويلارنىڭ سۇ ئىچىشىدىن گىرۋەكلەردە يېنىك تەۋرىنىپ جىمىرلاپ كەتتى. بۇ تەۋرىنىش بەش - ئون قەدەم نېرىغا بارمايلا كۆل يۈزىدىكى تىنچ جىمجىتلىققا سىڭىپ كەتتى.
قىز چەتكىرەك بېرىپ كۆل گىرۋىكىدە كۆتىرىلىپ تۇرغان قورام تاش ئۈستىگە كېلىپ ئولتۇردى - دە، ئۆزىنىڭ سۈزۈك سۇدىكى ئەكسىگە ھەر كۈندىكىدەك ھوزۇرلىنىپ قاراپ كەتتى. ئون ئالتە ياش... ئەمدى ئۇنىڭ پات - پات ئەينەككە قاراپ ۋۇجۇدىدا كۈنسايىن تولۇپ بېرىۋاتقان يارقىن گۈزەللىكىنى تاماشا قىلىدىغان، ئۇنىڭ بىلەن ھوزۇرلىنىدىغان، ماختىنىدىغان، كېچىلىرى خىيال بىلەن تولغىنىپ ئىزتىراپ چېكىدىغان چاغلىرى... تەڭرى ئۇنىڭ ئۆز جىسمىدىكى ئاشۇ گۈزەللىكىنى تاماشا قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا ئاجايىپ خىسلەتلىك بىر ئەينەكنى — تاغ ئارىسىدىكى مۇشۇ خىلۋەت كۆلنى ئاتا قىلغان. كۆل يۈزى ئەينەكتەك سۈزۈك ھەم كۆكۈچ، ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمىگۈدەك دەرىجىدە تىنچ، جىمجىت ئىدى. ئۇ ئېگىز، قات - قات تاغ تىزمىسى ئارىسىدا ئاجايىپ گۈزەل بىر مۆجىزاتتەك يالتىراپ، ئۆزىنىڭ كەڭ ۋە تىرەن باغرىدا ئىنسانغا تېخى مەلۇم بولمىغان سان - ساناقسىز سىر - ھېكمەتنى يوشۇرۇپ تۇرغاندەك قىلاتتى. بۇ كۆلگە كىشىلەرنىڭ تولىمۇ كېچىكىپ كۆزى چۈشۈشتى. ئىشنى يەنە ئەڭ ئاۋۋەل شەھەرنىڭ پۇلدار كىشىلىرى باشلىدى. ئۇلار ياز پەسلىنىڭ ھەر شەنبە كۈنلىرى سەھەردە ماشىنىلارغا ئولتۇرۇپ، يەشىك - يەشىكلەردە ھاراق، پىۋىلارنى ئېلىپ، تاغ ئارىسىدا ئىككى- ئۈچ سائەت يول يۈرگەندىن كېيىن كۆل بويىغا يېتىپ كېلەتتى - دە، مالچىلاردىن قوي، پاقلانلارنى ئەرزان باھادا سېتىۋالاتتى. ھايال ئۆتمەي تەرەپ - تەرەپكە گۆلخان يېقىلاتتى. قوي - پاقلانلار كاۋاپقا تارتىلاتتى، ئاندىن كۆل بويىدىكى ياۋا تېرەك ھەم قارىغاي ئارىسىدا ئىچىشۋازلىق، ناخشا - ساز، ئويۇن- كۈلكە باشلىناتتى. تاماشا ئەتىسىمۇ بىر كۈن داۋام قىلاتتى. ئۇلار پەقەت كەچكە يېقىنلا سورۇن قىزىغان جايدا سۆڭەك ھەم بوشىغان بوتۇلكا دۆۋىلىرىنى قالدۇرۇپ، مەستلىكتىن دەلدەڭشىگىنىچە ماشىنىلىرىغا چىقىپ، شەھەرگە قاراپ چېپىشاتتى. ئىيۇندىن سېنتەبىرگىچە كۆل سەيلىسىنىڭ ئەڭ قىزىيدىغان چاغلىرى ئىدى. تەكلىماكاننىڭ شىمالىي بۇرجىكىدىكى قەدىمىي شەھەرگە چەت يۇرت ھەم يىراق ئەلدىن تۇغقان يوقلاش، ياكى سەيلە - ساياھەت ئۈچۈن كەلگۈچىلەرمۇ كېيىنچە بىرەر كۈننى مۇشۇ كۆل مەنزىرىسىنى تاماشا قىلىشقا ئاتىماي كەتمەيدىغان بولۇشتى.
قىز ئۆز ئەكسىدىن ئۆزى سۆيۈنۈپ ئىزا تارتىپ كەتتى. خىيالدەك سېھىرلىك سۈزۈك كۆل سۈيىدە ساماۋى چۆچەكلەردىكىدەك بىر گۈزەل سۇ پەرىسى ئۆزىگە ئوماق بىر تەبەسسۇم بىلەن قاراپ تۇراتتى، بېشىدىكى چاقماق گۈللۈك تېگى سۇس زەڭگەر رەڭلىك گەرىس ياغلىقى سۇ ئەكسىدە نېمانچە چىرايلىق بولۇپ كۆرۈنىدىكىن؟ قىزنىڭ چېھرىنىڭ بىلىنەر - بىلىنمەس يېنىك تەۋرىنىش ئىچىدىكى شوخ جىمىرلاشلىرى خۇددى يۇمشاق ئۆسكەن تاغ شامىلىدا يەڭگىل تەۋرىنىۋاتقان تاغ

لالىسىگە ئوخشايتتى. كېيىك بالىسىنىڭ بىر جۈپ كۆزىگە ئوخشاپ كېتىدىغان، بوستان كىرپىكلىرى تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان چوڭ ـ چوڭ قاپقارا، ئويچان بىر جۈپ كۆز...
ئاھ، ئاشۇ كۆزلەر راستتىنلا ئىنسان بالىسىنىڭمىدۇ ـ ھە؟ ئۇ تاڭ يۇلتۇزىدەك شەھلالىق، مۇشۇ كۆل سۈيىدەك تىرەن ھەم خىيالچان، ئۇنىڭدىكى سەبىي جۇلا يايلاق ئاسمىنىدەك تاپ ـ تازا، پاكىز، بىغۇبار... قىزنىڭ چېھرىدە بەرق ئۇرىۋاتقان تەڭداشسىز لاتاپەتنىڭ مۆجىزىلىك ئەندىزىسىنى ئىشچان تەبىئەت پەقەت مۇشۇ زېمىننىڭ ياز ئايلىرىدىلا يارىتىشقا قادىر. قىزنىڭ ئېقى ئاق، قىزىلى قىزىل، تاڭ سۈبھىسىدەك رەڭدار، تولغان چىرايى يازدا ئېچىلىپ، كۈز ئايلىرىدا ۋايىغا يەتكەن يېگانە تاغ ئەتىرگۈلىگە ئوخشايدۇ. قىزنىڭ گۈلگۈن شەپەقتەك قىزىل لەۋلىرىدە، زىناقلىرىدا مۇلايىم بىر تەبەسسۇم ۋە چەكسىز تەشنالىقنىڭ شولىسى ئويۇپ قالغان...
قىز كىمگىدۇر ماختىنىپ ئەركىلىگۈسى كەلدى. يېنىغا قارىدى. يېنىدا يېقىندىلا تۇغۇلغان ، بۈدۈر ـ بۈدۈر قويۇق يۇڭلىرى قاراقاتتەك قاپقارا پاقلان مارجاندەك يالتىراپ تۇرغان كىچىك سەبىي كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ، گويا ئۇنىڭ سېھرىي گۈزەللىكىگە لال بولۇپ قالغاندەك جىمجىت قاراپ تۇراتتى. قىز پاقلاننى چاققانلىق بىلەن تۇتىۋالدى ۋە ئۇنى ئالدىغا تارتىپ، سۈت ھىدى پۇراپ تۇرغان يۇمشاق، قارامتۇل تۇمشۇقىنى مەڭزىگە ياقتى. پاقلاننىڭ تۇمشۇقى نەمخۇش، نەپەسلىرى ئىسسىق ئىدى، قىز چۈچۈپ كەتتى. تۇنجى قېتىم... مەشەدە... دەل مۇشۇ تاش تۈۋىدە... ئۇچاغ ئۆتكەن يىلى... كۆل يويى تىزغىچە كېلىدىغان ياپيېشىل ئېگىز ئوت ـ چۆپ بىلەن قاپلانغان كۈز ئايلىرىنىڭ گۈگۈم پەيتى ئىدى. تۈنجى سۆيۈشنىڭ ئۇنىڭ يۇمران مەڭزىنى ۋە لەۋلىرىنى چوغدەك كۆيدۈرۈپ ئۆتۈشلىرى ئۇنىڭغا تولىمۇ شېرىن، راھەتلىك، ئەمما ئاچ قالغان بۆركۈتنىڭ ئوچۇق دالادا ئوتلاپ يۈرگەن ياۋا توشقاننى قۇۋۇەتلىك بارماقلىرى بىلەن تۇيۇقسىز قامالاپ تۇتىۋالغان چاغلىرىدىكىدەك قورقۇنچلۇق بولۇپ تۇيۇلغان. ئۇ نېمىشقىدۇر شۇ قېتىم كۆل بويىدىن ئۆيىگىچە يىغلاپ بارغان، شۇ كېچىسلا قىزىتمىسى ئۆرلەپ، بىر ھەپتە ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالغانىدى.
قىز پاقلاننى قويىۋېتىپ توزىغان چاچلىرىنى تۈزىدى. سۇ يۈزىگە يانتۇ بولۇپ توغرىلىنىپ باقتى. ئۇنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتى، قىياقتەك ئىنچىكە قاشلىرىنى ئۇچۇرۇپ كۈلۈمسىرەشلىرى سۇ يۈزىدە ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى.
كۆلنىڭ قارىغايلار سايە تاشلاپ تۇرغان نېرىقى قىرغىقىدىن بىر جۈپ ئاققۇ ئاستا، لەرزان ئۈزگىنىچە قىزغا يېقىنلاپ كەلدى. ئۇلارنىڭ ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرغان قاراقاتتەك كىچىك كۆزلىرىدە ھەۋەس بىلەن ھەيرانلىق ئارىلىشىپ كەتكەن ئادەتتىن تاشقىرى يېقىملىق، ئۈنسىز شېئىرىي تۇيغۇ ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. گويا "مەرھەبا، گۈزەللىك ئەركىسى، ئۈستىمىزگە مىنىڭ، بىللە ئۈزەيلى، كۆلدە ھايات لەززىتىدىن بىرلىكتە بەھرىمەن بولايلى" دەۋاتقاندەك ئىدى. بىر چاغدا ئارقىدا بىرسىنىڭ ئۇشتۇمتۇت چاقىرغان تونۇش، ھاياجىلىق ئاۋازى ئاڭلاندى:
— يۇلتۇز!
قىز چۆچۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئارقىسىغا قارىدى، يۈرىكى "جىغ" قىلىپ قالدى.
"قەيسەر..." ئىزتىراپلىق ھاياجان ئىچىدە پىچىرلىدى ئۇ، قەيسەر ئېتىنىڭ

تىزگىننى تاشىۋلدىن پەسكە بۇراپ ئۇدۇل كۆل بويىغا قاراپ كېلىۋاتتى. ئۇ بېشىغا كىچىك گەردىشلىك قارا موۋۇت شلەپە، ئۈستىگە قارامتۇل كەرىشنىۋاي رەڭلىك قىسقا خۇرۇم چاپان كىيگەن، ئاقۇچ چىرايىدا ۋە قويۇق قاشلىرى ئاستىدىكى چوڭ ـ چوڭ قوي كۆزلىرىدە ئادەتتىن تاشقىرى خۇشاللىق ۋە ھودۇقۇش ئارىلىشىپ كەتكەن ھاياجان ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

ئاتنىڭ پېشانىسىدىكى يۇلتۇز شەكىللىك چىرايلىق قاشقىسى يىراقتىن ئاقىرىپ كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ كۆكسى ۋە ساغرىسىدىكى سىلىق، سارغۇچ تۈكلىرى تەردىن نەملىشىپ قارايغان، ئېغىزدۇرۇقتىن كېرىلگەن ئىككى جاۋغىيىدا ئاپئاق كۆپۈك كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئات نەگىدۇر ئالدىرىغاندەك تىزگىن سېرىپ، چىملىق ئارىسىدىكى شېغىل تاشلارنى كۈچلۈك تۇۋاقلىرى بىلەن شاراقشىتىپ، يېنىك يورغىلاپ كېلەتتى. قەيسەر كۆل بويىغا كېلىپ ئاتتىن سەكرەپ چۈشتى:

— سىزنى چوقۇم كۆل بويىدىغۇ دەپ ئويلىغانتىم، قانداق ئەھۋالىڭىز؟

يۇلتۇز ئىزا تارتقىنىدىن بېشىنى ئېگىپ، چاپىنىنىڭ تۈگمىسىنى بىر ئېتىپ، بىر يەشكىنىچە يەرگە قاراپ تۇراتتى . قەيسەرنىڭ كېلىشى بىلەن يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر بىر يەرلىرىدىن ئۇرخچۇپ، تومۇرلىرىغا تاراپ كېتىۋاتقان، سېغىنىشقىمۇ، خۇشاللىققىمۇ، ئىزتىراپقىمۇ، تەشۋىشكىمۇ ئوخشاپ كېتىدىغان ھاياجانلىق بىر تۇيغۇدىن ئۇنىڭ پۇت ـ قوللىرى تىترەپ كەتتى.

— نەگە كېتىۋاتىسىز؟ — سورىدى ئۇ ئايانچىلىق تىترەڭگۈ ئاۋازدا.

— گايىز پالۋاننىڭكىگە، بىر ھەپتە بولدى، كۆرۈنمىدى ، سۈرۈشتۈرسەم ئاغرىپ قاپتۇ دېيىشىدۇ.

— ۋېيىەي، يولدىن ئېزىپلا يۈرىدىكەنسىزغۇ تاڭ. يەنە بۆرىلەرگە ئۇچراپ قالمىغانسىز؟ — قىزىقسىنىپ كۈلدى قىز. ئۇ بۇ سۆزى ئارقىلىق قەيسەر ئۇزاقى يىلى قىشتا ياتىقىمغا قايتىمەن، دەپ تاغ ئارىسىدا ئېزىقىپ قېلىپ، بۆرىلەرگە يەم بولغىلى تاس قالغانلىقىنى، شۇقېتىمدا دەريا بويىدا تەسادىپىي ئۆزىگە ئۇچراپ قالغانلىقىنى ئەسلەتمەكتە.

— ماڭمىغان يەرنىڭ ئوي ـ چوڭقۇرى كۆپ بولغاندىكىن،— قەيسەر ئوڭايسىزلىنىپ قىزىرىپ كەتتى،— ئېزىپلا يۈرىدىكەنمەنغۇ تاڭ.

— گايىز پالۋاننىڭ ئۆيىگە دەريانىڭ ئۇ قېتى بىلەن بارامدۇ؟

— ئاپلا، ئېسىمدىن چىقىپتۇ! — قەيسەر بۇنى گويا ھازىرلا بىلىۋاتقاندەك دەريا تەرەپكە قاراپ قويدى،— ئۇنداقتا ئارقامغا قايتسام بولىدىكەن ئەمىسە.

ئۇنىڭ ياش قارىغاينى ئەسلىتىدىغان ئۆسكىلەڭ گەۋدىسى، يۇلتۇز قانغۇچە كۆرىۋېلىشنى ئارزۇ قىلىدىغان، ئەمما ئاشۇ بىر قېتىملىق سۆيۈۋېلىشتىن كېيىن قەيسەرنىڭ چىرايىغا تىك بېقىپ قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالمىغان چىرايى سۇ يۈزىدە ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. يىگىت سۇ يۈزىدە ئەكس ئېتىۋاتقان چىرايىغا يۇلتۇزنىڭ قانچىلىك ئامراقلىق ۋە ھاياجانلىق تەلپۈنۈش بىلەن سەپ سېلىۋاتقانلىقىنى سەزمىدى. يۇلتۇز بۇ مىنۇتلارنىڭ شۇنچىلىك ئۇزۇن داۋام قىلىشىنى تىلەيتتى. مانا، يېنىدا گويا ئۇنىڭسىز بۇ دۇنيادا ياشىيالمىغۇدەك دەرىجىدە ياخشى كۆرىدىغان، ئۇنىڭغا چىن دىلى، ھەممە، ھەممە نەرسىسى بىلەن بېرىلگەن ئامراق يىگىتى! ئۇنىڭ قارا شلەپىسىنىڭ گىرۋەكلىرىدىن تېشىپ تۇرغان قوڭۇر بۈدۈر چېچى، سۆيگۈ

تەشنالىقى ۋە ئامراقلىقى بىلەن چاقناپ تۇرغان ئوتلۇق كۆزلىرى... ھېلىقى... ھېلىقى چاغدا مەگزىنى خۇددى ئۇششاق چۈمۈلە ئۆمۈلىگەندەك غىدىقلاپ ئۆتكەن ئىنچىكە، قاپقارا بۇرۇتلىرى كۆڭۈل يۈزىدە شۇ قەدەر جەزبىلىك ھەم تارتىملىق. قىز شۇ تاپتا ئۆزىنى تامامەن مەھلىيا قىلغان ۋە مۇتلەق ئۆزىگە تەئەللۇق دەپ بىلگەن بۇ مېھرلىك قامەتنىڭ ئۆزىنى شۇ قېتىمدىكىدەك باغرىغا يەنە بىر قېتىم بېسىشىنى شۇنچىلىك خالايتتىكى، ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ شۇ قېتىم قەيسەرنىڭ باغرىدىن شاش كېيىكتەك تېپچەكلەپ بوشىنىپ، ئارقىسىغا قارىماي، شامالدەك تېز قېچىپ كەتكەن ھالىتىنى ئەسكە ئېلىپ، ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ يەنە قېچىپ كېتىشىدىن قورققاندەك، ئېتىنىڭ يېنىدا جۈرئەتسىزلىك بىلەن قېتىپ قالغان ھالىتىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىز پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى. بۇ كۈلكە ئاۋازى گويا جانان چىنىگە بىر ئۇچۇم مەرۋايىت تۆكۈلگەن چاغدىكى نازۇك، يارقىن جىرىڭلاشقا ئوخشاپ كەتتى.
— نېمىگە كۈلىسىز؟ — سورىدى قەيسەر بىردىنلا تەمتىرەپ. شۇئان قىزنىڭ كۆزلىرىدە مۇغەمبىرانە نۇر چاقناپ كەتتى.
— ھېلىمۇ ياخشى يولدىن ئېزىپ قاپسىز. بولمىسا... بۇ تەرەپلەرگە زادى ئۆتمەسكەنسىز.
— نېمىشقا ئۆتمىگۈدەكمەن؟ — قەيسەر جانلىنىپ كەتتى،— ۋاي، قويۇڭ، مېنىڭ بۇ كۆڭۈل بويىغا ھەپتىدە نەچچە قېتىم كېلىدىغانلىقىمنى بىلمەيسىز. نەچچە قېتىم دادىڭىزغا دوقۇرۇشۇپمۇ قالدىم. مۇشۇ ئەتراپلاردىن ئايلىنىپ - ئايلىنىپ، خۇددى خامۇش ئادەمدەك غېرىپخانامغا قايتىمەن. بارغىچە دەردىمنى ئاتتىن ئالىمەن.
— بىچارە ئات...،— دېدى يۇلتۇز خۇرسىنىپ.
— بولدى، ئەمدى مەن بۇنداق ئوغرىلارچە تىمىسقىلاپ يۈرۈشتىن تويدۇم،— قەيسەر قاپىقىنى سىلىپ، تاشنىڭ يېنىغا كېلىپ قىز بىلەن ياندىشىپ ئولتۇردى،— ئەمدى مەن ئۆيىڭىزگە ئەلچى كىرگۈزىمەن.
— ۋىيىەي، سىز! — قىز ئەندىكىپ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى،— مەن قورقىمەن، مېنى قورقۇتماڭ قەيسەر!
— گېپىمنى ئاڭلاڭ، شۇ تاپتا كۆڭلۈم قانداق ئۆتىۋاتىدۇ، بىلەمسىز؟ بەئەينى ئېتىنىڭ كۆڭلى! ئۇرۇغ - تۇغقانلىرىم بولسا يىراقتا، كۆڭلۈمدىكى گايىز پالۋان بىلەن كۈلكە - چاقچاق قىلىپ، ئورمانلارنى ئارىلاپ دېگەندەك ئىشلار بىلەن بىر كۆڭلۈم ھەش - پەش دېگۈچە ئۆتۈپ كېتىدۇ. ئەڭ زېرىكەرلىك چاغلىرىم كەچتە، ئۇچار قۇش، قۇرت - قوڭغۇزدىن تارتىپ، تۈلكە توشقان، بۇغا، مارالغىچە ھەممىسى تاتلىق ئۇيقۇغا كېتىشىدۇ. مەنچۇ؟ خۇددى ئۇۋىسى بۇزۇلغان چاشقاندەك ئۆيۈم بىلەن دەريا ئارىلىقىدا تىمىسقىلاپ يۈرىمەن، گاھىدا ئۇۋۋامغا تىقىلىپ ئوقۇيمەن، يازىمەن، چارچاپ ھالىم قالمىغاندا ئۆزۈمنى كارىۋاتقا تاشلايمەن. كاشكى، كۆڭلۈمدىكى شۇنچە ئۈمىد بىلەن كەلگىنىمگە يارىشا ئۆزىڭىزنى بولمىسىمۇ، ئۆيىڭىزنىڭ ئالدىغا يېيىپ قويغان ياغلىقىڭىزنى كۆرۈۋېلىپ كەتكەن بولسام...
يىگىت جىم بولدى. ئۇنىڭ تېخى بايىلا ۋىسال شادلىقى بىلەن پارلاپ تۇرغان ئاقۇچ چىرايىدا ئەمدى ھەسرەت ۋە غەمكىنلىك ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. يۇلتۇز ئۇنى تۇنجى رەت مۇشۇ ھالدا كۆرۈپ ئىچى ئاغرىدى. لېكىن ئۇنىڭغا ھازىرلا رازىلىق بېرىپ "ئەمىسە ئەلچى ئەۋەتىڭ" دېيەلىسۇنمۇ؟ ياق، ئۇ بۇنداق دېيىشكە ئاجىز. ئۇن ئالتە

ياش... قىزلارنىڭ بۇنداق چاغدىكى تۇيغۇسى ئۆزىنىڭ سىرلىقلىقى، تىرەن ۋە ئەركىلىكى بىلەن ئاجايىپ. بۇ چاغدىكى تۇيغۇنىڭ تەلەپ قىلىدىغىنى ئائىلە ۋە ئائىلە ئارقىلىق ئېرىشىدىغان بەخت ئەمەس، سۆيگۈ، ئۆزىنى سېغىنىش ۋە ھىجران ئازابىنىڭ تەڭداشسىز شېرىنلىكى بىلەن مەست قىلىدىغان ئەسەبىي سۆيگۈ!

قەيسەر يۇلتۇزغا ئەلچى ئەۋەتىشنىڭ تېخى بالدۇر ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىمۇ؟ ياق، بىلەتتى. بىلىپ تۇرۇپ قىزغا نېمىشقا "ئەلچى ئەۋەتىمەن" دەپ ئۇنى تەشۋىش، قورقۇنچقا سالدى؟ ياق، ئۇ بۇ سۆزنى يۇلتۇزغا ئەمەس، ئۆزىگە ئېيتتى، ئۆزىنى بەزلەش ۋە كەيپسىز كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرۇش ئۈچۈن ئېيتتى. چۈنكى ئۇنىڭ ئۈچۈن بۇ يەردە يۇلتۇزسىز ھاياتنىڭ ھېچقانداق مەززىسى يوق. ئۇ دەريا بويىدا چوقچىيىپ تۇرغان يالغۇز ئۆيدە كۈزلۈكى قارىغاي ئۇرۇقلىرىنى يىغىش، قورۇتۇپ سوقۇش، ئەتىيازلىقى ئۇنى ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى ئۆزى ياسىۋالغان پارنىكقا تېرىش، كۆكلەپ چىققان بىخلارنى ھاۋا ئىسسىغاندا ئورمانلىقتىكى تەجرىبە ئېتىزىغا يۆتكەپ تىكىش، ئۇنى بىر ياز كۆزىتىش ھەم پەرۋىش قىلىش بىلەن ئۆتىدۇ. بوش ۋاقىتلىرىدا ئورمان مەيدانىنىڭ پېشقەدەم باشلىقى گايىز پالۋانغا ئەگىشىپ، تاغ، ئورمانلارنى ئارىلاپ گۈزەت قىلىدۇ. دورا ئۆسۈملۈكلەرنىڭ سورت ـ خىللىرىدىن ئەۋرىشكە يىغىدۇ، ئەتىگىنى ۋە ئاخشاملىرى ئوقۇش ھەم يېزىشتىن باشقا، كۆپىنچە چاغلىرىنى يۇلتۇزنى ئەسلەش ۋە ئۇنىڭ بىلەن خىيالىي سىردىشش بىلەن ئۆتكۈزىدۇ. بۇ ئەسلەش ۋە سىردىشش قەيسەر ئۈچۈن بىردىنبىر تەسەللىي ھەم ئارام.

قەيسەر ئىنىستىتۇتتا ئوقۇۋاتقان چېغىدا جۇڭگو ۋە چەت ئەل ئالىملىرىنىڭ ئالەمنىڭ سىرى ۋە ئۇنىڭ ئىنسانلارغا تېخىچە مەلۇم بولمىغان يوشۇرۇن قانۇنىيەتلىرى توغرىسىدىكى ئەڭ يېڭى كۆز قاراشلىرى شەرھلەنگەن ماقالىلىرىنى، تەبىئەت دىئالېكتىكىسى، ئېكولوگىيە ئىلمى، گېئولوگىيە ۋە جانلىقلارنىڭ تەدرىجىي تەرەققىياتى دېگەندەك، تەبىئەت ئىلمىگە ئائىت كىتابلارنى ساۋاقداشلىرى ھەيران قالغۇدەك دەرىجىدە كۆپ ئوقۇغان ھەم ئۇنىڭدىن بىرمۇ بىر خاتىرە قالدۇرغانىدى. ئۇ تۇنجى قېتىم دارۋىنىنىڭ "تۈرلەرنىڭ كېلىپ چىقىشى " ناملىق كىتابىغا تەنقىد يېزىپ، مەكتەپتە بىر قېتىملىق چوڭ بەس ـ مۇنازىرىنىڭ پارتلىشىغا سەۋەب بولغانىدى. ئۇ ئادەملەرنىڭ تۇنجى ئەۋلادى مايمۇن ئەمەس دېگەن قاراشتا چىڭ تۇراتتى. ئۇ ئادەملەرنىڭ پەيدا بولۇش مەنبەسىنى شەكىل جەھەتتىكى ئوخشاشلىق ياكى يېقىنچىلىقتىن ئەمەس، گېنىدىن ئىبارەت ماھىيەتلىك ئامىلدىن ئىزدەش كېرەك، دەيتتى. ئۇ مەكتەپ پۈتتۈرۈپ بۇ يۇرتقا تەقسىم قىلىنغاندىن كېيىن، ئۆزى ئوقۇغان ئورمانچىلىق كەسپىگە ئەمەس، شەھەردىكى نۇقتىلىق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ بىرسىگە تەقسىم قىلىندى، ئۇنىڭغا ئوقۇغان كەسپىگە يېقىنراق بىئولوگىيە، زوئولوگىيە ياكى بوتانىكىغا دائىر دەرسلەرنى تەقسىم قىلسىمۇ بولاتتىغۇ، ئەمما، ئۇنىڭغا ئەكسىچە ئەدەبىيات دەرسلىكىنى تەقسىم قىلىشتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ تۇنجى ئىشى تولۇق ئوتتۇرا سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىغا ئەدەبىيات دەرسى ئۆتۈشتىن باشلاندى. شۇغىنىسى، ئۇنىڭ ئەدەبىيات نەزەرىيىسى توغرىسىدىكى بىلىم ـ چۈشەنچىسى ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ ھېچقايسىسىغا ئوخشىماي چىقتى. ئۇنىڭ قارىشىچە ھازىرقى ئەدەبىيات دەرسلىكىنىڭ بىرمۇنچە نەزەرىيىۋى قائىدىلىرى — تىپ، ئوبراز ۋە خاراكتېر توغرىسىدىكى بايانلىرى ئاللىقاچان ۋاقتى ئۆتكەن،

ئاتمىشىنچى ھەتتا ئەللىكىنچى يىللاردىكى يېزەكى، قاتمال، ئۆلۈك قائىدىلەرگە سۆرەپ كىرىدىغان كۆلكىلىك نەرسىلەر ئىدى، شۇڭا ئەدەبىياتقا تېخىمۇ ئىلمىيەك تەبىر بېرىلىشى، فىروئىد تەرىپىدىن ئىسپاتلاپ بېرىلگەن ئادەملەردىكى يوشۇرۇن ئاڭ، ئۇنىڭ كۆپ قاتلاملىقى ۋە خاراكتېرلارنىڭ قېلىپسىزلىقى، قىسقىسى، ئادەمدىن ئىبارەت بۇ ئىجتىمائىي مەخلۇقنىڭ سىرلىقلىقى، مۇرەككەپلىكى ئۆزىگە خاس بولغان يېڭىچە نەزەرىيە بىلەن يورۇتۇلىشى ۋە شەرھىيلىنىشى كېرەك ئىدى. نىھايەت، بۇ يېڭى ئوقۇتقۇچى تىپ، ئوبراز ۋە خاراكتېرلار توغرىسىدا دەرس ئۆتۈۋاتقاندا، ئوقۇغۇچىلارغىلا ئەمەس، پېشقەدەم ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىلىرىغىمۇ چۈشىنىكسىز بولغان، ئۇلار ئۆمرىدە ئاڭلاپ باقمىغان غەلىتە قاراشلىرىنى سۆزلەپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن مەكتەپتە كەسكىن غۇلغۇلا كۆتۈرۈلدى:

— ئۇنىڭ فىروئىد دېگىنى كىم؟ ھېلىقى مالتوسقا ئوخشاش بۇرژۇئا ئالىمغۇ، ئۇنىڭدەك ئەكسىيەتچى بولمىغاندىمۇ ئىدىئالىست، روھشۇناس، ئۇنى نېمىشقا بىزنىڭ دەرس مۇنبىرىمىزگە سۆرەپ كىرىدۇ؟ ئۇنىڭ مەقستى ناھايىتى ئېنىق، ئۆزىنىڭ ئەدەبىياتتىكى بىلىمسىزلىكىنى ھىيلە ـ نەيرەڭ بىلەن ياپماقچى.

— ياق، ياق، بۇ كەسپىي جەھەتتىكى ھىيلە ـ نەيرەڭ ئەمەس، ئارقا كۆرۈنۈشى بار سىياسىي قۇتراتقۇلۇق، بىلەمسىلەر ئۇنى؟ ئۇ ئىنىستىتۇتتىكى چېغىدا ھۆكۈمەتكە قارشى نامايىشقا قاتنىشىپتىكەن.

— نامايىشقا؟ ئېھتىمال ئۇنىڭغا قاتناشسىمۇ قاتناشقاندۇ. لېكىن ماۋۇ ئىشنى سىياسىي قۇتراتقۇلۇق دېيىش توغرا ئەمەس، مەشەدىكى كۆپۈنچىمىز مەدەنىيەت ئىنقىلابىنىڭ ئىسسىق ـ سوغۇقنى بېشىمىزدىن ئۆتكۈزگەنلەر، ناھەق ئازار يېگەنلەر، شۇنداق تۇرۇقلۇق نېمىشقا ئەمدى بىرەر مەسىلىگە يولۇققاندا سوغۇققانلىق بىلەن ئويلىنىشنى خالىمايمىز؟ نېمىشقا ئىلىم جەھەتتىكى تالاش ـ تارتىشقا ياتىدىغان نەزەرىيىۋى مەسىلىلەرنى سىياسىي نۇقتىدىن ئىزاھلاشقا ئالدىراپ كېتىمىز؟ بۇنداق قىلىش زىيانلىق، بولۇپمۇ بىز ئىلىم ئىگىلىرى ئۈچۈن نومۇس ئىش يولداشلار. خوش، قەيسەرنىڭ بۇ ئىشتىكى خاتاسى نېمە؟ خاتاسى شۇكى، ئىلىم ـ پەندىكى بەس ـ مۇنازىرىنىڭ ئەركىنلىكى بىلەن دەرسخانىدىكى مۇنتىزىم ئىلمىي تەرتىپنى ئالماشتۇرۇپ قويغانلىقىدا. شۇڭا ئۇنىڭغا مۇنداق بىر مۇھىم نۇقتىنى يولداشلارچە كۆرسىتىپ قويۇش كېرەك، دەرسخانا ياش ئەۋلادلارغا ئىلىم ئۆگىتىش ئورنى، ھەرگىزمۇ تالاش ـ تارتىش ئۈستىدە تۇرۇۋاتقان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرلىككە كېلىنمىگەن نەزەرىيىۋى مەسىلىلەرنى ئۆز خاھىشى بويىچە مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىدىغان نۇتۇق سالۇنى ئەمەس.

— بىر ھەپتىدىن كېيىن قەيسەر مائارىپ ئىدارىسىگە چاقىرتىلدى ۋە ئۇنىڭ تەڭرىتاغ چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ مەركىزىي باشلانغۇچ مەكتىپىگە يۆتكەلگەنلىكى ئوقتۇرۇلدى.

— بۇ نېمە ئۈچۈن؟ — سورىدى قەيسەر لاسسىدە بوشىشىپ.

— شۇنىڭ ئۈچۈنكى،— دېدى ئىدارە باشلىقى كىنايىلىك ئەمما سىپايە ئاھاڭدا،— بۇ سىزنىڭ يېڭى دەۋر ئەدەبىياتى نەزەرىيىسى ئۈستىدە تېخىمۇ چوڭقۇر ئىزدىنىشىڭىزگە يېتەرلىك ۋاقىت ھەم شارائىت يارىتىپ بېرىش ئۈچۈن.

قەيسەر دەسلەپتە ياتسىراپ، كېيىن ئاستا ـ ئاستا ئۆگىنىپ قالغان بۇ مەكتەپ

قويندىن، ئاخشاملىرى ئوقۇپ، يېزىپ، چارچىغاندا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرىدىغان خىلۋەت ياتىقىدىن جىمجىتلا ئايرىلدى ۋە ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ تاغدىن كۆمۈر توشۇۋاتقان ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ تەڭرىتاغ چارۋىچىلىق فېرمىسىنىڭ مەركىزى باشلانغۇچ مەكتىپىگە يېتىپ كەلدى.

بۇ چارۋىچىلىق فېرمىسى شەھەرنىڭ شىمالىدا، بىر يۈز ئەللىك كىلومېتىرچە يىراقلىقتا ئىدى، ئۇ قاتمۇ قات تاغلار ئارىسىدىكى كەڭ كەتكەن يايلاق ھەم ئورمانلىقنى ئۆز ئىچىگە ئالغان، ئۇ يەردە بىريۈز توقساندىن ئارتۇق ئائىلە ياشايتتى. ئات، تۆگە، كالا، قوتاز، قوي، ئۆچكىلەر ئۆزخىلى بويىچە قىرىق نەچچە قوتاندا بېقىلاتتى. فېرما شىتابى تۆت ئەتراپ ئانچە ئېگىز بولمىغان، كۆكۈچ بېغىررەڭ تاقىر تاغ ئارىسىدىكى بەش- ئالتە موچە ئالملىق بېغى، ئون نەچچە ئۆيلۈك ئائىلىسى، كىچىككىنە ماگىزىنى ۋە ئىككى سىنىپلىق مەكتىپى بار كىچىككىنە مەھەللە ئىچىگە جايلاشقانىدى. خىشتىن ھەم خام كېسەكتىن سېلىنغان ئۆيلەر گىرەلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇلار ئېگىز ئۆسكەن ياپيېشىل تاغ تېرەكلىرى ئارىسىدا خۇنۈك ھەم كۆڭۈلسىز كۆرۈنەتتى. پەستە دەريا شارقىرايتتى. تاغ قاپتىلى بويلاپ سوزۇلغان تاشيولدا گاھى - گاھىدا ئۆتۈپ قالىدىغان قارا ماشىنا ھەم ئاپتوبۇسلارنىڭ بوغۇق، ھەيۋەت گۈركىرەشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.قەيسەر توغرۇلۇق خەۋەر بۇ يەرگە ئۇنىڭدىن بۇرۇن يېتىپ كەلگەن بولسا كېرەك، يېشى ئەللىكلەرگە تاقاشقان، ھاۋانىڭ خېلىلا ئىسسىق بولۇشىغا قارىماي تاغلىقلارغا خاس ئەستەرلىك چاپان، پۇتىغا چەمى قېلىن ئاياغ كىيگەن مەكتەپ مۇدىرى ئۇنى ئىشخانىسىدا ئىلتىپاتسىزلا قارشى ئالدى، قولىدىكى تونۇشتۇرۇش ھەم رەسمىيەتلەرنى ئېلىپ، ئۆرۈپ - چۆرۈپ، تامغىلىرىغا سىنچىلاپ قاراپ باقتى. ئاندىن جوزا ئۈستىگە پەرۋاسىزلارچە تاشلاپ قويدى:

— قارشى ئالىمىز، بىراق بىزدە بار - يوقى ئىككى سىنىپ، ئوقۇتقۇچى دېگەن يېتىپ ئاشىدۇ، سىزنىمۇ قوبۇل قىلساق، ئارتۇق ئادەملەرنى نەگە سىغدۇرىمىز؟ ئوتتۇرا مەكتەپ سىنىپىدىن بىرنى قۇرۇش توغرىسىدىكى دوكلاتىمىز تەستىقلىنىپ كەلدى - يۇ، پۇلى يوق. مېنىڭ پىكرىم... شۇ پۇل كېلىپ سىنىپتىن بىرنى كۆپەيتكۈچە خالىسىڭىز، تاغقا چىقىپ مەكتىپىمىزنىڭ قوي، كاللىرىنى بېقىپ تۇرىسىز. بۇنىڭغا قانداق دەيسىز؟

— مەن مال بېقىشقا ئەمەس، ئوقۇتقۇچىلىققا ئەۋەتىلگەن.

— ئۇنداق دېسىڭىز مېنىڭ راستىنلا ئامالىم يوق،— مەكتەپ مۇدىرى گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ ئالىقانلىرىنى ئىككى يانغا كېرىپ قويدى، — ئەڭ ياخشىسى، سىز چىقىپ سادىر چاڭجاڭ بىلەن كۆرۈشۈپ بېقىڭ، قوبۇل قىلىڭلار دەپ رەسمىيەتكە ئىككى ئېغىز تەستىق سېلىپ بەرسە، مائاشىنى بىكار ئېلىپ ئون يىل ياتسىڭىزمۇ پىكرىم يوق.

— قەيسەر تونۇشتۇرۇش ھەم خىزمەت رەسمىيەتلىرىنى ئېلىپ فېرما ئىشخانىسىغا كىردى. ئىشخانىدا ئۇنى خۇددى بوكس ماھىرىدەك بەستلىك، ئېگىز، قىسقا بويۇن، كۆزلىرى كىچىك، ئوتتۇرا ياشلاردىكى ئادەم قارشى ئالدى.

— كېلىڭ، كېلىڭ، قېنى ئولتۇرۇڭ، ئولتۇرۇپ سۆزلىشىمىز- دېدى ئۇ قەيسەرگە ئىلتىپات كۆرسىتىپ، ئاندىن ئۇ ئۇزاتقان تونۇشتۇرۇش ھەم رەسمىيەت قەغىزىنى ئالدىرىماي كۆرۈپ چىقتى،— ياخشى گەپ، سىز شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك

ئىنستىتۇتىدا ئوقۇۋېتىپكەنسىز ـ دە.
ـــ ھەئە.
ـــ قايسى فاكۇلتېتتا؟
ـــ ئورمانچىلىقتا.
ـــ سىزنى ئوقۇغان كەسپىڭىزگە قويماي، قانداق قىلىپ ئوقۇتقۇچى قىلىپ قويغاندۇ بۇلار؟
ـــ شۇنى دەڭا، كېلىشمىگىلا ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلىپ قويۇشتى. نېمە ئوقۇتقۇچىسى دەڭ، ئەدەبىيات... خۇددى ئاتنى جۇۋازغا، كالىنى مەپىگە قوشقاندەك... بۇ يەرگە كەلسەم مال بېقىپ تۇرۇڭ دەيدۇ.
ـــ كىم دەيدۇ ئۇنى؟
قەيسەر مەكتەپ مۇدىرى بىلەن بايا بولۇنغان پاراڭنى قىسقىچە سۆزلەپ بەردى.
ـــ ئىش ئەسلىدە دەسلەپتىلا بۇزۇلغانىكەن، مېنىڭچە سىزنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەقسىم قىلىشنىڭ ئۆزىلا توغرا بولمىغان،ـــ ئۇ ئاز دەقىقە ئويلىنىۋالدى،ـــ مۇنداق قىلساقچۇ... سىزنى ئۆز كەسپىڭىزگە قويساقچۇ، شۇنداق قىلىش دېسەم سىز نېمە دەيسىز؟
ـــ بۇ مۇمكىنمۇ؟
ـــ مۇمكىن بولمايچۇ، بۇ ئەلۋەتتە مۇمكىن. تاغلىرىمىزنىڭ ھەممىسىدە دېگۈدەك ئورمان. بۇ دېگەن ھېسابسىز بايلىق. بىراق مۇشۇ بايلىقنى ئاسرايدىغان، ئۇنى پەرۋىش قىلىدىغان ئادەمنىڭ تايىنى يوق. ئورمانچىلىق ئىدارىسى بۇ يەرگە شۇنداقلاردىن بىرنەچچىنى ئەۋەتىشتى. ئەمما ئۇلار ئالدى بىر ـ ئىككى يىل، كەينى نەچچە ئايلا پايلاشتى ـ دە، قۇيرۇقنى خادا قىلىشتى. يېڭى كۆچەت تىكىپ ئورمان زاپىسىنى تولۇقلاش، پىلانلىق كېسىش، بۇزغۇنچىلىق ھەم ھەرخىل ئاپەتتىن قوغداش قاتارلىق ئىشلار ئۈچۈن، ئەلۋەتتە شۇ كەسىپنىڭ ئەھلى كېرەك ـ تە. ئەگەر سىز خالىسىڭىزلا قېرىمىمىزدىكى تاغ، ئورمانلار سىزنى جان دەپ قارشى ئالىدۇ. مەن بۈگۈنلا سىزنى ئورمانچىلىق ئىدارىسىگە باشلاپ ئاپىرىپ رەسمىيەتلىرىڭىزنى توغرىلىتىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككىمىز مەكتەپداشمۇ ئىكەنمىز.
ـــ شۇنداقمۇ؟
ـــ مەن شىنجاڭ يېزا ئىگىلىك ئىنستىتۇتىنىڭ چارۋىچىلىق فاكۇلتېتىدا ئوقۇغان، 1983 ـ يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن.
ـــ شۇندىن بۇيان مەشەدىمۇ سىز؟
ـــ ئالتە يىل مال دوختۇرلىقنى قىلدىم. ئۇنىڭدىن كېيىن بىر ئەترەتكە دۈيجاڭ بولدۇم، ئۈچ يىل بولدى، قېرىمنىڭ قايغۇسى بىلەن دەڭە. خوش، ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى، مەسلىھەتىمگە نېمە دەيسىز؟
سادىر چاڭجاڭنىڭ غەيرەتسىز، ئاقكۆڭۈللەرچە مۇئامىلىسى بىلەن بىر مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىسى بولۇپ چىققانلىقىدىن سۆيۈنگەن قەيسەر ئۇنىڭ تەكلىپىگە ئىككىلەنمەيلا ماقۇل بولدى:
ـــ مەيلى ئەمىسە، دېگىنىڭىزچە بولسۇن.
ـــ ياخشى گەپ! ـــ خۇشال بولۇپ ئورنىدىن تۇردى سادىر چاڭجاڭ،ـــ جۈرۈڭ شەھەرگە كەتتۇق ئەمىسە!

قەيسەر تېخى بىر - ئىككى سائەت ئىلگىرىلا كۆمۈر چاڭلىرى مانايقىپ تۇرغان قارا ماشىنىدا غەلۋىردىكى قوناقتەك تاسقىلىپ كەلگەن بۇ يولدا ئەمدىلىكتە كىچىك ماشىنىنىڭ يۇمشاق ئورۇندۇقىغا ئۆزىنى تاشلاپ راھەتلىنىپ كەلمەكتە. چاڭجاڭ ماشىنىنى ئۆزى ھەيدەپ كېتىۋاتاتتى. ماشىنىنىڭ تاغنىڭ يىلاندەك ئەگرى - بۈگرى يولىدا ھاۋانى شىددەت بىلەن يېرىپ بېرىشىدىن، سىرتتىن خۇددى بوراننىڭ گۈرۈلدىشىدەك ئاۋاز ئاڭلىناتتى.

— ماشىنىنى ياخشى ھەيدەيدىكەنسىز،— سادىر چاڭجاڭنىڭ رولنى ماھىرلىق بىلەن باشقۇرۇشىغا ھەۋەسلىنىپ ئۇنىڭغا قاراپ قويدى قەيسەر.

— تاغچىلىق... ئۆزۈم ئۆگىنىۋالغان دەگە... ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن مارىلاپ دېگەندەك...

— تاغ تۇرمۇشىغا كۆنۈپ قالغاندەك تۇرامسىز؟

— كۆنمەيچۇ، خىزمەت ئېھتىياجى بولغاندىن كېيىن كۆنمەيمۇ ئامال يوق - تە. شۇغىنىسى، ئائىلىمگە تاغنىڭ ھاۋاسى ياراشمىغانلىقتىن شەھەردە بوپ قالدى. شۇڭا ئۆيىمىزمۇ شەھەردە، ياشىنىپ قالغان ئانام بار. ئۆيدە ئۇنىڭغا ئائىلەم بىلەن بالام ھەمراھ. فىرمىدىكى ئۆيۈم بايا سىز كۆرگەن ئىشخانا. ئۆزۈم ئۇ يەردە دۈم يېتىپ، دۈم قوپۇپ يۈرىدىغان قېرى بويتاق! سىز كەلسىڭىز بۇ يەردە بويتاقتىن يەنە بىرسى كۆپەيگەن بولىدۇ. سۆيگىنىڭىز بارمۇ؟ پاھ، قىزىرىپ كەتتىڭىزغۇ، يوق ئىكەن - دە، بىر ھېسابتا بۇمۇ ياخشى بوپتۇ. بىزنىڭ فىرما تەۋەسىدە نى - نى چىرايلىق تاغ قىزلىرى بار. خالىغىنىڭىزنى تاللاپ ئېلىپ بېرىمەن.

كىچىك ماشىنا ئىككى سائەتكە قالماي شەھەرلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ بىناسى ئالدىدا پەيدا بولدى، خەيرىيەت، ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ باشلىقى ئۆمەر تەۋەككۈل بىلەن سادىر چاڭجاڭ يېقىن، قەدىناس دوستلاردىن بولسا كېرەك، قەيسەر ئۇلارنىڭ بىر كۆرۈشۈشتىلا نېمىلەرنى دېيىشكەنلىرىنى، قانداق چاقچاق قىلىشقانلىرىنى بىر چەتتە ئۈمىد ۋە تەشۋىشكە چۆمگەن ھالدا جىمجىت كۆزىتىپ تۇراتتى. ئۆمەر تەۋەككۈل سادىر چاڭجاڭنىڭ تونۇشتۇرۇشىنى ئاڭلاپ قەيسەرنى ئورمانچىلىق ئىدارىسىغا قوبۇل قىلىشقا تېزلا ماقۇل بولدى. لېكىن يۆتكىلىش رەسمىيەتلىرىنى بېجىرىش ئۈچۈن مائارىپ ئىدارىسىنىڭ ماقۇللىقىنى، كادىرلار ئىدارىسىنىڭ تەستىقىنى ئېلىش كېرەك ئىدى. بۇ ئىشلارغا سادىر چاڭجاڭ بىلەن ئورمانچىلىق ئىدارىسىدىكى كادىرلار ئىشلىرىغا مەسئۇل خادىم بىرلىكتە ماڭىدىغان، ئۇنىڭغىچە قەيسەر سادىر چاڭجاڭنىڭ ئۆيىدە ئارام ئېلىپ تۇرىدىغان بولدى. كەچكە يېقىن سادىر چاڭجاڭ ئۆيگە كەيپ، خۇشال، ئازراق مەست ھالدا قايتىپ كەلدى.

— ھەممە ئىشلىرىڭىز كۆڭۈلدىكىدەك توغرىلاندى، ئەمدى سىز بۈگۈندىن ئېتىبارەن تاغ ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ ئادىمى! — دېدى ئۇ قەيسەرنىڭ يەلكىسىگە كەڭ، ئېغىر ئالىقىنى بىلەن شاپىلاقلاپ،— بۇنىڭغا قەۋەتلا خۇشالمەن جۇمۇڭ ئۇكام، بىر مەكتەپنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئەمدى بىر يەردە ئىشلەيدىغان بولدۇق!

سادىر چاڭجاڭ ئەتىسى ئەتىگەندە قەيسەرنى ئېلىپ فىرمىغا قايتتى.

— مەن سىزنى ئەمدى گايىز پالۋان بىلەن كۆرۈشتۈرەي، — دېدى ئۇ ماشىنىسىنى دەريا ياقىلاپ ھەيدەپ، يۇقىرىلاپ كېتىۋېتىپ،— بوۋاي بۇ ئىشلاردىن خەۋەرسىز - دە، بولمىسا ئاللىبۇرۇن ئالدىمىزغا چىقىپ تۇراتتى.

— گايىز پالۋان ... — ھەۋەسلىنىپ تەكرارلىدى قەيسەر، — كىم بولىدۇ ئۇ كىشى؟
— سىزنىڭ مۇئاۋىن باشلىقىڭىز. سىز بۇيەردە ئەمدى مۇشۇ بوۋاينىڭ باشقۇرۇشىدا ئىشلەيسىز. جۇجاڭنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇ ئاللىقاچان پېنسىيىگە چىقىپ بولار ئىكەنتۇق، ئەمما ئۆزىنىڭ تەلپىگە ئاساسەن ھازىرغىچە ئىشلەپ تۇرۇۋاتقانمىش. مالچىلارنىڭ ئارىسىدا ھېكايىلىرى جىق... 60 - يىللاردىكى ئاچارچىلىق ۋاقىتلار ئىكەن، بىركۈنى ئەترەت باشلىقى گايىز پالۋانغا يېنىدىكى ئىككى ياشلىق توپاقنى كۆرسىتىپ: "ماڭا قارا، گايىز، مۇبادا سەن مۇشۇ توپاقنى ئورنىدىن دەس كۆتۈرەلىسەڭ، ھازىرلا بىرنان مۇكاپات بېرىمەن" دەپتۇ. نورمىلىق ئاشقا قورسىقى تويماي ئېچىرقاپ يۈرگەن گايىز پالۋان ئويلىنىپ تۇرمايلا توپاقنىڭ تېگىگە كىرىپ قورسىقىغا مۈرىسىنى تىرەپ، توپاقنى دەس كۆتىرىپتۇ - دە، ئەترەت باشلىقىنىڭ ئالدىغا ئاپىرىپ تاشلاپ: "قېنى، دېيجاڭ، نېنىڭىزنى ئەكىلىڭ" دەپتۇ. ۋاي، ئۇنىڭ تاغدا ئېيىق بىلەن تۇتىشىپ قالغانلىرىمۇ قىزىق. قانداق قىپتۇ دەڭ؟ ئېيىق بىلەن چېلىشىپ - چېلىشىپ ئاخىر ئۇنى ئۇرۇپ يىقىتىپ مۈرىسىگە ئارتقىنىچە ئۆيىگە ئېلىپ كەپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، يىراق - يېقىنغا ئۇنىڭ "پالۋان" دېگەن نامى تارقىلىپتۇ. قېرىپ قالدى - دە ھازىر، بىراق مۇشۇ چېغىدا ھېلىمۇ بىر ئولتۇرۇشىدا بىر پاقلاننىڭ گۆشىنى يەۋېتەلەيدۇ. قولىغا دۇتار چىقىپ قالدىمۇ، بولدى، بىر كېچە ناخشا ئېيتىپ چىقالايدۇ، قالتىس قېرى ئۇ!
سادىر چاڭجاڭ يولدا كېتىۋېتىپ فېرمىنىڭ ئەھۋالى، تاغنىڭ ئورمان، يايلاقلىرى توغرىسىدا يەنە نۇرغۇن ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى. گايىز پالۋاننىڭ ئۆيى دەريا قىرغىقىغا يېقىن دۆمبەلىنىڭ تېگىدە، قويۇق تاغ تېرەكلىرى ئارىسىدا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ تاغلىقلارنىڭ ئادەتتىكى ئۆيلىرىگە ئوخشاش چۆرىسى شاخ بىلەن قاشالانغان، پاكار تاملىرى سامانلىق لاي بىلەن سۇۋالغان، ئۆگزىسىدە قويۇق ئۆسكەن ئەمەن، قىياقلار يايلاقتىكىدەك كۆكىرىپ تۇراتتى. ماشىنىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ قاياقتىندۇر تۇمشۇقلىرى چوڭ، ئۈزۈن تۈكلىرى پاخپىيىپ كەتكەن ئىككى ئىت ئېتىلىپ چىقتى ۋە خۇددى ماشىنىنى يالماپ يۇتۇۋېتىدىغاندەك يامان ئەلپازىدا ئەتراپتا پىرقىراپ قاۋاشقا باشلىدى. ئىتلار ھەربىر قاۋىغاندا ئاغزىدىن قويۇق شالىلىرى ئېتىلىپ چىقاتتى، سادىر چاڭجاڭ ماشىنىنى ھويلىدا توختىتىپ كەينى - كەينىدىن سىگنال بەردى.
— مانا، مانا ...! — گايىز پالۋان ئۆيىدىن ئالدىراپ - پايپاسلاپ چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭ راستىنلا ئىككى ياشلىق توپاقنى دەس كۆتەرگۈچىلىكى، ئېيىقنى ئۇرۇپ يىقىتقۇچىلىقى بار ئىدى، ئۆكۈزدەك بەستلىك، ئاندا - ساندا چېچەك ئىزلىرى ساقلىنىپ قالغان كەڭ يۈزىدە گۆشلىرى تۈرۈلۈپ كەتكەنىدى، كەڭ ئالقانلىرى لىگەنگە ئوخشايتتى، مەيدىسىنى ھەتتا قول بارماقلىرىنىمۇ تۈگەل تۈك قاپلىغانىدى. ئۇ سادىر چاڭجاڭنى يىراقتىنلا ئىلغا قىلدى:
— يائاللا سادىرغۇ بۇ، چۈشە! نېمە ئاي كۆرگەن خوتۇندەك كۆتۈڭنى ماشىناڭغا چاپلاپ ئولتۇرۇسەن؟
— خەپ سېنىڭ مۇشۇ ئاغزىڭ... قاچانلا بولسا مۇشۇنداق پاسكىنا. نېمە ھېجىيىپ تۇرىسەن، تاماشا كۆرۈۋاتامسەن؟ مۇنۇ لاملىرىڭنى ھەيدە!
— پاھ، بۈگۈن ئەجەپ نومۇسچان بوپ كېتىپسىنا، چۈش، چۈشسۇر، سېنى تونۇيدۇ

ئەمەسمۇ بۇ ئاق يولۋاسلار...
— مېھمان باشلاپ كەلدىم، پاياندار سال!
— سالاي، سالاي، پاياندار دېگەن سىلەردىن ئايلانسۇن،— كۆتمەك چىشلىرىنى كۆرسىتىپ ھېجىيىپ كۈلگىنىچە ماشىنا ئىچىگە ئىگىشىپ قارىدى بوۋاي. سادىر چاڭجاڭ ماشىنىدىن چۈشۈپ بوۋايغا قول ئۇزۇتۇپ كېلىۋاتقان قەيسەرنى ئىما قىلىپ دېدى:
— مېھمىنىڭ مۇشۇ يىگىت، ئالىي مەكتەپتە مەخسۇس ئورمانچىلىق كەسپىدە ئوقۇغان، ئۆمەر جۈجاڭ ساڭا تېخىنىك قىلىپ ئەۋەتتى. سەن قېرى جۈجاڭنىڭ ئالدىدىن ئۆزۈڭ بېرىپ ئەكەلسەڭ بولاتتى. خىزمىتىڭنى قىلىپ قويدۇم ـ دە.
— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم پالۋان ئاتا!
— ۋە ئەلەيكۇم... ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام! — قەيسەرنىڭ ئۇزاتقان قوش قولىغا قول بېرىۋېتىپ ئۇنىڭ باش ـ كۆزىگە سۆيۈنۈش ئىچىدە قاراپ كەتتى بوۋاي،— ئاغزىڭىزغا ياغ بالام، خېلى يىل بوپتىكەن "پالۋان" دېگەن گەپنى قۇلىقىم ئاڭلىمىغىلى. سىز بۇگۈن كۆڭلۈمنى كۆتۈرۈپ قويدىڭىز مانا. ماۋۇ ناكەسنىڭ ئاغزىدىنغۇ قېرى دېگەندىن باشقا گەپ كەلمەيدۇ.
— كەمپىرىڭ كۆرۈنمەيدىغۇ قېرى؟
— كەمپىرىم ئۆيدە، سەن نەپسى يامانىنى قاچان بىر ياخشى مېھماننى باشلاپ كېلەركىن دەپ، قازانغا گۆش تىقىپ ئولتۇرغان.
— بولدى، مەشەدىنلا قايتىمەن، قىلىدىغان ئىش بار،— دېدى سادىر چاڭجاڭ ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ،— بۇ يىگىتنى ساڭا تاپشۇرۇۋەتتىم. ۋەزىپەم تۈگىدى، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ئوبدان ئورۇنلاشتۇر ئەمسە.
— ئۆيگە كىر قىزغانچۇق! — گايىز پالۋان بېرىپ ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى "جاق" قىلىپ ياپتى،— بەزىدە مۇشۇنداق خوتۇن كىشىدەك قىلغىنىڭ بار جۇمۇ سېنىڭ، قېنى، مېھماننى ئۆيگە باشلا، سېنىمۇ سېغىنىپلا تۇراتتىم. مۇنۇ مېھماننى ئۆيۈمگە ئۆز ماشىناڭ بىلەن ئەكەلگىنىڭ ئۈچۈن ھۆرمىتىڭ ھەسسىلەپ ئاشىدىغان بولدى ـ دە، ھا... ھا... ھا...
ئولتۇرۇش يېرىم كېچىگىچە داۋام قىلدى. ھىل ـ ھىل پىشىپ لېگەندە تىرەپ تۇرغان پاقلان گۆشىنىڭ لەززىتىدىن كۆرە، بوۋاينىڭ دۇتارىنى، بوغۇق ئاۋازدا ئېيتقان مۇڭلۇق ناخشىلىرىنى ئاڭلاش تولىمۇ كۆڭۈللۈك، ئادەتتىن تاشقىرى ھۇزۇرلۇق ئىدى. سادىر چاڭجاڭ قېرىما ئىشخانىسىدا يىغىن بارلىقىنى ئېيتىپ، پات ـ پات كېلىپ قەيسەرنى يوقلاپ تۇرۇشقا ۋەدە قىلىپ، تاڭ ئاتارغا يېقىن كېچە قاراڭغۇسىغا قارىماي چالا مەست ھالدا ماشىنىنى ھەيدەپ يۈرۈپ كەتتى.
گايىز پالۋان ئەتىسى ئەتىگەندە قەيسەر بىلەن بىللە سۈتلۈك چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ، قەيسەرگە مۇنداق دېدى:
— بىز تاغلىقلار بۈركۈت بالىسىنىڭ قانداقلىقىنى ئۇنىڭ كۆزلىرىدىنلا بىلىۋالالايمىز، نېمىشقا دېسىڭىز، كۆز دېگەن ئەقىل ۋە جاسارەتنىڭ ئەينىكى. راستىنى ئېيتسام، سىزدىمۇ شۇنداق ئالامەتلەرنى كۆرۈپ تۇرىۋاتىمەن. ئەمدىكى گەپ، سىزنىڭ بۇ ماكانىنى چىن دىلىڭىزدىن سۆيۈش ـ سۆيمەسلىكىڭىزدە. ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، بۇ يەر ئالالاھ بىزگە بەخشەندە قىلغان ئۇلۇغ زېمىن. ئۆز

زېمىننى، ئۆز ماكانىنى سۆيۈش شۇنچىلىك مۇقەددەس، ئۇلۇغ ئىشكى، ئۇنى بەجا كەلتۈرگەنلەر ئاللاھنىڭ جامالىنى كۆرگەن بىلەن باراۋەردۇر. مەن بۈگۈن تاغنىڭ يايلاقلىرى بىلەن مەيدانىمىزنىڭ ئىلكىدىكى ئورمانلارنى سىزگە بىر قېتىم كۆرسىتىپ كەلسەم دېگەن نىيەتتىمەن. سىزچە قانداق؟

تۈنۈگۈندىن بېرى سادىر چاڭجاڭ كىشىنى خىجىل قىلغۇدەك قوپال، سەت چاقچاقلارنى قىلىشىپ ئولتۇرغان بوۋاينىڭ ئەمدىلىكتە بىردىنلا ئۆزىنى تۇتۇپ، دانىشمەنلەرچە قىلىۋاتقان سۆز - ھېكمەتنى بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئىخلاس بىلەن ئاڭلاپ ئولتۇرغان قەيسەر ئالدىراپ بېشىنى كۆتۈردى:

—— دېگەنلىرىدەك بولسۇن، مەنمۇ شۇنى ئارزۇلاپ ئولتۇرغان.

بوۋاي داستىخاندىن قوپۇپ، ئېغىلدىن ئىككى ئاتنى توقۇپ چىقتى. چىلان تورۇق ئاتنىڭ تىزگىنىنى قەيسەرگە تۇتقۇزدى.

—— ئات مىنىپ باققان بولغىيدىڭىز؟

—— مىنىپ باققان، كىچىكىمدە.

—— قورقماڭ، بۇ يۇۋاش ئات، ئېغىزى يۇمشاق، ئەمما يورغىسى شامالدەك تېز.

گايىز پالۋان ئۆزىنىڭ قېرى ئاقبوز ئېتىغا مىنگەندە، ئات ئۇنىڭ ئېغىر بەستىنى كۆتۈرەلمەي ئىككى يېنىغا سەندىرەكلەپ كەتتى. ئەمما شۇ ئان ئۆزىنى تۈزەپ، تاقەتسىزلىك بىلەن تىزگىن سېرىشكە باشلىدى. گايىز پالۋان ئالدىدا، قەيسەر كەينىدە ئاتلىرىنىڭ تۇياقلىرى ئاستىدىن يېنىك توپا تۈزىتىپ ھويلىدىن چىقىپ كېتىشتى..

... مانا، قەيسەرنىڭ ئالدىدا ئىنسان ئەقلى لال بولغۇدەك دەرىجىدە گۈزەل، سېھىرلىك دۇنيا... ئۇ بۇرۇن مەكتەپتىكى چاغلىرىدا ئۇلانباي، نەنسەن يايلاقلىرىغا، بۇغدا كۆلى بويلىرىغا بېرىپ ئۇيناپ كەلگەن. ئەمما بۇنداق راھەت بەخش، جەننەتتەك گۈزەل گۈل دۇنياسىنى كۆرمىگەن. قەيسەرگە بىرىنچى بولۇپ يايلاقنىڭ شىمالىي تەرىپىدىكى كۈمۈچ رەڭ چوققىلىرى بىر - بىرىدىن ئېگىز قات - قات تاغلار كۆرۈندى. تاغلار ئارىسىدا بۇلۇت بىلەن گىرەلىشىپ كەتكەن سۇس ئاقۇچ تۇمان يېيىلىپ ياتاتتى. ئۇ يەردە گويا تاغ بىلەن تۇمان ئۈزلۈكسىز ئېلىشىۋاتقاندەك، گاھ تاغ تۇماننى، گاھ تۇمانلار تاغنى يۇتۇپ كېتىۋاتقاندەك مۆجىزىكار بىر مەنزىرە ھۆكۈم سۈرەتتى. دەريادا سۇ ئۇلغىيىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئاقۇچ كۆپۈكلىرىنى چاچرىتىپ پەسكە شىددەت بىلەن تاشلىنىدىغان تىرەن ئېقىمى ئاستىدا ئۇششاق شېغىل تاشلار خۇددى قىممەت باھالىق جاۋاھىراتتەك رەڭمۇ - رەڭ جۇلالىنىپ، قۇياش نۇرى ئاستىدا ئوتقاشتەك چاقنىغۇچى ئۆتكۈر جازىبە بىلەن يالتىرايتتى. زىرىقنىڭ سۇغا چىلىنىشىپ قالغان تىكەنلىك شاخلىرى قۇرىغان، قارايغان، ئۇنىڭغا قاچاندۇر بىر چاغلاردىكى تاغ كەلكۈنىنىڭ لەش - لاتقىلىرى ئېلىشىپ قالغانىدى. شاخلار سۇ يۈزىنى جىجايتتى. ئۆزىمۇ تۇنجى سۆيۈلۈشتىن تەمتىرەپ ئۆزىنى يوقاتقان ئۇياتچان قىزنىڭ نازۇك بارماقلىرىدەك تىترەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئاستىنى - يىلتىزلار مەھكەم قۇچاقلاپ تۇرغان قورام تاشلىق قىرغاقنى شىۋاق بىلەن ئەمەن قاپلىغانىدى. دەريانىڭ ئىككى قىرغىقى شاماللار ئۇخلايدىغان بۈك چاتقاللىق ئىدى. ئۇ يەر كۈز پەيتلىرى خۇددى جەننەت قۇچىقىدەك گۈل دۇنياسىغا ئايلىناتتى. دېڭىزدەك چايقىلىپ تۇرغان بولۇق ئوت- چۆپ ۋە رەڭمۇ - رەڭ گۈللەر ئارىسىدا بىر جۈپ ئاتنىڭ بېشىلا كۆرۈنۈپ قالاتتى. بۇلا ئەمەس، قاغىنەك، تېۋىلغا، ئىرغاي، جىغان ۋە

زىرىقنىڭ شۇقەدەر چىرايلىق ۋە جىلۋىگەرلىكىدىن ئىنسان كۆڭلى لال بولاتتى. بۇ يەردىكى دىماغنى مەست قىلىدىغان شېرىن بىر پۇراق، بۇ پۇراق قەلبىگىدە ئويناتقان تەگداشسىز لەززەتلىك سەزگۈ، سېنى شۇنداق بىر خىيالىي دۇنياغا باشلاپ كېتەتتىكى، سەن ئۇ يەردە ئېرىشكەن ئارام بەخشلىكنىڭ شېرىن سەزگۈسى ۋە بەختىيارلىق تۇيغۇسى ئالدىدا، دۇنيادىكى دەرد ـ ئەلەم، رەنجى ـ كۈلپەت ۋە قايغۇ ـ ھەسرەتنىڭ سېنىڭ قىسمىتىڭدىكى غالىپلىقى ساڭا ساختا مەۋجۇتلۇق ۋە بىردەمدىلا غايىپ بولغۇچى ئۆتكۈنچى تۇيغۇ بولۇپ تۇيۇلاتتى. قەيسەر بوۋايغا ئەگىشىپ ئاشۇ مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ كېتىۋېتىپ، مالچىلارنىڭ ئۆي ـ گەمىلىرىدە گۆش يەۋېتىپ، قېتىق ـ قايماقلىرىنى ئىچىۋېتىپ "مېنىڭ ئورمانچىلىق مەيدانىغا كېلىشىم بىر ھېساپتا تولىمۇ ياخشى بولغانىكەن" دەپ ئويلاپ قالدى. ئۇلار شۇ كۈنى كەچتە ئاق قاڭشار دېگەن يەردىكى بىر مالچىنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قېلىشتى. دە، ئەتىسى ئەتىگەندە قايتىدىغان بولۇشتى:

— تاغ يوللىرى بىلەن تونۇشۇپ قالغانسىز.

— ئاساسەن.

— ئەمدى مەن سىزنى يېتىپ ـ قوپىدىغان ئۆيىڭىزگە باشلاپ باراي،— دېدى بوۋاي ئېتىنىڭ بېشىنى غەربكە — تاغ تەرەپكە بۇراپ، ئۆينى ئورمانچىلىق مەيدانى ئىككى يىل ئىلگىرى سالدۇرۇپ بەرگەن. ئۆي ياخشى، شۇغىنىسى ئەتراپىڭىزدا قوشنىلار يوق ـ تە.

بوۋاي "ئۆي ياخشى" دەپ بىكار ئېيتمىغانىكەن، خىش بىلەن سېلىنغان ئۈچ ئېغىزلىق ئۆي دەريا بويىغا جايلاشقانىدى. ئەتراپى ئارچا، تېۋىلغا ھەم زىرىق بىلەن ئورالغان، زىرىقلارنىڭ پىشقان قىپقىزىل ئۇرۇقلىرى سانچاق ـ سانچاق بولۇپ، تىكەنلىك شاخلىرىنى پەسكە ئېگىپ تۇراتتى. قەيسەر بۇ يەرنى بىر كۆرۈپلا يارىتىپ قالدى ھەم شۇ كۈنىلا فېرما ئىشخانىسىدىن يۈك ـ تاقىسىنى كۆچۈرۈپ كەلدى.

پەستە دەريا شارقىرايتتى. ئۇ خۇددى چەكسىز ئالەمنىڭ تۈگىمەس ناخشىسىدەك ئىدى. دەريانىڭ ئۇ قېتىدا ئېتىكىنى بۆك قارىغاي قاپلىغان، تاشلىرى قارامتۇل، گىل رەڭلىك ئېگىز تاغ، ئۈستىدە ھەيۋەت چوققا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى، ئۇ بىر قارىغاندا ماھىر ھەيكەلتاراش گىرانىت تاشتىن ئويۇپ ياسىغان ئېگىز بۇرۇن، ئورا كۆز، بومبا ساقال، يەلكىسى كەڭ، قاسقان تۇماقلىق بوۋاينىڭ تېخى پۈتۈپ ئۈلگۈرمىگەن چالا ھەيكىلىگە ئوخشاپ كېتەتتى. قەيسەر ئۆينى سىرىپ سۈپۈرۈپ، يوتقان ـ كۆرپە، كىتاب، چامادانلىرىنى جايلاشتۇرىۋەتمەكچى بولدى، ئىشىك ـ دەرىزىلىرى خېلىدىن بېرى ئېچىلماي ئۆي ئىچىگە قاپسىلىپ قالغان نەمخۇش بۇرۇقتۇم ھاۋادىن زەي، يەنە ئالللىقانداق نېمىلەرنىڭ چىرىگەن ھىدى كېلەتتى. كارىۋاتنى بىر قەۋەت توپا باسقان، ئۈستىگە كىمدۇر يوتقان پاختىسى بىلەن مايلىشىپ كەتكەن كونا شەپكىسىنى تاشلاپ قويغانىدى، يەردە تاماكا قالدۇقلىرى چېچىلىپ ياتاتتى، بۇلۇڭغا هاراق بوتۇلكىلىرى تاشلاپ قويۇلغانىدى. كارنىيىنىڭ بىر ئۇچى تام مەشكە تىقىپ قويۇلغان چويۈن مەشنىڭ ئالدىدىكى كۆمۈر كۈلى بىر زەمبىلچە كېلەتتى. دېرىزە تەكچىسىدە يېرىمىغىچە كۆيگەن شام ھېلىمۇ تىك پېتىچە تۇراتتى. قەيسەر پەرەز قىلدى: بۇ ئۆيدە ئۇنىڭدىن ئىلگىرى كىملەرنىڭدۇر بىر مەھەل ياتقانلىقى، كۈنلىرىنى زېرىكىشلىكتە ناھايىتى تەسلىكتە ئۆتكۈزگەنلىكى، ئاندىن كۈدە ـ كۆرپىلىرىنى كۆتۈرۈپ

ئاللىقاياقلارغا راۋان بولغانلىقى ئېنىق.

قەيسەر ھېرىپ - ئاچقىچە ئىشلەپ كەچكە يېقىنلا ئۆي ئىچىنى رەتلەپ، سەرەمجانلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ تۈگەتتى. دەريا بويىغا چۈشۈپ يۇيۇنۇپ پاكىزلاندى. ئاندىن سومكىسىدىن ئاللىقاچان قېتىپ كەتكەن نېنىدىن بىرنى ئالدى - دە، چېلەكتىن چاشكىسىغا سۇ قۇيۇپ، ناننى كوروسلىتىپ چاينىغاچ ئىشىك ئالدىغا چىقىپ ھاۋالىنىپ ئولتۇردى. سالقىن تاغ شامىلى قەيسەرنىڭ چاچلىرىنى يەلپۈتەتتى. قۇياش تاغ كەينىگە مۆكۈنگەنىدى، تاغ ئۈستىدىكى بۇلۇتلار ئوتقاشتەك قىزىرىپ كۆرۈنەتتى. كەچكى گۈگۈم قاراڭغۇلىقى دەريا قىرغىقىدىن، قارىغايزارلىق ئۈستىدىن ئاستا - ئاستا يۇقىرى ئۆرلەپ تاغ چوققىسىغىچە يېيىلىپ بارماقتا ئىدى، قەيسەر تاغ ئۈستىدە چوقچىيىپ تۇرغان گىرانت تاشلارنىڭ قارىيىشتىن كېيىن ئاستا - ئاستا تۈسىنى ئۆزگەرتكەن چاغدىكى پەيدا بولغان غەلىتە سىياقىنى كۆرۈپ بىردىنلا كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى. ئەجەپ ھال! تاغ ئۈستىدە راستىنلا بىر بوۋاي كۆزلىرىنى يىراقلارغا تىككىنىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. ئەتراپىغا يىغىلغان بىر توپ بۆرىلەر ئۇنىڭدىن نېمىلەرنىدۇر ئاڭلاۋاتقاندەك، قايسى بىرلىرى قۇلاقلىرىنى تىك كۆتۈرگەنچە پەسكە چەكچىيىپ، شىلتىيىپ قاراپ تۇرغاندەك ئىدى. قەيسەر قورقۇنچ - ساراسىمىگە چۈشۈپ كۆزىنى ئۇ مەنزىرىلەردىن ئۈزمەي جايىدا بىر پەس قېتىپ ئولتۇرۇپ قالدى. راستىنلا بۆرىلەر بولسا- ھە؟ تېخى قاراڭغۇچىلىق ئىچىدە پەسكە قاراپ يۈگۈرۈپ چۈشۈۋاتقان بولسا... شۇچاغدا قەيسەرنى تېخىمۇ ۋەھىمە، قورقۇنچقا سېلىپ، يىراقتىن بۆرىلەرنىڭ سوزۇپ ھۇۋلاشلىرى ئاڭلاندى.

سەزگۈلىرىنى يوقاتقان قەيسەر ئۆزىنىڭ ئورنىدىن قانداق سەكرەپ تۇرۇپ كەتكىنىنى بىلمىدى. خۇددى بۆرىلەرنىڭ دەھشەتلىك چاڭگىلىدىن قۇتۇلماقچى بولغاندەك، ئۆي ئىچىگە يۈگۈرۈپ قېچىپ كىردى. ئېسىگە كەلگۈچە بىرپەس ئىشىككە يۆلىنىپ تۇردى. پېشانىسىدىن سوغۇق تەر قۇيۇلاتتى، يۈرىكى خۇددى كۆكرەك قەپىزىدىن تېشىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك شىددەت بىلەن دۈپۈلدەيتتى.

"بۇ نېمە ئىش، مۇمكىنمۇ بۇھال؟ ئەجەبا بۆرىلەر بوۋايغا خۇددى ئىت مالچىغا ئۆگىنىپ كەتكەندەك ئۆگىنىپ كەتكەن بولسا - ھە؟ ياق - ياق! - نەم قالمىغان ئاغزىنى تامشىپ قۇرۇق يۇتۇندى ئۇ،— بۇ مۇمكىن ئەمەس... مۇمكىن ئەمەس، قانداق مۇمكىن؟ ئېھتىمال بۇ مېنىڭ ئاداشقان سەزگۈلىرىمدىكى خاتا تۇيغۇ... چوقۇم شۇنداق..." ئۇ خېلىدىن كېيىن ئېسىگە كەلدى. لېكىن ھەر قانداق قىلىپمۇ ئىشىكنى ئېچىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تەۋەككۇل قىلىپ، ئەتراپىدا ئىنسى - جىن يوق بۇ يېگانە ئۆيدە يالغۇز تۇرۇشقا ماقۇل بولغىنىنى ئۈچۈن ئىچ - ئىچىدىن پۇشايمان قىلدى. مۇشۇ بىر كېچىنى ئۆتكۈزۈۋالسىلا گايىز پالۋانغا ئۆزىنىڭ بۇ ئۆيدىن چوقۇم يۆتكىلىپ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتماقچى بولدى. ئۆي ئىچى گۆردەك قاپقاراڭغۇ ئىدى. پەستە دەريانىڭ ھەيۋەتلىك شارقىرىشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. گويا مۇشۇ ئاۋازلا قەيسەرنىڭ قۇۋانچ ھەمراھىدەك، ئۇنى ئاڭلاپ ئاستا - ئاستا ئۆزىگە كەلگەندەك بولدى. ئۇ شامغا ئوت يېقىش ئۈچۈن دېرىزە تۈۋىگە كېلىپ سىرتقا تەشۋىش ئىچىدە قاراپ باقتى. تاغ سىياھ بىلەن بويۇۋەتكەندەك قاپقاراڭغۇچىلىق ئىچىدە غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. لېكىن ھېلىقى غەلىتە، قورقۇنچلۇق مەنزىرىلەر ھېچنەدە كۆرۈنمەيتتى. "شۇ... سەزگۈلىرىم يېڭىلىشقان، خاتا تۇيغۇ مېنى ۋەھىمىگە

سالغان..." ئۆز - ئۆزىگە كۈچ ۋە تەسەللىي بېرىشكە تىرىشتى قەيسەر. بەزلەشنىڭ كۈچىدىنىمىكىن، ياكى بىر كۈنلۈك ھارغىنلىقتىنمىكىن، قەيسەر كارىۋىتىدا ئاخىر ئۇيقۇغا كەتتى.

چۈشىدە يەنە شۇ بوۋاي، ئەتراپىدىكى بۆرىلەر بىر كېچە ئۇنىڭ ئارامىنى بۇزۇپ چىقتى. ئەتىسى ئويغانغاندا ئۆي ئىچى يوپ - يورۇق بولۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ئورنىدىن سەكرەپ قوپتى- دە، ئىشىكنى ئېچىپ تاغقا قاراپ چىقتى. قارامتۇل، گىل رەڭلىك تاغ چوققىسى ئەتىگەننىڭ ئاقۇچ يۇپقا تۇمانى ئارىسىدا خۇددى ئۈستىگە بىر قېتىم يامغۇر ياغقاندەك بىرخىل نەمخۇشلۇق ئىچىدە پارقىراپ كۆرۈنەتتى، ئۇنىڭدا بوۋاينىڭ ئاخشامقى سىياقىدىن بىرەرمۇ ئەسەر يوق ئىدى. ئەتراپىدىكى بۆرىلەردەك كۆرۈنگەن دۆمبەل- دۆمبەل قورام تاشلار گويا ئاشۇ چوققىنى تىرەپ تۇرغان يۆلەككە ئوخشايتتى.

چۈشتىن كېيىن ئورمانچىلىق ئىدارىسىدىن كەلگەن ئىككى خادىم سادىر چاڭجاڭ ھەم گايىز پالۋان بىللە ئۇنى يوقلاپ كەلدى.

— سىز بۈگۈندىن باشلاپ ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ تېخنىكى بولۇپ ئىشلەيسىز،— ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى بىر خادىم قەيسەرگە شەھەرلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىنىڭ قارارىنى يەتكۈزدى،— تەلىپىڭىزنى ئورۇنداشقا، قىيىنچىلىقىڭىزنى ھەل قىلىشقا مانا بىز تەييار، ھازىرچە مانا ئۇن، ياغ، گۈرۈچ، ماۋۇسى ئالدىن بېرىلگەن بىر ئايلىق مائاشىڭىز. بۇ سىز مىنىدىغان ئات، ھەمراھلىق ئۈچۈن مانا بەش ئاتار مىلتىق...

مانا شۇنىڭدىن كېيىن قەيسەر بۇ ئۆيدە تەنھا، گايىز پالۋان ئۆزىگە ئوخشاش قېرى ئاق بوز ئېتىنى يورغىلىتىپ بۇيەرگە پات - پات كېلىپ تۇرىدۇ. ئاندىن ئىككىسى ئورمانلىقلارنى بىللە ئارىلايدۇ. بوۋايغا قېرىلىق يەتكىنى ئۈچۈنمىكىن، ئۇ پات- پات ئاغرىپ يېتىپ قالاتتى. بۇنداق چاغدا قەيسەر تاغ ئارىسىنى، ئورمانلىقلارنى ئۆزى يالغۇز ئارىلاشقا مەجبۇر بولاتتى.

قەيسەر ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن ئاق قاشقىنى توقۇپ، تاغقا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئەمدى يايلاقنىڭ بىر ئاي ئىلگىرىكى گۈزەل جىلۋىسى كەتكەن. گۈللەر سولۇشۇپ، يېشىل يايلاق سۇس ئالتۇن رەڭ تۈسكە كىرگەنىدى. تاغ تەرەپتىن قارامتۇل بۇلۇتلارنى ھەيدەپ كېلىۋاتقان شامال ئەمدى بۇ يەرگە چۈشىدىغان تۇنجى قاردىن شەپە بەرمەكتە. ئورمانلىق ئىچى تىپتىنچ، پەقەت گاھى- گاھىدىلا تۆمۈر تۇمشۇقنىڭ قارىغاي غولىنى چوقىغان چاغدىكى توكۇلدىغان ئاۋازى بىلەن تاغ قۇشقاچلىرىنىڭ ۋىچىرلاشلىرى ئاڭلىنىپ قالاتتى. ھاۋا نەمخۇش ھەم ئېغىر، قەيسەر ئورمانلىق ئارىسىدىن چىقىپ، ئۆيىگە قايتىش بىلەن تەڭ يايلاقتا ئۇششاق قار توزۇندىلىرى توزۇشقا باشلىدى. ئات گويا ئارامگاھىغا ئالدىراۋاتقاندەك تاغ باغرىدىكى چۆرىسىنى چاتقال قاپلىغان ئەگرى - بۈگرى چىغىر يولدا يېنىك يورغىلاپ كېتىپ باراتتى. يول دەسلەپتە ئۇن سېپىلگەندەك يېنىك ئاقىرىپ كېيىن تۈگەل ئاپئاقچىلىق ئىچىدە كۆرۈنمەي قالدى. ئەمما بۇ يەرنىڭ ھەممە نەرسىسى تۈن كېچىدىمۇ ئۆزىگە تونۇشلۇق بولۇپ تۇيۇلىدىغان تۇيغۇن ئات ھېچ نەرسىدىن پەرۋاسىز كۈچلۈك تۇۋاقلىرى بىلەن شېغىل تاشلارنى شاراقشىتىپ بىر خىل سۈرئەتتە ماڭماقتا. شامال كۈچسىز، ئەمما سوغۇق ئىدى. قەيسەر شەپكىسىنى چۆكۈرۈپ كىيىۋالدى. ئەمما بىر قات پوپايكا ۋە

يېلىنىڭ چاپىنى بىلەن توڭلاپ، ئىچ ـ ئىچىدىن كېلىۋاتقان سوغۇق تىترەكتىن چىشلىرى كاسىلداپ كەتتى. قۇياش تاغ ئۈستىدىكى قۇتراۋاتقان قارا بۇلۇتلار ئارىسىدا خىرە ـ شىرە كۆزگە چېلىقاتتى. ئۇ گويا ئۇشتۇمتۇت باشلانغان سوغۇقتىن مۇزلاپ تۈگۈلۈپ كېتىۋاتقاندەك، شۇڭا ئىلگىرىكىدىن خېلىلا كىچىكلەپ قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ ئاستا ـ ئاستا تاغ كەينىگە پاتماقتا ئىدى. بىرخىل تېزلىكتە يورغىلاپ كېتىۋاتقان ئات ئۇشتۇمتۇت بىر نەرسىدىن چۆچۈپ، "خارت" قىلدى. قىسقا ئۇچلۇق قۇلاقلىرىنى دىڭ قىلىپ تاغ تەرەپكە چەكچىيىپ قارىدى- دە، سولغا ـ يايلاق تەرەپكە داجىدى. خىيال بىلەن كېتىۋاتقان قەيسەر ئاتنىڭ تۇيۇقسىز سىلكىنىشىدىن بىر ياققا مۆدۈرۈلۈپ، تېزلىك بىلەن ئىگەرنىڭ تۇمشۇقىنى قاماللاپ تۇتۇۋالدى. ئۇ دەرھال ئۆزىنى ئوڭشاپ تىزگىنىنى كۈچەپ تارتتى ۋە خەۋپسىرەپ ئەتراپقا كۆزيۈگۈرتتى. ئۈستىگە بىر قەۋەت قار يېپىشقان چاتقاللار... ئوت چۆپلەر... تاشلار... ئەتراپتا ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيتتى، لېكىن ئۇ تۇيۇقسىز تاغنىڭ قاپتىلىدىكى چوقچىيىپ تۇرغان تاشلار ئارىسىدا غەلىتە بىر نەرسىنى بايقاپ قالدى. ئاقۇچ قار بىلەن روشەن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان، كۆرۈنۈشى ئىتقا ئوخشايدىغان سۇررەڭ ئىككى مەخلۇق زوڭزىيىپ ئولتۇرغان ھالەتتە قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ پەسكە چەكچىيىپ قاراپ تۇراتتى. "بۆرە" دەپ ئويلىدى  قەيسەر قورققىنىدىن ئىگەرگە مەھكەم يېپىشىپ. ئۇ بۆرىلەرنى پەقەت ھايۋاناتلار باغچىسىدا مۇستەھكەم تۆمۈر قەپەز ئىچىدە ۋە تېلېۋىزوردا ھايۋاناتلار دۇنياسى پروگراممىسىدىلا كۆرگەن. ئۇنىڭ قانچىلىك يىرتقۇچ ھەم ۋەھشىي ئىكەنلىكى قەيسەرگە بۇرۇندىن مەلۇم. ئۇ بۇگۈن ملىتىقنى ئېلىۋېلىشنى ئۇنتۇغىنى ئۈچۈن ئۆز ـ ئۆزىگە كايىپ كەتتى. مۇبادا بۆرىلەر ھۇجۇم قىلىپ قالسا ئۇنىڭغا نېمە بىلەن تاقابىل تۇرۇش مۇمكىن؟ ھېچنىمە بىلەن. شۇڭا ئۇ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى ئىسكەنجىگە ئېلىۋالغان ۋەھىمە، قورقۇنچ ئىچىدە بۆرىلەردىن كۆزىنى ئۈزمەي كېلىۋاتاتتى. دەھشەتلىك ۋەقە ئاخىر يۈز بەردى. بىرجۈپ بۆرە خۇددى تاغ چوققىسىدىن غۇلاپ چۈشكەن تاشتەك قاڭقىپ پەسكە تاشلاندى. ئۇلار گاھ سالمىدەك ئۇزۇراپ، گاھ توپتەك تۈگۈلۈپ، قەيسەر تەرەپكە ئوقتەك ئۇچۇپ كېلىۋاتاتتى. قەيسەر قورققىنىدىن ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلىپ نەپەسلىرى توختاپ قالغاندەك بولۇپ قالدى. ئۇ ئاتقا زەرب بىلەن قامچا سالدى ـ دە، ئالدىغا ئىڭىشىپ، ئىگەرنىڭ تۇمشۇقىنى قاماللىغىنىچە ئىگەرگە مەھكەم يېپىشىۋالدى. ئاق قاشقا قۇلاقلىرىنى كەينىگە چاپلاپ، كەڭ يايلاق تەرەپكە غۇيۇلداپ چېپىپ كەتتى. ئۇنىڭ ساداقتىن قويۇۋېتىلگەن ئوقتەك غۇيۇلداپ چېپىشىدىن تەكشى ئۆسكەن يىرىك يايلىلىرى قەيسەرنىڭ يۈزىگە قامچىدەك ئۇرۇلاتتى. قۇلىقى تۈۋىدە شامال ئۇچقۇتاتتى. ئۇ بېشىدىكى شەپكىسىنىڭ نەلەرگىدۇر ئۇچۇپ كەتكىنىنى بىلمەيتتى. ئۇ پات- پات يېنىغا، كەينىگە قاراپ قوياتتى. كەينىدىن قوغلاپ كېلىۋاتقان بۆرىلەر ئۇنىڭغا بىردىنلا كۆپىيىپ قالغاندەك كۆرۈندى. ئات بىلەن بۆرىلەرنىڭ ئارىلىقى بارغانسېرى قىسقىراپ بارماقتا ئىدى. بۆرىلەر ئاتنى ئوڭ ۋە سول تەرەپتىن خۇددى ئامبۇردا قىسقاندەك ئىسكەنجىگە ئېلىپ قوغلاپ كەلمەكتە ئىدى. "تۈگەشتىم... پۈتۈنلەي تۈگەشتىم..." خىرە ـ شىرە شۇنداق ئويلىدى قەيسەر ۋە سېزىملىرىنى يوقاتقان ھالدا كۆزلىرىنى مەھكەم يۇمۇۋالدى. شامالنىڭ ۋىژىلداشلىرى، ئاتنىڭ خارتىلداشلىرى، تۇۋاقلارنىڭ شېغىل تاشلار ئۈستىدىكى قارسىلداشلىرى ئەمدى ئۇنىڭ قۇلىقىغا

كىرمەيتتى. ئىگەرنىڭ تۇمشۇقىغا مەھكەم كىرىشىپ كەتكەن بارماقلىرى مۇزدەك قېتىپ قالغانىدى. بۆرىلەر ئاتنى ئاق تېكە دەرياسى تەرەپكە قىستاپ كەلمەكتە، كۆمۈچ بۇژغۇنلۇق دەريا ئاتنىڭ ئالدىدا توغرىسىغا سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئات ئېگىز قىرغاقتا ئاز دەقىقە تەمتىرىگەندەك قىلدى، ئالدىدا يېتىشىپ كەلگەن كۆك يايلىلىق بۆرە ئۇنىڭ قۇيرۇقلىرىنىلا چىشلەپ قالدى. ئات ئاقۇچ دولقۇنلار ئۈستىگە سەكرىدى. مۇزدەك سوغۇق سۇ قەيسەرنى ئېسىگە كەلتۈردى. ئات دولقۇنلار ئارىسىدا گاھ يىقىلىپ، گاھ مۆدۈرۈلۈپ قارشى قىرغاققا قاراپ ئۈزۈپ بارماقتا ئىدى. قەيسەر قارشى تەرەپتە كالىلارنى، هارۋىنى يەنە ئادەملەرنى كۆرگەندەك قىلدى.
— هوي... ئاكىلار...! — ئاۋازىنىڭ بارىچە ۋارقىرىدى ئۇ، ئەمما ئۇنىڭ ئاۋازىنى دولقۇنلارنىڭ هەيۋەتلىك شارقىراشلىرى بېسىپ كەتتى. قارشى قىرغاقتىكىلەرنىڭ قايسى بىرلىرى دولقۇن ئىچىدە مۆدۈرۈلۈپ تىرەجەپ كېلىۋاتقان ئاتنى، ئۈستىگە چاپلىشىۋالغان قەيسەرنى كۆرگەن بولسا كېرەك، قوللىرىدىكى ئارىلىرىنى تاشلاپ قىرغاققا قاراپ يۈگۈرەشتى. ئات ئۇلاردىن ئەللىك قەدەمچە تۆۋەندىن قىرغاققا چىقتى. ئاتنىڭ بەدىنىدىن شۇرقىراپ سۇ ئېقىپ تۇراتتى، پۇتلىرى دىرىلدەيتتى، تاش سوقۇپ زەخىملەندۈرگەن بولسا كېرەك، ئالدى سول پۇتىنىڭ بېغىشىدىن قان ئېقىپ تۇراتتى، كۆزىگە قان تولغانىدى. ئۇ يەنىلا خارقىراپ، چاپچىپ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىن بۆسۈپ ئۆتمەكچى بولاتتى. كىمدۇر بىرسى يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئاتنىڭ چۇلۋۇرىغا ئېسىلدى. قەيسەر ئاتتىن سىيرىلىپ چۈشتى، ئەمما دەسسەپ تۇرالمىدى، چۈشكەن يېرىدە لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى.
— كىمسىز؟ نەدىن كېلىۋاتىسىز؟ — سوراشتى ئۇلار قەيسەرنى ئورىۋېلىپ.
— بۆرىلەر...— قەيسەر ئاران شۇنچىلىكلا دېيەلىدى. ئۇنىڭ ئاۋازى ئاجىز شامال ئەسكەن قومنىڭ شىرىقلاپ قۇيۇلۇشلىرىدەك شۇنچىلىك هالسىز ئىدى. لەۋلىرى سوغۇقتىن كۆكەرگەن، چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى.
— بۆرىلەر؟— مالچىلار سەگەكلىشىپ دەريانىڭ نېرىقى قېتىغا قاراشتى. قىرغاقتا بۆرىلەر كۆرۈنمەيتتى.
— مۆمىن ئاكا، هارۋىدىكى ئوتلارنى چۈشۈر،— دېدى مالچىلارنىڭ بىرسى،— خۇدا ساقلاپتۇ. ئاتتىن دومىلاپ كەتكەن بولسا خام تالاش قىلىۋېتەتتى ـ دە، قارغىش تەگكۈرلەر. ئۆزى كادىردەك قىلىدۇ. چاپسان ئۆيىۈڭگە ئاپارغىن.
ئىسسىق ئۆي قەيسەرنى تېزلا ئېسىگە كەلتۈردى. ئۇ پەقەت ئەمدىلا يىرتقۇچ بۆرىلەرنىڭ چاڭگىلىدىن ئامان ـ ئېسەن قۇتۇلۇپ قالغىنىغا ئىشەندى. يېنىدا مالچىلار بايا"مۆمىن ئاكا" دەپ ئاتىغان بايىقى ئادەم ئولتۇراتتى. ئۇ قەيسەرنىڭ بۆرىلەرنىڭ قانداق قوغلاپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن كەڭ پەنجىلىك ئالىقانلىرىنى تىزىغا ئۇرۇپ، ئاغزىدىكى دەرەخ پۇتىقىدەك چوقچىيىپ قالغان كۆتمەك سارغۇچ چىشلىرىنى كۆرسىتىپ خىرىلداپ كۈلدى:
— بىلمەي قاپسىز بالام، ئاتنىڭ چۇلۋۇرىنى يەرگە ئۇزۇن سۆرىتىپ قويغان بولسىڭىز بۆرىلەر يېنىڭىزغا يېقىن يولىمايتتى.
— نېمىشقا؟
— ئۇدۇم شۇنداق. ئارغامچىنى بۆرىلەرنىڭ بىرەرسى ئاتلاپ قالدىمۇ، بولدى، ئۇزۇنغا قالماي قوتۇر بېسىپ ئۆلىدۇ، شۇڭا بۆرىلەرنىڭ هەممىسى ئارغامچىدىن قورقىدۇ.

كونا ئىشىك غىچىلداپ ئېچىلىپ، تالادىن تۇرقىدىن ئۇن بەش ياشلاردىكى بىر قىز ئالىيۇمىن كورىدا سۈت ئېلىپ كىردى. ئۇ سۈتتىن پىيالىگە قۇيۇپ مۆمىن ئاكىغا ئۇزاتتى- دە، سىنچى كۆزلىرى بىلەن قەيسەرگە يالت ئېتىپ قاراپ، شۇئان كۆزلىرىنى يەرگە ئاغدۇردى. پىيالىدىن قىزىق هور كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. مۆمىن ئاكا سۈتنى ئۆسكىلەڭ بۇرۇتلىرىنى تىترىتىپ، بىر - ئىككى پۈۋلىدى - دە، قەيسەرگە ئۇزاتتى:

— قىزىقىدا ئىچىڭ، هازىرلا ئۇگىشىلىپ كېتىسىز. ئېيتماقچى، ئۆزىڭىز نەدىن بولىسىز؟

— ئورمانچىلىق مەيدانىدىن، تېخنىك.

— ئەمىسە، بىر تاغنىڭ ئادەملىرى ئىكەنمىزغۇ. قېنى ئىچىڭ، تارتىنماڭ،— مۆمىن ئاكا باشقىچە ئېچىلىپ، بوشىغان پىيالىنى قولىدىن ئالدى،— يۇلتۇز، يەنە بىرنى قۇي قىزىم.

— نەۋرىڭىزمۇ بۇ قىز؟

— شۇنداق دېسەممۇ بولىدۇ. بىزنىڭ ساتتار دۈيجاڭنىڭ قىزى.

قەيسەر شۇ كېچىسى مۆمىن ئاكىنىڭ ئۆيىدە قونۇپ قالدى. ئۇنىڭ يۇلتۇز بىلەن تۇنجى قېتىم كۆرۈشۈپ، تونۇشۇپ قېلىشىغا ئاشۇ بۆرە ۋەقەسى سەۋەبچى بولغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئىككىسى يايلاقتا، دەريا هەم كۆل بويىدا پات - پات كۆرۈشۈپ تۇردى...

## ئۈچىنچى باب

... ئىككىسى كۆل گىرۋىكىدىكى تاش ئۈستىدە بىر غېرىچ ئارىلىق قالدۇرۇپ يانمۇ - يان ئولتۇرۇشاتتى. بىر غېرىچ ... نېمانچە ئۇزۇن ئارىلىق؟ ئۇلارنىڭ بىر تەشتەكتە ئېچىلغان بىر جۈپ گۈلدەك بىر ئائىلىگە جەم بولىدىغان، بەختىنىڭ ئۇلارغا تېگىشلىك بىر ئۈلۈشىدىن بەهر ئالىدىغان چاغلىرى قاچان؟ شۇ تاپتا يۇلتۇزمۇ ئاشۇلار توغرۇلۇق ئويلامدىكىن؟

تاشيول تەرەپتىن ئۇشتۇمتۇت سوزۇپ- سوزۇپ بېرىلگەن ماشىنا سىگنالى ئاڭلاندى. قىز چۆچىگەندەك سەكرەپ ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەندىكىپ تاشيول تەرەپكە قارىدى. سۇغا قېنىشقان قوي، ئۆچكىلەر تاشيولنى توغرىسىغا كېسىپ تاغ باغرىغا قاراپ كېتىشىۋاتاتتى.

— مالنىڭ ئارقىسىدىن باراي،— دېدى قىز كۆڭلىكىنىڭ پۈرلەشكەن ئېتەكلىرىنى تۈزلەۋېتىپ،— كۆرۈشەرمىز ئەمىسە،— كېلىپ تۇرۇڭ.

يۇلتۇز كۆل قىرغىقىدىكى شېغىل تاشلاردىن يەڭگىل ئاۋاز چىقىرىپ، قويلىرى تەرەپكە يۈگۈرۈپ كەتتى. قەيسەر ئارقىدىن ئۈنلۈك قىلىپ:

— گەپ شۇ يۇلتۇز، ئۆيىڭىزگە پات ئارىدا ئەلچى كىرگۈزىمەن،— دېدى. كىچىك ماشىنا قويلارنى ئۈركۈتۈپ كۆلنىڭ ئۇدۇلىغا كەلگەندە سۈرئىتىنى ئاستىلاتتى. سۇلتان ئەلى ماشىنا ئەينىكىنى ئېچىۋېتىپ كۆل تەرەپكە چەكچىيىپ قارىدى ۋە يېنىدىكى شوپۇردىن سورىدى:

— كىم ئاۋۇ، ئاتىنىڭ يېنىدىكى؟

— هېلىقى... قەيسەر دېگەن ئوقۇتقۇچى.

— مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىقنى قىلماي، بۇيەردە نېمە قىلىپ يۈرىدۇ ئۇ كىسپۇرۇش؟
— ھازىر ئوقۇتقۇچى ئەمەسكەن، مۇشۇ ئورمانچىلىق مەيدانىنىڭ تېخنىكى ئىكەن.
— بىردەم ئوقۇتقۇچى، بىردەم تېخنىك، ھىم! تېخنىك بولسا تېخنىكلىقنى قىزنىڭ قېشىدا قىلامدىكەن؟ تاغ قىزلىرى لېۋەن، چىرايلىق شۇنىڭغا قانات سۆرەپ كەلگەن گەپ!
بىر چاغلاردىكى سېمىزلىكىدىن كېرىلىپ، كېيىنچە گۆشلىرى تارتىلغانلىقتىن ئىڭەك تېرىلىرى خالتىلىشىپ پەسكە ساڭگىلىغان، قاپاقلىرى ئىششىغان، چىرايىدىن ھارغىنلىق، كېسەلمەنلىكى چىقىپ تۇرىدىغان، بەستلىك، خاپانباش بۇ سابىق شەھەر باشلىقى غەزەپلىك كۆزلىرىنى ئالايتىپ ماشىنا كۆزنىكىدىن ئېگىشكىنىچە، ماشىنا تاكى كۆل بويىدىكى دۆمبەلدىن قايرىلغۇچە گاھ قوينىڭ ئارقىسىدىن كېتىۋاتقان يۇلتۇزدىن، گاھ ئېتىنى مىنىپ دەريا تەرەپكە كېتىۋاتقان قەيسەردىن كۆزىنى ئۈزمىدى. ئۇ گويا "قەيسەر" دېگەن ئىسمىنى كۈچلۈك ئېزىقلىرىدا چايناۋاتقاندەك چىشلىرىنى ھېلىدىن ھېلىغا غۇچۇرلاتماقتا، ئۆزىنى يۇمشاق يۆلەنچۈككە تاشلاپ ئېغىر پۈشۈلدىماقتا. شوپۇر ماي تەپكىسىنى بوش دەسسەپ كېتىۋېتىپ سورىدى:
— مۆمىن چوڭىنىڭكىگە چۈشىمىزمۇ؟
— ياق، ساتتارنىڭكىگە تارت!
ماشىنا تاشيولدىن قايرىلىپ يوغان قېرى تاغ تېرەكلىرى ئارىسىدىكى ھارۋا يولىنىڭ شېغىل تاشلىرىنى تاراقشىتىپ يايلاق تەرەپكە بۇرۇلدى.
قاچاندىدۇر بىر چاغلاردا تېمى تاش بىلەن قوپۇرۇلۇپ، سىرتى بىر قەۋەت قېلىن كاكىل لاي بىلەن سۇۋالغان بىر يۈرۈش كونا ئۆي ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى چۆرىسى تاش، كېسەك ۋە شاخ - شۇمبىلار بىلەن قاشالىنىپ ئۈستىنىڭ يېرىمى قۇرۇق ئوت - چۆپلەر بىلەن يېپىلغان كونا قوتان دەريا بويىدىكى ئېگىز تەكشىلىكتە چوقچىيىپ كۆرۈنەتتى. ئۆينىڭ ئالدىدىن يىگىرمە- ئوتتۇز قەدەمچە نېرىدا قۇچىقىدا غۇلاچ يەتكۈسىز ئالتە - يەتتە تۈپ تاغ تېرىكى ئاسمانغا بوي سوزغان، ئۇنىڭ پەستىكى يېرىك قوۋزاقلىرى قوي - كالىلارنىڭ سۈركىلىۋېرىشىدىن ياغلىشىپ، سىلىقلىشىپ، قارىداپ پارقىراپ كەتكەنىدى. تېرەك ئاستىدىكى قارامتۇل قېلىن قىغنى توخۇلار مالتىلاپ يۈرەتتى. چىشلىرى قايرىلىپ، چاقىنىڭ بىر پېيى چىقىپ كەتكەن ئەبجەق ئوت ئورۇش ماشىنىسى قوتاننىڭ يېنىغا تاشلاپ قويۇلغان، ئەسلىدىكى كۆكۈچ، پارقىراق سىرلىرى ئۆچۈپ ئۈستىنى بىر قەۋەت دات باسقانلىقتىن، تام تۈۋىدە بىر دۆۋە تۆمۈر - تەسەك پارچىلىرىدەك سارغىيىپ كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ئاستىدا يېرىك تۈكلىرى پاخپىيىپ كەتكەن يوغان قارا ئىت ئالدىغا سوزۇلغان پۇتلىرىغا بېشىنى قويۇپ خىرامان ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ كىچىكىدە كىسىۋېتىلگەن كالتە دىقماق قۇلاقلىرىنى پات- پات سىلكىپ قوياتتى. ئۆگزىدىن سەللا ئېگىز قوپۇرۇلغان كالتە مورىدىن كۆكۈچ ئىس گويا ھارغىنلىق يەتكەندەك ئېرىنچەكلىك بىلەن ئاسمانغا ئاستا كۆتۈرۈلۈپ ئۆگزە ئۈستىدە نېپىز شايىدەك يېيىلغىنىچە ئاستا - ئاستا دەريا تەرەپكە قاراپ ئاقماقتا ئىدى. ئۇنىڭدىن كالا تېزىكىنىڭ ئېغىر، قاڭسىق ھىدى كېلەتتى.
كىچىك ماشىنا توخۇلارنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ كېلىپ ئۇلارنى ئۈركۈتۈپ،

قاقىلدىتىپ، نەلەرگىدۇر قوغلاپ، تېرەك تۈۋىگە كېلىپ توختىدى. ماشىنىدىن دەسلەپتە شوپۇر ـ بۇدۇر چاچلىق، ئوتتۇرا بوي ياش يىگىت، ئاندىن سۇلتان ئەلى چۈشتى. ئىشىك ئالدى جىمجىت، ئادەمسىز، قارا ئىتنىڭ بىر چاغلاردىكى ئادەمنى ماشىنا بىلەن قوشۇپ يەۋەتىدىغاندەك ئېتىلىپ كېلىپ، كۆزلىرىدىن ئوت چاچرىتىپ دەھشەت قاۋايدىغان سەت ئاۋازىمۇ ئۆچكەن، سۇلتان ئەلى ماشىنا تۈۋىدە تۇرۇپلا توۋلىدى:

— ساتتار! هوي... قايسىڭلار بار ئۆيدە؟

شۇ هامان كېشكى قارايغان كونا ئىشىك غىچىلداپ ئېچىلىپ، ئۆيدىن بېشىغا گۈللىرى ئۆڭگەن گەرس ياغلىق چىگكەن، زىغىررەڭ يوپكىلىق، زەڭگەر پوپايكىلىق، زىلۋا، ياش ئايال چىقىپ كەلدى، ئۇلارنى كۆرۈپ بىردەققە تېڭىرقىغاندەك بولدى ـ دە، ئالدىراپ ماشىنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ يەڭگىل ئېگىلىپ تازىم قىلدى:

— تېچلىقمۇ هاكىم ئاكا، سالامەت كەپلا؟ پاشاخاچام، ئۆي ئىچى، بالا ـ چاقىلار تېچلىقتۇ، ئۆزلىرىمۇ تېچ كەپلا ئەخمەتجان؟

— تېچلىق، تېچلىق... هە، ئۆزىڭىزچۇ زەينەپخان، ساتتار قېنى؟

— هازىرلا بار ئىدى،— زەينەپخان ئۇياق ـ بۇياققا قارىدى،— قېنى ئۆيگە كىرىشسىلە، مەن هازىرلا چاقىراي.

— ئۆيگىمۇ كىرىمىز، ئازراق هاۋا يەيلى.

زەينەپخان قوتان تەرەپكە يۈگۈردى، ساتتار هامۇت هېچ نېمىدىن خەۋەرسىز قوتاننىڭ ئارقا تېمىنىڭ ئۆرۈلگەن يېرىنى قوپۇرۇۋاتاتتى.

— هەي، بۇياققا چىقسىلا، هاكىم ئاكام كەپتۇ.

— قاچان؟— ساتتار هامۇت قولىدىكى تاشنى تاشلاپ قوتاندىن چىقتى. سۇلتان ئەلىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، تېرىسى شامالدا يېرىلىپ قارايغان يىرىك ئالقانلىرىنى قارا چىپەرقۇت چاپىنىنىڭ پېشىگە سۈركىۋېتىپ، ئىككى قولىنى تەڭلا ئۇزۇتۇپ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! تېچ كەلدىلىمۇ هاكىم ئاكا؟ — دېدى. بۇ ئۆيدە سۇلتان ئەلىنى بۇرۇندىنلا ئەر ـ خوتۇن ئىككىسى، هاكىم ئاكا، باللىرى "هاكىم دادا" دەپ چاقىرىشقا ئادەتلەنگەن. بۇنداق ئاتاش سۇلتان ئەلىنىڭ كېيىنكى نام ـ ئەمەلگە ماس كەلمىسىمۇ، يەنىلا ئۇنىڭ قۇلىقىغا خۇش ياقىدۇ. شۇڭا ئۇ ساتتار هامۇتنىڭ "هاكىم ئاكا" دەپ ئاتاۋاتقان چاغدىكى ئادەتتىن تاشقىرى يېقىنچىلىقىدىن سۆيۈنۈپ، مەمنۇنىيەت بىلەن كۈلۈمسىرىدى:

— هە، نېمە ئىش ـ كۈش بىلەن ساتتار؟

— ئالا بۇقا قوتاننىڭ ئارقا تېمىنى ئۆرىۋېتىپتىكەن، شۇنى قوپۇرۇۋېتەي دەپ...

— ئالا بۇقا؟

— ئۇزاقى يىلى خاناچامنى قورقىتىۋەتكەن هېلىقى موزايچۇ، هازىر راۋۇرۇس بۇقا بولدى. بويى تامدەك، مەن شۇ چاغدىلا دېمىگەنمۇ، هەقىقىي گوللاندىيە نەسلى بولۇپ چىقىدۇ دەپ.

— تېخى پىچىۋەتمىگەنمۇ؟

— كۆزۈم قىيمىدى.

سۇلتان ئەلى ئۈنچىقمىدى، ئۇ ئۆزىگە خاس سۆلەت هەم مەغرۇرلۇقنى كىمگىدۇر نامايەن قىلىۋاتقاندەك قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ، گەۋدىسىنى تىك كۆتۈرۈپ ئەتراپقا،

ئىشىك ئالدىدىكى تونۇرغا، ئۇنىڭ يېنىدىكى شاخ ـ شۇمبىلارغا قاراپ چىقتى. ساتتار هامۇت ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تەڭ سۈكۈت قىلىپ كەلدى. قىشتا قارنىڭ ناھايىتى قېلىن ياغقانلىقىنى، شۇڭا ئۇچار ـ قانات، ھەتتا بۈغا ـ كېيىك دېگەنلەرنىڭمۇ ئوزۇقسىز قېلىپ، ئاچلىقتىن قار ئۈستىگە پوك ـ پوك چۈشكەنلىكىنى، ئەمما بۇ قوتاندا ئوت-بوغۇز، يەم ـ خەشەك يېتەرلىك بولغىنى ئۈچۈن، چارۋىلارنىڭ ئۆلۈم ـ چىقىم ئەھۋالىنىڭ باشقا قوتانلارغا قارىغاندا ناھايىتى ئاز كۆرۈلگەنلىكىنى سۆزلەپ كەتتى. سۇلتان ئەلى ئۇنىڭ سۆزلىرىگە ئانچە پەرۋا قىلمىغاندەك كۆرۈنگىنى بىلەن، كۆڭلىدە ھەممىنى بىرمۇ ـ بىر ھېسابلاپ كۆرمەكتە.

— كۈزدە نەچچە ساغلىق ئۇرۇقلاندۇرۇلغان؟

— ئۇرۇقلاندۇرۇلغىنى 238، بۇنىڭدىن ئەتىيازدا ئېلىنغان پاقلان 235، بايا ئۆزلىرىگە دېدىم، قويلار جىددىي تۇغىۋاتقان مەزگىلدە يەنە ئېغىر قار، جۇدۇن ئاپىتى بولدى، قولۇمدىن كەلگەن ھەممە ئامال ـ چارىلارنى قوللاندىم، قوزىلارنى ئۆيگە ئەكىرىپ، يوتقانغا سولاپ، ئۆزىمىز سوغۇقتا توڭلاپ كاسىلداپ چىقتۇق. شۇنداقتىمۇ ئامال بولمىدى، ئۈچ قوزا چىقىم بولدى.

— ئۇنىڭدىن باشقىچۇ؟

— ئالتە قوينى بۆرە يەپ كەتتى، ئىككىسى كېسەل تېگىپ ئۆلدى.

— ئۇلارنىڭ ئارىسىدا مېنىڭ قويلىرىم بارمۇ؟

— تۆ... تۆتى سىلىنىڭ، سىلىنىڭ قويلىرى سېمىز بولغاندىكىن... قارىماملا، قارغىش تەگكۈرلەرنىڭ ئورۇقلىرىنى قويۇپ، سېمىزلىرىنى تاللىغىنىنى...

— بۆرە بىرنى ئەمەس، ئالتىنى يەپ كەتكۈچە سەن نېمە ئىش قىلدىڭ؟ — سۇلتان ئەلى بىردىنلا كۆمۈردەك قارىداپ، قەھىرلىك چىرايىنى ساتتار هامۇتقا توغرىلىدى. ساتتار هامۇت ئوڭايسىزلىنىپ كۆزلىرىنى نەگىدۇر ئېلىپ قاچتى،— فېرما ھېلىمۇ سېنى بۆرە ئېتىش ئەترىتىگە دۈيجاڭ قىلىپ بېكىتىپتىكەن، بولمىسا قويدىن يەنە نەچچىنى يىگۈزىۋېتەتتىڭكىنتاڭ؟ بىلىمەن، بۆرىلەر قوتانغا يۇپۇرۇلۇپ كەلگەندە سەن هاراققا چىلىشىپ، ئەس ـ ھوشۇڭنى يوقۇتۇپ توغرا تامنىڭ كەينىدە يىقىلىپ ياتقانسەن، مىلتىقىڭنى ئېسىپ تاغقا ئەمەس، بەڭگى ئۈلپەتلىرىڭنىڭ قوتىنىغا كەتكەنسەن. قويلىرىمنىڭ ھەممىسىنى بۆرىگە يېگۈزۈپ تۈگەت جۇمۇ! كۈزدە بىرنى يېگۈزدۇڭ، ئەمدى تۆتنى يېگۈزۈپسەن.

— ھەممىسىنى تۆلەيمەن. كەچتە مالنىڭ ئىچىدىن تاللاپ بەشنى تۇتىۋالسىلا، سىلىگە ھېسابلاپ ئەن سېلىپ قويىمەن.

— قۇرۇق گېپىڭنى قوي، كۆرسىتىدىغان باھانە- سەۋەبلىرىڭ كۆپىقۇ سېنىڭ،— سۇلتان ئەلى ئۇنى زەردە بىلەن سىلكىدى، ئىشىك تۈۋىگە كېلىپ بىردىنلا، تام تۈۋىدە تۈگۈلۈپ ياتقان ئىتقا كۆزى چۈشتى،— بۇ ئىتىڭغا نېمە بولدى؟ يازدا مېنى ئاتتىن ئۆرىۋالغىلى تاسلا قېلىشىدىغۇ؟

— بىر يەرلىرىنى بۆرە چاينىۋەتكەن چېغى. ئىككى ئايچە بولدى، ئۈنى ئۆچۈپلا كەتتىغۇ بۇ لالمىنىڭ.

— مۇنداق دە، ئەمدى قويدىن ئۆتۈپ ئىتىڭنىمۇ بۆرىگە ئالدۇرۇپ يۈرسەڭ، ھېلىمۇ ئۆزۈڭ ساق قاپسەن ياخشى!

مېھمانخانا ئۆي يورۇق، ئازادە كۆرۈنەتتى. كاڭغا قېلىن تەگلىماتلار، ئۈستىگە گىلەم

سىلىنغانىدى. قوپال سۇۋالغان تام قاچاندۇر بىر چاغلاردا ئاقارتىلغان، دېرىزە تەكچىسىدە يوپۇرماقلىرى يېگىلىشىپ قالغان ئىككى تەشتەك قوغۇن گۈلى تۇراتتى. زەينەپخان مېھمانلارنىڭ تېگىگە كۆرپە سالدى. يېنىغا يۇمشاق تۆگە يۇڭى تىقىلغان ياستۇقلارنى يۆلەپ قويدى. ساتتار هامۇت چويۈن مەشكە ئالدىراپ ئوت ياقتى. خېلىدىن بېرى ئوت يېقىلماي هاۋاسى نەم تارتىپ قالغان سوغۇق ئۆي تېزلا ئىللىدى.

— تېز بول! — دېدى ساتتار هامۇت تاشقىرىقى ئۆيدە خوتۇنىنى ئالدىرىتىپ.

— نېمە قىلاي؟ ئەستا، نانلىرىم قېتىپ قاپتىكەن.

— نان ئەمەس، تىلىڭ قېتىپ كەتسۇن ئىلاهىم! — ساتتار هامۇت خوتۇنىغا زەردە بىلەن قولىنى شىلتىدى،— نېمە كۆزۈڭنى پارقىرىتىپ تۇرىسەن؟ نېمىلا قىلساڭ بىر نېمە قىلمامسەن!

مۇلايىم، ياۋاش ئايال ئۇنىڭ كۆڭلىدە نەچچە قېتىم ۋارقىرايدىغان قوپال ئاۋازلىرىغا كۆنۈپ كەتكەن. ئۇ ھەرقاچان ئۇنىڭ بۇيرۇقسىز سۆزسىز ئورۇنداشقا ئادەتلەنگەن، ئۇ ئالدىراپ قازان بېشىغا تۇتۇش قىلدى. ساتتار هامۇت ئۆلتۈرىدىغان قوي ئەكىلىشكە مالىنىڭ قېشىغا يۈگۈردى. سۇلتان ئەلى ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇيۇقسىز پەيدا بولغان چاغدا، ساتتار هامۇت نەچچە ئاي ئىچىدىلا ئۇنىڭ بەش قويىنى بۆرىگە ئالدۇرۇپ قويغىنى ئۈچۈن قانچىلىك ۋەھىمىگە چۈشمىگەن؟ سۇلتان ئەلىنىڭ قويلىرى ئايرىم قوتاندا بېقىلغانلىقتىن، كېچىلىرىمۇ بوغۇز يېگەنلىكتىن تولۇق تاشتەك سېمىز، ھەربىرى بىر ياشلىق توپاقتەك كېلىدىغان، قويلارنىڭ سەرخىلى بولۇپ ئۆسكەن. ئەمدى ئۇ مۇشۇ بەش قوي ئۈچۈن سۇلتان ئەلىنىڭ ئىشەنچىسىدىن مەھرۇم قالمىسىلا، ئاشۇ قويلارنىڭ ھەربىرى ئۈچۈن ئۆزىگە ھېساب قويلاردىن ئىككىدىن ھېسابلاپ تۆلەشكىمۇ رازى ئىدى. ئەمما سۇلتان ئەلى بۇلارنى رەت قىلدى. بەش قوي ۋە تۇغقاندارچىلىق... سۇلتان ئەلى نېمىلەرنى ئويلاپ كېيىنكىسىنى تاللىۋالدىكىن؟ ئېھتىمال تۇغقانلار ئارىسىدا بولىدىغان مېھىر ـ شەپقەت ۋە ھېسداشلىقتۇ. ساتتار هامۇت ئۆمرىدە سۇلتان ئەلىنىڭ قانچىلىك پايدا ـ تاراۋىتىنى كۆرمىدى؟ سۇلتان ئەلى ئۇنىڭ ھايات تەقدىرىدىن ئىبارەت چاقى كالاڭ كەتكەن مايماق هارۋىنى نەچچە قېتىم كاتاڭدىن تارتىۋېلىپ ئىزىغا چۈشۈرمىگەن؟ ساتتار هامۇت بۇلارنى ئۇنتۇپ قالمىدى ھەم ئۇنتۇپمۇ قالالمايتتى.

ساتتار هامۇتنىڭ 17 ، 18 ياشلاردىكى چاغلىرى ئەتىمالىم، بىر كۈنى چۈشتە هامۇت بوۋاي يۈگۈرۈپ پاپپاسلاپ، كۈزلەكتە يەر ھەيدەۋاتقان ئوغلىنىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇ خۇشال ئىدى. ئۇ كەلگىنىچە كالىنىڭ ئالدىنى توسۇپ:

— سوقاڭنى توختات، ناھىيىدىن هاكىم توغقىنىمىز كەلدى. سەن چاپسان بېرىپ شو دۈيجاڭنى تاپ، ئېتى ياخشىراق مالدىن بىرنى بەرسۇن، پۇلنى كېيىن ھېسابلىشىدىكەنمىز دە. ئۆزىمۇ كېلىپ هاكىمغا سالام بېرىپ كەتسۇن،— دېدى.

ساتتار هامۇت سېمىز ئېرىكتىن بىرنى ئېشەكنىڭ ئالدىغا ئېلىپ ئۆيگە كەلگەندە هويلىدا ماش رەڭلىك پىكاپ توختىتىقلىق تۇراتتى. قولۇم ـ قوشنىلارنىڭ بالىلىرى پىكاپقا زوق ـ ھەۋەس بىلەن قارىشىپ، ئەتراپىدا چۇرقىرىشىپ ئايلىنىپ يۈرەتتى. ساتتار هامۇت بۇرۇن شەھەردە بىر تۇغقىنىنىڭ بارلىقىنى ئاڭلىغان، ئەمما كۆرمىگەن، ئۇ هويلىدىكى يوغان كارىۋات ئۈستىدە بەداشقان قۇرۇپ دادىسى بىلەن نېمە

توغرىلىقتۇر پاراڭ سىلىپ ئولتۇرغان ئوتتۇز نەچچە ياشلاردىكى ئورۇق، ئېگىز، ساغلام چىرايىدىن بىرخىل خۇشخۇيلۇق ۋە مۇلايىملىق يېغىپ تۇرغان يوچۇن كىشىگە تارتىنىپراق ئىككى قولىنى ئۇزۇتۇپ سالام بەردى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

سۇلتان ئەلى ئۇنىڭغا قولىنى بېرىۋېتىپ "بۇ كىم؟" دېگەن مەنىدە بوۋايغا قاراپ قويدى.

— بالىنىڭ كەنجىسى، ساتتار،— دېدى بوۋاي.

— قالتىس يىگىت بوپتۇ،— سۇلتان ئەلى ساتتار هامۇتنىڭ باش — ئايىغىغا هەۋەس بىلەن قاراپ چىقتى،— نەچچىگە كىردى؟

— خۇدا بۇيرۇسا ئون سەككىزگە.

ساتتار هامۇت سىپمىز ئېرىكنى خۇددى يەل توپىنى كۆتۈرگەندەك بىمالال كۆتۈرۈپ هويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئەكىلىپ تاشلىدى، پۇتلىرىنى بوغۇشلىدى، سۇلتان ئەلى كارىۋات ئۈستىدە ئۇنىڭ ئۆتكۈر پىچاقنى ئېرىكنىڭ بوغۇزىغا زەرب بىلەن سۈركىگەن چاغدىكى قۇرقۇمسىزلىقىغا، قوي سويۇشتىكى چەبدەسلىكىگە قاراپ ئولتۇرۇپ ئىختىيارسىز مەستلىكى كەلدى:

— هامۇتكا، قولىدىن ئىش كەلگۈدەك بۇنىڭ.

— ئىنشائاللا، خېلە چېچەن، يۈرۈشلۈك ئادەم بولدى.

— مۇنداق قىلايلى، بۇنى هەربىيلىككە ئەۋەتەيلى.

— ئىلتىپاتلىرى،— بوۋاي دەسلەپتە قىزىپ، ئارقىدىن ئىككىلىنىپ ئويلىنىپ قالدى،— قانداق بولار ئۇكام؟

— قانداق بولاتتى؟ ياخشى بولىدۇ.

— ئالماهادىس ئۇرۇش بوپ قالسا دەيمەنا.

— نەدىكى ئۇرۇش؟ هازىر ۋەزىيەت ياخشى، جاهاننىڭ تېنچ ۋاقتى. بالىڭىز ئەسكەرلىككە كەتسە، كېيىن ئۆلۈكىنى قايتۇرۇپ كېلىدىغان ئىشمۇ يوق، ئەسكەرلىكتە ناهايىتى ئۈچ يىل تۇرىدۇ. بۇ جەرياندا چېنىقىدۇ، ئۆگەنمىگەننى ئۆگىنىدۇ. ئۇ يەردە ئۆزى يول تېپىپ ئۆسۈپ كەتسە تېخىمۇ ياخشى، ئۇنداق بولماي كەسىپ ئالمىشىپ قايتىپ كەلسە ناهىيىدىن خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرىمىز. بۇنىڭغا مەن كېپىل. دىلىغۇل بولماڭ، تۇغقانلارنىڭ هەممىسىلا يېزىدا دېهقان بولۇپ ئۆتمەڭلار، ئارىمىزدىن ماڭا ئوخشاشتىن يەنە بىرسى چىقسۇن، مەن مۇشۇنى دەيمەن.

هويلىدا مۇنداقلا دېيىلگەن بۇ گەپ بىرەر ئاي ئۆتمەيلا راستقا ئايلاندى. ساتتار هامۇت ناهىيىگە چاقىرتىلىپ ئانچە ـ مۇنچە تەكشۈرۈشتىن ئۆتكەن بولدى ـ دە، هەربىيلىككە تاللاندى. ئۇ ئېتىز جاپاسىدىن، دېهقان دىگەن قالپاقتىن قۇتۇلغىنى، يېپيېڭى ماش رەڭ هەربىي كىيىم كىيگىنى ئۈچۈن خۇشال ئىدى، ئۇ ناهىيىدە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ، ئارمىيىنىڭ مەلۇم قۇرۇلۇش قىسمىغا تەقسىم قىلىندى. ئۇ يەردە قىسقا مۇددەتلىك هەربىي تەلىم ـ تەربىيەدىن كېيىن بىر كۈنى تاڭ سەهەردە يېڭى، كونا جەڭچىلەر بىلەن بىللە ئۈستى ماش رەڭ بىرزېنت بىلەن يېپىلغان هەربىي ماشىنىغا ئولتۇرۇپ يۈرۈپ كەتتى. ساتتار هامۇت ئۆزىنىڭ نەگە بارىدىغانلىقىنى، نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئۇلار كەچكە يېقىن ماشىنىدىن چۈشكەندە ئۆزلىرىنى ئاسمانپەلەك ئېگىز تاغلار ئارىسىدا كۆرۈشتى ـ دە، هەيرانلىق ۋە قىزىقىش

ئىچىدە تاغقا يامىشىشتى. پەقەت كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىنلا ئاڭلىغان، ئۆزىنى بولسا كىنو ھەم رەسىملەردىنلا كۆرگەن قارىغاي، ئارچىلارنىڭ تۈپ، قوۋزاقلىرىنى، قارىغاينىڭ يىڭنىدەك ئۇچلۇق، قىش كۈنلىرىمۇ ياشىرىپ تۇرىدىغان كۆپكۆك يوپۇرماقلىرىنى ئېھتىيات ۋە قىزىقىش بىلەن سىلاپ بېقىشتى. ئەتىسى ئەتىگەندە قاتار تىزىلغان جەڭچىلەر ھەربىي باشلىقنىڭ يوغان قورام تاش ئۈستىگە چىقىۋېلىپ بىر پەس سۆزلىگەن نۇتۇقىدىن كېيىن شۇ نەرسىنى بىلدىكى، مانا بۇ تاغلار شىنجاڭنى قاپ ئوتتۇرىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان تەڭرىتاغ تىزمىلىرى بولۇپ، بۇ تاغنىڭ نېرىقى قېتى شىمالى شىنجاڭ، بۇ قېتى جەنۇبىي شىنجاڭ دەپ ئاتىلىدىكەن، بۇ ھەربىي قىسىم مۇشۇ تاغلارنى توغرىسىغا يېرىپ زامانىۋى تاشيول ياسايدىكەن، بۇ تاشيول شىمال بىلەن جەنۇبنى تۇتاشتۇرۇشتا ناھايىتى مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە ھەربىي قۇرۇلۇش ھېسابلىنىدىكەن…

كونا، يېڭى جەڭچىلەر بەن، پەيلەر بويىچە ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. تاغلار ھەيۋەتلىك پارتلاش ئاۋازىدىن لەرزىگە كېلەتتى. تاشلار ئاسمانغا ۋىژىلداپ ئۇچاتتى. ھەيۋەت ۋە سۈرلۈك چوقچىيىپ تۇرغان ئېگىز دۈمبەللەر، پەسكە ساڭگىلاپ تۇرغان سۈرلۈك جەينەكلەر، قورام تاشلار دەھشەتلىك پارتلاش بىلەن تەڭ ئاسمانپەلەك كۆتۈرۈلگەن ئىس- تۈتەك، چاڭ- توزاندىن كېيىن، خۇددى شامال ئۇچۇرۇپ كەتكەن تۇماندەك ئورنىدىن غايىپ بولاتتى. پارتلاشنىڭ گۈلدۈرلەشلىرىدىن، ماشىنىلارنىڭ گۈركىرەشلىرىدىن، جوتو، بازغان، مېتىنلارنىڭ جاراڭ- جۇرۇڭلىرىدىن يەر - زېمىن تىترەپ، قۇلاقلار پۈتۈپ كېتەتتى.

ساتتار ھامۇتنىڭ مەھەللىسىدە ئېتىز - داللار ئەمدىلا يېغىشتۇرۇلغان، غازاڭلىرى تۆكۈلگەن باغلاردىن يەنىلا مېۋە پۇراقلىرى كەتمىگەن كۆڭۈللۈك پەيت، ئەمما بۇ يەردە شىۋىرغانلىق جۇدۇن گاھ كۈچىيىپ، گاھ پەسىيىپ، قارلارنى ۋىژىلدىتىپ ئۇچۇرۇپ تۇرىدىغان قىش پەسلى، تاغ ئاسمىنىنى كۈل رەڭ بۇلۇت قاپلىغان، قۇياش گويا ئاغرىق ئادەمنىڭ چىرايىدەك تاتىراڭغۇ ۋە نۇرسىز… جەڭچىلەرنىڭ بىرلىرى تاغ پارتلىتاتتى، بىرلىرى مېتىن، بازغان، جوتو بىلەن غۇلاپ چۈشكەن قورام تاشلارنى پارچىلايتتى، بىرلىرى پارچىلانغان تاشلارنى كۆرەك بىلەن ماشىنىلارغا ئۇساتتى، ئەمگەك چىدىغۇسىز دەرىجىدە جىددىي، ئېغىر ھەم مۇشەققەتلىك ئىدى. جەڭچىلەر تاڭ يورۇماستا بىرلا كارناي بىلەن چېدىرلىرىدىن يۈگۈرۈپ چىقىشىپ، سەپ- سەپ بولۇپ تىزىلىپ ئىش ئورنىغا باراتتى. كەچ كىرگەندە يەنە كارناي ئاۋازى بىلەن تەڭ ئىشتىن چۈشۈپ، ھېرىپ ھالىدىن كەتكەن، ماغدۇرسىزلانغان ھالدا پۇتلىرىنى ئاران يۆتكەپ چېدىرلىرىغا قايتىپ كېلەتتى. بۇنىڭ ئۈچۈن بىرلىرى زارلىناتتى. بىرلىرى ھەسرەت چېكىشەتتى. لېكىن بۇ يەردىكى جاپا، ئېغىر ئەمگەك ساتتار ھامۇت ئۈچۈن ئۇنىڭ يېزىدا تارتقان جاپالىرىغا قارىغاندا كۆپ يېنىك ئىدى. ئۇ نە ۋايسىمايتتى، نە ئاھ ئۇرمايتتى. قورساق توق، كىيىم پۈتۈن، يىگىت دېگەنگە شۇ يېتەرلىك بولسىلا ئۈچ يىللىق جاپا دېگەن نېمە؟ چىشىنى چىشلەپ ئۆتكۈزۈۋەتسىلا، ئاخىرىدا ئىگە بولىدىغان ھاكىم ئاكىسى تەييار. ساتتار ھامۇت ئىش ئورنىدا يېشىنىپ، يېلىڭ بولىۋېلىپ، قورام تاشلارنى بازغان بىلەن پارچىلاۋېتىپ ئاشۇنداق ئويلايتتى. ئۇ ئۆزىنى ئۆتمەي بەن، پەي، ئاخىرىدا لىيەن بويىچە تەقدىرلەندى ۋە پارتلىتىش بەنىنىڭ مۇئاۋىن بەنجاڭلىقىغا ئۆستۈرۈلدى. ۋاقىت قار، مۇز، شىۋىرغان ۋە دەھشەتلىك

گۈلدۈرلەشلەر ئىچىدە ئۆتمەكتە. قىسىم ئالغا ئىلگىرىلەپ تاغ ئىچىگە بارغانسېرى ئىچكىرىلەپ كىرمەكتە ئىدى. ساتتار ھامۇت شۇ ئارىلىقتا ئۆزىنى "چارۋىچىلارمىز" دەپ تونۇشتۇرغان بىر نەچچە يوچۇن كىشىلەر بىلەن تونۇشۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئېيتىشىچە، تاغدىكى بۆرە، قاپلان، ئېيىق دېگەنلەر ئۇلارنىڭ چارۋىلىرىغا زىيان يەتكۈزۈپ ئارام بەرمەيدىكەن، ئۇلارنى ئاتىدىغان قارا مىلتىقلىرى بولسىمۇ مىلتىق دورىسى يېتىشمەيدىكەن، ئۇلار ساتتار ھامۇتقا تۇتام، تۇتام پۇل تەڭلىشىپ، مىلتىق دورىسى بىلەن كاپسولنىڭ ئامالىنى قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلىشتى ۋە ئۇنى يۇقىرى باھادا قانچىلىك بولسا شۇنچىلىك سېتىۋالىدىغانلىقىنى ئېيتىشتى. پارتىلىتىش بەندە دورا، كاپسول دېگەنلەر دۆۋىلىنىپ تۇرۇپتۇ، ئۇنى باشقۇرىدىغان ئادەم ئەلۋەتتە ساتتار ھامۇت. ئۇ ئۆزىلا چاندۇرۇپ قويمىسا ئۇ نەرسىلەرنىڭ سانىنى ئېلىپ يۈرىدىغان ھېچكىم يوق. ئۇ دەسلەپتە قورقتى، ئىككىلەندى، لېكىن ئاخىر بۇ ئامەتلىك سودىنى قىلىشقا بەل باغلىدى ـ دە، سومكىسىغا قاچىلىۋالغان پارتىلىتىش دورىسى بىلەن كاپسوللارنى كەچتە ئىككى قېتىم ئاپىرىپ ساتتى. پايدا ئاز ئەمەس ئىدى، ئەمما ئۇ ئۈچىنچى قېتىم ئورمانلىق ئارىسىدا ئۇلار بىلەن مال ئالماشتۇرۇۋاتقان چاغدا، كۈتۈلمىگەندە پايلاپ تۇرغان جەڭچىلەر تەرىپىدىن قولغا چۈشتى. جەڭچىلەر "ساتتار ھامۇت چوقۇم ھەربىي سوتقا تارتىلىشى مۇمكىن" دەپ جەزىم قىلىشقان، ئەمما كېيىن نېمە بولدى، ھەربىي سەپتىن قوغلاش جازاسى بېرىلىپ، يىل بويى تاغ، تاش بىلەن ھەپىلىشىدىغان بۇ جاپاسى تولا ئىشتىن تېپتېنچلا قۇتۇلۇۋالدى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ھەربىي بەلگىلىرى سۆكۈۋېتىلگەن ماش رەڭ ھەربىي كىيىم بىلەن بىر يىلدىن كېيىن تاغسىنىڭ ئىشكى ئالدىدا پەيدا بولدى. سۇلتان ئەلى بۇ چاغدا مۇئاۋىن ھاكىملىقتىن باش ھاكىملىققا كۆتۈرۈلگەنىدى. ھاكىم دەسلەپتە ساتتار ھامۇتقا كايىپ چېچىلىپ، "يېزاڭغا قايت، بېرىپ كەتمىنىڭنى چاپ!" دەپ ھەيۋە قىلدى. لېكىن ئىككى ھەپتىدىن كېيىن تاغىسى ئۇنىڭغا تەڭرىتاغ چارۋىچىلىق فېرمىسىدىن ئىش تېپىپ قويغانلىقىنى، ئۇ يەردە ئۇنىڭغا بىر قوتان مالنى ھۆددىگە ئېلىپ بېرەلەيدىغانلىقىنى، ياخشى ئىشلىسە، ئىككى ـ ئۈچ يىل ئىچىدىلا ئىقتىسادتا ئوتتۇراھال سەۋىيىگە ئىگە بولۇپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتتى. نېمىشقا ياخشى ئىشلىمىسۇن؟ ئۇ ئىلگىرى كىچىك بولسىمۇ ئەمگەككە پىشقان دېھقان ئىدى. كېيىن ھەربىيلىككە باردى. ئۇنى تاغ ئارىسىدىكى قايسىبىر ئىش قورقۇتالىغان؟ راستىنى ئېيتقاندا ئۇ شۇچاغدىلا تاغ ھاياتىغا، چارۋىچىلارنىڭ باي، ئەلۋەك تۇرمۇشىغا قىزىقىپ، ھەۋەس قىلىپ قالغان. ئېتىزنىڭ دارامەتسىز ئېغىر ئەمگىكى ھەم تاغدىكى تاغ پارچىلاش، تاش كۆتۈرۈشى بىلەن سېلىشتۇرغاندا مال بېقىش قانچىلىك ئېغىر ئىش ئىدى؟ ئۇ ئەمدى ھوش ـ كاللىسىنى تاپتى. ھەربىيلىكتە ئېرىشەرمەن دەپ ئېرىشەلمىگەن بەخت ـ ئىستىقبالنى، ياخشى تۇرمۇشنى ئەمدى چارۋىچىلىقتىن چوقۇم تاپىدۇ. ئېتىزدا يۈرسەڭ چالما يەيسەن، تاغدا يۈرسەڭ ياغ، دېگەنلەر بىكار ئېيتىلمىغان.

سۇلتان ھاكىم ئۆزىنىڭ پىكرىگە ساتتار ھامۇتنىڭ دەرھال ماقۇل بولغىنىدىن خۇشال بولدى، سەۋەب، ئۇنىڭ ساتتار ھامۇتنى فېرمىغا ئەۋەتمەكچى بولۇشىدا ئاللىقاچان كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان پىلانلىرى بار ئىدى. ئۇنىڭ فېرمىنىڭ قوتان ـ قوتانلىرىدا ئۆز نامىدا تۇرىۋاتقان تۆتتىن، بەشتىن قويلىرى بار. ئۇنى ئەلۋەتتە بىر يەرگە يىغىش،

ئىشەنچىلىك بىرسىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇش كېرەك. مالچى دېگەن كۆڭلى ئەگرى نادان خەق، بۇنداق خەققە ئىشەنگىلى بولامدۇ؟ گۆش يېگۈسى كەلسە ئۆزىنىڭكىنى ئەمەس، ۋاقچىدە خەقنىڭكىنى ئۆلتۈرۈپ يەپ، ئۇنى تاغدىن ئۇچقان ياكى بۆرە يېگەنگە چىقىرىپ تېرىسىنى ئىگىسىنىڭ ئالدىغا تاشلاپ بېرىشنى بىلىدۇ، كايىساڭمۇ، تىللىساڭمۇ، بەرىبىر، بېزىرىپ يەرگە قاراپ تۇرغىنى تۇرغان، شۇڭا بۇ ئىشتا يەنىلا ساتتار هامۇت ياخشى، ئۇنىڭدىن ئىشەنچلىك ئادەم يوق.

هاكىم ئەتىسى ساتتار هامۇتنى ماشىنىغا سېلىپ فېرمىغا ئېلىپ باردى. فېرما باشلىقى خۇددى هاكىمنىڭ كېلىشىدىن بۇرۇنلا خەۋىرى باردەك، ئىشخانىسىدىلا كۈتۈپ تۇرغانىكەن، ئۇ خۇشال ئىدى. هاكىمنىڭ ئالدىدا پايپېتەك بولاتتى. ئۇ مېھمانلارنى ئۆزىنىڭ تامدىمۇ، يەردىمۇ قىممەت باهالىق گىلەملەر تاۋلىنىپ تۇرغان ئازادە، هەشەمەتلىك ئۆيىگە باشلاپ كىردى. كەچتە مېھمانلارنىڭ ئالدىغا لېگەن لېگەنلەردە گۆش، ئاندىن كېيىن هاراق تارتىلدى.

— ئىشىڭنى چاڭجاڭ بىلەن سۆزلىشىپ پۈتتۈشۈپ قويدۇم،— دېدى سۇلتان هاكىم ئەتىسى ئەتىگەندە ساتتار هامۇتقا،— باقىدىغىنىڭ هازىرچە ئىككى يۈز تۇياق قوي، ئىش هەققى ياخشى، يۈز پاقلاننى ئەي قىلساڭ ئۇنى سېنىڭ، سېنىڭچە قانداق؟

— مەن نېمە دەيتتىم؟ سىلە نېمە دېسىلە شۇ، ئاكا،— ساتتار هامۇت باشقىلار هاكىم دەپ ئاتاۋاتقان بۇ هۆرمەتكە سازاۋەر ئادەمنى ئۆزىنىڭ ئاكا دەپ ئاتىيالىغىنى ئۈچۈن ئادەتتىن تاشقىرى خۇشال ئىدى.

— هەممە ئىشلىرىڭنى ئورۇنلاشتۇرۇشقا مۇشۇ مۇرات چاڭجاڭ مەسئۇل، قىيىنچىلىققا يولۇقساڭ ئېيتىپ تۇر، مەنمۇ يوقلاپ تۇرىمەن.

سۇلتان هاكىم چايدىن كېيىن ناهىيىگە قايتتى، مۇرات چاڭجاڭ ساتتار هامۇتنى شۇ كۈنىلا ئۇنىڭغا كۆتىرە بېرىدىغان قوتانغا ئېلىپ كەتتى.

قوتان دەريا بويىدىكى ئوت - چۆپى ئادەمنىڭ تىزىغىچە كېلىدىغان ئەلۋەك يايلاققا جايلاشقانىدى. يايلاقنىڭ شەرقىي جەنۇب تەرىپى بۈك قارىغايزارلىق بىلەن تۇتۇشۇپ تۇراتتى. قارىغايزارلىقنىڭ ئو تەرىپىدە، قاتمۇ - قات تاغلار ئارىسىدا زۇمرەت رەڭلىك تىپتىنچ كۆل ئەينەكتەك يالتىراپ تۇراتتى. ساتتار هامۇت مۇشۇ خىلۋەت ماكاندا مالچىلىق هاياتىنى باشلاپ بىر يىلدىن كېيىن، سۇلتان هاكىمنىڭ ئۆيىگە ئون ئۈچ ياش ۋاقتىدا كېلىپ بالا باققۇچى بولۇپ ئىشلەۋاتقان يۈزى يۇمۇلاق، مەڭزى ئوخشىغان گىردىدەك قىپقىزىل، كۆزلىرىدىن مەيۈسانە مۇلايىملىق ۋە تارتىنچاقلىق تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان كەمسۆز، ئەمما ئىشتا پىششىق يېزا قىزىنى — هازىرقى خوتۇنى زەينەپخاننى ئۇنىڭغا ئۆزى باش بولۇپ ئېلىپ بەرگەنىدى. توي يېزىدا — قىزنىڭ ئۆيىدە هەشەم بىلەن ئۆتكۈزۈلدى. سۇلتان هاكىمنىڭ هۆرمىتى ئۈچۈن ناهىيىدىن ماشىنا - ماشىنىدا مېھمانلار بېرىشتى. ئەمما شۇنىسى ئەجەبلىنەرلىك بولدىكى، تويدىن كېيىن ئەتىسىدىن باشلاپ بولىدىغان كۈيئوغۇل سالىمى، ياندۇرۇق چاي دېگەندەك قائىدە- يوسۇنلار بىر ياققا قايرىپ قويۇلدى.

قىز شۇ كۈنى كەچتە يېزىدىن ئۇدۇل تاغقا، ساتتار هامۇتنىڭ قۇتىنىغا كۆچۈرۈلدى. ئەتىسى كەچتە، ساتتار هامۇت قىزدىن "ئامانەت"نى تاپشۇرۇۋالىدىغان كېچىسى ئۆيدە كۈتۈلمىگەن ۋەقە يۈز بەردى. "ئامانەت" ئوغرىلانغان، زەينەپنىڭ ئۇنى كىمگىدۇر تارتقۇزۇپ قويغىنى ياكى تەقدىم قىلىشۋەتكىنى نامەلۇم ئىدى. هەر ئىككىسى

يالڭاچ... ساتتار هامۇت خۇددى بىر پارچە گۆشنى يەپ سالغاندىن كېيىن ئۇنىڭ هارام مەخلۇقنىڭ گۆشى ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغاندەك كۆڭلى ئېلىشىپ ئىچ - ئىچىدىن هۆ تۇتتى. "هارام"دىن سەسكىنىپ ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى. ئۇ غەزەپ ۋە خورلۇق كۈچىدىن ئۆزىنى يوقۇتۇپ، تىترەپ تۇرغان قولى بىلەن سەرەڭگە يېقىپ پەنەرگە تۇتاشتۇردى. قىز قورقىنىدىن ياپراقتەك تىترەپ، توشقاندەك تۈگۈلگىنىچە يوتقاندا ياتاتتى. ساتتار هامۇت يوتقاننى يۇلۇپ تارتىپ پەگاغا چۆرىدى.

— سەن بۇزۇق ئىپلاس... — خىرقىرىدى ئۇ ئىچ- ئىچىدىن پارتلاپ كېتىۋاتقان غەزەپىنىڭ بوغۇزىغا تىقىلىشىدىن نەپەس ئالالماي بۇغۇلۇپ،— كىمگە بېرىۋەتتىڭ؟ كىمگە سېتىۋەتتىڭ؟

قىز گويا ئۇ قەهىرلىك سوئالغا جاۋاب بېرىشكە ماغدۇرى يەتمەيۋاتقاندەك تىلسىز، زۇۋانسىز. ئۇ يالىڭاچ كۆكسىنى ئالىقانلىرى بىلەن ئەتكىنىچە، قورقۇنچتىن پارقىراپ كەتكەن كۆزلىرىنى ئېرىگە ئۈنسىز ئىلتىجا بىلەن تىكمەكتە، قېنى ئەمدى ئۇنىڭ كۈندۈزدىكى ساتتار هامۇتنىڭ يۈرىكىنى ئوينىتىپ، نەپسىنى تاقىلدىتىۋەتكەن جىلۋىدار هۆسن قامىتى؟ ئۇ ئەمدى قورقۇنچ ئىچىدىكى مۇشۇ تۈگۈلۈشى بىلەن تام تۆشۈكىگە سىغىپ كېتىدىغاندەك...

— ئۆلدىڭمۇ؟ نېمىشقا جاۋاب بەرمەيسەن؟ دە! كىمگە بېرىۋەتتىڭ؟ كىمگە سېتىۋەتتىڭ؟

— ھ...يچ كىم ...ھىچ... كىمگە...

— نېمە؟! بىلمەمدىمەن مەن؟ سەن بۇزۇق دېمەيدىغان بولساڭ ئۆلتۈرىۋېتىمەن، ئۆلتۈرۈۋېتىپ ئۆلۈكىڭنىڭ ھۆددىسىدىن ئۆزۈم چىقىمەن!— ساتتار هامۇتنىڭ قولىغا خېمىر يايىدىغان نوغۇچ چىقتى. ئۇ قىزنىڭ پۇت، پاقالچەكلىرىگە، يوتىلىرىغا، ساغرىسىغا غەزەپ بىلەن ئۇرىۋەردى،— دەمسەن، دېمەمسەن؟ دېمەي قۇتۇلالامسەن مەندىن؟!

زەينەپ تاياق زەربىدىن چىرقىراپ ساتتار هامۇتنىڭ ئاياغلىرىدا دومۇلىماقتا، پاناھلىق ئىزدەپ ئۆيدە ئۇياق - بۇياققا قاچماقتا. نوغۇچ چۇل - چۇل بولۇپ سۇنۇپ كەتتى. ساتتار هامۇت ئەمدى ئۇنى تېگىگە بېسىۋېلىپ ئۇدۇل كەلگەن يېرىگە مۇشت - شاپىلاق بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدى:

— ئېيتامسەن يوق؟ گەپ قىل! ئېيتامسەن يوق؟!

— ئېيتاي، ئېيتاي...،— تاياق زەربىسىدىن ئەس - هوشىنى يوقۇتۇپ ئارانلا پىچىرلىدى زەينەپ،— ئەمىسە ئۇرماڭ... ئۇرماڭ، خۇدا ھەققى...

— قېنى سۆزلە! — ساتتار هامۇت زەينەپنىڭ چېچىدىن قاماللاپ كۆتۈرۈپ ئولتۇرغۇزدى.

— ئىزا تارتىمەن... چىراغنى ئۆچۈرىۋەتسىڭىز، ئاندىن دېسەم.

ساتتار هامۇت چىراغنى پۈۋلەپ ئۆچۈردى. ئۆي زۇلمەت قاراڭغۇلۇقىغا چۆمدى. زەينەپ گويا زىمىستان ۋەھشىتىدە قالغاندەك ئىچ- ئىچىدىن جالاقلاپ تىترەيتتى. ئۇ بۇرۇنمۇ سۇلتان ئەلىنىڭ چاڭگىلىدا مۇشۇنداق جالاقلاپ تىترىگەن، پەرياد قىلغانىدى. بىراق ساتتار هامۇتقا ئاشۇ مۇدھىش كەچۈرمىشلەرنى ئېيتىشقا بولارمۇ؟ ئۇ چاغدا نېمە ئىشلار بولار؟ ئاشكارىلاپ قويغان بىر ئېغىز سۆز بىلەن قانداق مۇدھىش ۋەقە يۈز بېرەر؟

— ھە، ئەمدى سۆزلە!
— ئۆتكەندە... ئاپام ئاغرىپ يېتىپ قاپتىكەن، يوقلاپ كېلەي دەپ...
— تىلىڭنى چاينىماي گەپنىڭ ئۆزىنى ـ دە!
— گەپ شۇ يەردىن باشلىنىدۇ. مەھەللىگە بېرىپ كېلەي دەپ، يولدا بىر قارا ماشىنىغا چىققانىدىم... يېرىم يولدا شوپۇر دېگەن مۇناپىق... بوزەك قىلىپ...
C̈زەينەپ ئىچ ـ ئىچىدىن تۆكۈلۈپ يىغلىۋەتتى.
— ئاندىن كېيىنچۇ؟
— ماشىنام بۇزۇلۇپ قالدى، ياسىمىسام بولمايدۇ، دېدى، مەن يول چېتىدىكى جىگدە تۈۋىگە بېرىپ سەگىدەپ ئولتۇرۇپتىمەن، بىر چاغدا ئۇ يېنىمغا كېلىپ... بولغان ئىش شۇ... بىرلا قېتىم...
— قايسى ئىپلاس گۇي ئۇ؟
— ئېتىنى بىلمەيمەن.
— بىلمەمسەن راست؟
— بۇرۇن تونۇمىغاندىكەن...
ساتتار ھامۇت شۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ئەس- ھوشىنى يوقاتقاندەك بولۇپ، ئەلەملىك تىنىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. زەينەپ ئۇنىڭ ھەسرەتلىك ئۇھ تارتىشلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇراتتى. ئۇ شۇ تاپتا ئازاپ ۋە خورلۇقتىن ئۆلىنىسىز يىغلاۋاتامدۇ ياكى ئۆزىگە نەپرەت ۋە ئۆچمەنلىك بىلەن چەكچىيىپ قاراپ ئولتۇرامدۇ، بۇنى كۆرەلمىدى، ئۇ ئىختىيارسىز ئېرىگە ئىچ ئاغرىتىپ كەتتى. تېخى بايىلا ئۇنىڭغا تەلۋە، زالىم ۋە شۇ سەۋەبلىك تولىمۇ نەپرەتلىك تۇيۇلغان ئەر ئەمدى ئۇنىڭغا ئۇۋال قىلىنغان، تولىمۇ بىچارە ھالدا كۆرۈنۈپ كەتتى. زەينەپ ئۆزىنىڭ ھامان مۇشۇنداق پاجىئەلىك ئاقىۋەتكە قېلىشىنى توي ئالدىدىلا پەرەز قىلغان، ئىش ئويلىغاندەك بولدى، خەير، ئەمدى ئۇنى بۇنىڭدىن كېلىدىغان بەختسىز قىسمەت كۈتۈپ تۇرغان بولسا، ئۇنى تارتماي چارە يوق. زەينەپ ئۆزىنىڭ بەختسىزلىكى ئۈچۈن سۇلتان ئەلىنى نېمە قىلالايدۇ؟ ناھىيىنىڭ ھاكىمىدىن، يۇرتنىڭ تەقدىرىنى خۇددى ئاتىنىڭ تىزگىنىنى تۇتقاندەك تۇتۇپ تۇرغان مۇشۇنداق كۈچلۈك ھوقۇق ئىگىسىدىن ئۆچ ـ قىساس ئالالامدۇ؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس، مۇمكىن بولىدىغىنى ئۆزىنىڭ بەختسىزلىكى ۋە خورلىنىشىغا رايىشلىق بىلەن تەن بېرىش...
— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — دېدى ساتتار ھامۇت بىر ھازادىن كېيىن ئۆيدىكى ئېغىر جىمجىتلىقنى بۇزۇپ زەينەپ ئۇنىڭ ھامان مۇشۇنداق دەيدىغانلىقىنى بىلەتتى ھەم شۇنى كۈتۈپ تۇراتتى.
— سىز نېمە دېسىڭىز شۇ، كۆڭلىڭىز كۆتەرمىسە چىرايلىقچە ئاجرىشىپ كەتسەك بولىدۇ.
— تويدا شۇنچە ھەرەج تارتتۇق. تويىنى دەپ ئاز چىقىم تارتتىمۇ ھاكىم ئاكام؟
— ئاتامغا دەپ، ھەممىسىنى تۆلىتىپ بېرەي.
ساتتار ھامۇت ئۈندىمىدى، ئارىدا خېلى ۋاقىت شۇنداق جىمجىتلا ئۆتۈپ كەتتى. زەينەپ ساتتار ھامۇتنىڭ كۆڭلىدە نېمە ئوي- خىيال بارلىقىنى بىلمەيتتى. شۇ ئىش بولۇپ بىر ھەپتىدىن كېيىن سۇلتان ھاكىم فېرمىغا خىزمەت تەكشۈرگەچ كېلىپ، يېنىشىدا ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلدى.

— قانداقراق؟ خوتۇنۇڭ بىلەن كىلىشىپ قالدىڭىزمۇ؟ — گەپ ئارىسىدا ئۇشتۇمتۇت سوراپ قالدى ئۇ ساتتار ھامۇتتىن.
— ئەستا... نېمە دېسەم بولار؟
— ھە، بىرەر ئىش بولدىمۇ؟ دە، دەۋەر.
— كىلىشەلمىدۇق. شۇڭا قويۇۋېتەيمىكىن دېگەن...
— نېمىشقا؟
— ئەستا... ئېغىزىمدىن چىقىرالمايمەن جۇمۇسلا بۇ گەپنى.
— ئاغزىڭدىن چىقىرالمىغۇدەك نېمە ئىش بولدى؟ ئۆلىدىغان ئىش بولسىمۇ بېشىڭنى كۆتۈرۈپ ئولتۇر، قېنى سۆزلە.
— كۆڭلۈم كۆتەرمەي...
— نېمە؟ كۆڭلۈم كۆتەرمەي دېدىڭما؟— سۇلتان ھاكىم ساتتارنىڭ باش ـ ئايىغىغا خۇددى ئۇنى يەۋەتىدىغاندەك قەھرىلىك ئەلپازى بىلەن قاراپ چىقتى،— ما گەپنى كۆرۈڭ! خوتۇنۇڭ بىزنىڭ ئۆيگە ئون ئۈچ يېشىدا كەلگەن، مۇشۇ يېشىغىچە كۆڭلىگە شەيتان كىرىپ باقمىدى، تۇرۇۋۇڭ دېگەن يەردە تۇردى، مېڭىڭ دېگەن يەرگە ماڭدى. قارچۇغىنىڭ بالىسىدەك ساق چوڭ بولدى. مۇشۇنداق قىزنى ئەمدى ئەجەب كۆڭلۈڭ كۆتەرمەي قاپتۇ ـ يا؟ ئۇنداق دېگۈچە راھەت مەيدەمگە تېپىۋاتىدۇ دېگىنە. دۈمبەڭ ئاززاق ئاپتاپ كۆرۈپ قېلىۋىدى، مېنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىمدىنمۇ قۇسۇر چىقارغىلى تۇردۇڭمۇ ئەمدى؟ ھەربىيلىكتە قىلغان ئوغرىلىقىڭ ئۈچۈن ئەسلىدە ھەربىي سوتقا تارتىلاتتىڭ، نەچچە يىل كېسىلەتتىڭ، ئەمما سېنى جازادىن مەن ساقلاپ قالدىم. كوچا دەسسەپ يۈرىۋىدىڭ، فېرمىغا ئورۇنلاشتۇردۇم، تۇغقاندارچىلىقنىڭ راپاۋىتىنى قىلىپ ئۆز قولۇم بىلەن ئۆيلەپ قويدۇم، قىسقىسى، ئاتاڭ ساڭا قىلىپ بېرىشكە قۇربىتى يەتمىگەن ئىشلارنى مەن قىلىپ بەردىم، ئەمما سەن ئالدىڭغا كەلگەن ھالال ئاشقا شەك كەلتۈرسەڭ، كۆڭلۈڭ كۆتەرمىسە ماڭا نېمە ئىلاج؟ قويۇۋەتكۈڭ كەلسە، قويۇۋەت، نىكاھتا ئەركىنلىك ئەمەسمۇ. فېرمىغا كۆنەلمىدىم، يېزىغا كېتەي، دېھقانچىلىق قىلاي دېسەڭمۇ مەيلى.
ساتتار ھامۇت سۇلتان ھاكىمنىڭ ئەيىبلەشلىرىدىكى زەھەرلىك تەنىدىن كۆرە، ئۇنىڭ تېگىدىكى كۈچلۈك تەھدىتنى سېزىپ بىردىنلا ئۇجۇقۇپ كەتتى. سۇلتان ھاكىمنىڭ مۇددىئاسى ناھايىتى ئېنىق، مۇبادا ساتتار ھامۇت خوتۇننى قويۇۋېتىدىغان بولسا، ئۇ ساتتار ھامۇتنى شۇ كۈنىنىڭ ئەتىسىلا بۇ يەردىن بىر تۈپ ئەمەننى يۇلغاندەك يۇلۇپ تاشلايدۇ. يىلتىزىدىن ئايرىلغان تۈپسىز ئەمەن نەگە باردۇ؟ تاغدىن سوققان بوران بىلەن تەڭ ئۇچۇپ شۇ ئۇچقىنىچە يېزىنىڭ چالمىلىق ئېتىزىغا چۈشمەي ئامال يوق. ساتتار ھامۇت سۇلتان ھاكىمنىڭ راپاۋىتى بىلەن بۇيەردە ئېرىشكەن جاپاسىز راھەتلىك تۇرمۇشتىن، ئامەت ـ بايلىقتىن ئايرىلىپ قېلىشنى ئەلۋەتتە خالمايتتى. ئۇ ئىچىدە سۇلتان ھاكىمنى ئەڭ نەپرەتلىك سەت گەپ بىلەن تىللىدى"مۇشۇ تاپتىلا گېلىدىن بوغۇپ ئۆلتۈرۈۋەتسەم" دەپ ئويلاپ كەتتى. ئەمما ئۆزى خوتۇننىڭ ئامانەتكە خىيانەت قىلغان گۇناھىنى كەچۈرەلمەي ئازاپ، ھەسرەت ۋە خورلۇقتىن خۇددى زەھەرلىك يىڭنە يۇتۇۋالغاندەك دەرد چېكىپ يۈرسىمۇ، يۈرىكىدە يىغلاپ ياش تۆكسىمۇ، خوتۇننى قويۇۋېتىش توغرىسىدا ئىككىنچىلەپ ھېچكىمگە، ھەتتا ئاتا ـ ئانىسىغىمۇ ئېغىز ئېچىشقا جۈرئەت

قىلالمىدى.

ئادەم بېشىغا چۈشكەن ئېغىر كۈننى كۆز ياشلىرى بىلەن يوقۇتۇۋېتەلمەيدۇ. زەينەپخان تويى بولۇپ ئىككى ئايدىن كېيىنلا ئۆزىنىڭ ھامىلدار ئىكەنلىكىنى بىلدى...

مانا شۇنىڭدىن كېيىن ئون ئالتە، ئون يەتتە يىلچە ۋاقىت ئۆتۈپ كەتتى. سۇلتان ھاكىم ساتتار ھامۇتنى ھەر ھالدا يامان ئىشقا قويمىغانىكەن، بۇ يەرگە دەسلەپتە ئىككى قولىنى بۇرنىغا تىقىپلا كەلگەن ساتتار ھامۇت ھازىر يۈز تۇياقتا يېقىن قوي ـ كالىسى بار ئوتتۇرا ھاللىق چارۋىدار، يۇلتۇز بىلەن قوشقاندا ئىككى قىز، بىر ئوغۇلغا ئاتا.

نېرىقى ئۆيدىكى قازاندا پۇرقىراپ گۆش قايناۋاتاتتى. ئۇ بايىلا سويۇلغان ئەركەك پاقلاننىڭ. گۆشنىڭ مېھمانخانا ئۆيگە ئۇچۇپ كىرىۋاتقان نەمخۇش ھىدى شۇنچىلىك مەززىلىك، ئۇ ئىشتەينى غىدىقلايدۇ، ئېغىزغا سېرىق سۇ كەلتۈرىدۇ.

سۇلتان ئەلى قوشلاپ سېلىنغان يۇمشاق كۆرپىگە يانپاشلاپ، ياستۇقنى قولتۇقىغا يۆلەپ، ئالدىدا يۈكۈنگىنىچە ئۇنىڭ ھەربىر ئېغىز سۆزىنى ئىخلاس بىلەن تىڭشاپ ئولتۇرغان ساتتار ھامۇتقا قاراپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— يەنە بىر ئىش بار، مۇشۇ كۆلدىن پايدىلانساق دەيمەن، قانداق قىلىپ دەمسىنا؟ ئويلاپ باق، ھەر يىلى ئالتىنچى ئاينىڭ ئاخىرىدىن باشلاپ تاكى كۈز كېلىپ سوغۇق چۈشكىچە قانچىلىك ئادەملەر سەيلە ـ ساياھەتكە كېلىدۇ؟ بىلسەڭ مۇشۇنىڭ ئۆزىلا پۇل. شۇڭا دېمەكچىمەنكى، كۆلنى ھۆددىگە ئال، فېرما بىلەن بۇھەقتە ئىككىلەنمەي ئون يىللىق توختام تۈز. ئۇنىڭدىن كېيىن كۆل ئەتراپىغا توساق قويدۇر، دەرھال ئادەم بەلگىلەپ كۆل رايونىغا كېلىدىغان ھەربىر ئادەمگە، ماشىنىغا بېلەت ساتقۇز. چېدىر تىكتۈرۈپ، ئاشخانا، مېھمانخانا، ماگىزىن ئاچ، گۆش، قىمىز سات، ئوقەت ۋاقتىڭ ناھايىتى تۆت ئاي، ئەمما يىغىۋالىدىغان پۇلۇڭ بىرئەترەتنىڭ بىرىيىللىق پايدىسىدىن نەچچە ھەسسە ئارتۇق. قىلمەن دېسەڭ ئىش بۇنىڭ بىلەنلا تۈگىمەيدۇ، كۆلگە قېيىق سال، بېلىجان تۆك، بۇ ئىشقا ئالدىرىمىساڭ بولمايدۇ جۇمۇ ساتتار، ھازىر سىياسەت قويۇۋېتىلگەن بازار ئىگىلىكى دەۋرى، سەن بۇرۇن قول تىقمىساڭ، باشقىلار تارتىپ كېتىدۇ، شۇتاپتا مۇشۇنداق شارائىتى ئەۋزەل، پايدىسى كۆپ ئىشنى تاپالماي تىمىسقىلاپ يۈرگەنلەر ئازمۇ؟ بىر تۆشۈككە مىڭ ئادەم تۇمشۇقىنى تىقىپ يۈرگەن.

ساتتار ھامۇت سۇلتان ئەلىنىڭ بۇ قېتىم فېرمىغا ئانچە- مۇنچە كۆڭۈل ئېچىش، قوي كالىلىرىنى يوقلاش ئۈچۈن ئەمەس، ئۇنىڭدىنمۇ مۇھىم ئىش بىلەن كەلگەنلىكىنى جەزىم قىلدى. سۇلتان ئەلىنىڭ دەۋاتقانلىرى ساتتار ھامۇت ھېچقاچان خىيالىغا كەچۈرۈپ باقمىغان ئىشلار. ئەقىل بىلەن ئويلاپ تېپىلغان قالتىس پىلان! تاغىسىنىڭ دېگىنىدەكلا قىلسا ئۆرۈلۈپمۇ، چۆرۈلۈپمۇ پۇل، فېرمىدا لاغايلاپ يۈرگەن ئوشۇق ئەمگەك كۈچلىرىنى ياللاپ كۆلگە چۈشىدىغان يولغا مەخسۇس نازارەتچىلىككە قويسىلا بىرىنچى مەسىلە ھەل. ئەمما كېيىنكى ئىشلار ئۈچۈنچۇ؟ ئۇنىڭ ئۈچۈن نۇرغۇن مەبلەغ، ھۈنەرۋەن، تېخنىك، قىسقىسى قابىل ھەم يېتەرلىك ئادەم كۈچى كېرەك، ئۇ بۇنى نەدىن تاپىدۇ؟ سۇلتان ئەلىنىڭ ھوشيار سەزگۈسى ساتتار ھامۇتنىڭ بىر پەس جىددىي ئويغا چۆمۈپ جىمجىت ئولتۇرۇپ كېتىشىدىن، ئۇنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى شۇئان چۈشىنىپ ئۈلگۈردى:

— گەپ قىلمايسەنغۇ؟

— ئويلىنىۋاتىمەن.
— ئويلىنىپ كەتكۈدەك نېمىسى بار؟ مەبلەغنى ئۆزۈم سېلىپ بېرىمەن، كېرەكلىك ئادەم تاغدىن تېپىلمىسا، شەھەردىن ياللايمىز. شەھەردىكەندە ئادەمنىڭ قاندىقى تېپىلمايدۇ؟ كۆل بويى بىر قىزىپ كەتسۇنچۇ، قېنى، ئاشپەز دەمسەن، سامسىپەز دەمسەن، سازچى، ناخشىچى دەمسەن، ھەممىسى ئالدىڭغا تازىم قىلىپ كېلىدىغان بولىدۇ.
ساتتار ھامۇت سۇلتان ئەلىنىڭ دېگەنلىرىدىن روھلىنىپ، گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ، پۇتىنى تۈزەپ يەكتىز بولۇپ ئولتۇردى.
— ئۇنداق بولسا مەيلى، تەۋەككۈل! ئەمما ئىشنىڭ ھەممىسگە ئۆزلىرى قوماندانلىق قىلىپ بېرىلا ئاكا!
— ئۇ شۇنداق بولىدىغۇ،— سۇلتان ئەلى ئۆزىنىڭ بۇ ئىشتىكى مۇتلەق خوجايىنلىق ئورنىنى ئەسلىتىپ قويدى،— ئەمما خەقنىڭ ئالدىدا مېنىڭ نامىمنى سېتىپ يۈرمە!
— ساراڭمۇ مەن؟ — ساتتار ھامۇت خۇشامەت بىلەن كۈلدى،— ئۇنچىلىك ئىشقا ئەقلىم يېتىدۇ جۇمۇسىلا.
سۇلتان ئەلى ساتتار ھامۇتنىڭ راست سۆزلۈكى، ئۆزىگە بولغان ئىتائەتمەنلىكى، ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا بولۇنغان ئىش ھەم گەپ - سۆزلەرنىڭ سىرىنى قاتتىق چىڭ ساقلايدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇنى ياخشى كۆرەتتى.
ئۆيگە يۇلتۇز كىرىپ كەلدى. سۇلتان ئەلىگە تارتىنىش - قورۇنۇش ئارىلاش ئەدەپ بىلەن سالام قىلدى - دە، جاۋەندىن لىگەننى ئېلىپ چىقىپ كەتتى. شۇنىڭغىچە يانپاشلىنىپ، سوزۇلۇپ ياتقان سۇلتان ئەلى ئالدىراپ بېشىنى كۆتۈرۈپ، قىزنى ئوچۇق كۆرۈۋالماقچى بولغاندەك ئىشىككە بويۇنداپ قارىدى. تۈكسىز خاپانبېشىنى سىلاپ ئېغىر پۇشۇلدىدى. ئاندىن بىرخىل بوغۇق تەلۋە ئاۋازدا دېدى:
— يۇلتۇزغۇ بۇ؟ كۆرمىگىلى خېلى بوپتىكەن، چوپ - چوڭلا بوپ قاپتۇ مانا.
— شۇنداق، سىلىنىڭ غەمخورلۇقلىرىدا.
— غەمخورلۇق؟ — سۇلتان ئەلىنىڭ قاپاقلىرى سېلىنىدى،— غەمخورلۇقۇمغا قويغان بولساڭ، قىزىڭ بۇنداق قالمايتتى. ھازىر دېگەن تولۇق ئوتتۇرىدا ئوقۇۋاتقان چېغى بولاتتى.
— شۇنىڭغا پۇشايمان، فېرمىدا ئوتتۇرا مەكتەپ بولمىغاندىن كېيىن، باشلانغۇچنى پۈتتۈرگەندىن كېيىنلا بالا باقسۇن، مالغا قارىسۇن دەپتىمەن.
— ھە راست، قالغان باللىرىڭ كۆرۈنمەيدىغۇ؟
— مەكتەپتە يېتىپ ئوقۇۋاتىدۇ.
— ئۇلار باشلانغۇچنى پۈتتۈرگىچە فېرمىدا ئوتتۇرا مەكتەپمۇ قۇرۇلۇپ قالىدۇ. ئەمما يۇلتۇز باشلانغۇچتا توختاپ قالغىنى ئۈچۈن مالچى بولۇپ قالسا بولمايدۇ - دە، مۇنداق بولسۇن، شەھەردە يېڭىدىن قۇرۇلغان خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتىغا ئىشچى قوبۇل قىلماقچى بولۇۋاتقان. بو دو قايتقاندا ئۇقۇشۇپ بېرەي، چاڭجاڭ ماقۇل دەپ قالسا، زاۋۇتقا بېرىپ ئىشلىمسۇنمۇ؟
— تولا بەلەن ئىش بولاركەندۇق، شۇغۇنىسى ئىشچىلىققا يېشى كىچىك كېلىپ قالامدۇ قانداق؟

— نەچچىگە كىردى؟
— ئون ئالتىگە.
— ئون ئالتە... ھە...— سۇلتان ئەلى ئىڭىكىنى سىلاۋېتىپ ئويچانلىق بىلەن تەكرارلىدى. ئاندىن بۇ ھەقتە قايتا ئېغىز ئاچمىدى.

كەچتە مال قوتانغا قايتقان چاغدا سۇلتان ئەلى قوتان ئالدىغا كېلىپ، توغرىسىغا قويۇلغان قارىغاي لىمىغا جەينىكىنى قويۇپ، قوتاندىكى قوي- كالىلارغا ھەۋەس بىلەن قاراپ كەتتى. قوتانغا كىرىۋاتقان ئويۇر - ئويۇر پادىلارنىڭ ئىچىدە بۆرە يېگىنىنى چىقىرىۋەتكەندە يەنە ئەللىك ئۈچ قوي، بىر ئىنەك، بىر بۇقا، ئىككى ئايلىق موزاي ئۆزىگە تەئەللۇق. مانا بۇلار سۇلتان ئەلىنىڭ كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرىدىغان، پۈت- قولىغا كۈچ ئاتا قىلىدىغان نەرسىلەر. ھەر يىلى ئون- يىگىرمىدىن قوشلىشۋەرسە ئەللىكتىن ئاشقان قوي يۈزگىمۇ يېتىدۇ تېخى. كالىمۇ شۇنداق ئاۋۇيدۇ، كۆپىيىدۇ. خۇددى بانكىدىكى پۇلغا ھەر ئايدا يۈز يۈەنلەپ ئۆسۈم قوشۇلغاندەك... سۇلتان ئەلى ئاشۇلار توغرىلىق ئويلىغانسېرى ئۆزىنى بۇرۇنقىدەك بەردەم، گىگانت، قامەتلىك ۋە ھەممىگە ھۆكۈمى ئۆتىدىغان زەبەردەست ھالەتتە ھېس قىلدى. ئۇ بۇ دۇنيادا ھازىرغىچە ھېسسيات بىلەن ئەمەس، ئەقىل بىلەن ياشاپ كەلگىنى ئۈچۈن خۇشال ئىدى. ئاجايىپ ئادەملەر ئۆتتى! سۇلتان ئەلى بىر چاغلاردا ئۇلارغا قالتىس ھەۋەس قىلغان. ئۇلار ھەممىنى — ئەسلى - ۋەسلىنى ئۇنتۇپ خىزمەتكە، ئۇلارنىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا، ئىنقىلابنىڭ شىددەتلىك قاينىمىغا بېشىچىلاپ كىرىپ كەتكەنلەر ئىدى. ئۇلارنىڭ نەچچە ئون يىلى ئادەم چىدىغۇسىز جاپا - مۇشەققەت، ئالدىراشچىلىق، جىددىيچىلىك ۋە سىياسىي چاقىرىقلارنىڭ قىقاس - چۇقانى ئىچىدە ئۆتۈپ كەتتى. بىر چاغلارغا كېلىپ ئۆزىگە ھاردۇق يەتكەندەك بولغان چاغدا ئۆزلىرىنىڭ ئاللىقاچان قېرىپ، كېسەلچان بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىشتى. شۇنداقتىمۇ ئۇلارنىڭ بۇنىڭغا تەن بەرگۈسى يوق ئىدى، قېرىدى، كېسەلچان بولدى دېگەن نېمە؟ پارتىيە تاپشۇرغان تامغا ھەم رولنى ئاخىرقى نەپەسكىچە تۇتقۇلۇق. ئەمما كۈتۈلمىگەندە يۇقىرىدىن بىرلىرىگە ئىستېپانامە يازدۇرۇلدى، بىرلىرىگە ھوقۇقنى تاپشۇرۇپ پېنسىيىگە چىقىش بۇيرۇلدى. بىر چاغلاردا ھوقۇق- ئىمتىياز كۈچى بىلەن كۆرەڭلەپ ئۆزلىرىنى يەرنىڭ كىندىكىنى تولغاپ ئۈزۈۋالغۇدەك ھالدا ھېسابلاپ يۈرگەنلەر شۇنىڭدىن كېيىن بىردىنلا دۇنيادىكى ئەڭ ئاجىز، بىچارە ئادەملەرگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىشتى. سەۋەب، ئۇلارغا ئەڭ ئاخىردا تېگىل بولۇپ ئۆزىنىڭ كالامپاي گەۋدىسى، ئۆيدىكى ئاغرىقچان خوتۇنى ھەم ھۆكۈمەت ئىگىلىكىدىكى ئۆينىڭ بىساتسىز تۆت تېمى قالغانىدى. ئەمدى قارىساڭ، ئۇلارنىڭ بىرلىرى ئۆينىڭ ئالدىغا ئېچىۋالغان كىچىككىنە بوتكىسىدا، بىرلىرى چايخانىغا يىغىلىشىۋېلىشقان غەيۋەتچىلەر ئارىسىدا، بىرلىرى مەسچىتتە، سۇلتان ئەلى ئۇلارنى ھەر قېتىم كۆرسىلا ئىچ - ئىچىدىن مەسخىرە قىلىپ كۈلەتتى: "خوپ بولسۇن، ۋاي بىچارىلەرەي... ۋاي ئەخمەقلەرەي...". بىچارىلەر ئۈستىدىن كۈلىۋېرىش كۇپۇرلۇق بولماسمۇ؟ ياق، سۇلتان ئەلى بۇرۇنلا بۇنىڭ چارىسىنى قىلغان، ھېلىقى بىچارىلەر بىرەر ھاجەتمەنىنىڭ ئاخشىمى ئۆيىگە ئېلىپ بارغان سوۋغا - سالىمىنى بېشىغا ئېتىپ، ئەتىسى چاۋىسىنى چىتقا يايغان چاغدا، ئەكسىچە سۇلتان ئەلى ئۆيىگە كەلگەن سوۋغا - سالامنىڭ ھەرقاندىقىنى ئۈن - تىنسىز قوبۇل

قىلغان، ھاجەتمەنلەرنىڭ تەلەپ- ئىلتىجالىرىمۇ لايىقىدا بەجا كەلتۈرۈلگەن. قىسقىسى، ھەممە ئىشلار ئۆز يولىدا يۈرۈشۈۋەرگەن، خۇددى يېڭى چاپقان ئۆستەڭدە سۇ راۋان ئاققاندەك...

سۇلتان ئەلى ئۇزاقى يىلى شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان ئۆستەڭ بويىدىن بىر مو يەرنى بىكارنىڭ نەرخىدىلا سېتىۋېلىپ، يېرىمىنى باغ قىلىپ، يېرىمىغا ئالدى پېشايۋانلىق ئىككى قەۋەتلىك ئۆي سالدۇرغان، ئۇنىڭغا شەھەر بويىچە ئەڭ ئۇستا تامچى، ياغاچچى، نەققاش تەكلىپ قىلىندى. ئۆي پۈتكەندە كىشىلەر بۇ ئۆيلەرنىڭ گۈزەللىكىگە، ھەشەمەتلىكلىكىگە، ئۆينىڭ ئايۋان، تام - تورۇسلىرىغا چىقىرىلغان نەپىس گۈل - نەقىشلىرىگە ھەيرانۇ ھەس قېلىشتى. " ھوقۇق دېگەن بېشىڭغا قونغان قۇشقا ئوخشاش نەرسە. ئۇ ھامان ئۇچۇپ كېتىدۇ، ئەمما پۇل بولسا خۇددى نىكاھلاپ ئالغان خوتۇندەك مەڭگۈ ساڭا تېگىل!" سۇلتان ئەلى بۇرۇندىنلا مۇشۇنداق ئويلاپ ئۆلگۈرگەن. ناھىيە شەھەرگە ئۆزگەرتىلگەندە ئۇنىڭ ئەمەل نامىمۇ ھاكىملىقتىن شەھەر باشلىقلىقىغا ئۆزگەرتىلگەن. كېيىن شەھەر باشلىقلىقىدىن دائىمىي كومىتېت مۇدىرلىقىغا ئالماشتۇرۇلغان چاغدىمۇ كۆڭلى ھېچقانچە داۋالغۇپ كەتمىگەن. بىر نەچچە يىل ئۆتۈپ ئۇنىڭغا پېنسىيىگە چىقىش ئۇقتۇرۇلغاندىمۇ، بۇنى پىسەنتىگىمۇ ئېلىپ قويمىدى. باشقىلاردەك بوتكا ئېچىپمۇ، چايخانىغا يىغىلىشقان بىر توپ دەردمەنلەر ئارىسىغا كىرىۋېلىپ غەيۋەت قىلىپمۇ، مەسچىتكە قاتراپمۇ يۈرمىدى. ئەمەل دېگەننى تارتىۋالسا ئالامدۇ، بىر ئۆمۈر ئۇنىڭ راھىتىنى كۆردى. ئەمدى ئارمان يوق! ھازىر بانكىدا پۇلى يېتەرلىك، قوتاندا مېلى، يېزىدا دېھقانچىلىق قىلىدىغان ئىنىسىنىڭ نامىدا ماڭدۇرۇۋاتقان ئون زاۋۇتى بىلەن ياغ زاۋۇتى... ئۇ ئەمدى تاغدا ساتتار ھامۇتنىڭ نامىدا نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىدۇ...

سۇلتان ئەلى ئالا بۇقا سولاقلىق قوتاننىڭ ئالدىغا كەلدى. ئۈچ ياشلىق ئالا بۇقا قوتاننىڭ تېمى بىلەن تەڭلىشىپ، پىيالىدەك يوغان كۆزلىرىنى چەكچەيتىپ، ئالدىدىكى مۇنۇ يوچۇن ئادەمگە ياتسىراش، ھەيرانلىق ۋە يەكلەش نەزەرى بىلەن قارىماقتا. ئۇنىڭ بويۇن- پاتاڭلىرى تۈرمەل - تۈرمەل... بوي- بەستى خۇددى ئافرىقا كەركىدانىدەك قورقۇنچلۇق، قۇۋۋەتلىك يوغان پۇتلىرى ماگسا يەرنى تېشىۋېتىدىغاندەك...

ئالا بۇقىنىڭ ھەربىر تال تۈكىدىن تېمىپ تۇرغان كۆرەڭ ھالىتى، قايسىبىر مەنمەنچى باشلىقنىڭ ھاكاۋۇرلارچە گىدىيىشلىرىنى ئەسلىتىدىغان يوغان كۈچتۈڭگۈر بەستى، مەنسىتمىگەندەك نەزەردىكى ھومۇيۇپ قاراشلىرى نېمىشقىدۇر سۇلتان ئەلگە ياقمىدى.

— بۇنى پىچىۋەت؟ — بۇيرۇق قىلدى ئۇ ساتتار ھامۇتقا تۇيۇقسىزلا.

— نېمىشقا؟ ئىنىكىمىزگە قويدۇرىمىز دەپ خەق نە - نەلەردىن كېلىۋاتسا، بىر سەكرىشى ئەللىك كوي، سىلىگە تۆت - بەش يۈز كوي پۇل يىغىپ قويغانىدىم تېخى.

— بىزگە بۇقا ئەمەس، گۆشى جىق كالا كېرەك، بىلدىڭمۇ؟ پىچىۋەتكەندىن كېيىن يەنە يوغىنايدۇ. ئاندىن شەھەرگە ئاپىرىپ غاچلا...

— ماقۇل ... ئەمىسە يازلىققا.

— يازلىققا دەيسەنغۇ، ئەتىلا پىچىۋەت.

— هازىر ھاۋا سوغۇقراق، بولمايدۇ ئاكا.
شۇ كېچىسى ئالا بۇقا خۇددى سۇلتان ئەلىنىڭ بۇيرۇقى ئۇچۇن غەزەپلىك نەرە تارتقاندەك، دەممۇ ـ دەم ھۆركىرەپ سۇلتان ئەلىنىڭ ئۇيقۇسىنى بۇزۇپ تۇردى. ئۇ بوم، ھەيۋەت ئاۋازى بىلەن سوزۇپ- سوزۇپ ھۆركىرىگەندە تام سىلكىنىپ، يەرنىڭ ئاللىقانداق بىر يەرلىرى لىڭشىغاندەك بولاتتى.
— ھەي ساتتار،— دېدى سۇلتان ئەلى بېشىنى كۆتۈرۈپ،— نېمە ھۆركىرەيدۇ بۇ نىجىس؟
— بۆرىلەر بىلەن خىرىس قىلىشىۋاتىدۇ. بۆرىلەرنىڭ يىراقتىن ھۇۋلىغىنى ئاڭلاندىمۇ، بولدى، كېچىچە يەرنى تۇرتۇپ مۇشۇنداق ھۆركىرەپ چىقىدۇ.
— ھەتتىگىنەي، بۆرە بىلەن ئېلىشتۇرۇپ بىر تاماشىسىنى كۆرىدىغان ئىشكەن،— دېدى ئۇيقۇسى قاچقان شوپۇر يوتقاندىن بېشىنى چىقىرىپ.
— ئۇيقۇڭنى ئۇخلا، بۇقىنىڭ بۆرە بىلەن ئېلىشقىنىنى نەدە كۆرگەنسەن؟
— مانا مەن كۆرگەن،— دېدى ساتتار ھامۇت جانلىنىپ،— ئۆتكەن يىلى كۈزدە دەريا بويىدا بىر توپ بۆرىلەر ئىنەكنى قورشىۋاپتىكەن، شۇ چاغدا...
— بۇ مۇمكىن، ئەڭ مۇھىمى ئىشەنچ، جەسۇرلۇق، كۈچ. بۇقىنىڭ يەرنى تۇرتىشى، ھۆركىرىشى نېمە؟ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ئالاھىدە تەقلىدتىكى روھىي قۇۋۋەت جۇغلانمىسىنىڭ ئىشەنچ ئېنېرگىيىسى سۈپىتىدە پارتلىشى. ئىنەكتە بۇنداق روھىي قۇۋۋەت جۇغلانمىسى بولامدۇ؟ بولمايدۇ. بۆرە نېمە ئۈچۈن ئۆزىدىن نەچچە ھەسسە چوڭ ھايۋانلارغا ھۇجۇم قىلىشقا، ئۇلارنى مەغلۇپ قىلىشقا قادىر؟ سەۋەبى، ئۇنىڭ ۋۇجۇدى جەسۇرلۇق، كۈچتۈڭگۈرلۈك ھەم ياۋايى ۋەھشىيلىكتىن ئىبارەت روھىي قۇۋۋەت جۇغلانمىسىنىڭ خورىماس ئېنېرگىيىسى بىلەن تولۇپ ـ تاشقان...
شوپۇر يىگىت روھىي قۇۋۋەت توغرىسىدىكى مۇلاھىزىسىنى يەنە قانچىلىك داۋاملاشتۇراتتىكىن؟ سۇلتان ئەلىنىڭ دەسلەپتە ئاجىز ئاڭلىنىپ، بارغانسېرى كۈچىيىۋاتقان خورەك ئاۋازىنى ئاڭلاپ جىم بولۇپ قالدى.

---

## تۆتىنچى باب

ئىككىيلەن تار جىلغا ئىچىدىكى ئەمدىلا يېشىلىپ كۆكىرىۋاتقان قېلىن چاتقاللىق ئارىسىدا ئاتلىرىنى ئىختىيارىغا قويىۋېتىپ، ئەتراپقا سەگەكلىك بىلەن كۆز سېلىپ كېلىۋاتاتتى. سۇلتان ئەلى ئەتىگەنلىك قايماق چايدىن كېيىن ساتتار ھامۇتقا:
- بۈگۈن ھاۋا ياخشىغۇ، تاغ ئارىلىرىنى ئايلىنىپ كېلەمدۇق ساتتار؟ — دەپ ئېيتقان. بۇ ئۇنىڭ ئوۋ قىلىپ كېلەمدۇق، دېگىنى ئىدى. ساتتار ھامۇت ئۇ ھەرقېتىم فېرمىغا كەلگەندە، تاغدا بىرەر ـ ئىككى كۈن ئوۋ قىلماي كەتمەيدىغىنىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ ئاتتىن ئىككىنى تەييار قىلىپ، ئوقتىن يېتەرلىك ئېلىپ، بەشئاتارنى ئۆشنىسىگە قىيپاش قىلىپ ئاسقىنىچە ئەتىگەندىلا سۇلتان ئەلىنى تاغ ئارىسىغا باشلاپ ئېلىپ كەتكەنىدى.
توپ ـ توپ كەكلىكلەر چاتقاللىق ئارىسىدا قاقىلداپ سايراشقىنىچە يورغىلاپ يۈرۈشەتتى. ئاتتىن ئۈركىگەن چىل، بۆدۈنىلەر قاناتلىرىنى پالاقلىتىپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلەتتى ـ دە، ئۇن مېتىرچە ئۇچمايلا چاتقاللىق ئىچىگە ئۆزىنى ئېتىشاتتى.

ساتتار ھامۇت بۇلار ئۈچۈن ئۇقنى زايا قىلغۇسى كەلمىدى. پەقەت ئۇلاردىن (ئىزاھات: ئۇلار – تاغدا ياشايدىغان بىرخىل قىممەت باھالىق قۇش.) ئىككىنى ئېتىۋېلىش بىلەنلا كۇپايىلەندى. بىرسىنىڭ قانىتى سۇندۇرۇلۇپ، بىرسىنىڭ ئۈچەي - باغرى چۇۋۇۋېتىلگەن ئىككى ئۇلارنىڭ ئاللىقاچان سوۋۇپ كەتكەن جانسىز گەۋدىسى ساتتار ھامۇتنىڭ ئېتىنىڭ غانجۇغىسىدا ساڭگىلاپ تۇراتتى. تاغدا ئىنسان ئۈچۈن قۇۋۋەت ھەم دورىلىق ئۈنۈمى جەھەتتە ئۇلاردىن ئېشىپ چۈشىدىغان جانىۋار يوق. بۇنى سۇلتان ئەلى ياخشى چۈشىنىدۇ. ئۇ ھەرقېتىم ئۇلار گۆشىنى يەپ، شورپىسىنى ئىچىپ قېنىپ بىر ئۇخلىۋالغاندىن كېيىن، ۋۇجۇدىدا مەۋج ئۇرۇۋاتقان تەڭداشسىز كۈچنى، قۇتراۋاتقان روھىي ئېچىرقاشنى، يىگىتلىك چاغلىرىدا بولغان جۇشقۇن تەشنالىق ۋە تەلۋىلىكنى قايتىدىن ھېس قىلىدۇ. ئەمدى بۇغىدىن، بۇغا بولغاندىمۇ ياشلىق كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان ياش، ئەركىكىدىن بولغان بولسا - ھە؟ ئانداق - مۇنداق ئىش بولمايتتى - دە. ئۇ يېقىندىن بېرى ھېچكىمگە ئېيتالمايدىغان دەردۇ - غەم ھەم ئازابقا قالدى، بۇرۇنلاردىن ئىشقىۋازلىق قىلىپ يۈرگەن سالتاڭ چوكانلار پات - پات بولۇپ تۇرىدىغان بەزمە ئولتۇرۇشلاردا ھېلىمۇ ئۇنىڭغا تەلەپچان ئوتلۇق كۆزلىرى بىلەن بېقىپ تۇرىدۇ. ئاخشاملىرى تېلېفون بېرىپ ئۆيلىرىگە چىللايدۇ. ئوتتەك بارغۇسى بار، ئەمما بۇرۇنقىدەك ماغدۇرى يوق. قۇترىغان بۇغىدەك ئېتىلىپ كېلىپ باغرىغا باسقىنى بىلەن لەت بولۇشتىن قورقىدۇ. شۇڭا ئەمدى ئۇلار گۆشىنى يەپ، بۇغا قېنىنى ئىچىشكە، ئۆتكەن ياشلىقىنىڭ شېرىنلىكىنى ئەسلىتىپ تۇرىدىغان پىنھان ئىشرەت ئالدىدا قايسى بىر تېۋىپ ئاغىنىسى ياش ئەركەك بۇغىنىڭ يۇمران مۈڭگۈزىدە ياساپ بەرگەن مەجۇن دورىنى كاپ ئېتىشكە مەجبۇر...

بۇ يايلاقتا خۇددى تاغنىڭ باشقا جايلىرىدىكىدەك ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاش قاتتىق مەنئى قىلىنغان. ھۆكۈمەتنىڭ بۇ قانۇن پەرمانىنى بۇ يەردە ئىجرا قىلىدىغان ئادەمنىڭ بىرسى دەل ساتتار ھامۇت. لېكىن ئۇ بۈگۈن بۇ يۇرتنىڭ ئەڭ چوڭ كاتتىسى بىلەن كېتىۋاتقىنى ئۈچۈن بۇنداق قانۇندىن ئېشىپ چۈشىدىغان ھوقۇققا ئىگە. ئۇ شۇ تاپتا كۆزىگە چېلىقىپ قالغان بۇغا ئەمەس، ئۇنىڭدىن ئەتىۋارلىق ھايۋان بولسىمۇ ئىككىلەنمەي ئېتىشقا تەييار.

سۇلتان ئەلى بويىنىغا ئېسىۋالغان دۇربۇننى پات - پات جىلغىنىڭ ئىككى چېتىدىكى تاغقا توغرىلاپ تاغ قاپتىلىدىكى قارىغايلىقنى، تاش ئارىلىرىنى كۆزىتىپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ بىردىنلا ئېتىنى توختىتىپ دۇربۇننى بىر نۇقتىغا توغرىلىغىنىچە ھوشيارلىنىپ تۇرۇپ قالدى.

– توختا، بۆرە ... يەنە ئەتراپىدا بىر نېمىلەر بار،– ئۇ دۇربۇننى ساتتار ھامۇتقا ئۇزاتتى،– سەن قاراپ باقە، ئەنە، ئاۋۇ بۇلۇتنىڭ ئاستىغا،– قولى بىلەن كۆرسەتتى ئۇ،– قارىغايلىقنىڭ ئوڭ تەرىپىگە.

– كۆردۈم، كۆردۈم، – ساتتار ھامۇتنىڭ ئاۋازى ھاياجاندىن تىترەپ كەتتى،– يېنىدا باللىرى، ئاپتاپقا ئېلىپ چىقىپتۇ. بىر، ئىككى، ئۈچ، تۆت... ئەستا ئېنىق سانىغىلى بولمايۋاتىدۇ.

– قانداق قىلىمىز؟

– تۇتايلى! بىزگە ئامەت كەپتۇ ئاكا!

ئىككىيلەننىڭ كۆزلىرى ھەۋەس ۋە خۇشاللىقتىن ئوتتەك يېنىشتى. شۇ ياقنى كۆزلەپ

ئاتلىرىغا قامچە سېلىشتى.

كالتە قۇيرۇق كۆزى ئېچىلىپ يېڭىلا مېڭىشنى ئۆگەنگەن بالىلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئۆڭكۈر ئاغزىغا ئېلىپ چىقتى. خېلىلا ئىللىپ قالغان قۇياش نۇرى بۆرە كۈچۈكلىرىنىڭ تۈكلىرى ئۈستىدە ياللدايتتى. كۈچۈكلەر كۈچلۈك ئاپتاپنىڭ چېقىشىدىن كۆزلىرىنى چىمچىقلىتىپ راھەتلەنگىنىچە ئۇياق - بۇياققا يۈگۈرمەكچى، بىر بىرى بىلەن ئويىنماقچى بولاتتى. ئەمما تېخى پۇت، بەدەنلىرى قولاشمايتتى، يىقىلىپ چۈشەتتى، تۇمشۇقىنى تاشقا ئۇرۇۋالاتتى. شۇنداقتىمۇ شوخلۇق بىلەن ئوينىشىپ بىر - بىرىنى چىشلىشەتتى، پومداقلىشاتتى... ھەممىسى سېمىز، تاشتەك دۇپ - دۇملاق ئىدى. ئىسسىق تىنىقلىرىدىن سۈت ھىدى كېلەتتى. كالتە قۇيرۇق ئۆڭكۈرگە ئارقىسىنى قىلىپ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، بالىلىرىنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىگە ئىنچىكىلىك بىلەن سەپ سېلىپ ئولتۇراتتى. ئەمدى ئۇلارغا گۆش يېيىشنى، گۆش يېگەندىمۇ تەييار گۆشنى ئەمەس، تىرىك پاقلاننى قانداق تۇتۇپ، جېنىنى قانداق ئېلىشنى، ئاندىن قانداق يېيىشنى ئۆگىتىش كېرەك. كالتە قۇيرۇق بۇ ئىشنى ناھايىتى تەرتىپلىك قىلاتتى. ئۇ قوي پادىلىرىغا ھۇجۇم قىلىپ، باشقىنى ئەمەس، دەل پاقلاننى چىشلىگىنىچە ئۆڭكۈرگە تىرىك پېتىچە ئېلىپ كېلەتتى - دە، بالىلىرىنىڭ ئالدىغا تاشلاپ بېرەتتى. ئۇنىڭ نېمە، قايسى مەخلۇق ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن بالىلىرى بۇ كىچىك مەھكۇم ئەسىرگە دەسلەپتە قىزىقىش، ھەيرانلىق بىلەن نەزەر سېلىشاتتى، ئويناشماقچى بولاتتى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇنى تۇشمۇ - تۇشتىن چىشلەپ يىقىتىپ ئاستىغا باساتتى... ئۇلاردىكى ئۆملۈك، جەسۇرلۇق ۋە قورقۇمسىزلىق ۋۇجۇدىدا ئەنە شۇنداق يېتىلىپ باراتتى. ئەمدى بۇ بالىلىرىغىمۇ ھاياتلىقنىڭ بۇ تۇنجى قەدىمىنى قانداق بېسىشنى ئۆگىتىشى كېرەك. كالتە قۇيرۇقنىڭ ھەرقاچان، نېمە قىلىش كېرەكلىكى توغرىسىدا تەبىئىي رېفلېكسلىق شەپە بېرىپ تۇرىدىغان تۇيغۇن سەزگۈسى ئۇنىڭغا ئاشۇلارنى ھېس قىلدۇردى... بالىلىرى ئويناپ - ئويناپ ھارغان، زېرىككەن بولسا كېرەك، ئانىسىنىڭ ئەمچىكىگە يېپىشىپ كېلىشكە باشلىدى. ئەمما بالىلىرىنى تولا ئەمدۈرۈشتىن ئەمچەكلىرى بوشاپ، خالتىلىشىپ كەتكەن كالتە قۇيرۇق ئۆزىدىمۇ بىر خىل ئاچلىقنى سەزدى - دە، لىككىدە ئورنىدىن تۇردى. ئۇرۇلۇۋاتقان تاغ شامىلىنى پۇراپ باقتى. شامال بىلەن بىللە كېلىۋاتقان پۇراقتا ئۇ تەلەپ قىلغان ئولجىنىڭ مايلىشاڭغۇ، تونۇش، كۈچلۈك ھىدى ئارىلىشىپ كەتكەنىدى. كالتە قۇيرۇق ئۆڭكۈر ئاغزىدىن پەستىكى توپا رەڭ دۆمبەلگە سەكرەپ چۈشتى. كۈچۈكلەر شۇ ئان ئۆڭكۈر ئاغزىدىن پەسكە بېشىنى سوزۇشۇپ ئەنسىز غىڭشىشقا باشلىدى. ئەمما ئۇلار ھەرقانداق قىلىپمۇ پەسكە سەكرەشكە جۈرئەت قىلالمايتتى. كالتە قۇيرۇق بالىلىرىغا قاراپ قويدى - دە، تاغ قاپتىلىنى بويلاپ شىمالغا قاراپ سوكۇلداپ يۈرۈپ كەتتى. شۇ چاغدا سۇلتان ئەلى بىلەن ساتتار ھامۇت ئاتلىرىنى جىلغىغا ئۇتقا قويۇۋېتىپ، ئۆزلىرى قېلىن چاتقاللىق ئارىسىدا دۇربۇننى ئۆڭكۈرگە توغرىلىغىنىچە مۆكۈپ ياتتى.

— ئاپلا، ئانىسى كېتىپ قالدى،— يوتىسىغا شاپىلاقلىدى ساتتار ھامۇت دۇربۇننى كۆزىدىن ئېلىپ،— بالدۇر قول سالساق بوپتىكەن.

— دۇربۇننى ئەكەل،— دۇربۇننى سۇلتان ئەلى كۆزىگە توغرىلىدى،— ئۆڭكۈر ئاغزىدا بالىلىرى تۇرامدۇ، ئەنە.

– يىلاننى ئۇرساڭ بېشىغا ئۇر، دېگەن بار ـ دە!
– بېشىغىمۇ ئۇرىمىز، تېخى، جۇر!
ئىككىيلەن بار كۈچى بىلەن تاغقا قاراپ يامىشىشقا باشلىدى. سۇلتان ئەلى ئېغىر پۇشۇلدايتتى، باش ـ كۆزىدىن پۇرقىراپ تەر قۇيۇلاتتى. ئۇ كالتە جۇۋىسىنى سېلىپ تاغنىڭ يېرىم قاپتىلىدا تاشلىۋېتىۋىدى، خېلى يېنىكلەپ قالغاندەك بولدى. ساتتار هامۇتنىڭ مۆرىسىدە تاغار، قولىدا ئوقلانغان مىلتىق، ئۇ يەنە بىر قولىدا سۇلتان ئەلىنىڭ قولىدىن تارتقىنىچە تاغقا قاراپ جان ـ جەهلى بىلەن ياماشماقتا ئىدى. هەر ئىككىلىسى دۆمبەلگە يامىشىپ چىقىپ توختىدى. ئۆڭكۈر ئۈلارنىڭ بېشى ئۈستىدىلا قارىيىپ كۆرۈنەتتى. ئۆڭكۈرنىڭ ئۈستىدىن ئارچا، زىرىق، قاغىنەك شاخلىرى ساڭگىلاپ تۇراتتى. بۆرە كۈچۈكلىرى تۇغۇلۇپ تېخى كۆرمىگەن بۇ ئىككى غەلتە مەخلۇققا يۇقىرىدىن هوشيارلىنىپ جىمجىت تىكىلىپ قاراشتى. ئۇلارنىڭ يالتىراپ تۇرغان كىچىككىنە كۆزلىرىدە هەيرانلىق، قورقۇش هەم قىزىقىش ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.
– قېنى بول، مىلتىقنى ماڭا بەر!
– بىللە چىقايلى ئاكا، كۈتۈلمىگەن بىر ئىش بولۇپ قالسا...
– ئەستا، بەك تىككەن، چىقالمىغۇدەكمەن ساتتار!
– ئەمىسە مۆرەمگە دەسسىسىلە.
– مۆرەڭگىمۇ؟ ئەجەب گەپكە ئۇستا سەن ـ هە؟ سەن چىقىپ قولۇمنى تارت!
ئىككىيلەن يامىشىپـ تىرمىشىپ ئاخىر ئۆڭكۈر ئاغزىغا چىقىشتى، بۆرە كۈچۈكلىرى ئەمدىلا يېتىشۋاتقان تەبىئىي سەزگۈسى بىلەن شۇ چاغدىلا ئۆزلىرىگە كېلىۋاتقان خەۋپنى هېس قىلىشتى ـ دە، ئىككىسىگە تەڭلا هۆرپىيىپ خىرقىراشقا باشلىدى. ئۇلار نە چېكىنىشنى، نە ئۆڭكۈر ئىچىگە قېچىشنى بىلمەيتتى. ئۇلار كۆزلىرىنى چەكچەيتكىنىچە بىر يەرگە يىغىلىۋېلىشقانىدى.
– ۋاي، هەممىسى بەشكەن، بەش قوي تىرىلدى دېگەن گەپ مانا!– خۇشاللىقىدىن ۋارقىرىۋەتتى سۇلتان ئەلى. ساتتار هامۇت مىلتىقنى كۈچۈكلەرگە توغرىلىدى:
– قانداق قىلاي ئېتىۋېتەيمۇ؟
– ئەخمەق! ئوقنى زايا قىلماقچىمۇسەن؟ تاغارنى ئەكەل! تاغارغا سېلىپ ئاپىرىپ فېرمىدىكىلەرگە كۆرسىتىمىز. ها...ها...ها... ساڭا بېرىلىدىغان مۇكاپاتنىڭ ئۈستىگە بىر قېتىمدا بەش بۆرىنى يوقاتقان دېگەن نامىڭ بىراقلا چىقىدىغان بولدى ساتتار!
سۇلتان ئەلى تاغارنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ تۇردى. ساتتار هامۇت بۆرە كۈچۈكلىرىنى تۇتۇش ئۈچۈن خۇددى كۈچلۈك رەقىبى بىلەن چېلىششقا تەييارلانغاندەك ئېڭىشىپ، قولىنى سوزۇپ كەلدى. ئەمما كۈچۈكلەر بۇ قولدىن ئۆزىگە كەلگەن ئۆلۈم خەۋپىنى سەزگەندەك ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن ئېتىلىپ چىشلىمەكچى بولدى. چىشلىرى گۆرۈچتەك ئۇششاق، ئاجىز بولۇشلىرىغا قارىماي خۇددى هەرە چىشىدەك تىكلىشىپ تۇراتتى. ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنى هىمايە قىلىپ خىرقىراشلىرى كاداڭ بۆرىنىڭ رەقىبىگە هۇجۇم قىلىش ئالدىدىكى هەيۋەتلىك خىرىسلىرىغا ئوخشايتتى. مارجاندەك كىچىك كۆزلىرىنىڭ غەزەپلىك ئۇچقۇنلىرىدا هاياتلىق ئۈچۈن قەيسىرانە ئېلىشىش ۋە ئۆزىنى پىدا قىلىش روهىي يالقۇنلاپ تۇراتتى. ساتتار هامۇت كۈچۈكلەرنى قاماللاپ تۇتۇش بىلەن تەڭ كۈچۈكلەر ئۇنىڭ قولىغا غەزەپ بىلەن ئېغىز سالدى. ئەمما ساتتار هامۇت

بىرلىرىنىڭ تۇمشۇقىنى قاماللاپ مۇجۇپ، بىرلىرىنىڭ باش- كۆزىگە يوغان مۇشتلىرى بىلەن مۇشتلاپ ھەش- پەش دېگۈچە تاغارغا سولاپ ئۈلگۈردى. كۈچۈكلەر تاغار ئىچىدە تىنىمسىز يۇلقۇناتتى. ئۆزىنى ھەر تەرەپكە ئۇراتتى، غىڭشىيتتى، خىرقىرايتتى. ئىككىيلەن ئۈستىگە قانداقتۇر بىر خەۋپنىڭ يوپۇرۇلۇپ كېلىشىدىن قورققاندەك، سۇلتان ئەلى مىلتىقنى، ساتتار ھامۇت تاغارنى كۆتۈرگىنىچە پەسكە قاراپ ئۆلە- تىرىلىشىگە قارىماي يۈگۈرۈشكە باشلىدى. ماغدۇرىدىن كەتكەن سۇلتان ئەلى ئاتنىڭ يېنىغا كېلىپ ئېغىر گەۋدىسىنى قۇرۇق ئەمەن ئۈستىگە "گۈپ" قىلىپ تاشلىدى.

— ھالىم قالمىدى، ئۇھ، ۋىييەي، ۋاي مەيدىمەي...— مەيدىسىنى تاتىلاپ ئېغىر نەپەس ئالاتتى ئۇ. ساتتار ھامۇت تاغارنى تاشلاپ سۇلتان ئەلىنىڭ يېنىغا كەلدى. ئۇ سۇلتان ئەلىنىڭ يۈرەك كېسىلى بارلىقىنى، كۈتۈلمىگەندە پات- پاتلا قوزغىلىپ قالىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ بىردىنلا تەشۋىشكە چۆمدى.

— بىر يەرلىرى ئاغرىۋاتامدۇ ئاكا؟

— بىردەم ئارامىمغا قوي، خۇشال بولۇپ كېتىۋاتىمەن،— سۇلتان ئەلى ئۆزىنى ئوڭدىسىغا تاشلاپ خىر - خىر قىلىپ كۈلدى،— بەش بۆرە؟ تووۋا، مۇشتۇمچىلىك تۇرۇپ تەرى شۇنچە سۈرلۈك، پەيلى شۇنچە يامان، چوڭلىرى قانداق بولىدىغاندۇ؟ ئادەمنى تىرىك يەۋېتىدىغان ئوخشايدۇ!

— يەۋېتىدۇ، قارىماملا، مۇشۇ چېغىدا قوللىرىمنى چىشلەپ تاتىلاپ شوخا جىجىغاندەك قىلىۋەتكىنىنى.

ساتتار ھامۇت سۇلتان ئەلىنى يۆلەپ ئاتقا مىندۈردى. ئۆزى تاغارنى ئىگەرنىڭ كەينىگە ئارتىپ، چۆرىسىنى چۇپۇر ئارغامچا بىلەن مەھكەم قىلىپ تاڭدى. ئۇ شۇتاپتا خۇددى ئۇرۇشتىن زەپەر قۇچۇپ قايتقان ئەسكەردەك خۇشال ھەم مەغرۇر. چۈنكى بۇ يايلاقتا فېرما قۇرۇلغاندىن بۇيان بىرەرسى بەش بۆرىنى تىرىك تۇتۇپتۇ دېگەننى ھېچكىم ئاڭلاپ باقمىغان. پەقەت ئۆتكەن يىلى قىشتا ساتتار ھامۇتنىڭ ئالدىدا بۆرە يوقىتىش ئەترىتىنىڭ دۈيجاڭى بولۇپ ئىشلىگەن رازاق كەنجى ئادەملىرىنى باشلاپ ئۈچ بۆرە كۈچۈكىنى قاردا قوغلاپ تۇتۇۋالغان. شۇ كۈنى مۇشۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئۆيىدە بولۇنغان تەنتەنە، ماختاشلار، بارىكاللا ئېيتىشلار، بەزمە، تاماشا، ئىچىش، يېيىش تاكى يېرىم كېچىگىچە داۋام قىلغان. لېكىن رازاق دۈيجاڭ ئەتىسى ھېچكىم ئويلىمىغان پاجىئەلىك ۋەقەگە دۇچ كەلگەنىدى. ئۇ ئەتىگەندىلا نىشانلىق يەرگە قويۇلغان قاپقانلارنى يوقلاپ كېلىش ئۈچۈن ئېتىغا مىنىپ چىقىپ كەتكەنچە، چۈشتىن كېيىنمۇ قايتىپ كەلمىگەن، بىر چاغدا يالغۇز ئاتنىڭلا قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتكەن ئوغلى ھەمراھلىرىنى باشلاپ ئىزئىزدەپ تاغ ئارىلىرىنى ئاختۇرۇپ پەقەت كەچكە يېقىنلا دادىسىنىڭ كۆك يايلىلىق بىر ئەركەك بۆرە بىلەن ئېلىشقىنىچە قېتىپ قالغان ئۆلۈكىنى ئېلىپ كەلگەنىدى. بىراق، مۇشۇ پالاكەتچىلىكنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تىرىك تۇتۇلغان ئۈچ بۆرە رازاق كەنجىنىڭ ئائىلىسىگە قالتىس ئامەت ئېلىپ كەلدى. شەھەرلىك ھايۋاناتلار باغچىسىدىن مۇشۇ تەرەپلەرگە تىرىك بۆرە سېتىۋالىمەن دەپ كېلىپ خېلى ۋاقىتتىن بېرى فېرما شتابىدا ياتاق تۇتۇپ ياتقان بىرسى ئۈچ بۆرە كۈچۈكىنى مالچىلار ھەيران قالغۇدەك دەرىجىدە كۆپ پۇلغا سېتىۋالغانىدى. ساتتار ھامۇت كېتىۋېتىپ، ئارقىسىدىكى تاغارنى ئۈستىدىن بوش سىلاپ قويدى. ئۈچ بۆرە... ئۇلارنىڭ ساتقىنى ناھايىتى ئۈچ

بۆرىغۇ، ساتتار ئەمدى ئۇچىنى ئەمەس بەشىنى ساتىدۇ!
ئىككىيلەن ئۆيگە كېلە - كەلمەي بۇ خەۋەر قىرمىدىن تارتىپ قوتان - قوتانغا خۇددى قارا بوراندەك يېيىلدى. ئىشنىڭ داغدۇغىسى ئۇنىڭدىن كېيىن قانچىلىك بولاتتىكىن؟ لېكىن ساتتار ھامۇت ئاتقا ئارتىۋالغان تاغارنى يېشىپ يەرگە قويۇپ ئاغزىنى ئاچتى - دە، كۆنۈلمىگەن مەنزىرىدىن كۆزلىرى چەكچىيىپ، داڭ قېتىپ تۇرۇپ قالدى:
– نېمە ئۆلتۇرۇپ كەتتىڭ؟ ئالماسەن تاغاردىن!
– ئەستا ماۋۇ ئىشنى.
– نېمە بوپتۇ؟
– قارىسىلا ھېچقايسىسى مىدىر - سىدىر قىلمايدىغۇ.
– ئۆلۈپتۇ - دە! تۇنجۇقۇپ ئۆلگەن گەپ!– شالىنى چاچقىلى تۇردى سۇلتان ئەلى تاغارنىڭ ئىچىگە قاراپ بېقىپ، سەن دۆت، ئەخمەق... ھېچبولمىسا تاغاردىن تۆشۈك ئېچىپ قويساڭ بولماسمىدى.
– نېمە بىلەي؟– غۇدۇڭشىدى ساتتار ھامۇت ئەلىمىنى ئىچىگە يۇتۇپ.
– ھېلىمۇ كېرەك يوق. ئۆلىكى بولسىمۇ ھېساب. ھامان ئۆلتۈرۈلەتتى ئەمەسمۇ،– سۇلتان ئەلى شۇنداق دېدى - دە، ماشىنىنىڭ يېنىغا كەتتى ۋە شوپۇرنى چاقىرىپ دېدى:
– شەھەرگە بېرىپ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرىنى ئېلىپ كەل، يول ئۈستىدە سادىر چاگجاگغا خەۋەر قىلىپ قوي، مۇھىم ئىش بارىكەن دېگىن، دەرھال كەلسۇن، توختا، بىرەر ساز - پارچى ئېلىپ كېلىشنى ئۇنتۇمىسۇن!
شوپۇر كېتىپ بىرەر سائەتلەردىن كېيىن سادىر ئىسمايىل قەيسەرنى باشلاپ ئاتلىق يېتىپ كەلدى. ئۆلگەن بۆرە كۈچۈكلىرى ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىغا تاشلاپ قويۇلغانىدى.
– بۇلارنى تۇتۇپ ئۆلتۈرگىچە،– دېدى سۇلتان ئەلى ئىككىسىنى بۆرە ئۆلىكىنىڭ يېنىغا باشلاپ كېلىپ،– تاس قاپتۇ ساتتار جېنىدىن ئايرىلغىلى.
سادىر ئىسمايىل ھوشيارلىنىپ ساتتار ھامۇتنىڭ باش – كۆزىگە قارىدى:
– ۋاي شۇنداق بولدىمۇ، ساتتار دۇيجاڭ!
– بۆرە ئۆلتۈرۈش رەھبەرلىك تاپشۇرغان ۋەزىپە بولغاندىن كېيىن خەۋپ – خەتەر بىلەن ھېسابلىشىپ كەتمەيمەن - دە،– ماختىنىپ سۆزلەپ كەتتى ساتتار ھامۇت.
– كۈچۈكى بولسىمۇ چوڭ بۆرىگە ھېساب! – سادىر ئىسمايىلنىڭ ھاياجانلىق ئاۋازىدىن ئۇنىڭ ئارتۇقچە خۇشال بولۇۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى،– بىر كۈنى مالچىلارغا ئۇختۇرۇش قىلايلى، ھەممىسى يىغىلسۇن، سىزنى ئۇلارنىڭ ئالدىدا بەش قوي بىلەن مۇكاپاتلايمەن!
– قېنى، مېھمانلار، ئۆيگە كىرەيلى، – دېدى ساتتار ھامۇت قوللىرىنى ئىشقىلاپ.
– قېنى، قېنى ...
– قېنى، سىجاڭ ئۆزلىرى...
شۇتاپتا قەيسەر يۇلتۇزنى كۆرۈش ئىستىكىنى ئەستىن چىقارغان. كۆزى، خىيالى ئالدىدىكى مۇنۇ ئۆلگەن بۆرە كۈچۈكلىرىدە. بايا سادىر ئىسمايىل ئۆيگە بېرىپ "ئاتنى توقۇۋاڭ، ساتتار دۇيجاڭنىڭ ئۆيىگە بارىدىغان بولۇپ قالدۇق" دېگەن چاغدا، ئۇ"مۇشۇ باھانىدە يۇلتۇزنى كۆرۈۋالىدىغان بولدۇم" دەپ قانچىلىك خۇشال بولغان

بولسا، ئەمدىلىكتە ئالدىدىكى مۇنۇ قاباھەتلىك مەنزىرىنى كۆرۈپ كۆڭلى شۇنچىلىك ئەسكى بولدى.

— جۈرۈڭ،— دېدى سادىر ئىسمايىل قەيسەرگە. سۇلتان ئەلى قەيسەرگە بىرخىل ئۆچلۈك نەزەرى بىلەن قاراپ قويۇپ ئىشىك تەرەپكە ماڭدى.

— ماڭسىلا، ماڭسىلا،— قەيسەرنى ئالدىراتتى ساتتارھامۇت.

— ماقۇل، مەن ھازىرلا...،— قەيسەرنىڭ ئاۋازى بوغۇلۇپ تىترەپ كەتتى. مېھمانلارنىڭ ئۆيگە كىرىپ كەتكەن - كەتمىگەنلىكى ئېسىدە يوق. بۆرە كۈچۈكلىرىنىڭ - مۇنۇ ئانىسىنىڭ قورسىقىدىن تۇغۇلۇپلا ھالاكەتكە دۇچ كەلگەن بەختسىز جانىۋارلارنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرىنى كۆرۈپ، ئىچ - ئىچىدىن يىغا تۇتۇپ كەتتى. ئۇلارنى بىر - بىرلەپ ئېلىپ باغرىغا بېسىپ، ئاللىقاچان سوۋۇپ كەتكەن يۇمران گەۋدىسىنى بەدىنىنىڭ ھەسرەتلىك قىزىق ھارارەتلىرى بىلەن ئىسسىتقۇسى كەلدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئالدىدا بۆرە كۈچۈكلىرى دۇنياغا يېڭىلا كۆز ئاچقان بېقىنغۇچى ئاجىز ھالىتى بىلەن بوۋاقتەك ئوماق، پاك - گۇناھسىز ۋە ئۇلۇغ ئىدى. مۇشۇ ساتتار دۈيجاڭ... ئۇنىڭ يۈلتۈزىنىڭ ئىسمى، مېھرى - مۇھەببىتى بىلەن قوشۇلۇپ كەتكەن ئىسمى، سىماسى قەيسەرنىڭ ئالدىدا نەقەدەر يۈكسەك، چىرايى نەقەدەر ئىسسىق ئىدى ـــھە؟ بۇرۇن قەلب تۆرىدىن ئورۇن بېرىپ، ئىسمىنى ھۆرمەت بىلەن زىكرى قىلىپ كەلگەن بۇ ئادەمنىڭ يۈكسەك سىماسى مانا ئەمدىلىكتە كۆز ئالدىدا بىردىنلا خىرەلىشىپ، ئىچ - ئىچىدىن ئۆچلىكىنى، غەزەپ - نەپرىتىنى قوزغىماقتا. سادىر ئىسمايىلچۇ؟ ئۇ خېلى ۋاقىتتىن بېرى قەيسەرنىڭ نەزەرىدە دوست، مەكتەپداش ۋە ئىقتىدارلىق رەھبەر سۈپىتىدە ھۆرمەتلىنىپ كېلىۋاتقان ئادەم، لېكىن ئۇنىڭ بايا ساتتار ھامۇتقا نېمە دېگىنى؟ ئۇ ساتتار ھامۇتنى ئۇنىڭ رەھىمسىزلىكى ھەم ياۋۇزلۇقى ئۈچۈن بەش قوي بىلەن مۇكاپاتلىماقچى! قەيسەر مۇشۇلارنى ئويلىغانسېرى يۈرىكىنىڭ قات-قېتىغا دەز ماڭغاندەك بولۇپ، خۇددى ئۇشتۇمتۇت كېسەل تەگكەندەك ئىچ - ئىچىدىن مۇزلاپ، بېشى قېيىپ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. بىر چاغدا ئىسسىق، يۇمشاق بىر قول ئۇنىڭ يەلكىسىگە تەگدى.

— يائاللا ئۇكام، كۈنلەپ - كۈنلەپ قارىغاي كۆچەتلىرى بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرگەنلىكىڭىز ئاز كەلگەندەك، ئەمدى ئۆلگەن بۆرە كۈچۈكلىرىنى تەتقىق قىلغىلى تۇردىڭىزمۇ؟

— ھەيران قېلىۋاتىمەن،— دېدى قەيسەر سادىر ئىسمايىلغا بىرخىل ئىستىھزالىق نەزەر بىلەن قاراپ،— ياۋايى ھايۋانلارنى ئۆلتۈرۈش بۇيەردە گۇناھ ھېسابلانماي، تۆھپە ھېسابلىنامدۇ؟

— قانداق دەيسىز؟

— سىزنىڭ ساتتار دۈيجاڭنى بەش قوي بىلەن مۇكاپاتلىماقچى بولغانلىقىڭىزغا قاراپ دەۋاتىمەن.

— ئۇنىڭ ئۆلتۈرگىنى بۆرە ئەمەسمۇ.

— بۆرە بولغىنى ئۈچۈنلا، ئۇنى ئۆلتۈرگەنلەر مۇكاپاتلىنىشى كېرەكمۇ؟

— شۇنداق، بۆرىنى ئۆلتۈرۈش توغرىسىدا يۇقىرىنىڭ يوليورۇقى بار. بىزنىڭ نىشانىمىز بۇ يايلاق تەۋەسىدە بىرمۇ بۆرىنى قويماسلىق، بولسا ئۇرۇق - ئۇجۇقىنى قۇرۇتىۋېتىش، بىز بۇ ھەقتە يەنە كونكرېت بەلگىلىمە چىقارغان، بىر بۆرىنى

ئۆلتۈرگەنلەرگە بىر قوي مۇكاپات!
― بۇ ئەخمەقلىق! ― دېدى قەيسەر بىردىنلا ئۆكۈرۈپ، ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ،― ئۇچىغا چىققان ئەخمەقلىق! توۋا، بۇ ئادەملەرگە نېمە بولغاندۇ ـ ھە؟
― ھاياجانلانماڭ،― بوش، ئەمما جىددىي ئاھاڭدا دېدى سادىر ئىسمايىل،― سىز چارۋىچىلارنىڭ چارۋىلارنى قانچىلىك جاپالىق شارائىتتا باقىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ بىلمەيسىز. چارۋىچىلارنىڭ ھاياتىنىمۇ ھازىرچە چۈشەنمەيسىز. مەن سىزگە ئېيتسام، تاغ شارائىتىدا مال ـ چارۋىلارنىڭ بىرىنچى نومۇرلۇق دۈشمىنى بۆرە. چۈنكى ئۇنىڭ چارۋىلارغا زىيان كەلتۈرۈش خەۋپى ھەرقاچان، ھەر زامان مەۋجۇت.
― بىراق دېگەنلىرىڭىزنىڭ ھېچقايسىسى بۆرىلەرنى تۈپ نەسلىدىن قۇرىتىۋېتىشقا ئاساس بولالمايدۇ،― ئۆز گېپىنى كۈچلۈك دەلىللەشكە كىرىشتى قەيسەر،― سىلەر نېمە ئۈچۈن چارۋىلارنى كۆپەيتىش مەقسىتىگە بۆرىلەرنى يوقىتىش يولى بىلەن يەتمەكچى بولىسىلەر؟ نېمە ئۈچۈن ئۆزۈڭلارنىڭ ئاجىز، ئىقتىدارسىزلىقىڭلار تۈپەيلىدىن تارتقان زىيانلىرىڭلار بۆرىلەرگە دۆڭگەپ قويىسىلەر؟ بۇ ئادالەتسىزلىك سادىر چاڭجاڭ! بىز بۆرىلەر ئۈستىدىن رەھىمسىزلەرچە قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈۋېتىپ ئېغىر، ھەتتا مىسلىسىز ئېغىر خاتاغا يول قويىۋاتقان بولىشىمىز مۇمكىن.
― خاتاغا دېدىڭىزما؟ ھا...ھا...ھا...!― تەنىلىك كۈلدى سادىر ئىسمايىل،― ھەي... سىز يەنىلا كىچىك جۇمۇڭ، سىز بۇ بۆرىلەر توغرىسىدا ھېچنېمە بىلمەيدىكەنسىز، ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرۈپ باققان بولسىڭىز، ئۇنىڭ قانچىلىك ياۋۇز، يىرتقۇچ ھەم ۋەھشىيلىكىگە ئىشىنەتتىڭىز.
― بۆرىلەرنىڭ ياۋۇز يىرتقۇچ ھەم ۋەھشىيلىكىنى بىلىمەن. نېمىشقا بىلمەيدىكەنمەن؟ بىراق شۇنىڭ ئۈچۈنلا ئۇنىڭغا "زىيانداش" دەپ تەبىر بېرىدىغان بولساڭلار، بۇ گەپ بۇلغۇنكى كۈندە ئاقمايدۇ. چۈنكى يەرشارىدىكى بارلىق جانلىقلاردا ھاياتلىق ئۈچۈن ئىزدىنىش ۋە ئۆزىنى قوغداش ئىقتىدارى بولىدۇ. پەقەت ئۇلارنىڭ بۇنى ئىپادىلەش ئۇسۇلىلا ئوخشىمايدۇ. مەسىلە شۇيەردىكى، ۋۇجۇدىمىزدا يامراپ كەتكەن تەبىئەتتىن ياتلىشىش ھادىسىسى تۈپەيلىدىن بىز ھەددىدىن زىيادە رەھىمسىز بولۇپ كەتتۇق، شۇڭا جانلىقلاردىكى ئاشۇ خىل ئىقتىداردىن ئۆلگۈدەك قورقىدىغان ھالەتكە چۈشۈپ قالدۇق. ئەمدى ئۆز گېپىمىزگە كېلەيلى، بىز ئىنسانلار بۆرىلەر ھەققىدە نېمىلەرنى بىلىمىز؟ بۇ ۋەھشىي، سىرلىق مەخلۇقنى زادى قانچىلىك چۈشىنىمىز؟ بىز نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىنسانلارغا يەتكۈزگەن زىيىنىنى ئويلىغان چېغىمىزدا، پايدىلىق رولىنىمۇ ئويلاپ باقمايمىز؟
― نېمە، نېمە دەۋاتىسىز، پايدىلىق رولى؟― سادىر ئىسمايىلنىڭ ھەيرانلىقتىن كۆزلىرى چەكچىيىپ كەتتى.
― بۆرىلەر تېگى ― تەكتىدىن ئېيتقاندا ئىنسانلارغا پايدىلىق،― بىرخىل سالماق ئاھاڭ بىلەن داۋام قىلدى قەيسەر،― چۈنكى ئىنسان ھاياتلىقىنى كاپالەتلەندۈرگۈچى دۇنياۋى ئېكولوگىيىلىك زەنجىرنىڭ بىر ھالقىسى بۆرە. بۇ ھالقا ئۈزۈلسە نېمە بولىدۇ، ئىنسان قايسى بىر پاجىئەگە دۇچ كېلىدۇ؟
― بولدى، ئۇكام بولدى، سىز بىلەن بۇ ئىشتا زادى گەپ تالاشقۇم يوق،― دېدى سادىر ئىسمايىل قەيسەرنىڭ گەپلىرىدىن زېرىككەندەك بولۇپ،― جۇرۇڭ ئەمدى، ئاۋۇلار ساقلاپ قالدى. لېكىن ـ زە، سورۇندا بۆرە ـ پۆرە دېگەن گەپلەرنى قويۇڭ، سازنى

ئوبدانراق چېلىپ بېرىڭ.
ئۆيگە كىرىپ كېتىۋاتقان قەيسەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ بىردىنلا ئىشىك ئالدىدا توختاپ قالدى.
— سىز شۇڭا مېنى بىللە ئەكەلگەنمىدىڭىز؟
— ئاڭلىسام دۇتارنى قالتىس بەلەن چالىدىكەنسىز.
— دۇتارنى ئەمەس، گىتارنى، لېكىن ئۇنىڭدىمۇ ئانچە ئەمەس،— تۈزەتتى قەيسەر.
— دۇتار نېمە، گىتار نېمە؟ ھەممىسى ئوخشاش. ئوت چىقىرىۋېتىسىز ـ دە، بۈگۈن سورۇندا ئۇكام، قېنى جۈرۈڭ.
— كەچۈرۈڭ سادىر چاكاڭ، دۇتار چالسامۇ چالارمەنۇ، ئەمما سورۇندا باشلىقلارغا دۇتار چېلىپ بېرىدىغان ئادەت مەندە يوق.
— توختاڭ، توختاڭ، نېمە قىلىۋاتىسىز؟ — ئالدىنى توستى سادىر ئىسمايىل، — بۈگۈن يۈزۈمنى قىلمىسىڭىز رەنجىپ قالىمەن جۇمۇڭ!
— رەنجىگەن كۆڭلىڭىزنى بىر كۈنى ھامان ئېلىۋالىمەن، ئەمما بۈگۈن ئالدىمنى توسماڭ.
قەيسەر موما ياغاچتىن ئاتنىڭ ئارغامچىسىنى يەشتى، باغلاقتىن زېرىككەن ئات يۈگۈرۈشكە ئىنتىلىپ قەيسەرنىڭ قولىدا ئويناقلاپ تۇراتتى. قەيسەر ئۆزەڭگىگە دەسسەپ ئاتقا ئەپچىللىك بىلەن مىندى. ئات سەۋرسىزلىك بىلەن تىزگىننى تارتىپ تاشيول تەرەپكە تېزلىك بىلەن يۈرۈپ كەتتى.
— ھەي، توختاڭ! قانداق قىلغىنىڭىز بۇ سىزنىڭ ؟ — توۋلىدى سادىر ئىسمايىل ئارقىسىدىن ئىككى ـ ئۈچ قەدەم چامداپ. ئات ئاللىقاچان تاشيولغا چىقىپ بولغانىدى. سادىر شۇ چاغدا قولنى ئۈمىدسىزلىك بىلەن سىلكىپ، ئۆيگە قايتىپ كىرىۋېتىپ ئەلەملىك غۇدۇڭشىدى،— غەلىتە مىجەزى بار ئىكەن بۇنىڭ، ئەجەپ بۇرۇن بىلمەپتىمىنا؟
كەچ كىرىۋاتاتتى. ساتتار ھامۇت ئامبار ئۆيدىن كىچىك ئېلېكتىر ماتورنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، قوتاننىڭ يېنىغا قويدى. بۇرۇن تارتىقلىق سىملىرىنى ئۇلاپ چاتتى ـ دە، ماتورنىڭ ئوت ئالدۇرغۇچىسىغا تانا ئوراپ ئۈچىنى بىرلا تارتىپ ئوت ئالدۇردى، يېنىك گۈرۈلدىگەن ئاۋاز بىلەن تەڭ ئۆي ئىچى خۇددى كۈندۈزدەك يورۇپ كەتتى. سۇلتان ئەلى بىلەن سادىر ئىسمايىلنىڭ پارىڭى فېرمىنىڭ بۇ يىلقى چارۋىچىلىق تەرەققىيات ئەھۋالى، شەھەرنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇش ۋەزىيىتى، ئىچىلىۋاتقان نېفىتلىك، شەھەرنىڭ سىرتىدىن كېسىپ ئۆتىدىغان تۆمۈر يول... دېگەندەك ئىشلار ئۈستىدە كېتىۋاتاتتى. بىر چاغدا سىرتتا كىچىك ماشىنىنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى، ھايال ئۆتمەي شوپۇر تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مۇخبىرىنى ئۇدۇل مېھمانخانا ئۆيگە باشلاپ كىردى.
— ھەببەللى، غوپۇرجان، ئايىغىڭىز يېنىك جۇمۇ سىزنىڭ! يۇقىرى چىقىڭ، مەشەگىلا كېلىڭ!— سۇلتان ئەلى ئۇنىڭغا يېقىنلىق قىلىپ يېنىدىن جاي كۆرسەتتى،— ئۇنىۋېرسال مۇخبىر بۇ!— غوپۇرجان يېنىغا كېلىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، يەلكىسىگە يېنىك ئۇرۇپ قويدى،— ئۆزى سۈرەتكە ئالىدۇ. ماقالىسىنى ئۆزى يازىدۇ، گەپلىرى چاقماقتەك ھا... ھا... ھا...
مۇخبىر سۇلتان ئەلىنىڭ ئارتۇقچە ماختاشلىرىدىن خىجىل بولۇپ، بېشىنى ئېگىپ

جىم بولدى. سۇلتان ئەلىنىڭ كەيپى چاغ ئىدى. ئۇ مۇشۇنداق چاغلىرىدىلا، يېنىدىكىلەرنى چوڭ ـ كىچىك دىمەي، ئۇلارغا چاقچاق قىلاتتى. ئىلتىپات كۆرسىتەتتى. بىر چاغدا ساتتار هامۇت مېهمانلارنىڭ قولىغا سۇ بەرمەكچى بولۇپ، بىر قولىدا ئىۋرىق، بىر قولىدا چىلاپچا كۆتۈرۈپ مۇرىسىگە لۆڭگە ئارتىپ ئۆيگە كىردى ۋە بىرىنچى بولۇپ سۇلتان ئەلىنىڭ ئالدىغا كەلدى.

ـ مۇنداق ئىش ئىدى، غوپۇرجان،ـ دىدى سۇلتان ئەلى قولىنى ئىلمان سۇدا ئۇچ قېتىم چايقاپ، قولىنى تۇخۇم سېرىقى رەڭلىك پاكىز لۆڭگىدە سۈرتىۋېتىپ،ـ بۈگۈن قېرىمىدا ئالامەت بىر ئىش بوپتۇ، ئاڭلىغانسىز؟

ـ كېلىۋېتىپ ئاڭلىدىم ئاز ـ تولا.

ـ ئەمىسە تەپسىلىي ئاڭلاڭ. بۈگۈن مۇشۇ ئۆينىڭ ئىگىسى ساتتار دۈيجاڭ بىر ئەمەس، بەش بۆرىنى ئۆلتۈرۈپ ئۆلۈكىنى ئېلىپ كەلدى، خۇددى بىر جەڭچى بەش دۈشمەننى يوقاتقاندەك.

ـ مەن يالغۇز ئەمەس، ئاكامۇ بار،ـ ئالدىراپ سۆز قىستۇردى ساتتار هامۇت.

ـ مەن يېنىدا بولغان بىلەن قول سېلىپ ئۆلتۈرگەن ساتتار ـ دە. هېسابلاپ كۆرۈڭ، بەش بۆرىنى يوقىتىش قانچىلىك قوي ـ كالىلارنى ئاۋۇتۇش بىلەن باراۋەر؟ بۇ قېرىمنىڭ چارۋىچىلىقىنى يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن قوشۇلغان تۆهپە، قالتىس چوڭ تۆهپە، ئەمدى سادىر چاڭجاڭ بەلگىلىمە بويىچە ساتتارنى بەش قوي بىلەن مۇكاپاتلىماقچى، بۇ هەقتە بىر پارچە مەخسۇس خەۋەر ئىشلەڭ، ئەتە كەچتىلا تارقىتىڭلار.

ـ ماقۇل، خەۋەرنى هېلىلا يېزىپ پۈتتۈرۈۋېتەي، سۈرەتنى ئەتە ئالاي.

ـ ئالدىرىماڭ، بۈگۈنكى ۋەزىپىڭىز تويغۇچە يېيىش، قانغۇچە ئىچىش، ئەتە ئەتىگەندە هەممىگە ئۈلگۈرىسىز.

داستىخانغا بىر لېگەن گۆش، ئىككى لېگەن نارىن كەلتۈرۈلدى، قائىدە بويىچە سۇلتان ئەلى لېگەنگە بىرىنچى بولۇپ قول ئۇزۇتۇپ بەردى.

ـ هە، قېنى ئېلىڭلار،ـ بۇيرىدى ئۇ يېنىدىكىلەرگە. ئاندىن گۆشنىڭ سېمىز، لوق يېرىدىن بىرپارچە ئېلىۋېلىپ، ئەپچىل، كىچىككىنە بەكىسى بىلەن يۇنۇپ يېيىشكە باشلىدى.

هەممەيلەننىڭ دىققىتى گۆش بىلەن نارىندا. چۆپنىڭ شالاپشىغان، ئۇستىخانلارنىڭ قىرىسلىغان ئاۋازى... هەممەيلەن تويۇپ، گەۋدىلىرىنى كۆتۈرۈشكەندىن كېيىن قولغا سۇ بېرىلدى. ئاندىن ساتتار هامۇت هاراقنى يەشكى بىلەنلا كۆتۈرۈپ كىردى. بۈگۈن سۇلتان ئەلى ئادەتتىن تاشقىرى خۇشچاغ.

ـ نېمەڭ ئۇ ساتتار، كىچىك بالىنىڭ چۈچىقىدەك... ئاشۇمۇ رومكا بولدىمۇ؟ـ ساتتار هامۇت رومكىغا هاراق قۇيۇپ، ئەمدى ئىككى كەلىمە سۆزلەي دەپ تۇرۇشىغا سۇلتان ئەلىنىڭ چاقچاق ئارىلاش ئەيىبلىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى،ـ تاشلىۋەت ئۇنداق نېمىڭنى، ئىستاكان يوقمۇ؟ نېمە، يوق دەيسىنا؟ ئەمىسە پىيالىگە قۇي! تۈكۈرۈك يۇتقاندەك بىر يۇتۇم، بىر يۇتۇمدىن ئىچىپ مۇشۇ باللا قانامدۇ؟ هاراقىڭمۇ پەيزى بولمايدۇ.

سادىر ئىسمايىل بىلەن غوپۇرجان ئۇنىڭغا قارشى بىرنېمە دىيەلمەي بىر ـ بىرىگە ئۈنسىز قارىشىپ جىم بولدى.

سۇلتان ئەلى لىق هاراق قۇيۇلغان پىيالىنى ساتتار هامۇتنىڭ قولىدىن ئېلىۋېلىپ، ئۇنىڭغا مەغرۇر بىر قىياپەتتە قاراپ قويۇپ، ئاندىن سادىر ئىسمايىل بىلەن غوپۇرجانغا توغرىلىنىپ مۇنداق دېدى:

— ياخشى تېپىشتۇق، سىلەرنى سېغىنىپمۇ قاپتىكەنمەن، قارىمامسىلەر، هالىمغا باقماي هاراقنى قولۇمغا ئېلىۋالغىنىمنى، ئالدى بىلەن دەپ قويىدىغىنىم، هازىردىن باشلاپ بۇ يەردە ئەمەلدار، پۇقرا دېگەن گەپ يوق. داستىخاندا هەممىمىز ئوخشاش، خوش، ئىچىۋەتتىم ئەمىسە!

بىر پىيالە هاراق... سۇلتان ئەلىگە شۇنچە كۆپ هاراقنى بىرقېتىمدا دەم ئالماي ئىچىۋېتەلىگۈدەك كۈچ ـ ماغدۇر، جاسارەت نەدىن كەلدىكىن؟ ئۇ بايا "هازىردىن باشلاپ بۇ يەردە ئەمەلدار، پۇقرا دېگەن گەپ يوق" دېگىنى ئۈچۈن، هەممەيلەن قورۇنۇشسىز، ئېچىلىپ، يېيىلىپ ئولتۇرۇشقان، سۇلتان ئەلى ئۇنىڭ ئارقىسىدىنلا بىر پىيالە هاراقنى سۆز ـ ئىزاهسىز بىرقېتىمدىلا ئىچىۋەتكىنى ئۈچۈن ئۇلارمۇ ئەمدى ئولتۇرۇشنىڭ ئاخىرىغىچە مۇشۇ پىيالىدە لىقلاپ ـ لىقلاپ ئىچىشى كېرەك... بىر پىيالە هاراق سادىر ئىسمايىلنىڭ يۈرىكىگە خۇددى مىلتىق ئوقىدەك گۈپ قىلىپ تەگدى. ئۇ خېلى بىر هازاغىچە نەپەس ئالالماي بوغۇلۇپ، كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش كەتتى. نۆۋەت شوپۇرغا كەلگەندە، ئۇ ئىككى قولىنى كۆكسىگە ئېلىپ ئۆزرە ئېيتىۋېدى، سۇلتان ئەلى ئۇنىڭغا قولىنى شىلتىپ بوراندەك گۈركىرىدى:

— كىچىگىچە ماشىنا هەيدەيدىغان ئىشىڭ يوق، كۆزۈمگە قارىماي ئىچە!

— شۇنداق بولسىمۇ ماڭا زورلىمىسىلىكەن ساتتار ئاكا.

ساتتار هامۇت ئىككىلىنىپ تۇرۇپ قېلىۋېدى، بىر پىيالە هاراق بىلەنلا ئىڭەك گۆشلىرى ساڭگىلاپ، يۈزى قىزىرىپ كەتكەن سۇلتان ئەلى خۇددى شوپۇرنى بىر مۇشت سالىدىغاندەك مۇشتىنى دېۋەيلەپ ۋارقىرىدى:

— مەن ئىچ دېگەندىن كېيىن ئىچە!

ئەزەلدىن سۇلتان ئەلىنىڭ سۆزلىرىنى بىجانىدىل ئورۇنداپ كەلگەن شوپۇر هېلىهەم ئۇنىڭ بۇيرۇقىنى بەجا كەلتۈرمەي ئامالى يوق. ئۇ بىر پىيالە هاراقنى خۇددى زەهەرنى ئىچىۋاتقاندەك نەچچىگە بۆلۈپ سىلكىنىپ، تولغىنىپ تۇرۇپ، تەستە ئىچىپ تۈگەتتى ـ دە، خېلى بىر چاغقىچە قېقىلىپ يۆتەلدى. ئۆتكۈر ئىچىملىك يۈرەك ـ باغرىنى ۋاژىلدىتىپ كۆيدۈرۈۋاتقان چاغدا، ئۆزىنىڭ قانچىلىك قىينىلىپ ـ ئازابلىنىپ كەتكەنلىكى ئۇنىڭ چانقىدىن ئېتىلىپ چىقىپ كەتكۈدەك دەرىجىدە چەكچىيىپ قالغان كۆزلىرىدىن، تاتىرىپ كەتكەن چىرايىدىن بىلىنىپ تۇراتتى، ئەمما سۇلتان ئەلى ئۇنىڭدىكى بۇ ئىپادىلەرنى هېس قىلمىغاندەك، كۆرمىگەندەك، هۇزۇرلىنىپ، قاقاقلاپ كۈلدى.

— دېمىدىممۇ مانا، هاراق زو بىلەن، گەپ پو بىلەن، خوتۇن خو بىلەن... ها... ها... ها... قانداق دېدىم چاڭجاڭ؟

سۇلتان ئەلى مەردلىك بىلەن باشلاپ بەرگەن شۇ بىر قېتىمدىن كېيىنلا "بولدى" قىلدى. ئۇنىڭغا ئولتۇرغانلاردىن هېچكىمنىڭ زورلىيالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. پىيالە ئايلانماقتا، دېرىزە تۈۋىدىكى كىيىم تىكىش ماشىنىسى ئۈستىگە قويۇپ قويۇلغان ئۈنئالغۇدىن بىر ئايالنىڭ هەسرەتلىك، ئىنچىكە، تىترەڭگۈ ئاۋازدا ئېيتقان ناخشىسى ئاڭلانماقتا:

جان ئانام، جانىم ئانام،
سەنسىز بەخت يوقتۇر ماڭا

..............................

– مۇشۇ كۈندە نېمە دېگەن تولا ئانام، ئانام...، – دېدى سۇلتان ئەلى پات-پات ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان قوپال ئاۋازى بىلە ئۆينىڭ تاماكا ئىسى ھەم ھاراق بۇسىدىن مەينەتلەشكەن ئىبغىر، بوغۇق ھاۋاسىنى تىترىتىپ، – سەھنىدىمۇ ئانام، دىيەنشىدىمۇ ئانام، رادىيودىمۇ ئانام، خۇددى مۇشۇ خەق تاپقان ئاتىسى يوق، ھارامدىن تۇغۇلغاندەك... باشقا دەيلىرىك يوقمۇ ساتتار خەلق ناخشىلىرىدىن...

–بار، بار،– ساتتار ھامۇت پىيالىنى قويۇپ، ئىتتىك بېرىپ، تەكچىدە دەستىلەكلىك تۇرغان لىنتا ئىچىدىن بىرنى تاللاپ ئۈنئالغۇغا سالدى. ئەمدى بىر ئەرنىڭ دۇتار تەڭكەش قىلىنغان ھۇزۇرلۇق، جاراڭلىق ناخشىسى ئاڭلاندى...

مەن بارالمىدىم تۇزغا،
مەيدەمنى ياقاي مۇزغا.
بىرداچەننىڭ تاينى يوق...ئاللا بالىخان،
ئىچىم كۆيىدۇ قىزغا... يادوست.

بۇ ناخشا شۇئان مۇشۇ سورۇندا ھەل قىلىۋەتمەكچى بولغان مۇھىم بىر ئىشنى سۇلتان ئەلىنىڭ ئېسىگە سالدى، دۇرۇس، بۇ ئىشنىڭ ھەل قىلىنىش پۇرستى دەل بۈگۈن... ساتتار ھامۇت كۆلنى بىر ئامال قىلىپ ھۆددىگە ئېلىۋالسا، ئۇنىڭدىن كېلىدىغان پايدا ئوندىاق - بۇنداق بولمايدۇ - دە. ئەمما مۇنداق ئىشلارنى ھەل قىلىشقا قالتىس تەجرىبىلىك بولۇپ كەتكەن سۇلتان ئەلى ئۆز مەقسىتىنى سادىر ئىسمايىلغا توپتوغرىلا ئەمەس، باشقىچەرەك ھالدا بايان قىلدى:

– سىزگە بىرگەپ...– دېدى ئۇ گۆشلۈك ئىبغىر ئالقىنىنى سادىر ئىسمايىلنىڭ يوتىسىغا قويۇپ،– مەركەز يولغا قويغان ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش سىياسىتىنىڭ تۈرتكىسىدە مەملىكىتىمىزدە ئىقتىسادىي جەھەتتە مىسلىسىز زور گۈللىنىش بولىۋاتىدۇ. شىنجاڭدىمۇ شۇنداق. سىز فېرمىنىڭ ئىگىلىكىنى يۈكسەلدۈرۈش، ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش جەھەتتە ئەھمىيىتى بار دەپ قارىغان بىرەر چارە - تەدبىر ئۈستىدە ئويلىنىپ باقتىڭىزمۇ؟

سادىر ئىسمايىلنىڭ ھاراقنىڭ كۈچى بىلەن سەزگۈسى خىرەلىشىپ، بارغانسېرى گاراڭلىشىپ كېتىۋاتقان مېڭىسى سۇلتان ئەلىنىڭ ئۇشتۇمتۇت ئېيتقان بۇ سۆزىدىن ھېچ نېمىنى چۈشىنەلمىدى. لېكىن ئۇ سۇلتان ئەلىنىڭ سوئالىنىڭ سالمىقى ئىبغىر، ناھايىتى مۇھىم مەسىلىگە تاقىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى - يۇ، دەماللىققا نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلەلمەي قالدى:

– ئەستا... شۇنى ئويلىنىپ باقماپتىمەن،– دېدى ئۇ كالۋالىشىپ كېتىۋاتقان تىلىنى مۇمكىن قەدەر رۇسلاشقا تىرىشىپ.

– بولماپتۇ، فېرمىنى نوقۇل چارۋىچىلىقتىن ئىبارەت بىرخىل ئەنئەنىۋى ئىگىلىك بىلەن گۈللەندۈرىمەن دېسىڭىز، ئەمدى بۇ گېپىڭىز ئاقمايدۇ. ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش، ئىقتىسادىي جەھەتتە روناق تاپتۇرۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ كۆپ خىل يوللىرىنى ئىزدەپ تېپىشىڭىز، تەبىئىي ئەۋزەللىكلەردىن پايدىلىنىشنى بىلىشىڭىز كېرەك. شۇ چاغدىلا سىز بۈگۈنكى بازار ئىگىلىكىنىڭ شىددەتلىك ئېقىمى ئىچىدە

مەزمۇت پۇت دەسسەپ تۇرالايدىغان چاڭجاڭ بولالايسىز، بولمىسىچۇ؟ فىرمىنى كونا هارۋا چاقىدەك بىر دائىرىدە چۆرگىلىتىپ يۈرسىڭىزچۇ؟ ئۇ چاغدا... هامان بىر كۈنى هۇلى بوشاپ كەتكەن تاش تاغدىن غۇلاپ چۈشكەندەك غۇلاپ چۈشىسىز.

هەي، ئۇ نېمىشقا ئىچتى بۇ هاراقنى — هە؟ سۇلتان ئەلى بۇرۇن هېچقاچان ئېغىزلانمىغان مۇهىم گەپنى بۈگۈن قىلىۋاتقاندا، ئۇنى بىرمۇ بىر مېڭىسىگە ئېلىۋېلىشى كېرەك ئەمەسمىدى! شۇ تاپتا گەپنىڭ تەكتىگە يەتكۈدەك سەگەك كاللا نەدە؟ سادىر ئىسمايىل مەستلىكتىن ئېلىشقان كۆزلىرىنى سۇلتان ئەلىگە ئىلتىجا بىلەن تىكىپ، قولىنى ئىككى قوللاپ مەهكەم تۇتىۋالدى:

— سىلە ئاتا، بىز بالا، سىلە دېگەن بىزگە يول باشلىغۇچى، ئەقىل ئۆگەتكۈچى، هېلىهەم بىزدىن هىممەتلىرىنى ئايىمىغايلا،— دېدى ئۇ ئازماسلىق ئۈچۈن گەپنى ئالدىرىماي، دانە — دانە قىلىپ سۆزلەپ،— قىشتىكى قار ئاپىتىدە فىرما بويىچە 250 قوي زىيان بولدى، ئەقەللىيسى، مۇشۇ زىياننى تولدۇرۇۋېلىش ئۈچۈن جىق ئىش قىلغۇم بار. ئەمما شۇ ئىش نەدە؟ ئولتۇرسام، قوپسام غېمىم مۇشۇنىڭدا. چارە تاپالماي باش قېتىمچىلىق...

— سىز فىرمىدا بىرەر سەيلە ـ ساياهەت رايونى ئېچىشنى ئويلاشمىدىڭىزمۇ؟

— سەيلە ـ ساياهەت رايونى؟— بىردىنلا سەگەكلەشتى سادىر ئىسمايىل.

— گىلەم يايلاقتا بۇرۇنقىلار قىلىپ باقمىغان ئىشنى سىز قىلىپ بېقىشىڭىز، ئىسلاھاتتا دادىل يول ئېچىپ مېڭىشىڭىز كېرەك. مەسىلەن، كۆلنى دەيلى، ياز بويى ئۇنىڭ بويىدا قانچىلىك ئادەم سەيلە، ساياهەت قىلىپ كېتىشىدۇ؟ ئويناپ يىغاننى ئوينىشىدۇ، ئىچىشىدىغاننى ئىچىشىدۇ، قالايدىغان ئوتۇنى بىكار، ئىچىدىغان سۈيى بىكار، ساياهەت مەنزىرىسى بىكار، سۈت، قىمىز، قېتىق، گۆش دېگەنلەر بىكارنىڭ ئورنىدا. ئويلىنىپ باقتىڭىزمۇ؟ فىرما بۇنىڭ بىلەن قانچىلىك پۇلنى ئاسمانغا سورۇۋەتكەن بولىدۇ؟

— دۇرۇس، دۇرۇس، مەن بۇ هەقتە ئويلىنىپمۇ كۆرگەن،— سۇلتان ئەلىنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ سادىر ئىسمايىل بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى.

— ئويلانغان بولسىڭىز قىلىڭ، هەش ـ پەش دېگۈچە ياز كېلىدۇ. شۇنىڭغىچە هەممە تەييارلىقلارنى پۈتتۈرۈپ تەق قىلىپ تۇرۇشۇڭلار كېرەك.

— بۇنىمۇ خۇددى چارۋىنى كۆتىرىگە بەرگەندەك كۆتىرىگە بەرسەك...

— توغرا، كۆتىرىگە بېرىسىز. بىراق بۇ تىجارەت يايلاقتا چارۋا باققانغا ئوخشىمايدۇ جۇمۇڭ، ئۇنىڭغا شۇنداق ئادەم بولۇشى كېرەككى، ئۇ سودىغا پىششىق، چەبدەس، چارە ـ تەدبىرلىك، بەلگىلىك مەدەنىيەت سەۋىيىسىگە ئىگە بولسۇن.

سۇلتان ئەلى ساتتار هامۇتنىڭ ئىسمىنى ئالدىراپ تىلغا ئالمىدى، پەقەت شەرتلەرنىلا ئەسكەرتىپ قويدى خالاس. چۈنكى ئۇ فىرمىدىكى چارۋىچىلارنىڭ هېچقايسىسىنىڭ يۇقىرىقى شەرتلەر بويىچە ساتتار هامۇتقا يەتمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئەمدى ئىچىشۋازلىق توختاپ، پاراڭنىڭ مەزمۇنى سادىر ئىسمايىلنىڭ كىمنى تاللاش مەسىلىسىگە بۇرالدى.

— مەن ... مەن... بۇ مۇهىم ئىش... كۆلنى كىم كۆتىرىگە ئېلىشنى خالايدۇ، چارە تەدبىرى قانداق، يىلدا فىرمىغا قانچىلىك پايدا تاپشۇرىدۇ؟ئەتە كاللام بار چاغدا چاڭبۇدىكىلەر بىلەن مەسلىهەتلىشىپ ،ئاندىن بىرنېمە دەي،— دېدى ئۇ ئەس ـ

ھوشىنى تەسلىكتە يىغىپ. بۇگۈنكى ئولتۇرۇشتا ھەممىدىن كۆپ ئىچكىنى، بالدۇر مەست بولغىنىمۇ سادىر ئىسمايىل. ئۇ كېيىنكى پىيالىنى بوشاتقاندىن كېيىن، ئۈگدەك باسقاندەك بولۇپ، بىر پەس بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇردى - دە، ئاندىن تامغا يۆلىنىپ، بارا - بارا يېنىغا قىڭغىيىپ قالدى. سۇلتان ئەلى پەقەت مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈنلا، مۇشۇلار بىلەن تەڭ ئۈلپەتلىشىپ ئولتۇرغىنى ئۈچۈن خۇشال ئىدى. ھەممە ئىشلار جايىدا... مەردلەرچە ئىچكەن بىر پىيالە ھاراق ... ئۇنىڭدىن ئۆز جىسمىغا كېلىدىغان زىيان بەدىلىگە ئېرىشىدىغان ئامەت ھەددى ھېسابسىز!

ئۇلار تاڭغا يېقىن ئۇخلىغىنىغا قارىماي، سادىر ئىسمايىل ھەممىدىن بۇرۇن تۇرۇپ كەتتى. ئۆينىڭ تىنجىق، بۇرۇقتۇم، ئېغىر ھاۋاسىدا ھېلىمۇ كۈچلۈك ھاراق ھىدى پۇراپ تۇراتتى. سادىر ئىسمايىل تالاغا چىقىپ بىرئاز سەگگەندىن كېيىنلا، بېشىنىڭ ئاغرىقى بىردىنلا يېشىلىپ، كېچىدىكى خامۇشلۇق نەلەرگىدۇر تارقاپ كەتكەندەك بولدى. بىر چاغدا ساتتار ھامۇت چىقىپ ئۇنىڭغا خۇشامەت بىلەن جىلمايدى:

— ئەتىگەندە زۇكامداپ قالمىسىلا چاڭجاڭ، ئۆيگە كىرسىلە.

— ئېتىم ئېغىلدىمۇ؟ توقۇپ ئەپچىقىڭ، سىجاڭ ئۇخلاۋەرسۇن.

— ئالدىرىمىسىلا، ناشتا قىلىپ ماڭسىلا، سىلىنى دەپ يەنە...

— رەھمەت، ئەتىگەندە فېرمىدا زۆرۈر ئىشىم بار.

— ئەستا، توختاپ تۇرسىلا ئەمىسە،— ساتتار ھامۇت ئالدىراپ ئۆيگە كىردى، يوتقاننىڭ يېرىمىنى ئېچىۋېتىپ بىخرامان ئۇخلاۋاتقان سۇلتان ئەلىنى تۈرتۈپ ئويغاتتى،— ئاكا... ئاكا...

سۇلتان ئەلى يېنىغا ئۆرۈلۈپ، كۆزلىرىنى چالا - پۇلا ئاچتى - يۇ، يەنە يۇمۇپ ئۇيقۇچان، بوغۇق خىرىلدىغان ئاۋازىدا سورىدى:

— نېمىش بولدى؟

— چاڭجاڭ كېتىمەن دەپ ئالدىراۋاتىدۇ، قانداق قىلسۇن؟

— ئېيتىپ قوي كەتمىسۇن، نېمىش قىلىدىكەن شۇنچە ئالدىراپ؟ مۇخبىر سۈرەتكە ئالىدۇ ئەمەسمۇ.

ھەممەيلەن قوپۇشتى. تاغ قائىدىسى بويىچە گۆشى كۆپ توغرالغان سۇيۇقئاش بىلەن ناشتا قىلىشتى. ئاندىن غوپۇرجان سىنئالغۇ ئاپپاراتىنى جابدۇشقا كىرىشتى.

— شېشاڭغا قانداق ئالسىڭىز ياخشى؟— سورىدى سۇلتان ئەلى مۇخبىردىن.

— ئالدى بىلەن بۆرىلەرنى سۈرەتكە ئېلىۋالاي، لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى مۇنداق بىر يەرگە دۈۋىلەپ قويساق تېلىۋىزوردا ئوچۇق كۆرسەتكىلى بولمايدۇ،— دېدى مۇخبىر.

— ئەمىسە بىردىن - بىردىن تارتساقچۇ؟ — مەسلىھەت بەردى سادىر ئىسمايىل.

— ئۇمۇ بولىدۇ، لېكىن ئاساسىي مەقسەت بۆرە ئۆلتۈرگۈچىنىڭ ئوبرازىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە قارىتىلىشى كېرەك،— دېدى سۇلتان ئەلى.

سۈرەتنى قانداق ئېلىش، نەدىن باشلاش توغرىسىدا خېلىغىچە تالاش - تارتىش بولدى. ئاخىر ئۆلگەن بۆرىلەرنى قاتار تىزىپ قويىدىغان، ساتتار ھامۇت قولىغا كالتەك تۇتقان ھالدا يېنىدا تۇرىدىغان بولدى.

— دۇرۇس، مۇشۇنداق قىلغاندىلا تاغلىقلارنىڭ ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان روھىي ۋە جاسارىتىنى گەۋدىلەندۈرگىلى بولىدۇ،— ئۇلارنىڭ پىكرىنى قۇۋۋەتلىدى مۇخبىر.

شۇ تەقلىدتە سۆرەتكە ئېلىندى، ئاندىن ساتتار هامۇتنىڭ بۆرە ئۇۋىسىغا كىرىشكە قانداق جۈرئەت قىلغانلىقى، بۇ بۆرىلەر بىلەن قانداق ئېلىشقانلىقى، ئۇلارنى قانداق ئۇرۇپ ئۆلتۈرگەنلىكى توغرىسىدا سوئال سورالدى. ساتتار هامۇت سىنئالغۇچىنىڭ كۆزى ئالدىدا ئۇزۇن كالتەكنىڭ بىر ئۇچىنى ئىككى قوللاپ مەھكەم تۇتقان، بىر ئۇچىدا بىر بۆرە كۈچۈكىنىڭ بېشىنى يەرگە نىقتاپ باسقان هالەتتە گەۋدىسىنى كۆرەڭلىك بىلەن كېرىپ تۇراتتى. سۆرەتكە ئېلىش تۈگىگەندىن كېيىن سادىر ئىسمايىل كەتمەكچى بولۇپ، سۇلتان ئەلىنىڭ ئالدىغا كەلدى:

– خوش ئەمىسە، مەن قايتاي سىجاڭ.

– كېتەمسىز؟ بوپتۇ ئەمىسە، ئاخشامقى گەپنى ئۇنتۇپ قالماڭ ئۇكام!

– ياقەي ئۇنتۇمايمەن، فېرمىغا پايدىلىق ئىش تۇرسا ئۇ.

سۇلتان ئەلى ساتتار هامۇتقا كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا شەرەت قىلىۋېدى، ساتتار هامۇت شۇئان قولىدىكى كالتەكنى تاشلاپ ئېغىلغا يۈگۈردى ۋە هايال ئۆتمەي ئىگەرلەنگەن ئاتنى يېتىلەپ چىقتى.

– چاڭجاڭ، بىر تەلىپىم بار ئىدى،– هىجايدى ئۇ يۈگەننى سادىر ئىسمايىلغا بېرىۋېتىپ،– كېچىدىن بېرى ئويلىنىپ چىقتىم، كۆڭۈللىرىگە پۈككەن باشقا ئادەملىرى بولمىسا، كۆلنى مەن كۆتىرىگە ئالغان بولسام...

– ياخشى گەپ، قېنى ئويلىشىپ بىرنېمە دەيلى،– سادىر ئىسمايىل سول پۇتىنى ئۈزەڭگىگە ئالدى ۋە چەبدەسلىك بىلەن ئاتقا مىندى،– خوش ئەمىسە سىجاڭ، خىزمەت بولسا چاقىرىشسىلا!

سادىر ئىسمايىل كەتكەندىن كېيىن، غوپۇرجان ئىشلىمەكچى بولغان مەخسۇس خەۋەرگە كىرىشتۈرۈش مەقسىتىدە يايلاق ھەم چارۋىلاردىن كۆرۈنۈش ئېلىش ئۈچۈن، شوپۇر بىلەن يايلاققا كېتىپ چۈشكە يېقىن قايتىپ كەلدى. چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن سۇلتان ئەلى شوپۇرغا مۇخبىرنى شەھەرگە ئاپىرىپ قويۇشنى بۇيرىدى. ئۇنىڭ بىلىنەر بىلىنمەس ئىما ئىشارەتلىرىگە ھەرقاچان دىققەت قىلىپ تۇرۇشقا ئادەتلەنگەن ساتتار هامۇت ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ قۇيرۇقىدا"يالت" قىلىپ قاراپ قويۇشلىرىدىن ھەممىنى چۈشەندى ـ دە، ئەتىگەندىلا سويۇپ تەييار قىلىپ قويغان بىر قوينىڭ گۆشىنى تاغارغا تىقىپ ماشىنىنىڭ يېنىغا ئېلىپ كەلدى.

– ئەمىسە ئاز بولسىمۇ ئۇكام!– دېدى سۇلتان ئەلى مۇخبىرغا ھىممەت كۆرسىتىپ. ماشىنا يۈرۈپ كەتتى. سۇلتان ئەلىنى ئۈگىدەك باسقاندەك بولۇپ، ئارقا ـ ئارقىدىن ئەسنەك تۇتۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭ چۈش پەيتىدىكى ئادىتى شۇنداق. تاماقتىن كېيىن كېلىدىغان شېرىن ئۇيقۇنى دەم ئېلىشقا چىققاندىن بېرى بىرەر قېتىممۇ تەرك قىلغىنى يوق. ئۇ مېھمانخانا ئۆيگە كىرىپ كېتىۋېتىپ ئاشخانا ئۆيگە بىر خىل يوشۇرۇن تەمە بىلەن قاراپ قويدى. نېمىشقا قارىدى؟ بۇنى هازىرچە ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم بىلمەيتتى. زەينەپخان قازان بېشىدا قاچا يۇيۇۋاتاتتى، يۈلتۇز كۆرۈنمەيتتى. سۇلتان ئەلى ئېغىر پۇشۇلداپ ئۆيگە كىرىپ ئۆزىنى ھەرقاچان سېلىقلىق تۇرىدىغان قېلىن كۆرپە ئۈستىگە تاشلىدى. ئۆينى، هويلىنى بىر پەس جىمجىتلىق قاپلىدى.

**بەشىنچى باب**

باللىرىنىڭ تونۇش، سۆت پۇرىقى ئارىلاش، ئىسسىق، ئۆزگىچە مەززىلىك ھىدىنى ھەردائىم بۇرنىغا پۇرىتىپ تۇرىدىغان ساپ، نەمخۇش، يېنىك ھاۋانىڭ بىردىنلا چالغۇپ، ئالىلىقانداق يات پۇراقلارنىڭ ئارىلىشىپ كېتىشىدىن بىردىنلا سەگەكلەشكەن كالتە قۇيرۇق مۆكۈپ ياتقان يېرىدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۆزىگە باللىرىدىن دەممۇ ـ دەم شەپە بېرىپ تۇرىدىغان ھاۋانى يەنە ھىدلاۋېتىپ، ئۇۋىسىنىڭ ئەتراپىدا ئادەملەرنىڭ ھەرىكەت قىلىۋاتقانلىقىنى جەزىم قىلدى. بۈگۈن ئۇنىڭغا ئوۋ پۇرستى زادىلا كەلمەي قويغان، يېگى تۇغۇلغان قوزىلارنىڭ ئەتراپىدا مالچىلار ئەگىپ يۈرەتتى. كالتە قۇيرۇق مالچىلارنىڭ كۆزىدىن يۈتىشىنى كۈتۈپ قورىغان قويۇق چىغلىق ئارىسىدا مۆكۈپ ياتقىلى نېكەم؟ ئۇۋىسىنىڭ ئەتراپىدا پەيدا بولغان تەر، ياغ ھەم تاماكا ئىسى ئارىلاش يات پۇراق كالتە قۇيرۇقنى مۇشۇنداق سەۋرچانلىق بىلەن پايلاپ يېتىپ، ئاخىر ئېرىشىش تامامەن مۇمكىن بولىدىغان ئولجىدىن ۋاز كەچتۈردى. ئۇ چاققانلىق بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، ئارقىسىدىكى تاغ قاپتىلىغا قاراپ دەسلەپتە سوكۇلداپ، يورغىلاپ ماڭدى، ئاندىن ئۆكۈرەك تاشلاپ يۈگۈرگىنىچە تاغقا يامىشىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ مۇشۇ تاغدىن ئېشىپ پەسكە چۈشۈپ، غەرب تەرەپتىكى تاغقا ياماشسىلا ئۇۋىسىغا يېتىپ بارالايتتى. ئۇ تاغ ئۈستىگە چىقىپ، غەرب تەرەپتىكى تاغنى، ئاندىن پەسنى ـ قويۇق چاتقال قاپلىغان تار جىلغىنى كۆزىتىپ چىقتى ـ دە، يۈرىكى "قارت" قىلىپ قالدى. بىر ئادەم... پۇرىقىنى يات ـ يات ھىدلاپ قالىدىغان بىر ئادەم كەينىگە يەنە بىر ئادەمنى ئەگەشتۈرۈپ، جىلغىدا ئات مىنىپ پەسكە قاراپ كېتىۋاتاتتى. تەشۋىش ھەم ۋەھىمە شۇئان بۆرىنىڭ ئوخچىغان قېنىغا قوشۇلۇپ مېڭىسىگە زەرپ بىلەن ئۇرۇلدى ـ دە، بۆرىنىڭ كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ كەتتى، يۈرىكى ئۇرۇشتىن توختاپ قالغاندەك بولدى. ئۇ پەسكە ئوقتەك ئېتىلىپ چۈشتى، ئاندىن تاغقا يىلاندەك يامىشىپ چىقىپ كەتتى...كۆز ئالدىدا ھاياتسىز ئۆڭكۈر جىمجىت، ھۇۋۇلداپ قالغانىدى.بۆرە كۆزلىرىگە ئىشەنمەي ئۆڭكۈرنىڭ ئىچىگە ئېتىلىپ كىردى، يەنە سىرتقا ئېتىلىپ چىقتى، ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقاندەك بولۇپ، ئەتراپىنى، تاش ـ شېغىللارنى پۇراپ باقتى. ئۇۋىسىدا باللىرىنىڭ تونۇش، ئادەمنىڭ يات پۇرىقىدىن باشقا، ئەمدى ھېچنەرسە قالمىغانىدى. قەھرى ـ غەزەپ ۋە جۇدالىق ھەسرىتىدىن بىردىنلا غالجىرلىشىپ كەتكەن بۆرە ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆكسۈپ، بېشىنى تىك كۆتۈرۈپ، تۇمشۇقىنى ئاسمانغا تىرەپ، بار ئاۋازى بىلەن ھۇۋلاپ كەتتى.

—— ھۇ...ھۇ...ھۇ...!

ئۇ پەرياد ئۇرۇپ، ئىچ ـ ئىچىدىن نالە قىلىپ يىغلاۋاتاتتى، كۆزلىرىدىن بۇلدۇقلاپ ياش تۆكۈلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ھۇۋلىشى ئادەمنىڭ ھۇۋلىشىغا، تەڭرىدىن كېچە ـ كۈندۈز پەرزەنت تىلەپ، ئاخىر مۇراد ـ مەقسىتىگە يەتكەن، ئەمما كۈتۈلمىگەندە شۇ نۇر چىرىغى —— يۈرەك پارىسىدىن جۇدا بولغان بەختسىز ئانىنىڭ ھازىلىق يىغىسىغا ئوخشايتتى. ھەسرەتلىك ھۇۋلاش، ھازىلىق يىغا ھاۋانى، تاغۇ ـ تاشلارنى تىترىتىپ، يىراق ـ يىراقلاردا ئەكس سادا بولۇپ ئاڭلىناتتى.

كالتە قۇيرۇق بىردەمدىلا ئەقلىدىن ئاداشتى، ئۆڭكۈر ئاغزىدىكى چوقچىيىپ قالغان تاشلاركۆزىگە بىردىنلا ئاشۇ يىرتقۇچ ئادەم بولۇپ كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ ۋۇجۇدىغا سىغدۇرۇپ بولالمايدىغان ئازاب ۋە قىساس كۈچى بىلەن ئاشۇ تاشلارغا غەزەپ بىلەن

تاشلىناتتى. ئۆزىنى ئۇراتتى، ئىغىز سىلىپ قاراسلىتىپ چايناتتى. قۇۋۋەتلىك
ئۆتكۈر چىشلىرىنىڭ قورام تاشلارغا غەزەپ بىلەن تېگىشىدىن ئوت
ئۇچقۇنلىرىچاقنايتتى. بۆرە گاھ ھازىلىق ھۇۋلايتتى، گاھ تاش پارچىلىرىنى قاساپ
چاينايتتى. زىدىلەنگەن چىشلىرى ئارىسىدىن، يېرىلغان كالپۇكلىرىدىن قىپقىزىل
قېنىنىڭ سىرغىپ ئېقىۋاتقانلىقىنى سەزمەيتتى. ئۇ ھايال ئۆتمەي بۇرۇنقى كۆل رەڭ،
سۆلكەتلىك، مەغرۇر، ھاياتلىق كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان بەختلىك ئانىلىق ھالىتىگە
تامامەن ئوخشىماي قالدى. تۈكلىرى پاخپايغان، تەتۈر يانغان، خۇددى ئۇزاق ۋاقىت
كېسەل تارتىپ قوتۇراپ كەتكەن ئۆلەرمەن، ئەبگا بۆرىگە ئوخشاپ قالغانىدى. ھەمىشە
ھەيۋەت، كۆكۈچ نۇر بالقىپ تۇرىدىغان بىر جۈپ كۆزلىرى ئۆچۈش ئالدىدىكى
قىزغۇچ شولا پىلىلداپ قالغان چوغدەك كۆرۈنەتتى. ۋۇجۇدى خۇددى مۇز بولۇپ
قاتقاندەك دىرىلدەپ تىترەيتتى، چىشلىرى كاسىلدايتتى. ئۇ ئەمدى ئادەمنىڭ ئىچى
سىرىلگۈدەك دەرىجىدە بىچارە ھەم ھىمايىسىز بولۇپ قالغانىدى. ئۇ شۇ ھالەتتە
ھالسىزلىنىپ ئۈڭكۈر ئاغزىغىلا يىقىلىپ قالدى. كەچ كىرىپ كېلىۋاتاتتى، ئەتراپتىن
بۆرىلەرنىڭ ھۇۋلاشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى، كالتە قۇيرۇق خېلىدىن كېيىن ئاستا ـ
ئاستا ئېسىگە كەلگەندەك بولدى. ئەمما بۇرنىنىڭ زىدىلەنگەن سەزگۈسى يىراقتا ـ
تۇتقۇنلۇقتا نالە قىلىپ ئىگراپ ياتقان باللىرىنىڭ تونۇش پۇراقلىرىنى ھىدلاشقا
ئاجىز ئىدى. پەقەت ئۇنىڭ ھېلىمۇ سەزگۈسىنى يوقاتمىغان ئۆتكۈر قۇلاقلىرىلا
ئاقتېكە دەرياسىنىڭ يىراقتىكى شارقىراشلىرى ھەم بۆرىلەرنىڭ ھۇۋلاشلىرىنى ئاڭلاپ
تۇراتتى. شارقىراشلار، ھۇۋلاشلار شۇقەدەر ئەلەملىك، ھەسرەتلىك، خۇددى كالتە
قۇيرۇقنىڭ ھازىلىق يىغىسىغا جور بولىۋاتقاندەك ئىدى... بۆرىنى ئەمچىكىنىڭ
چىمىلداپ ئاغرىشى تېخىمۇ ئازابلىق خىيالغا سالدى. سۈت بىلەن لىق تولغان
ئەمچىكى تومپىيىپ ساڭگىلاپ كەتكەنىدى. شۇ تاپتا دىل سۆيەر باللىرى كېلىپ،
تۇشمۇ ـ تۇشتىن يامىشىپ، چۇلۇكلىتىپ ئىمىپ كەتسە ـ ھە؟ ئۇ چاغدا باللىرىلا
ئەمەس، ئۆزىمۇ راھەت تاپاتتى. باللىرىنىڭ سۈتكە تويغاندىن كېيىن بىردىنلا
ھۇرۇنلىشىپ، قورسىقىغا تۇمشۇقلىرىنى تىقىشىپ، پۇشۇلداپ ئۇخلاپ
كېتىشلىرىدىن ئۇ شۇنچىلىك سۆيۈنۈپ، ھۇزۇرلىنىپ كېتەتتىكى، ئانا شۇ چاغدا
ئېرىشكەن مۇشۇنداق لەززەت ھەم بەختكە دۇنيادا ھېچقانداق بىر مەۋجۇدات
ئېرىشەلمەس دەپ ئويلايتتى. كالتە قۇيرۇق باللىرىنى يەنە ئويلاپ كېتىۋىدى،
ئاپئاق، ئىسسىق سۈت ئەمچىكىدىن جىرىلداپ ئېتىلىپ چىقتى. ئاھ، مۇشۇ ئاپئاق
ئىسسىق سۈت ... ئۇ ئۆز نېمىتى، ھىممەت ـ ساخاۋىتى بىلەن باللىرىنىڭ
قايسىسىغا جان ـ ھاياتلىق ئاتا قىلمىغان؟ كالتە قۇيرۇقنىڭ كۆڭلى بۇزۇلۇپ،
كۆزلىرىدىن تارام ـ تارام ياش كەتتى. ئۇ ئىللىق باغرىدىن جۇدا قىلىنغان،
كىملەردۇر تۇتقۇن قىلىپ ئېلىپ كەتكەن باللىرى ئۈچۈن پەرياد چېكىپ، خۇددى
ھازىدار ئانا ياقا يىرتىپ يىغلىغاندەك، كېچىگىچە ھەسرەتلىك ھۇۋلاپ چىقتى.
بۇ كېچىدە كالتە قۇيرۇقتىن ئۆزگە نىملەر ئويغاق، كىملەر ئۇيقۇدىن بىداركىن؟
خۇشاللىقىدىن دەرد ـ ئەلىمى كۆپ بۇ دۇنيادا بۇنداقلار تالاي، بۇنداقلار سانسىز.
قەيسەر ئەنە شۇ "سانسىز"لار ئۈچۈن يارىتىلغان ئازاب دەشتىدە ئۇيقۇسىز كېزىپ
يۈرگەن بەختسىز سەيياھ. ئۇ ساتتار ھامۇتنىڭ ئىشىكىدىن ئېتىغا مىنىپ ئۆيىگە
قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئاتنى ئېغىلغا ئەكىرىپ ئوقۇرغا باغلاپ، بىر باغلام قۇرۇق

ئوت تاشلىدى، ئاندىن ئاتنىڭ ئوتنى ئىشتىها بىلەن كورۇسلىتىپ چايناشلىرىغا بىر پەس مەقەتسىزلا قاراپ تۇردى. نېمە ئىش قىلىش كېرەك؟ ئۆلگەن بۆرە كۈچۈكلىرى سونايلىنىپ قاراپ ياتقان قاباھەتلىك مەنزىرىلەرنى بىر پەس بولسىمۇ خىيالىدىن نېرى قىلىش ئۈچۈن نېمە ئىش قىلغان ياخشى؟ ئۇ ئۆيگە كىرىپ چاپىنىنى سېلىپ كارىۋات ئۈستىگە تاشلىدى، ئاندىن قېلىن خاتىرە دەپتىرىنى كارۋاتنىڭ بېشىغا قويۇپ، ھەركۈنى كەچتە يېزىۋاتقان ئىلمىي ماقالىسىنى يەنە داۋاملاشتۇرماقچى بولدى. ئۇ تەپەككۇرىنى بىر يەرگە يىغىش ئۈچۈن قەلەمنى ئىڭىكىگە تىرەپ خېلىغىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇردى. باشقا كۈنلەردە خۇددى دالىدا چاپقان ئۇچقۇر ئاتتەك، قەغەز ئۈستىدە راۋان مېڭىپ تۇرغان قەلەم بۈگۈن خۇددى يەرگە چوڭقۇر پېتىپ قالغان ساپاندەك، دەپتەرنىڭ بىرىنچى قۇرىدىلا قېتىپ تۇراتتى. قەيسەر رەللە بولۇپ، بۇنىڭ ئەلىمنى دەپتەردىن ئالماقچى بولغاندەك ئۇنى كارىۋاتنىڭ بىر چېتىگە چۆرۈپ تاشلىدى. قويۇپ تەكچىدىن كىتابنى ئالدى. ئۇ كىتابنى ئوقۇپ بىر يەرلىرىگىچە كەلگەن، كەلگەن يېرىنى قاتلاپ قويغان. ئۇ كىتابنى ئېچىپ خېلى بىر يەرلىرىگىچە ئوقۇپ باققاندەك قىلدى، ئەمما كىتاب زېھنىگە چۈشەر ئەمەس. كۆڭلىدە خۇددى ئىسقا ئوخشاش مانايقىپ يۈرگەن ھەسرەتلىك خىيال ئۇنى تىنىمسىز ئازابلاپ، باغرىنى ئۆرتەپ تۇراتتى...

بۇ يەردە تاڭنىڭ قانداق ئېتىپ، قانداق ئاخىرلىشىدىغانلىقىنى قەيسەر ھەركۈنى دېگۈدەك كۆرۈپ تۇرىدۇ. بۇ خىلۋەت، سىرلىق ماكاندا شەرقتىن كۈننى بىرىنچى بولۇپ كۈتۈۋالىدىغىنىمۇ، ئۇنى غەربتىكى تاغ كەينىگە ئۇزۇتۇپ قويىدىغىنىمۇ مۇشۇ قەيسەر. ئالەمنىڭ پايانسىز دەشتىنى كېزىپ ھالىدىن كەتكەن قۇياش تاغ ئۈستىدە بىردەم ئولتۇرۇپ ئارام ئالماقچى بولغاندەك بىرپەس ئېسىلىپ تۇردى، ئاندىن تېزلىك بىلەن تاغ ئارقىسىدا غايىب بولدى. بۇ زېمىننىڭ كۈندۈزى قەيسەر ئۈچۈن شۇقەدەر راھەتلىك، شۇقەدەر كۆڭۈللۈك، ئەكسىچە، كېچىسى يۈرەك جۇغۇلدىغۇدەك دەرىجىدە ۋەھىملىك، قورقۇنچلۇق. سەۋەبى، بۇ زېمىننىڭ كېچىسى قەيسەرنىڭ سەزگۈسى بۇرۇن كۆنۈپ كەتكەن شەھەر كېچىسىگە ئوخشىمايتتى، ئۇنىڭ قۇلىقىغا سىڭىپ كەتكەن ماشىنىلارنىڭ گۈركىرەشلىرى، چىرقىراق سىگناللىرى، ئادەملەرنىڭ ۋاراڭ - چۇرۇڭى، ناخشا - مۇزىكا ئاۋازلىرى ئورنىغا پەستىكى دەريانىڭ ھەيۋەت شارقىراشلىرى، بۆرىلەرنىڭ ۋەھىملىك ھۇۋلاشلىرى، گاھى - گاھىدا تاغ ئۈستىدىن غۇلاپ چۈشكەن تاشلارنىڭ گۈلدۈر - قاراسلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. مۇشۇلارنىلا دېمىسە، بۇ يەردە ئادەتتىن تاشقىرى جىمجىتلىق، خۇددى ھەممە نەرسە مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتقاندەك سىرلىق جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى. بۈگۈن كەچتە بۆرىنىڭ ھۇۋلىشى يېقىنلا يەردىن ئاڭلاندى. ئۇ بىر توپ بۆرىلەرنىڭ ئارقا - ئارقىدىن ھۇۋلىغان ئاۋازى ئەمەس، يالغۇز بۆرىنىڭ نالە قىلىشىدىن تىترەپ چىقىۋاتقان بوغۇق، يىرتىق ئاۋازى ئىدى. "بۇ چوقۇم بۆرە كۈچۈكلىرىنىڭ ئانىسىنىڭ ئاۋازى" جەزىم قىلدى قەيسەر. كېچە قاراڭغۇلۇقى تېخىمۇ قويۇقلىشىۋاتاتتى، سۈررەڭ بۇلۇتلار يۇلتۇزلارنى يۇتۇپ كەتكەنىدى. تاغ چوققىسى يەنىلا قاسقان تۇماقلىق، بومبۇر ساقاللىق بوۋاي سىياقىدا گىرىمسەن چوقچىيىپ كۆرۈنەتتى.

كۆپ ئىچىلگەن كۈچلۈك ئىچىملىك تومۇر - تومۇرلارغا تاراپ ئادەمنى تۇيدۇرماي مەست قىلغىنىدەك، ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ، قاراڭغۇ كېچىدە نۇرغۇن ئىشلارنى

خىيال قىلىپ ياتقان قەيسەر ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا ئاستا ـ ئاستا ئەشۇ خىيال ئىچىدە ئېرىپ يوقاپ كەتكەندەك بولدى...
گۈگۈم قاپلىغان پايانسىز سەھرا...
ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيدىغان ھاياتسىز، چەكسىز بوشلۇق...
يىراقلاردىن ئاڭلىنىۋاتقان گۈپۈلدىگەن رىتىملىق، سالماق ئاۋازى...
يېقىنلاپ كېلىۋاتقان قەدەم تىۋىشى...
كىمدۇر بىرسىنىڭ كۈچلۈك تىنىقى...
بىر ئادەمنىڭ "قۇتقۇزۇڭلار...! قۇتقۇزۇڭلار...!" دەپ سوزۇپ توۋلاۋاتقان كۈچلۈك خىتابى...
بۇلارنىڭ ھەممىسى قەيسەرگە دەسلەپتە ناھايىتى ئاجىز، كېيىن ناھايىتى ئېنىق ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئۇ بۇ ئاۋازلارنى قۇلىقى بىلەن ئەمەس، ئادەتتىن تاشقىرى تىرەنلىشىپ كەتكەن نازۇك سەزگۈسى بىلەن ئاڭلاۋاتاتتى. بۇ ئاۋازلار كۈچەيگەنسېرى ئۇ ۋەھىمە ـ قورقۇنچقا چۈشۈپ ئۆزىنى قۇتۇلدۇرماقچى، ياتقان يېرىدىن قوپۇپ قېچىپ كەتمەكچى بولدى. نىھايەت، ئۇ خۇددى بىر پارچە قورام تاش ئاستىدا بېسىلىپ قالغاندەك گەۋدىسىنى مىدىرلىتالمايتتى. "ئاھ، مەن ئۆلۈپتىمەن، خۇددى ھېلىقى بۆرە باللىرىدەك ئۆلۈمگە مەھكۇم بوپتىمەن" ئەلەملىك خىتاپ قىلدى ئۇ. ئۇ ئاشۇلارنى دەپ بار ئاۋازى بىلەن توۋلىماقچى بولدى. ئەمما ئۇنىڭ نە ئاۋازى، نە تىنىقى چىقمايتتى. ئۇ بىردىنلا يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان قاسقان تۇماقلىق، بومبۇر ساقال، گىگانت گەۋدىلىك بىر بوۋاينى كۆرۈپ قالدى. بوۋاينىڭ چىرايى ئۇنىڭغا تولىمۇ تونۇش ئىدى. "تاغنىڭ چوققىسى ئەمەس، ئەسلىدىلا ئادەمكەنغۇ، تەققى ـ تۇرقى خۇددى بوۋامدەك بەردەم، كۆزلىرى خۇددى بوۋامنىڭ كۆزلىرىدەك كۆك..." دەپ ئويلىدى قەيسەر يىرىكى جايىغا چۈشۈپ. ئاندىن بوۋايغا يېلىنىپ خىتاب قىلدى:
— ماڭا رەھىم قىل، مېنى قۇتقۇز...!
— مەھكۇم بەندە ئۆزگىگە قول سوزغاندىن، ئۆزىنى ئۆزى قۇتقۇزسا ئەڭ ئېشەنچلىكتۇر.
— ئەمىسە سەن "قۇتقۇزۇڭلار!" دەپ كىمگە ئىتىجا قىلىۋاتاتتىڭ؟ — قەيسەر بوۋاينىڭ سۆزىدىن راستتىنلا رەنجىگەندى.
— ئادەملەرگە، ئەزىزىم!
— ئۇلار نېمىنى قۇتقۇزۇشى كېرەك؟
— ئۆلۈۋاتقان، ھالاك بولۇۋاتقان دۇنيانى.
— ئۇنىڭ باشپاناھى — خۇدا بار ئەمەسمۇ؟
— ياق، سەنمۇ ئۇنىڭ باشپاناھى، سەنمۇ دۇنيانىڭ ئىگىسى، ئىنسان ھالاك قىلغۇچىلا ئەمەس، قۇتقۇزغۇچىمۇ بولۇشى كېرەك.
بوۋاينىڭ ئاۋازى شۇقەدەر ئاھاڭدار، ساپ، يېقىملىق، ھېسسىياتلىق ئىدىكى، مۇنداق ئاۋازنى ئىنسانلارنىڭ ئاغزىدىن ئەمەس، پەقەت ھېسسىياتنى ئەڭ مۇكەممەلئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان مۇزىكا كۈيلىرىدىنلا ئاڭلاش مۇمكىن ئىدى. قەيسەر بوۋاينىڭ سۆزلىرىدىن ئىنتايىن تەسىرلىنىپ كەتتى:
— توغرا ئېيتتىڭ مۆھتىرەم ئاقساقال، ئىنسانىنىڭ دۇنيانى قۇتقۇزۇشى ئاخىرقى

ھېسابتا ئۆزىنى قۇتقۇزۇشقۇ. ئەپۇ قىل، سەندىن بىر ئىشنى بىلگۈم كېلىۋاتىدۇ، ئىنسانلار ئاللىقاچان مۇنداق پىكىر قىلىشنى تەرك ئەتكەن، ھالبۇكى سەن ماڭا ئىنسان سۈپىتىدە ئەمەس، تەڭرى سۈپىتىدە سۆزلىدىڭ، بىلىۋالسام دەيمەن، ئۆزۈڭ كىم بولىسەن؟

— مەن مۇشۇ زېمىننى ماكان تۇتقان ئۇلۇغ قەۋمنىڭ تاشلىۋېتىلگەن روھىمەن. مەن تەكلىماكان قۇملۇقلىرى ئاستىدا ئۆزۈم ئاپىرىدە قىلغان شاھانە سەلتەنەتنى قۇچاقلاپ نەچچە مىڭ يىل كۆمۈلۈپ ياتتىم. نەقەدەر ئۇلۇغ سەلتەنەت! لېكىن ئۇنىڭدىن بالقىپ تۇرغان نۇر - زىيانى ئۇنى دەسسەپ تۇرغانلار كۆرەلمىدى. ئاشۇ نۇر، ئاشۇ دۇنياۋى يۈكسەك سەلتەنەت مېنىڭ ھاياتلىق بۇلىقىم ئىدى، مەن شۇلارنى ئىزۇق قىلىپ ھازىرغىچە ياشاپ كەلدىم. سەن ئۇ يەرلەردىكى توغراق، يۇلغۇنلارنى كۆرگەنمۇ؟

— كۆرمەيچۇ، مەن تۇغۇلۇپ ئۆسكەن مەھەللە ساپلا يۇلغۇن، توغراقلىق.

— يۇلغۇن، توغراق... — ھاياجانلىنىپ بىردەم كۆزىنى يۇمۇپ تۇردى بوۋاي، — ئاشۇ يۇلغۇن، توغراقلار دەل شۇ يەردە ھالاك بولغان سەلتەنەتتىن بىشارەتتۇر. ھەي دەرىخ! ئادەملەر ئۆزىگە تېگىل بولغان ئەڭ ئۇلۇغ، ئەڭ قىممەتلىك نەرسىلەر بىلەن كارى بولۇشمىدى، ئۇنىڭ قەدرىگە يېتىشمىدى. نېمىشقا شۇنداق؟ ئۇلار ئېرىشكەن راھەت - مەئىشەت، شانۇ - شەۋكەتتىن ئەس - ھوشلىرىنى يوقۇتۇپ، ئېتىقاد ۋە ئىماننى تەرك ئەتتى، شۇ ۋەجىدىن ئۈستىگە قارا بوراندەك باستۇرۇپ كەلگەن تەپىرىقچىلىق ۋە غاپىللىق ئۇلارنىڭ كۆزلىرىنى كور قىلىۋەتتى، ئەقىل چىرىغىنى ئۆچۈرۈۋەتتى. سەن ئاخىرقى زامان، يەنى قىيامەتنىڭ نېمىلىكىنى بىلەمسەن؟

— بۇ سوئالىڭغا توغرا جاۋاب بېرەلمىسەم كەچۈر.

— ئىككىلەنمە، كۆڭلۈڭگە نېمە كەچسە شۇنى دەۋەر.

— مەن ئويلايمەن، قىيامەت گۇمراھلىق دېمەكتۇر.

— بۇ دەل ئادەملەرنىڭ روھىيىتىدىكى گۇمراھلىق، — تېخىمۇ ئېنىق قىلىپ ئىزاھلىدى بوۋاي، — ئادەملەرنىڭ روھىي يىمىرىلسە نېمە بولىدۇ؟ ئۇ چاغدا ئادەم ئادەم بولماي قالىدۇ. ئادەم ئىمان، سۆيگۈنى، سەنئەت ۋە شانۇ - شەۋكەتنى ۋايىغا، يۈكسەك كامالىتىگە يەتكۈزۈشتىن ۋاز كەچكەن ھامان، بالايى - ئاپەتنىڭ مەنبەسى، قىيامەتنىڭ چىللىغۇچىسى بولۇپ قالىدۇ، شۇڭا مەن ئىمان، ئېتىقادقا، سۆيگۈ ۋە سەنئەتكە بار كۈچۈم بىلەن يېپىشتىم، ئۆزۈمنىڭ ئىنسانىنىڭ ئەقىل تەختىدىن قوغلانمىغىنىغا، خارۇ - سەرسانلىقتا قالغىنىغا قارىماي، يەنە ئىنسانلار ئارىسىدا بار ئاۋازىم بىلەن توۋلاپ يۈردۈم: ئاگاھ بولۇڭلاركى ئىنسانلار! ئاخىرقى زامان ئۈستۈڭلارغا باستۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ... سىلەر ئۆلۈۋاتقان، ھالاك بولۇۋاتقان دۇنيانى قۇتقۇزۇڭلار...! دۇنيانى قۇتقۇزغانلىق ئاخىرقى ھېسابتا ئۆزۈڭلارنى قۇتقۇزغانلىقتۇر!

— مۆھتىرەم ئاتا، — دەۋەتتى قەيسەر كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، — ئۇلار ئىلتىجالىرىڭنى ئاڭلاپ نېمە دېيىشتى؟

— پەرۋا قىلىشمىدى، سەۋەبى، ئۇلار ئىمان، سۆيگۈ ۋە مېھرىبانلىقتىن ئايرىلىپ بىرپارچە جانسىز كېسەككە ئوخشاپ قالغان، مەن خۇدانىڭ يېنىغا باردىم، خۇدا تەرلەپ - پىششىپ بار ئىخلاسى بىلەن لايدىن تۈركۈملەپ ئادەملەرنى ياساۋاتقانىكەن، مەن خۇداغا كۆز ياشلىرىمنى تۆكۈپ تۇرۇپ، چىن كۆڭلۈمدىن ئىلتىجا قىلىپ

"كەرەملىك خۇدا، سەندىن ئۆتۈنەي، سەن ئادەملەرنى ئاز ياسا، تىرىك ياشاۋاتقانلارغا ئىمان، ئېتىقاد ۋە مېھرىبانلىقنى كۆپرەك ئاتا قىل!" دېدىم...
... بىقىنلا يەردىن بۆرە هۇۋلىدى، قەيسەر تولغىنىپ يېنىغا ئۆرۈلدى... ئۇنىڭ نەپەسلىرى تېزلىشىۋاتاتتى، چېكىسىدىن پۇرقىراپ تەر قۇيۇلۇۋاتاتتى، ئۇچىسىدىكى كىيىملىرى، بېشىدىكى ياستۇقى، ئاستىدىكى كۆرپىسى چىلىق ـ چىلىق سۇ بولۇپ كەتكەنىدى...
بوۋاي تاغنىڭ ئۈستىدە بەدەشقىنىنى قۇرۇپ خۇددى گىگانت چوققىدەك ۋەزمىن ئولتۇراتتى، قەيسەر بوۋاينىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرىۋىدى، ئۆزىنى خۇددى يەنە بىر تاغ چوققىسىغا ئۇخشاپ قالغاندەك هېس قىلدى.
بۆرىنىڭ سوزۇپ هۇۋلىغان ئاۋازى يەنە ئاڭلاندى.
— ئۇ ھەسرىتىنى خۇداغا شىكايەت قىلىۋاتىدۇ، — بىردىنلا ئۆكسۈپ كەتتى بوۋاي، ئۇنىڭ كۆڭلى بۇزۇلىۋاتاتتى، — قورقۇنچلۇق بىر تراگېدىيە بۆرىلەر ئۈستىگە باستۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ، بۆرىلەرنىڭ ئۆز ماكانىنى ئىنسانلار ئۇلارغا قايتۇرۇپ بېرەرمۇ، بۆرىلەر تەبىئەتكە قايتىپ كېلەلەرمۇ؟
— مەن دۇنياغا ئەمدىلا كۆز ئاچقان بەش بۆرە كۈچۈكىنىڭ ئۆلتۈرۈلگەنلىكىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم، — بىرخىل ھەمدەردلىك بىلەن دېدى قەيسەر.
— شۇ... بۆرە شۇنى شىكايەت قىلىۋاتىدۇ.
— ئۇنىڭ هۇۋلىشىغا خۇدادىن بۆلەك كىممۇ قۇلاق سالار، شىكايىتىنى كىم ئاڭلار؟
— قاتىل، قاتىلنىڭ ۋىجدانى ئاڭلىمامدۇ، ئەنە قۇلاق سال!
بۆرىنىڭ هۇۋلىشى يەنە ئاڭلاندى.
— نېمىنى ئاڭلىدىڭ؟
بۆرىنىڭ هۇۋلىغىنىنى.
كۆڭلۈڭنى يىغ، ئەقىل قۇلىقىڭنى تىك تۇت!
قەيسەر كۆپكۆك چىملىق ئۈستىدە يالغۇز ئولتۇراتتى، ئۇ بىرخىل يېتىمسىراش هېس قىلىپ، بوۋاينى قاياقتىن كېلەركىن دەپ، ئەتراپقا تەلمۈرۈپ قاراشقا باشلىدى. دەريا بويىمىكىن... يېقىنلا يەردە بۆرە يەنە هۇۋلىدى. ئارقىدىنلا قەيسەرنىڭ قۇلىقىغا ئۇ ئەزەلدىن ئاڭلاپ باقمىغان ئاجايىپ بىر ئاۋاز ـ بۆرە بىلەن ساتتار هامۇتنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىرسىنىڭ جىددىي زاكۇنلىشىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى:
— ئاھ دەرىخ! نېمانچە رەھىمسىز، قارا يۈرەك مەلئۇنسەن؟ ئەمدى بىلدىم، باللىرىمنى، مېنىڭ يۈرەك پارەمنى تاغرىڭغا سولاپ ئېلىپ كېتىپتىكەنسەن ـ دە، ئۇلارنىڭ كىچىك جېنىغا زامىن بولۇپ نېمىگە ئېرىشتىڭ؟
— ها... ها... ها... بەش قويغا، بىلەمسەن بەش قويغا!
— سېنىڭمۇ مۇشۇنداق نارەسىدە باللىرىڭ بار بولغىيدى، ئاشۇلار توغرۇلۇق نېمشقا ئويلىمايسەن؟ سەن مۇھەببەت ۋە شەپقەتنىڭ ئاسىيسى ئىكەنسەن.
— سەن بىزگە زىيانداش تۇرساڭ، ساڭا نېمشقا مېھىر ـ شەپقەت قىلغۇدەكمەن؟ سەن بىزگە ئاراملىق بەرمىدىڭ، قوي، كاللىرىمىزنى بوغۇپ ئۆلتۈردۈڭ، يېدىڭ، بىزگە ھەددى ـ ھېسابسىز زىيان سالدىڭ.
— ياق، ياق، بىز قوي، كاللىرىڭنىڭ گۆشىنى ئەمەس، ئۇنىڭ ئاجىز، يارامسىز روھىنى ئوزۇق قىلدۇق. سەن ئۇلارنىلا ئەمەس پۈتكۈل جاھاننى يالماپ يۇتماقچى

بولغىنىڭدا، بىز ھاياتلىق ھوقۇقىمىزنى قوغداش ئۈچۈن ساڭا قارشى جەڭ ئېلان قىلدۇق. ئالەم مۇرەببىسىنىڭ يازمىشى - پۈتمىشى بىلەن بۇ زېمىنىنىڭ نۇسرەت - ھىممىتى جىمى مەخلۇقلارغا تەڭ چېچىلغان. ھالبۇكى، سەن ئالەم مۇرەببىسىنىڭ بۇ ھۆكۈمىنى تەرك ئەتتىڭ، سەن مۇرىتۋەتلىك بۇ ئۇلۇغ زېمىنىمىزنىڭ قانلىرىنى شوراپ، ئۇنى جانسىز مۇردىغا، ئۆتمىتۆشۈك قىلىۋېتىلگەن ھەرە كۆنەلگىسىگە ئوخشىتىپ قويدۇڭ. سەن مۇشۇ قىلمىشىڭ ئۈچۈن كۆك تەڭرىسىگە قانداق جاۋاب بېرىسەن؟ ئەمدى سەن ئەي پاسىق ئادەم، ئالەم مۇرەببىسىنىڭ ھەق جازاسىغا ئۇچرايسەن!

— جازا دەمسىنا، ئەي سوكال قۇيرۇق، مەن تېخى سېنىمۇ ئۆلتۈرمەن، سېنى ئۆلتۈرسەم قانچىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقىمنى بىلەمسەن؟ يۇقىرىدىن ئۇقتۇرۇش چىقارغان، بىرىڭنى ئۆلتۈرسەك بىر قوي مۇكاپات! پايدا بولا ئەمەس، سويۇپ ساتسام تېرەڭمۇ، يېغىڭمۇ، ئوشۇقۇڭمۇ پۇل!

— پۇل؟ قانداق نەرسە ئۇ پۇل دېگەن؟

— پۇلنى بىلمەمسەن؟ توغرا، توغرا، ئاڭسىز ھايۋان بولغىنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيسەن - دە، پۇل دېگەن ئۇن سەككىز مىڭ ئالەمنىڭ نىجاتلىق تۈۋرۈكى، ئىنسان ھاياتى ۋە بەخت - سائادىتىنىڭ ئوق يىلتىزى، ئېتىقادنىڭ مۇقەددەس قىبلىگاھى، يەنە...

— بولدى بەس قىل، ئۇنداق بولسا پۇل دېگىنىڭ كۆك تەڭرىسىنىڭ ئۆزى ئىكەنغۇ؟

— ياق، نېمە دەپ بىلجىرلاۋاتىسەن؟ تەڭرى دېگىنىڭ ئۇنىڭ ئالدىدا نېمە؟ ئۇ تەڭرىدىنمۇ يۈكسەك، تەڭرىدىنمۇ ئۇلۇغ.

— گېپىڭنى چۈشەنمىدىم، ئەي ھاياتلىقنىڭ قاتىلى، ئۇنداقتا پۇلنىڭ پۈشتى - پاناھى، ياراتقۇچىسى كىم؟

— ئادەملەر، ئادەملەر بولمامدۇ ئەخمەق، پۇل دېگەن ئادەملەر ئەقىل - پاراستىنىڭ جەۋھىرى، ئادەملەرنىڭ ئەڭ ئۇلۇغ ئىختىراسى. — ئاھ، بىچارە ئادەملەر، سىلەر پۇلنى شۇنچە ئۇلۇغ قىلىپ ياراتقىنىڭلار ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىدا ئۆزۈڭلار ھېچنېمىگە ئەرزىمەس بىچارە قۇلغا ئايلىنىپ قالغان ئىكەنسىلەر - دە، شۇڭا سىلەر ئاشۇ پاسىق مۆجىزاتنىڭ پەرمايىشى بىلەن يەر يۈزىدە دەھشەتلىك قىرغىنچىلىق ئېلىپ بېرىشقا، قان تۆكۈشكە، ۋۇجۇدۇڭلاردىكى ئىمان، ئېتىقاد ۋە شەپقەتنى ئۇنىڭ شۆھرەت — كامالىتى ئۈچۈن نەزىر قىلىۋېتىشكە مەجبۇر بولغان ئىكەنسىلەر - دە، مەن ساڭا كۆك تەڭرىنىڭ نامى بىلەن ئېيتاي، ئالەم مۇرەببىسى سىلەرگە بەخشەندە قىلغان، ئەمما سىلەر تەرك ئەتكەن ئىمان، ئېتىقاد ۋە شەپقەتنىڭ قىساسى ئاخىر سىلەرنى تۇتىدۇ. ئالەم مۇرەببىسى شۇنداق دېگەن: ئادەملەرنىڭ ئىمانسىزلىقى، ئېتىقادسىزلىقى ۋە شەپقەتسىزلىكى ئۇلارنى ئىنسانىي قەدىر - قىممەتنى ئۇنتۇشقا، ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى ئۇنتۇش ئۇلارنى مۇقەررەر ھالدا گۇمراھلىققا ئېلىپ بارىدۇ.

قەيسەر بۇنى ئاڭلاپ، يۈرىكى لەرزىگە كېلىپ ھۆركىرەپ يىغلىۋەتتى...

قەيسەر ئەتىسى قاتتىق ئۇچۇق تېگىپ، كارىۋىتىدىن قوپالمىغۇدەك دەرىجىدە ئاغرىپ يېتىپ قالدى. ئىككى چېكىسى كۆزلىرى بىلەن قوشۇلۇپ پارتلاپ كېتىدىغاندەك

چىڭقىلىپ ئاغرىيتتى، بەدىنىنىڭ ھەممە يېرى ئوتتەك كۆيۈپ تۇراتتى، باش ـ كۆزىدىن توختاۋسىز تەر قۇيۇلاتتى، پۇت ـ قوللىرى دىرىلدەپ تىترەيتتى، ئېغىر چاڭقاشتىن كالپۇكلىرى قۇرۇپ شالدەك قېتىپ كەتكەنىدى. سۇ ... شۇ تاپتا بىر يۇتۇم سۇ بولسا ئىدى ـ ھە!

دېرىزىدىن قۇياشنىڭ ئەتىگەنكى كۆزنى چاقناتقۇچى كۈچلۈك نۇرى ئۇچۇپ كىردى، يىراقتىن كالىلارنىڭ مۆرەشلىرى ئاڭلاندى، ئېغىلدىكى ئات تېپىرلاپ كىشنىدى. ئۇنىڭ ئەتىگەندىن بۇيان مۇشۇنداق يېتىۋاتقىنىغا قانچىلىك ۋاقىت بولدىكىن؟ بىر سائەت... ئىككى سائەتمۇ ئۆتكەندۇ. لېكىن بۇ ۋاقىت ئۇنىڭغا بىر يىلدەك ئۇزۇن بىلىنمەكتە. ئۇ بۇرۇن كارىۋىتىدا مۇشۇ چاغقىچە سوزۇلۇپ ياتاتتىمۇ؟ ياق، ئۇ سەھەر قوپاتتى، پەسكە چۈشۈپ دەريانىڭ بەدەننى ئەندىكتۈرگۈچى سوغۇق سۈيى بىلەن يۈز ـ كۆزنى يۇياتتى ـ دە، باشقىچە تېتىكلىشىپ ئۆز ئىشلىرىغا كىرىشەتتى. ئالدى بىلەن ئاتنىڭ ئوقۇرىغا قوناق تۆكۈپ چىققاندىن كېيىن، گايىز پالۋان پات ـ پات ئەكىلىپ بېرىدىغان پىششىق قايماق بىلەن چاي قىلىپ، ئاپقۇر چىنىگە قۇرۇق ناننى دەستىلەپ سالاتتى، ئاندىن چاينى ئۈستىدىن قۇياتتى. تارشىدەك قېتىپ تاراڭشىپ كەتكەن نان قىزىق چاي بىلەن گۈژژىدە ئېرىپ بىردەمدىلا لەشتەك يۇمشاپ كېتەتتى. قەيسەر چېيىنى راھەتلىنىپ ئىچىپ تۈگەتكەندىن كېيىن، ياكى تەجرىبە ئېتىزىغا بېرىپ قارىغاي كۆچەتلىرىنىڭ تۈۋىنى يۇمشىتاتتى، ياكى ئېتىغا مىنىپ ئورمانلارنى تەكشۈرۈشكە كېتەتتى. ئۇ كۆزلىرىنى تورۇسقا تىكىپ، كېچىدىكى ياكى خىيالغا ياكى چۈشكە ئوخشىمايدىغان غەلىتە ھادىسىنى يەنە ئەسكە ئالدى ـ يۇ، تېنى شۈركىنىپ، قورقۇپ كەتتى. بوۋاينىڭ سىياقى... ئۇنىڭ دانىشمەنلەرچە ئېيتقان ئاجايىپ سۆزلىرى، بۆرىنىڭ ھۇۋلىشى، ساتتار ھامۇتنىڭ چىرقىراق ئاۋازى... ئۇنىڭ سەزگۈسىدە خۇددى تارقاپ كېتىۋاتقان تۇماندەك غۇۋا ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. "بۇ قانداق ئىش، مەن راستتىنلا شۇنداق سىرلىق ۋەقەگە دۇچ كەلدىممۇ، ياكى ئۇلارنىڭ ھەممىسى مەندىكى ئاغرىقنىڭ غەيرىي ئىنكاسىمۇ؟" بىرخىل گاڭگىراش ئىچىدە ئويلىناتتى ئۇ. تۇيۇقسىز ئىشىك ئېچىلدى، ئېچىلغان ئىشىك بىلەن بىللە قۇياش ئۆي ئىچىگە كىرىپ كەلگەندەك ئۆي ئىچى ئاپئاق يورۇپ كەتتى.

— يۇلتۇز... — ھاياجانلىنىپ پىچىرلىدى قەيسەر. يۇلتۇز قەيسەرگە بۇرۇن ھېچقاچان كۆرۈپ باقمىغاندەك ئادەتتىن تاشقىرى گۈزەل، لاتاپەتلىك كۆرۈنۈپ كەتتى. قىزنىڭ ئويماقتەك ئاغزىدا ئوماق بىر تەبەسسۇم قېتىپ قالغان، بۇرنىنىڭ ئۇچىدا چېكىم ـ چېكىم تەر تامچىلىرى يالتىرايتتى. قەيسەرنىڭ يۈرىكى بەخت مەستخۇشلۇقى ۋە سۆيۈنۈشتىن ياپراقتەك تىترەپ كەتتى. ئەنە، ئۇنىڭ پەرىشتىسى! تەڭرى ئەۋەتكەن يېگانە پەرىشتە ئۇنىڭ ئالدىدا كۈلۈپ تۇراتتى.

— مېنىڭ پەرىشتەم... — قەيسەرنىڭ ھاياجانلىق ئاۋازى كۈچسىز ھەم غاراڭ ـ غۇرۇڭ ئىدى، — نېمىشقا كەلدىڭىز، ماڭا جان ئاتاقىلغىلىمۇ، ياكى جېنىمنى ئالغىلىمۇ؟

— ھەجەب قىزىق گەپ قىلىدىكەنسىز، ساراڭ بولدىڭىزمۇ؟ — پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى قىز. ئۇ قولىدىكى تۈگۈنچەكنى جوزا ئۈستىگە قويۇپ قەيسەرنىڭ يېنىغا كەلدى، C¨ قوپۇڭ، ئاشۋاقتى بولدى، يېتىۋېرەمسىز؟

— ئۆتۈنەي، ماڭا بىر قاچا سۇ بېرىڭ... تۈگىشىپ كېتىۋاتىمەن... پېشانەمنى

تۇتۇپ بېقىڭا.
يۇلتۇز قولنى قەيسەرنىڭ پېشانىسىگە تەگكۈزۈپ بېقىپ خۇددى چوغ تۇتۇۋالغاندەك ئەندىكىپ كەتتى:
— ۋىيىەي... نېمانچە قىزىق، نېمە بولدىڭىز؟
— ھېچ بىلمىدىم... خۇدا ھەققى، ماڭا بىر يۇتۇم سۇ بەرسىڭىز، بىر يۇتۇم...
چەينەكمۇ، چېلەكمۇ قۇرۇق ئىدى، يۇلتۇز چېلەكنى كۆتۈرۈپ دەرياغا يۈگۈردى، ھايال ئۆتمەي بىر چېلەك سۇنى كۆتۈرۈپ ھاسىراپ ـ ھۆمىدىگىنىچە ئۆيگە كىرىپ كەلدى:
— توختاڭ، مەن بېشىڭىزنى كۆتۈرۈپ تۇراي، — دېدى يۇلتۇز قوپۇشقا تەمشىلىۋاتقان قەيسەرنىڭ يېنىغا كېلىپ، بىر قولىدا چىنىنى تۇتۇپ تۇرۇپ.
— ياق، ئۆزۈم قوپاي.
قەيسەر بىر قاچا سوغۇق سۇنى گۈپۈلدىتىپ ئىچىۋىدى، بەدىنىدىكى لاۋۇلداپ كۆيىۋاتقان ئوت لاسسىدە ئۆچكەندەك بولدى... ئۇھ، تاغ سۈيى... يۈرەك قاغجىراپ چاڭقاپ تۇرغاندا نەقەدەر راھەت! يۇلتۇز قەيسەرنىڭ يېنىدا ئولتۇراتتى. ئۇ قەيسەرنىڭ كۆزلىرىگە تەلمۈرۈپ ئەركىلىگەندەك دېدى:
— قاتلىما ئەكەلگەنىدىم، يەپ باقامسىز؟
— ياق... — بېشنى چايقىدى قەيسەر، — شۇ تاپتا گېلىمدىن ھېچ نەرسە ئۆتمەيدۇ.
— تۈنۈگۈن نېمىشقا كېتىسىز؟ ھەجەب قىلىقىڭىز بارجۇمۇ سىزنىڭ. سىزنى كۆرۈپ شۇنچىلىك خۇشال بولغانتىمكى... سىزنى چوقۇم ياقتۇرۇپ ئىچىدىغۇ دەپ ئۈگرىنى ئۆزۈم كېسىپتىكەنمەن تېخى.
— شۇ ئۈگرىڭىز ئەمدى بولسا ـ ھە؟ — كۈلۈمسىرىدى قەيسەر ئۇسسۇزلىقى بېسىلغاندىن كېيىن بىرئاز ماغدۇرىغا كەلگەندەك بولۇپ.
— ئېتىپ بېرەيمۇ ئەمىسە، بىر دەمدىلا تەييار قىلىمەن.
— ياق، رەھمەت... ئۆيىڭىزدىكىلەر ئىزدەپ قالسا...
— مالىنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ ياققا ھەيدەپ كەلدىم، — دېدى قىز بىرخىل خاتىرجەم ئاھاڭدا، — دادام تېلېۋىزورغا چىققۇدەك. ھازىر سۇلتان دادام ئىككىسى شۇ ئىش بىلەن ئالدىراش. ئۇن نەدە؟
— راستىنلا ئاش ئېتىپ بېرەمسىز؟ — ھاياجانلىنىپ بېشىنى كۆتۈردى قەيسەر، — ئەمىسە خېمىر يۇغۇرىمەن دەپ ئاۋارە بولماڭ، قۇرۇتۇلغان تەييار چۆپ بار. گۆش ... قازناق ئۆيدە ئاسقۇدا.
يۇلتۇز ئاشخانىغا چىقىپ ئوچاققا ئوت ياقتى، پارچىلاپ تەييارقىلىپ قويۇلغان قۇرۇق قارىغاي ئوتۇنى ئوچاقتا پاراسلاپ كۆيۈشكە باشلىدى. باش ـ كۆزىنىڭ زىڭىلداپ ئاغرىشلىرى قويۇۋېتىپ، سەل ـ پەل ئارامنى تېپىپ قالغان قەيسەرنى ئەمدى ئاستا ـ ئاستا شېرىن ئۇيقىدەك بېسىشقا باشلىدى...
ئۇ قانچىلىك ۋاقىت ياتتىكىن، بىرچاغدا يۇلتۇز ئۇنى يېنىك تۈرتۈپ ئويغاتتى:
— كۆزىڭىزنى ئېچىڭ، ئاش پىشتى.
يۇلتۇز قەيسەرنىڭ چىنىدىكى ھور پۇرقىراپ تۇرغان قىزىق ئۈگرىنى قوشۇقتا ئاز ـ ئازدىن ئالدىرىماي ئىچىشلىرىگە سەپسېلىپ قاراپ ئولتۇراتتى.
— سۇلتان دادام مېنى شەھەرگە ئېلىپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ، C" دېدى يۇلتۇز

بىرخىل ئويچان هالدا.
— كىمدىن ئاڭلىدىڭىز؟ — قەيسەر ئىچىۋاتقان ئىشىنى توختاتتى.
— دادام بىلەن ئىككىسىنىڭ شۇنداق دەپ سۆزلىشىۋاتقىنىنى ئاپام ئاڭلاپتۇ.
— شەھەردە نېمە ئىش قىلىدىكەنسىز؟
— ئىسمىنى نېمە دېدى خۇدايىم... بىر زاۋۇتتا ئىشلىگۈدەكمەن.
— سىز قانداق ئويلىدىڭىز؟
— بەك خۇشال بولدۇم، مال باقىدىغان ئىشتىن قۇتۇلىدىغان ئوخشايمەن دەپ...
قەيسەرنىڭ گېلى غىققىدە بولۇپ، قولىدىكى قاچىنى جوزا ئۈستىگە قويدى.
— نېمە بولدىڭىز، ئىشچى بولسام سىز خۇشال ئەمەسما؟
— نېمىشقا خۇشال بولماي؟ لېكىن... ئۇ ئادەمنىڭ سۆزلىرى ئىشەنچلىك ئەمەس.
— قانداق دەيسىز؟
— هېس قىلمىدىڭىزمۇ، بىر قاراشتىنلا ئۇنىڭ قۇۋ مەككارلىقى بىلىنىپ تۇرمامدۇ؟
— ۋيييەي... تىلىڭغىلى تۇردىڭىزغۇ سۇلتان دادامنى... دادامنىمۇ بۇرۇن مۇشۇ فېرمىغا سۇلتان دادام ئورۇنلاشتۇرۇپتىكەنغۇ.
ئاھ، گۆدەك قىز، ئۇنىڭ قەلبى نەقەدەر سەبىي؟ ئۇ شۇتاپتا سۇلتان ئەلىنىڭ سۆزلىرى ئۈچۈن شۇقەدەر خۇشال، ئەمما قەيسەر بۇنىڭغا بەكلا كۆڭلى يېرىم. ئۇ نېمىشقا يۇلتۇزنىڭ خۇشاللىقىغا جور بولالمىدى، يۇلتۇز مالچىلىقتىن قۇتۇلۇپ زاۋۇتقا ئىشچى بولۇپ كىرسە نېمىسى يامان؟ ياق، يامىنىغۇ يوق، ئەكسىچە قالتىس چوڭ ئىش بولاتتى! لېكىن قەيسەر بۇئىشنىڭ سۇلتان ئەلى بىلەن باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىنى ئويلىغىنىدا، خۇددى كېتىۋېتىپ يۇندىغا كېچىۋالغاندەك كۆڭلى سۆز بىلەن ئىپادىلەپ بولمايدىغان بىرخىل غەشلىككە تولدى. ئۇ يۇلتۇزغا ئەمدى نېمە دېسە ياخشى؟ "بارماڭ" دېيەلەمدۇ؟ شۇنداق دېسە بۇ سۆزنى قايسى ئاساس بىلەن ئىسپاتلاپ بېرەلەيدۇ؟ مۇبادا سۇلتان ئەلى بىلەن ساتتار هامۇت راستتىنلا شۇنداق دېيىشكەن بولسا، قەيسەر يۇلتۇزنى بۇ يولدىن توسۇپ قېلىشقا قۇربىتى يەتمەيدۇ، يۇلتۇزنىڭمۇ بارماسلىققا ئىلاجى يوق. قەيسەر ئاشۇلارنى سۈكۈت بىلەن ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ كەتتى، ساددا قىز قەيسەرنىڭ بۇ خىياللىرىدىن بىخەۋەر:
— ئېشىڭىز سوۋۇپ قالدى، ئىچىۋېتىڭ، دېدى.
— ياق... گېلىمدىن ئۆتمىدى، قەيسەر ۋۇجۇدىنى كۆيدۈرۈپ ئۆتكەن ئاچچىق بىر سەزگۈدىن ماغدۇرنى يوقاتقاندەك بولۇپ، ئۆزىنى يەنە كارىۋاتقا تاشلىدى.

## ئالتىنچى باب

تىنچ ـ خىلۋەت كۆل بويى ئەمدى بۇيەردە يېگىدىن پەيدا بولغان قىزغىن هاياتنىڭ شاۋقۇن ـ سۈرەنى بىلەن تىترەشكە باشلىدى. كۆل ئەتراپىغا توساق ئۈچۈن تېگىدىن تارتىپ يۇقىرىغىچە نەچچە قۇر سىم تارتىلغانىدى. ساياهەتچىلەرنىڭ كۆل بويىغا خالىغانچە كېلىشى چەكلەنگەن، ئۇلار ئالدى بىلەن توساق سىرتىدىكى ئالدىغا جوزا قويۇلغان بېلەت ساتقۇچى قىزدىن بىردانە كىرىش بېلەتتىنى بەش يۈەندىن ئېلىشى، ئاندىن ئۇنى تار كىرىش ئېغىزىدىكى بىر ـ بىرىگە روبىرو ئولتۇرۇشقان يىگىتلەرگە تاپشۇرۇشى كېرەك. شۇ چاغدىلا ئۇلار كۆل بويىغا بېرىش، ئۇ يەردە خالىغانچە ئويناپ

ـ كۈلۈش، تويغىچە يەپ ـ ئىچىش پۈرسىتىگە ئېرىشەلەيدۇ. كۆل بويىغا قاتار قىلىپ ئاپئاق كىگىز ئۆيلەر تىكىلگەن، ئىچىگە ئۆينىڭ دەرىجىسىگە قاراپ گىلەم، شىرداقلار سېلىنغانىدى. كۆلنىڭ مەنزىرىلىك جايىدىن خېلىلا يىراققا ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئېلېكتىر ماتورىدىن تارتىلغان چىراغلار ئۆي ـ ئۆيلەرنى سۈتتەك يورۇتۇپ تۇراتتى. تېلېۋىزوردا سىنقويغۇ ئارقىلىق يېڭىدىن ـ يېڭى سەنئەت نومۇرلىرى، كىنۇ ھەم تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرى كۆرسىتىلىپ تۇراتتى. ھەر ـ بىر ئۆيگە كىرىش پۇلى ئايرىم ھېسابلىنىشتىن باشقا، باھاسىمۇ ئوخشىمايتتى. ھەركىم ئۆز مەرتىۋىسى ھەم ھالىغا يارىشا خالىغان ئۆينى تاللىۋالالايتتى ـ دە، ئۆيدە ئارام خۇدا ئارام ئېلىش، خالىغان ئىشلىرىنى قىلىش ھوقۇقىغا ئېرىشەلەيتتى. شەھەردىن ئالاھىدە تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كېلىنگەن، چىرايلىق كىيىندۈرۈلگەن خۇش چىراي كۈتكۈچى قىزلار ئۆلارنىڭ نېمە يەيدىغانلىقىنى، قانداق ئۇسسۇلۇق ئىچىدىغانلىقىنى، يەنە قانداق تەلەپ ـ ئارزۇلىرى بار ئىكەنلىكىنى ئەدەپ بىلەن سورىشاتتى. كۆلنىڭ بىر چېتىدە مەخسۇس تەسىس قىلىنغان ئاشخانىنىڭ يوغان قازىنىدا قايناۋاتقان پاقلان گۆشلىرى، چوڭ كاۋاپدانلاردا پىشىۋاتقان مېتىرلىق كاۋاپلار، سۆڭەكلىك قىيما كاۋاپلار، تونۇر كاۋاپلىرى، ھاراق، پىۋىلار، گازلىق ئىچىملىك، مىنېرال سۇلار ئۆي ـ ئۆيلەرگە ئۈزۈلمەي توشۇلۇپ تۇراتتى. كۆل بويىدىكى بىر پارچە تۈزلەڭگە گىلەملەر سېلىنىپ، چۆرىسىگە يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقلار قويۇلغانىدى. ئۇيەردە شەھەر بويىچە ئەڭ ئۇستا سازەندىلەر نەغمە قىلىشماقتا ئىدى. ئۆي ـ ئۆيلەردە يەپ ئىچىشىپ كەيپى كۆتۈرۈلگەن ئەر ـ ئاياللار، قىز ـ يىگىتلەر سورۇنغا كېلىشىپ بەس ـ بەس بىلەن ئۇسسۇل ئوينىشاتتى، تانسا قىلىشاتتى. كۆلدە ياز بويى ئۈزۈلمەي يۈرىدىغان ئاق قۇلار ئەمدى قاياققىدۇر ئۇچۇپ كېتىشكەن، غاز ـ ئۆردەكلەر قاياققىدۇر قوغلىۋېتىلگەن. ئۇنىڭ ئورنىدا چوڭ ـ كىچىك قېيىقلار ئۈزۈلمەي يۈرۈشەتتى. بۇ يەرگە كەلگەن ئادەملەرلا ئەمەس، پىكاپ، ئاپتوبۇس، مىنىبۇسلارمۇ پۇل تېپىشنىڭ ئوبدان دەسمايىسى ئىدى. بېلىكىگە قىزىل بەلگە تاقاپ، بويىنىغا كۆك سومكا ئېسىۋالغان، دوڭغاقلاپ ئارانلا ماڭىدىغان سىم ساقال بوۋاي بىرەر ماشىنا كېلىپ توختاپ ماتورىنى ئۆچۈرۈشكە ئۈلگۈرمەيلا شوپۇرغا بېلەت تالونىنى ئۇزۇتۇپ:

—ئىككى كوي! — دەپ خىرقىرايتتى.

مانا بۇلار ساتتارنىڭ كۆل بويىدا ئاچقان ساياھەت — ئىستىراھەت ئورنىنىڭ يېڭى مەنزىرىسى. ھەممە ئىش سۇلتان ئەلى پىلانلىغاندەك ھەم ئورۇنلاشتۇرغاندەك بولدى. سادىر ئىسمايىل فېرمىغا قايتىپ، قۇرۇلماقچى بولغان ساياھەت ئورنىنىڭ ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنىڭ قانچىلىك بولۇشى مۇمكىنلىكى توغرىسىدا ئويلىنىۋاتقان چاغدا، ساتتار ھامۇت بېرىپ مۇشۇ يىلىلا ئون مىڭ يۈەن پايدا تاپشۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئون مىڭ يۈەن... بار ـ يوقى ئۈچ ـ تۆت ئاي قىلىش مۇمكىن بولىدىغان بۇ تىجارەتتىن كېلىدىغان شۇنچىلىك پايدا ئەلۋەتتە ئاز ئەمەس ئىدى. مەردلىك بىلەن ئېيتىلغان ئون مىڭ يۈەنلىك ۋەدە ھەممىنى ھەل قىلدى! سادىر ئىسمايىل ئون مىڭ يۈەنگە كېيىنكى يىلدىن باشلاپ بەش مىڭ يۈەندىن پۇل قوشۇلۇپ ماڭىدىغان، مۇددىتى ئالتە يىللىق توختامغا ئىككىلەنمەيلا قول قويدى. ساتتار ھامۇت ئۆمرىدە قىلىپ كۆرمىگەن بۇنداق تىجارەتنىڭ كېيىن قانداق نەتىجە بىلەن تۈگەللىنىدىغانلىقىنى

ئاڭقىرالماي، يۈرىكى پوكۇلداپ تۇرسىمۇ، سۇلتان ئەلىنىڭ زورى بىلەن ئەللىك مىڭ يۈەن دەسمايە سېلىپ، كۆل بويىنى بېزەپ، بىر ئىككى ھەپتە ئىچىدىلا مۇشۇنداق ھالغا كەلتۈرگەنىدى. تىجارەت باشلىنىشتىن بىرھەپتە بۇرۇن ساتتار ھامۇتنىڭ نامىدا شەھەرلىك رادىئو ئىستانسىسى بىلەن تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدا بىرلا ۋاقىتتا تەڭرىتاغ چارۋىچىلىق رايونىدا يۇلتۇز كۆل سەيلە ساياھەت ئورنىنىڭ تەسىس قىلىنغانلىقى، بۇ يەرگە ساياھەتكە كەلگۈچىلەر كۆل ھەم تاغنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىدىن، ساپ ھاۋاسىدىن ھۇزۇرلىنىشتىن باشقا، تۆگە ھەم ئات قىمىزى بىلەن ئالاھىدە تەمىنلىنىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيدىغانلىقى توغرىسىدا ئېلان بېرىلدى. ئارقىدىنلا تۆگە ھەم ئات قىمىزىنىڭ ئىنسان ئورگانىزمىغا بولغان پايدىلىق رولى ۋە ساقايتىش قىيىن بولغان جاھىل خاراكتېرلىك كېسەللىكلەرگە نىسبەتەن شىپالىق ئۈنۈمىنىڭ يۇقىرىلىقى توغرىسىدا تىببىي ساۋات پروگراممىسى ئاڭلىتىلدى. سۇلتان ئەلىنىڭ ئەقلىگە ئاپىرىن! ئۇ بۇ ئىشلارنى بىكارلا ئورۇنلاشتۇرمىغان، ساتتار ھامۇتنى زىيانغا باشلىمىغانىكەن. ئېلان ئاڭلىتىپ بىر ھەپتىدىن كېيىنلا بۇ يەرگە كېلىدىغان سەيلە ـ ساياھەتچىلەر ھەسسىلەپ كۆپىيىشكە باشلىدى. ھەركۈنلۈك كىرىم ساتتار ھامۇت تەسەۋۋۇر قىلىپ باقمىغان دەرىجىدە كۆپ ئىدى. ئويۇن ـ تاماشا بىلەن مەستخۇشلۇق ئاپىرىدە قىلغان مەرد ـ سېخىيلىكنىڭ سېھرىي كۈچىنى ھېچ نەرسە بىلەن تەڭلەشتۈرۈپ بولمايتتى. تاماشىچىلار سورۇندا پۇللىرىنى ئايىماي خەجلىشەتتى... ئۆزلىرىگە لازىملىق نەرسە بولسىلا باھاسىنىڭ قانچىلىكلىكى بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايتتى. غازاڭدەك چۇشۇۋاتقان پۇل ... بۇنى كۆرۈپ ساتتار ھامۇتنىڭ ئۇيقۇسى قاچتى، كۆڭلى ۋەسۋەسە بىلەن تولدى. ئىسىت، ئۇنىڭ ئىلگىرى قوي، ئۆچكىنىڭ كەينىدە ئىتتەك سوكۇلداپ ئۆتۈپ كەتكەن ئۆمرى! بالدۇرراق كەلگەن بولسا ـ ھە شۇ ئەقىل! سۇلتان ئەلىنى شېرىك قىلماي بۇ تىجارەتنى ئۆزىلا قىلاتتى ـ دە. مانا ئەمدى سۇلتان ئەلىنىڭ ئۆيدە يېتىپ كۆرسەتكەن ئەقلى بىلەن بانكىدىن كېپىل بولۇپ ئېلىپ بەرگەن قەرز پۇل ئۈچۈنلا تاپقان پايدىنىڭ يېرىمىنى ئۇنىڭغا تاپشۇرۇشقا مەجبۇر. شۇڭا ئەمدى ئۇ باشقىچە بىر يول تېپىشى، بۇ يول سۇلتان ئەلى — بۇ ھېيلىگەر قاقۋاشنىڭ ئېسىگىمۇ كىرىپ چىقمايدىغان، بۇ يول بىلەن تاپقان پۇل پەقەت ئۆزىنىڭلا چۆنتىكىگە چۈشىدىغان بولۇشى كېرەك. ساتتار ھامۇت ئۇيان ئويلىنىپ — بۇيان ئويلىنىپ خىيالىنى بىر ياققا چىقىرالماي يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ يولنى يەنىلا سۇلتان ئەلى كۆرسەتتى:

— ئەمدى كۆل ئەتراپىدىلا تىمسىقلاپ يۈرمەي، ساياھەت ئورنىنى گېلەم يايلاقىچە كېڭەيتىش كېرەك. گېلەم يايلاق سەيلە ـ ساياھەتكە باب كېلىدىغان مەنزىرىسى ئىنتايىن گۈزەل جاي.

— بۇنداق قىلساق فېرما قارشى تۇرماسمۇ؟

— قارشى تۇرالمايدۇ، توختامنامىغا قاراپ باقماسەن، ئۇنىڭدا سەن پايدىلىنىدىغان يەرنىڭ چېگرىسى بەلگىلەنمىگەن، پەقەت "تەڭرىتاغ چارۋىچىلىق فېرمىسى"لا دېيىلگەن. مانا بۇ توختامنامىدىكى ئاجىزلىق. سەن خام كاللا مۇشۇنىمۇ بىلمىدىڭمۇ؟ بىز كانمۇ ئاچىمىز... پايانسىز گۆھەر زېمىندا كېيىن نى ـ نى ئىشلارنى قىلمىز تېخى! ساتتار ھامۇت گىلەم يايلاقنىڭ ئوت ـ چۆپى كۆپ، مەنزىرىسى گۈزەل، دەرياغا يېقىن جايلىرىغا تېزلىك بىلەن قاتار ـ قاتار كىگىز ئۆيلەرنى تىكتۈردى. تاغ ئارىسىدىكى

قازاق ھەم قىرغىز يىگىتلىرىنى ئۇلار قانائەتلەنگۈدەك پۇل تۆلەش بەدىلىگە خالىغان ۋاقىتتا ئوغلاق تارتىش ھەم قىز قوۋۇار ئويۇنلىرىنى كۆرستىشكە تەييار قىلىپ قويىدى. بۇ ئىشلارنى ساتتار ھامۇتنىڭ يۇقىرى ئىش ھەققى بىلەن ياللىۋالغان ئىشەنچىلىك ئادەملىرى بىجىرەتتى. شەھەرنىڭ يىقىمسىز ۋاراڭ - چۇرۇڭى ھەم جىددىي ھايات رىتىمىدىن نېرۋىسى قاخشاپ، ئەسەبىلىرى بۇزۇلۇپ كەتكەن ئادەملەر رادىئو ھەم تېلېۋىزوردا كۈنىدە نەچچە رەت ئاڭلىتىلىپ تۇرىدىغان ئېلاننى ئاڭلاپ، ئىچىگە ئوت تۇتىشىپ، جۈمە كۈنى كەچتىلا تاغقا قاراپ چاپىدىغان بوپ قېلىشقانىدى، ئىلگىرى شەھەر كوچىلىرىدا ئۇياقتىن - بۇياققا تەمە بىلەن قۇرۇقتىن قۇرۇق چېپىپ مېڭىشىدىغان تاكسى ماشىنىلارنىڭ بىردىنلا بازىرى چىقىپ كەتتى، شەھەرلىك ماشىنا ئەترىتىنىڭ يېزا - سەھرالارغا قاتراپ يۈرگەن ئاپتوبۇسلىرى ئەمدى بىراقلا تاغقا قاتنايدىغان بولۇشتى.
گىلەم يايلاق تەڭرىتاغلىرىنىڭ ئەڭ گۈزەل، مەزىرىلىك، خۇش ھاۋا جايلىرىنىڭ بىرى. غەرب تەرەپتە بۈك ئورمان، شەرق تەرەپتە رەڭمۇ - رەڭ گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن گۈلگۈن دالا يېيىلىپ ياتاتتى. شىمال تەرەپتە تاغنىڭ ئېگىز چوققىلىرىدىن ئېرىپ چۈشىۋاتقان سۇنىڭ ھەيۋەت شارقىرىشى تاغ قاپتىلىنى لەرزىگە سالاتتى، تاغ - تاشلارنى تىترىتەتتى. ئاياغتا كۆۋەجەپ، گۈلدۈرلەپ ئېقىۋاتقان ئاقتېكە دەرياسى دەل مۇشۇ شارقىراتمىدىن باشلىناتتى. يېشىل ئورمان، نەمخۇش، سالقىن، نۇردەك تازا ساپ ھاۋا، ھەر تال گۈلدىن بەرق ئۇرۇپ تاراۋاتقان خۇش پۇراق ئىنسان ۋۇجۇدىغا ئۇزاق ئۆمۈر ۋە يېڭىچە ھايات لەززىتى بەخش ئېتەتتى. گىلەم يايلاقنىڭ مۆجىزىلىك سېھر - ھىممىتى يالغۇز بۇلا ئەمەس ئىدى، قىرچىن تاللار ئارىسىدا بۇلبۇللار زوق - شوخ بىلەن سايرىشاتتى، چاتقاللىقلار ئارىسىدا كەكلىكلەر ۋاقىلدىشاتتى. چىل ۋە قىرغاۋۇللار يورغىلىشىپ يۈرەتتى. ئىنسان قەدىمى تېگىپ ئۈلگۈرمىگەن قەدىمىي جىرالار ئارىسىدا بۇغا، كېيىكلەر توپ - توپى بىلەن يۈرۈشەتتى. قارا تۇپراقلىق تۆپىلىكلەردە تۈلكە، سۈلەيسۈن ۋە دالا چاشقانلىرى تىنىمسىز چېپىشاتتى. تاغنىڭ قورام تاشلىق ئېگىز چوققىلىرىدا ئارقار بىلەن تاغ تېكىسى ھەيۋەت مۈڭگۈزلۈك بېشىنى تىك تۇتقىنىچە پەسكە، يىراق - يىراقلارغا مەغرۇر ۋە ھوشيارلىق بىلەن كۆزىتىكىپ تۇرۇشاتتى. گىلەم يايلاق تەڭرى ئۆزىنىڭ ئەڭ يېتۈك سېھرى - كامالىتى بىلەن ئاپىرىدە قىلغان ئاشۇنداق ماكان ئىدى! يۇلتۇز كۆل بويىدا پەيزى قىلىپ كۆڭۈل تەشنالىقىنى قاندۇرغانلار، ئەمدى ئۇ يەردىن ئېشىپ گىلەم يايلاققا بارىدىغان بولۇشتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە يۇقىرا ھەم ئەمەلداردىن باشقا، خام ئەشيا سېتىۋېلىش ئۈچۈن سىرتتىن كەلگەنلەر، سودىگەر - تىجارەتچىلەر ھەم كارخانا خوجايىنلىرىدىن تارتىپ نام - ئەملى ئېنىق بولمىغان ھەرخىل ئادەملەرمۇ بار ئىدى. خەۋەرلەر قۇلاقتىن قۇلاققا يېتىپ يۇلتۇز كۆل ھەم گىلەم يايلاققا ساياھەت، دەم ئېلىش ھەم سودا - سېتىق ئۈچۈن كېلىدىغانلار شىددەت بىلەن كۆپەيگىلى تۇردى. قىمىز تۇلۇم - تۇلۇم، باك - باكلاپ بۇ يەرلەرگە توشۇلۇپ تۇراتتى. شەھەرگە بىر چىنە قېتىق ئاپىرىپ سېتىپ كۆرمىگەن چارۋىچىلار ئەمدى قوي، كالا، سۈت، قىمىزلىرىنى ئۇلارغا سېتىپ تۇتام - تۇتام پۇلغا ئېرىشكەنلىكلىرىدىن خۇشال ئىدى. بۇ ھەقتىكى خەۋەرلەر شەھەرلىك رادىئو ئىستانسىسى ۋە تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ ئاڭلىتىشلىرىدىن ئېشىپ، يۇقىرى دەرىجىلىك گېزىتلەرنىڭ كۆرۈنەرلىك

سەھىپىلىرىگە بېسىلدى. گېزىتلەر تەھرىر ئىلاۋىسى يېزىپ، بۇ چارۋىچىلارنىڭ ناتۇرال ئىگىلىكتىن ھالقىپ، بازار ئىگىلىكىگە دادىل قەدەم بىلەن كىرىپ كەلگەنلىكىنىڭ ئالامىتى دەپ ماختاشتى.
سۇلتان ئەلى گىلەم يايلاقتا دەم ئېلىپ، تۆگە سۈتى ئىچىپ داۋالىنىۋاتاتتى. ئىچىگە بىر كىشىلىك لۆم ـ لۆم كارىۋات قويۇلغان، ئۈنئالغۇ، تېلېۋىزور بىلەن سەرەمجانلاشتۇرۇلغان كىگىز ئۆينىڭ بىرسى شۇنىڭغىلا ئاتاپ قويۇلغان. ياپونىيىدە ئىشلەنگەن تۆۋەن ئاۋازلىق، يۇقىرى ئۈنۈملۈك، كىچىك تىپلىق ئېلېكتىر ماتور باشقا ئۆيلەر قاتارىدا ئۇنىڭ ئۆيىنىمۇ كېچە ـ كۈندۈز توك بىلەن تەمىنلەپ تۇرىدۇ. سۇلتان ئەلى خالىغان ۋاقىتتا ئۈنئالغۇنى ئېچىپ ناخشا ئاڭلىيالايدۇ، خالىغان ۋاقىتتا تېلېۋىزور كۆرەلەيدۇ. ئۇ چۈشتە تېلېۋىزورنى ئېچىپ، كارىۋىتىدا پەي ياستۇققا قولتۇقىغا يۆلەپ يانپاشلىنىپ يېتىپ، دىكتور قىزنىڭ مەيىن شامالدەك يۇمشاق، يېقىملىق ئاۋازىنى ھۇزۇرلىنىپ ئاڭلىدى. قىز "تەڭرىتاغ چارۋىچىلىق فېرمىسىدىكى يېڭى ئۆزگىرىشلەر" ھەم "ساتتار ھامۇت ئىسلاھات داۋامىدا دادىللىق بىلەن يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، تاغ رايونىنىڭ ئەۋزەل شارائىتىدىن پايدىلىنىپ، ساياھەتچىلىك كەسپىنى يولغا قويۇپ، كەڭ چارۋىچىلارنى بېيىش يولىغا باشلىدى..." دېگەن مەزمۇندا سۆزلەۋاتاتتى. ئەتتەڭ! شۇتاپتا يېنىدا ساتتار ھامۇت بولماي قالدى ـ دە، ئۇ ئاڭلىسا ئەلۋەتتە خۇشال بولماي، ئەقىل كۆرسەتكۈچىسىگە چىن كۆڭلىدىن يەنە بىر قېتىم تەشەككۈر ئېيتماي قالمايتتى...
بىر چاغدا ئىشىكتىن ساتتار ھامۇتنىڭ تايلاندتا توقۇلغان ئاق شىلەپىسىنى گەجگىسىگە تارتىپ كىيگەن خاپانبېشى بىلەن ھەمشە ياغلاپ قويغاندەك پارقىراپ كۆرۈنىدىغان قارامتۇل چىرايى كۆرۈندى. ئۇنىڭ كۆزلىرى مۈلايىملارچە كۈلكىدىن قىسىلىپ تۇراتتى:
— تۇتۇپ كەلدىم ئاكا، بوغۇزلاپ قويايمۇ؟
— ئۇلارمۇ، كەپتەرمۇ؟
— تېخى پۈتى يەرگە تەگمىگەن باچكا!
— ئەمسە ھازىرلا،— سۇلتان ئەلى كالتە ئىشتىنىدىن باشقا كىيىملىرىنىڭ ھەممىسىنى سېلىپ، يالىڭاچلىنىپ، كارىۋات ئۈستىدە دۈم بولۇپ ياتتى. ساتتار ھامۇت يېنىغا ئېسىقلىق پىچىقىنى غىلاپىدىن ئېلىپ چاي شىرەسى ئۈستىگە قويدى ـ دە، باچكىلار سولاقلىق خالتىنىڭ ئاغزىنى يېشىشكە باشلىدى. باچكىلار خالتا ئىچىدە پالاقشىيتتى، خۇددى نالە قىلغاندەك، ئانىسىنى چاقىرىۋاتقاندەك كىسىلدىشاتتى. ساتتار ھامۇت خالتىدىن باچكىنىڭ بىرسىنى ئېلىپ، تۈكلىرى تېخى يېتىلىپ ئۈلگۈرمىگەن قاناتلىرىنى قايرىپ جۈپلىدى. باچكىنىڭ شالاڭ، سارغۇچ تۈكلۈك يۇمران بەدىنى ساتتار ھامۇتنىڭ قولىدا دىرىلداپ تىترەيتتى. قارامتۇل نۇر ئىچىدە مارجاندەك يالتىراپ تۇرغان كىچىككىنە كۆزلىرىدە ئۆزىگە بىئەجەل كېلىۋاتقان ئۆلۈم ئۈچۈن پەرياد ئۇرۇۋاتقان ئاجىز مەھكۇمنىڭ كۆزلىرىدىكىدەك زېمىننى تىترەتكۈچى بىرخىل ئۈنسىز نىدا، ھەسرەت، بىچارىلىق ۋە ھاياتقا بولغان چەكسىز قىيالماسلىق ئىپادىسى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ شىددەت بىلەن تېز ـ تېز ئۇرۇلۇشى ساتتار ھامۇتنىڭ سەزگۈسىگە خۇددى بورانىنىڭ ھەيۋەت گۈرۈلدىشىدەك ئاڭلىنىپ كەتتى. ئۇ مۇنداق ئاۋازنى تالاي قېتىم ئاڭلاۋېرىپ،

سەزگۈلىرى كونىراپ، كۆنۈپ كەتكەنىدى. شۇڭا ئۇ قولىدا چاڭگاللاپ تۇرغان باچكىنىڭ ئاجىز دىرىلداشلىرىغا ئىرەڭشىپ كەتمىدى. بىر قولىغا پىچىقنى ئېلىپ، باچكىنىڭ بېشىنى سۇلتان ئەلىنىڭ بىلىگە توغرىلىدى ـ دە، پىچاقنى سۈردى. شۇئان چوغدەك قىزىق قارامتۇل قان سۇلتان ئەلىنىڭ بىلىگە تىرقىراپ ئېتىلىپ چۈشتى. باچكا كۈچىسىز يۈلقۇندى، تېپىرلىدى. ۋۇجۇدىدىن كۆتۈرۈلىۋاتقان جاننىڭ ئازابلىق ئاچچىقىدا قىينىلىپ تىترىدى. ئۇ ھەر قېتىم تېپىرلىغاندا تومۇر ـ تومۇرلىرى قىسىلىپ ۋۇجۇدىنىڭ ئاخىرقى قانلىرى تامچىلايتتى. قان چوغدەك قىزىق ئىدى. سۇلتان ئەلىنىڭ قېرىلىق يەتكىنىدىن بۇرۇنلا سوۋۇپ هارارىتىنى يوقاتقان بەدىنىگە باچكىنىڭ قېنى تامچىلاپ چۈشكەندە، خۇددى بەدىنىگە پۇرۇقشۇپ قايناۋاتقان مېتال ئېرىتمىسى ئېقىپ چۈشكەندەك، تېرىسى "پىژ" قىلىپ كۆيگەندەك بولدى. بۇ چاغدىكى ئۇنىڭ بەدىنى ھېس قىلىپ تۇرغان سەزگۈ ئادەتتىن تاشقىرى راھەتلىك ۋە ھۇزۇرلۇق ئىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئىككى باچكا خۇددى شۇنداق ئۆلتۈرۈلۈپ، قېنى سۇلتان ئەلىنىڭ سىڭگىلچىقىغا، تاپىنىغا، گەجگىسىگە، قۇلىقىنىڭ ئارقىسىغا سۈرتۈلدى. شۇھامان ئۇنىڭ ھەممىشە توڭلاپ، سوغۇق تەرلەپ تۇرىدىغان بەدىنى بىردىنلا ئادەتتىن تاشقىرى قىزىق ھارارەتتىن راھەت تېپىپ، مۇزلاپ كەتكەن قانلىرى تومۇرلىرىدا باشقىدىن شۇۋۇلداپ جۇشقۇنلاشقا باشلىدى. كەچكە يېقىن تەخسىدە باچكىلارنىڭ ھىل ـ ھىل پىشقان گۆشى بىلەن ئاپقۇر چىنىدە شورپىسى كەلتۈرۈلدى.
— ئەمدى گۆشنى يەپ، شورپىسىنى ئىچىۋالسىلا، — دېدى ساتتار ھامۇت خۇشامەت بىلەن، — دام گەپ ئەمەس، ئون ياش ياشارغاندەك بولىلا!
سۇلتان ئەلى ھورلىرى پۇرقىراپ تۇرغان ئىسسىق باچكىنىڭ بىر پۇتىنى چىشلەپ يۇلىۋالدى — دە، ئۇستىخنى بىلەن قوشۇپ قىرسىلدىتىپ چايناۋېتىپ دېدى:
— لاپ ئۇرۇشقا ئۇستىسەن جۇمۇ ساتتار، ئۈچ باچكا بىلەن ماختىنىپ كەتكىنىڭمۇ بۇ؟
— ئەستا... يەنە ئىشەنمەيلا، مېھرىگىياھ دەيدىكەن، بۇغا مۈڭگۈزى دەيدىكەن، باچكا گۆشىنىڭ ئالدىدا نېمە ئۇ؟ گۆشنى يەپ، شورپىسىنى ئىچىپ بولۇپ، يوتقانغا كىرىپ بىر ھوردىنىپ ياتسىلا قېنى، پايدا قىلغان ـ قىلمىغىنىنى ئەتىلا كۆرىلا.
ئاجايىپ ئىش... كېچىسى ياتقاندا بېلى سىرقىراپ، پۇت ـ قوللىرىنىڭ ئۇستىخىنى زىڭىلداپ، ئۇڭگە ـ ئۇڭگىلىرىنىڭ ئاغرىشىدىن پۈتۈن بىر كېچە زارلىنىپ چىقىدىغان سۇلتان ئەلى بۇ كېچە ھېچنېمىنى تۇيماي لايدەك قېتىپ ئۇخلاپ چىقتى. ئۇ ئەتىسى قوپقاندا بەدىنىنىڭ ئېغىر ھەم ماغدۇرسىزلىقىدىن ئەسەر يوق، ئۆزىنى پاختىدەك يېنىك ھەم روھلۇق ھېس قىلدى، شۇڭا ئۇ خۇشاللىقىدىن ساتتار ھامۇتنىڭ دۈمبىسىگە شاپىلاقداپ:
— راست... بۇ قالتىس دورىكەن جۇمۇ، گېپىڭگە ئەمدى ئىشەندىم، — دېدى.
يايلاقتىن ھەم ئورمانلىق ئارىسىدىن پۇرقىراپ ئىس كۆتۈرۈلەتتى. ئۇنىڭدىن ئوتتا كۆيگەن گۆشنىڭ، قورۇمىلارنىڭ، ھاراق، نەشە ۋە يەنە ئاللىقانداق نەرسىلەرنىڭ ئەبجەش پۇرىقى كېلەتتى. يايلاقتا ئادەملەر مىغىلدايتتى، ماشىنىلار ئۇياقتىن ـ بۇياققا چېپىشىپ يۈرۈشەتتى. بۇ يەرگە بۇرۇنلا كۆزلىرىنى تىكىپ پۇرسەت كۈتۈپ ياتقانلار ئېلان ئاڭلىتىلغان ھامان زەربىدارلىق بىلەن ئاتلىنىشتى. كۈنسايىن كۆپىيىۋاتقان ئادەملەر بۇ يەردە ئۆزلىرىنىڭ ئالدىراش ئىشلىرىنى باشلىۋەتكەنىدى.

ئۇلارنىڭ بىر قىسمىلىرى دورا ئۈسۈملۈكلىرىنى كولاش ئۈچۈن خوتۇن ـ بالىلىرى بىلەن كېلىپ يايلاقتا ئاددىي گەمىلەرنى كولاشتى ـ دە، يايلاقتا، تاغ قاپتاللىرىغا ئاچكۆزلەرچە تاشلىنىشتى. يەنە بىر قىسمىلىرى ئالتۇن قازغۇچىلار ئىدى، ئۇلار بۇ ئىشنىڭ خۇددى دېڭىزدىن يىڭنە سۈزگەندەك مۇشەققەت ھەم تەۋەككۈلچىلىك ئىكەنلىكىگە قارىماي، دەريا بويلىرىدا جىددىي تەييارلىقلارغا كىرىشىپ كېتىشتى.
گىلەم يايلاقتىكى مالچىلار بۇ ئىشلارغا نېمە دېيىشنى بىلەلمەي بىر چەتتە ھاڭۋېقىپ قاراپ تۇرۇشاتتى. ئۇلار بۇ ئىشلار ئۈچۈن ئىچى ئېچىشىپ قاينىشاتتى. ساتتار ھامۇتتىن ئاغرىنىپ، ئۇنى غەزەپ بىلەن ئارقىسىدىن تىللىشاتتى. ئوتتۇرىغا چىقىپ ئىككى ئېغىز سۆزلەيدىغان ئادەم يوق ئىدى. خوتۇنىنىڭ تۇغۇت خەۋىرىنى ئاڭلاپ بىر كېچىدىلا شەھەرگە كەتكەن سادىر ئىسمايىل مۇشۇ كۈنگىچە قايتىپ كەلمەيۋاتاتتى. كىملەردۇر ئۇنىڭغا ئايالى توغرۇلۇق كۆڭۈلسىز خەۋەر ئېلىپ كەلگەنىدى: بالا تەتۈر كېلىپ قورساقتىن ئوپېراتسىيە قىلىپ ئالغانمىش، ئوپېراتسىيەدە قان كۆپ چىقىپ كەتكەنلىكتىن ئايال بالېنىستا ئۆلۈك ـ تىرىكنىڭ ئارىلىقىدا ياتارمىش...
يايلاقتا بىر ئايغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە يۈز بەرگەن بۇ ئىشلارنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ ياتقان سۇلتان ئەلى ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى سەزدى ـ دە، گىلەم يايلاقتا بىر مەزگىل ھاۋالىنىپ، سۈت، قىمىز ئىچىپ، يازنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى ئىسسىق كۈنلىرىنى تاغ سالقىنىدا ئۆتكۈزۈش پىلانىنى ئۆزگەرتىپ دەرھال قايتىش قارارىغا كەلدى. ئۇ بۇ يەردە داۋاملىق تۇرۇۋېرىپ يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان جېدەل ـ ماجىرالارغا چېتىلىپ قېلىشنى خالىمايتتى، ئەڭ ياخشىسى، ھېچنېمىنى بىلمىگەن، كۆرمىگەن بولۇۋېلىش كېرەك ئىدى. شۇڭا ئۇ ساتتار ھامۇت بىلەن كېيىنكى ئىشلارنى كېڭەشمەكچى بولۇپ ئۇنى ئارامخانىسىغا چاقىرتتى. بۈگۈن سۇلتان ئەلىنىڭ نىمشىقىدۇر چىرايى سالقىن، ئويچان ھەم نا خۇش كۆرۈنەتتى. ساتتار ھامۇت ئۆيگە كىرىپلا بۇنى بايقاپ بىردىنلا سەگەكلەشتى:
— بۈگۈن مىجەزلىرى قانداقراق ئاكا؟ C¨ خۇشامەت بىلەن ھىجايدى ئۇ.
— مىجەز — پىجەز دېگەن گەپنى قوي، گېپىمگە جاۋاب بەر، نەدىن تېپىپ كەلدىڭ بۇ خەقلەرنى؟
— قايسى خەقلەرنى؟
— يايلاققا، دەريا بويلىرىغا، تاغ ئارىلىرىغا بېرىپ باق، كىم بولدۇ ئۇلار، ساياھەتچىلەرمۇ؟
— سىلىچە ئۇلارنىڭ كەلگىنى بولمىدىمۇ؟
— بولمىدى!
— بىراق، مەن ئۇلاردىن رەسمىيەت پۇلى ئېلىۋاتسام، بۇنى ئۆزلىرى بىلىلا، كىرىمىمىزنىڭ يېرىمى دېگۈدەك ئاشۇلاردىن كېلىۋاتىدۇ.
— سەن فېرما بىلەن توختامنى نېمە دەپ تۈزۈشكەن، ساياھەت رايونى ئېچىش ئۈچۈن. شۇنداققۇ؟ ئەمدى نېمە دەپ بۇ يەردە دورا كولىغۇچىلار، ئالتۇن قازغۇچىلار پەيدا بولۇپ قالدۇ؟ بىز مۇشۇ ئىشنى ياخشى ئويلاشماپتۇق ساتتار، بۇ خۇمپەرلەر بۇ يەرگە تۇمشۇقىنى تىقالماي يۈرۈشكەندە، بىزنىڭ بىرلا ئېلانىمىز بىلەن... قارىماسەن ئىتنىڭ تۈكىدەك كۆپىيىپ كەتكىنىنى، قاراپ تۇر، بۇنىڭدىن چوقۇم چاتاق

چىقىدۇ.
— ئۇنىڭدىن ئەنسىرەپ كەتمىسىلە دەيمەن ئاكا، نېمە چاتاق چىقاتتى؟ ئۇلار يا يايلاق بىلەن تاغنى كۆتۈرۈپ كەتمىسە، كۆپەيگەنسېرى سودىمىزمۇ تازا ئاققىلى تۇردى. بىر قاچا لەغمەننى سەككىز كويغا، بىر قۇتا پىۋىنى بەش كويغا، بىر كىلو گۆشنى يىگىرمە كويغا چىقاردىم، شۇنداقتىمۇ ئاشخانا يەنە باس - باس. شەھەردىن ئەكەلدۈرگەن ھاراق، پىۋا ئۈلگۈرمەي بىر ماشىنىنى ئۈرۈمچىگە ماڭدۇردۇم، قاسساپلىرىم كۈندە...
— ۋاقىلىما! — سۇلتان ئەلى بىرلا ۋارقىراپ ساتتار ھامۇتنىڭ زۇۋانىنى ئۆچۈردى،
— ئەقلىڭ نەگە كەتتى سېنىڭ؟ مۇبادا قېرىما تەرەپ يېڭى ئېچىلغان ساياھەت رايونى تۈپەيلىدىن يايلاقلىرىمىز نابۇت بولدى، دەريا قاشلىرى بۇزۇلدى، دەپ ئەرز قىلسا قانداق قىلىسەن؟
— ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟ ئۆزلىرى ئەقىل كۆرسەتسىلە.
— ئۇ خەقنى يايلاق بىلەن تاغدىن قوغلىۋەتكىلى بولماسمۇ؟
— ئەمدى تەس بولارمىكىن، قايسى بىرسىنى قوغلاپ بولارمىز ئۇ خەقنىڭ؟
— ھەئە... ئەمدى بۇ ئىشنى يىغىشتۇرغىلى بولمايدۇ... — سۇلتان ئەلى بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، ئىڭىكىنى باشمالتىقى بىلە كۆرسەتكۈچ بارمىقىنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېلىپ خىيال بىلەن ئولتۇرۇپ كەتتى ۋە بىر پەستىن كېيىن بىردىنلا روھلىنىپ بېشىنى كۆتۈردى، — ئەمىسە مۇنداق قىل، يامان يېرىگە كېلىپ قالسا، بۇلارنى مەن چىللاپ ئەكەلمىدىم، ھەممىسى دۆلەتنىڭ پۇقراسى، يەرمۇ دۆلەتنىڭ بولغاندىن كېيىن، جان باققىلى كەپتۇ، قوغلىۋەتەمسىلەر، جان باققىلى قويامسىلەر، ئۆزۈڭلارنىڭ ئىشى- دە. قاپىقىڭنى ئۈششۈرۈپ تۇرىۋەر.
دۇرۇس، ئۇنىڭ دېگىنى كۈتۈلمىگەن سوئال - سوراققا بېرىلىدىغان ئەڭ ياخشى جاۋاب، جاۋابكارلىقتىن قۇتۇلۇشنىڭ ئەڭ ياخشى چارىسى ئىدى. سۇلتان ئەلى ئۆزى كۆرسەتكەن ئەقىلدىن ئۆزى قانائەت تېپىپ، كۆڭلى بايا تۇماندەك ئەگىپ يۈرگەن غەشلىك ھەم ئەندىشىدىن تېزلا خالاس بولدى - دە، ھاۋانىڭ بۇزۇلۇپ، تاغ ئۈستىدىن يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان ئېغىر قارا بۇلۇتنىڭ قاتتىق يامغۇردىن شەپە بېرىۋاتقىنىغا قارىماي، شەھەرگە يۈرۈپ كەتتى.

## يەتتىنچى باب

كالتە قۇيرۇق گويا ئالىقاياقلاردىن بالىلىرىنىڭ شەپىسىنى سەزگەندەك، چەكسىز كەتكەن دالا ھەم ئورمانلىقلاردا، تاغ ئارىلىرىدا تىنىمسىز سوكۇلداپ يۈرەتتى. چىڭقالغان ئەمچىكىدىن پۈتۈن بەدىنىگە تاراۋاتقان چىدىغۇسىز ئاغرىق ۋۇجۇدىدا شۇنداق بىر ئەسەبىي مەستخۇش سەزگۈنى ۋاراقشىتىپ قايىنىتاتتىكى، ئۇ نېمىلا بولسۇن، قوي، ئۆچكە بولامدۇ، ئادەم بولامدۇ، بۇغا، كېيىك بولامدۇ شۇلارنىڭ بالىلىرىنى تۇتىۋېلىپ، باغرىغا بېسىپ ئەمدۈرگۈسى، ئۇلارنى پۇراپ يالىغۇسى كېلىپ كېتەتتى. بۇ تەلەپ - تەقەززالىق ئاچلىقتىن، ئاچلىق ئازابىدىن يامان ئىدى. ئۇ قوزا ياكى ئوغلاقتىن بىرنى تۇتىۋېلىش ئىستىكىدە يايلاقتىكى مال توپىغا نەچچە قېتىم ھۇجۇم قىلىپ كۆردى. ئەمما نەچچە قېتىم ئىتلارنىڭ قورشاۋىدا قېلىپ، ئۆلگىچە تالىنىپ، مىڭ بىر جاپادا قېچىپ قۇتۇلۇپ چىققانىدى. كالتە قۇيرۇق شۇ چاغدىلا

ئۆزىنىڭ بۇرۇنقى كۆچتۈڭگۈرلىكىنى جۇدا بولغان باللىرى بىلەن تەڭ ئالدىقاچان يوقاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. بۆرە ئاغزىغا بىر چىشلەم لوقما سېلىپ باقمىغىنىغا قانچىلىك ۋاقىت بولغىنىنى بىلمەيتتى. ئېھتىمال ئۇ باللىرى ئۆلگەندىن يوقالغان كۈندىن تارتىپ ئاچلىق ۋە ئۇزۇقلىنىشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويغاندۇ. ئەمما ئاچلىق ئۇنىڭغا كۈنسېرى ئۆزىنى كۆرسىتىۋاتاتتى. ئۇنى كۈنسايىن كۈچ - ماغدۇرىدىن كەتكۈزىۋاتاتتى. تېرىلىرى قوتۇراپ، قورسىقى ئىچىگە تارتىشىپ، قۇۋۇرغىلىرى كۆرۈنۈپ قالغانىدى. ئۇ ئەمدى ئازراق يۈگۈرە - يۈگۈرمەيلا ھاسىراپ - ھۆمۈدەپ، پۇتلىرى تىترەپ، تىلى بىر غېرىچ ساڭگىلاپ كېتەتتى. ھە دېسىلا سۇ ئىچكۈسى كېلەتتى. پات - پات دەريا بويىغا بېرىپ تۇرمىسا، ئىچى قىزىپ ئوت ئالغاندەك بولۇپ بىئاراملىنىپ، ئۆزىنى قويارغا جاي تاپالماي قالاتتى.
بۆرە چاتقاللىق ئارىسىدىن چىقىپ، ئاپتاپتىن قىزىپ كەتكەن شېغىل - تاشلارنى يېنىك شاراقشىتىپ دەريا بويىغا كەلدى ۋە سوغۇق سۇنى ئاچكۆزلۈك بىلەن شالاپشىتىپ ئىچىشكە باشلىدى. سۇدا ئۆزىنىڭ كۆرۈمسىز شولىسىنى بۇزۇپ ئۈششاق بېلىقلار غەمسىز پىلتىڭلاپ ئۈزۈپ ئويناپ يۈرەتتى. بۆرە بۇ قېتىم بېلىقلاردىن بىرەرسىنى تۇتۇپ يەپ ئاچلىق ئازابىنى بېسىشنى ئويلاپمۇ قويمىدى. ئۇ ھەر قېتىم دەريا بويىغا سۇ ئىچكىلى كېلىپ ئاشۇ بېلىقلارنى كۆرسىلا بىر چاغلاردىكى ئاجايىپ كەچمىشلەر ئېسىگە چۈشەتتى. بۇ ۋەقە بۆرىنىڭ تولۇپ تازا ۋايىغا يەتكەن چېغىدا يۈز بەرگەنىدى، ھازىرقىدەك ياز ۋاقتى ئەمەس، قىش ۋاقتىدا، مۇشۇ دەريا بويىدا...
بۆرە بىر كۈنى چاتقاللىق ئارىسىدا ئوۋ ئىزدەپ كېتىۋېتىپ، ئۇشتۇمتۇت چاتقال تۈۋىدە بىر نەچچە بېلىقنى ئالدىغا قويۇۋېلىپ ئىشتىها بىلەن يەۋاتقان تۈلكىنى كۆرۈپ قالدى - دە، خىرىس قىلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كەلدى:
ــ شۇ تاپتا قورسىقىم ئۆلگۈدەك ئاچ، ياخشىلىقچە نېسىۋەڭدىن ماڭا بىر ئۈلۈش بەر،
ــ خىرقىرىدى بۆرە.
ــ مېنىڭدىن نېسىۋە تەلەپ قىلىشقا ئىزا تارت، ــ دېدى تۈلكە قۇۋلۇق بىلەن ھجىيىپ، ــ سەن دېگەن بۆرە، مۇشۇ ئىقلىمدىكى جىمى مەخلۇقاتنىڭ سەردارى. مەردلىك ۋە قەھرىمانلىقنىڭ شۆھرەتلىك ھامىيسى. شۇڭا نام ــ شۆھرىتىڭگە مۇناسىپ ئىش قىل!
ــ ئەمىسە مېنى نېمە قىل دەيسەن؟ ــ سورىدى بۆرە ئىزا تارتىپ.
ــ سىلەرنىڭ نەسەپ ــ پۇشتۇڭلاردىن تارتىپ تاپىنى يېيىش ئادىتىڭلار يوق. ئەگەر سەن راستتىنلا بېلىق يېيىشنى خالىساڭ، مۇنداق ئۆلۈك بېلىقنى ئەمەس، دەريادىن تىرىكىنى تۇتۇپ يە.
بۆرە بېشىنى مەغرۇرلۇق بىلەن سىلكىپ قويدى:
ــ راست دېدىڭ، مۆھتىرەم تۈلكە، بىزنىڭ ئەزەلدىن تاپ يېيىش ئادىتىمىز يوق. بىز ئولجىنى ئۆز قولىمىز بىلەن تۇتۇپ، تىرىك پېتى يېيىشنى ياخشى كۆرىمىز. بىز ئولجىنىڭ ئىسسىق قانلىرىنىڭ ئاغزىمىزدىن ئوخچۇپ ئېتىلىپ تۇرۇشىدىن ھۇزۇر ۋە لەززەت ھېس قىلىمىز. ئەمىسە ماڭا مەرھەمەت قىلىپ ئېيتىپ بەر، بېلىقنى دەريادىن تىرىك پېتى قانداق تۇتىدۇ؟
ــ بۇنىڭ چارىسى ناھايىتى ئاسان، ــ تۈلكىنىڭ يۈرىكى قېپىغا چۈشۈپ يېنىك بىر

تىنىۋالدى، — سەن قۇيرىقىڭنى مۇزنىڭ يېرىقلىرىدىن سۇغا چىلاپ، شەپە چىقارماي جىمجىت ئولتۇرسەن. بېلىقلار تەرەپ - تەرەپتىن كېلىشىپ، قۇيرۇقىڭنى ئۇزۇقلۇق بولسا كېرەك دەپ، بەس - بەس بىلەن چىشلەشكە باشلايدۇ. لېكىن سەن شۇ چاغدا يەنە سەۋر - تاقەت بىلەن ئولتۇرۇۋېرىسەن، بولمىسا بېلىقلارنى چۆچۈتىپ ئۈركىتىپ قويىسەن. بىر چاغدا قۇيرۇقىڭ ئېغىرلىشىپ بىر نەرسىگە باغلاپ قويۇلغاندەك تۇيۇلىدۇ، شۇ چاغدىلا قۇيرۇقۇڭنى چاققانلىق بىلەن تارتىسەن، بېلىقلارمۇ قۇيرىقىڭ بىلەن تەڭلا مۇز ئۈستىگە چىقىدۇ، مۇشۇنچىلىكلا ئىش جانابىي بۆرە.
بۆرە تۈلكىنىڭ بۇ سۆزلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى، تۈلكىنىڭ بۇ ئۆلۈك بېلىقلارنى بېلىقچى كاچكۇلگە سالغان تور بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان چاغدا ئۇنىڭ تاغىرىدىن ئەپچىللىك بىلەن ئوغرىلىۋالغانلىقىنى نەدىن بىلسۇن؟ بۆرە ئالدىراپ دەريا بويىغا كەلدى. دەريا قېلىن مۇز تۇتقان، پەقەت مالچىلار مال سۇغۇرۇش ئۈچۈن پالتا بىلەن چاناپ ئاچقان يوغان كاچكۇل تېگىدە دەريا سۈيى قارامتۇل رەڭدە لۆمشۈپ ئېقىۋاتاتتى. بۆرە قورسىقىنىڭ ۋاژىلداپ ئېچىشلىرىغا سەۋر قىلىپ، كاچكۆل قىرغىقىدا قۇيرىقىنى سۇغا چىلاپ زوڭزىيىپ ئولتۇردى. كەچ كىرىپ قىشنىڭ ئىزغىرىن شاملى ئاچچىق ئۇشقىيتىشقا باشلىدى. سوغۇق كۈچىيىپ، لەپىلدەپ يېغىۋاتقان قار شىۋىرغان بىلەن قوشۇلۇپ بۆرىنىڭ باش - كۆزىگە توختاۋسىز ئۇرۇلاتتى. ئاچ بۆرە بۇلارغا پەرۋاسىز ھالدا بىر توپ بېلىقلارنىڭ كېلىپ قۇيرۇقىنى چىشلىشىنى كۈتۈپ تاقەت بىلەن ئولتۇرىۋەردى. راست... بىر چاغدا تۈلكە دېگەندەكلا ئىش يۈز بەردى. قۇيرۇقى ئېغىرلىشىپ بىر نەرسىگە باغلىنىپ قالغاندەك تۇيۇلدى. بۆرە ئالدىراپ قۇيرۇقىنى كۈچەپ تارتقانىدى، ئارتۇقچە زورۇقۇشتىن قۇيرۇقىنىڭ بىر يەرلىرى پاراسلاپ كەتتى. ئەمما قۇيرۇقى چىقمىدى. قۇيرۇقىنىڭ ئۇچى ئاللىقاچان مۇز بىلەن تەڭ قېتىپ قالغانىدى. بۆرە شۇ چاغدىلا تۈلكىنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشكەنلىكىنى بىلدى. ئۇ جېنىنى قۇتقۇزۇپ قېلىش ئۈچۈن بىر كېچە مۇزنى تاتىلاپ، چىشلىرى بىلەن قاساپ چىقتى. ئەمما بۇنىڭدىن ھېچقانداق نەتىجە چىقمىدى. تىرناقلىرى ۋە چىشلىرى ئارىسىدىن سىرغىپ ئاققان قاندىن كاچكۇل ئەتراپى قىپقىزىل قانغا بويالغانىدى. تاڭ ئېتىپ كۈن چىقىش بىلەن تەڭ تېخىمۇ دەھشەتلىك ۋەقە يۈز بەردى. دەسلەپتە پالتا بىلەن چېلىكىنى كۆتۈرۈپ قوتان تەرەپتىن بىر ئايال كەلدى. ئۇ دەريا بويىغا يېقىنلىشىپ، تۇيۇقسىز كاچكۇل ئېغىزىدىكى بۆرىنى كۆرۈپ قالدى - دە، قىيا - چىيا قىلىپ پالتا بىلەن چېلىكىنى تاشلىغىنىچە قوتان تەرەپكە قېچىپ كەتتى. يەرگە چۈشكەن قۇرۇق چېلەك داراڭشىغان پېتى دەرياغا دومىلاپ چۈشكەندە، بۆرە قورقىنىدىن يۈرىكى يېرىلغۇدەك ھالغا چۈشۈپ قالغانىدى. بۆرە تېخى ئېسىنى يىغىپ ئۈلگۈرمەيلا بىر توپ مالچىلار مىلتىق، كالتەك ھەم تۆمۈر ئارىلارنى كۆتىرىشىپ ئالا - تاغىل ۋارقىراشقىنىچە دەريا بويىغا يۈگۈرۈپ كېلىشكە باشلىدى. بۆرە ئۇلارنىڭ غەزەپلىك چىرايلىرىنى، چەكچىيىپ كەتكەن كۆزلىرىنى، كۆپۈپ تومپىيىپ كەتكەن گۈرەن تومۇرلىرىنى يىراقتىن ئېنىق كۆرۈپ تۇراتتى. مالچىلار بۇ ئەلپازىدا بۆرىنى تۇتىۋالغان ھامان قىيما - چىيما قىلىپ، ئۈستىخىنىنى ئۇندەك ئېزىۋېتىدىغاندەك قىلاتتى. بۆرە شۇ چاغدىلا ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسىغا — تەڭرىگىمۇ، ئانىسىغىمۇ بۇنى ئېنىق بىلمەيتتى — بىر مۇقەددەس نامەلۇم كۈچكە ئىلتىجا قىلىپ ھەسرەتلىك ئىڭىشىپ كەتتى ۋە جان -

جەھلى بىلەن ئۆزىنى چەتكە ئاتتى. شۇ چاغدا بۆرە ئادەتتىن تاشقىرى قاتتىق كۈچۈنۈشتىن توساتتىن ئىككى غۇلاچ نېرىغا غۇلاپ چۈشتى. ئەس ـ ھوشىنى يوقاتقان ھالدا قۇيرۇقىنىڭ يېرىمىنى كاچكۇلدە قالدۇرۇپ بار كۈچى بىلەن چاپتى ـ دە، دەريانىڭ نېرىقى قىتىدىكى قىلىن چاتقاللىق ئارىسىغا شۇڭغۇپ كىرىپ كەتتى. ئۇ شۇ قاچقىنىچە ئۆز ئۇۋىسىدىن ئادىشىپ نامەلۇم قارلىق دالا، قارىغايلىق ۋە تاغ ئارىسىدا تېنەپ يۈردى. ئۇ قۇيرۇقىنىڭ يېرىمىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىن مېڭىش ـ تۇرۇشى قولاشماي، بىر يەردىن سەكرىسىمۇ تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ خېلى بىر زامانلارغىچە قىينىلىپ يۈردى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ قەۋملىرى ئارىسىدا "كالتە قۇيرۇق" دەپ ئاتىلىدىغان بولدى. تۈكلىرى يەلپۈنۈپ تۇرىدىغان قۇيرۇق ئۇنىڭغا نەقەدەر گۈزەللىك بېغىشلايتتى ـ ھە! كۆك يايلىمۇ تۇنجى قېتىم ئۇنىڭ ئاشۇ قۇيرۇقىنى يېنىك چىشلەپ ئۆز مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلغانىدى. بۆرە شۇنىڭ ئۈچۈنمىكىن، كۆركەم، نازاكەتلىكلىكى ئۇرغۇپ تۇرغان قۇيرۇقلۇق شۇ چاغلىرىنى تولىمۇ سېغىنىپ ئەسكە ئالاتتى. ئانا بۆرە كېيىنچە ئۆزىنىڭ بۇ قۇيرۇقسىزلىقىغىمۇ كۆنۈپ قالدى. پەقەت ئۇنىڭدىن تۈلكىگە ئالدىنىپ ئېغىر خاتاغا يول قويغانلىقىنىڭ ئاچچىق خاتىرىسىلا قالدى خالاس.
كالتە قۇيرۇق دەريا بويىدىن يېنىپ چاتقاللىقنى بويلاپ، يايلاقىنىڭ جەنۇب تەرىپىگە سوكۇلداپ يۈگۈرۈپ كەتتى. بىر قوتان مال ئانچە ئېگىز بولمىغان تۆپىلىككە تەكشى يېيىلغان، ئۇنى بىر قىز بېقىۋاتاتتى. ئەتراپىدا قوزا، ئوغلاقلار تىنىمسىز سەكرىشىپ قىيغىتىپ يۈرەتتى. كالتە قۇيرۇق چاتقاللىق ئارىسىغا مۆكۈنۈپ، ئۇلارنىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىگە كۆز سېلىپ ياتاتتى. كالتە قۇيرۇقنى ئەمدى بالا كۆيۈكىدىن ئېشىپ يالغۇزلۇق دەردى، ھىمايىسىزلىقنىڭ خورلۇق ھەسرىتى قىيناپ ئازابلىماقتا ئىدى. ئۇ يېقىن ئەتراپتىكى بۆرىلەر توپىغا بېرىپ قوشۇلسا، يېگانىلىقنىڭ ھەسرەتلىك ئازابىدىن بىراقلا قۇتۇلسا... بىراق ئەمدى بۇنداق قىلىشنىڭ مەڭگۈ مۇمكىن بولمايدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ شۆھرەت ـ سەلتەنەتىنى يوقاتقان ئەبگا شور پېشانىنى ئۆز قېتىغا ئالمايدىغانلىقىنى ئۇ ياخشى بىلەتتى. ئۆملۈك قانداق ياخشى ـ ھە؟! كۆك يايلا يېنىدا، باللىرى ئەتراپىدا شوخلۇق ۋە غەمسىزلىكتىن سەكرىشىپ يۈرگەن چاغلاردا ئۆزىنى قانچىلىك قۇدرەتلىك ۋە سەلتەنەت ئىگىسى سۈپىتىدە ھېس قىلمىغان ئۇ! مانا ئەمدى ئەتراپىدىكى بۆرىلەر توپىنىڭ تاغ باغرىنى لەرزىگە سېلىپ ھۇۋلىغان چاغدىكى ھەيۋەتلىك ئاۋازىنى ئاڭلىغان، قوي پادىسىنىڭ يايلاقتا خاتىرجەم يېيىلىپ، غەمسىز ئوتلاپ يۈرگەنلىرىنى كۆرگەن چاغدا ئۆزىنىڭ قۇشتەك يالغۇز ۋە ھىمايىسىزلىقى ئۈچۈن پەريات ئۇرىدۇ، ئۆكسۈپ ياش تۆكىدۇ.
چاتقاللىققا يېقىنلا يەردە ئوتلاپ يۈرگەن قارا ساغلىقنىڭ يېنىغا يىراقتىن مەرىگىنىچە خۇددى ئۆزىگە ئوخشاش تۇم قارا پاقلان يۈگۈرۈپ كەلدى ـ دە، ئانىسىنىڭ چاتىرىقىغا بېشىنى تىقىپ، ئالدى پۇتلىرىنى پۈكۈپ چولۇكلىتىپ ئېمىپ كەتتى. ساغلىق شۇئان ئوت يېيىشتىن توختاپ، چاتىرىقىنى كېرىپ، پاقلاننىڭ دۈمبىسىنى، شوخلۇق ۋە ئەركىلەشتىن تىنىمسىز لىپىلدەپ تۇرغان قۇيرۇقىنى ئامراقلىق بىلەن پۇراشقا باشلىدى. تەڭرى ئانا بىلەن پەرزەنت ئوتتۇرىسىغا مانا مۇشۇنداق تەڭداشسىز مېھرىلىك ئوت سالغان. شۇ تاپتا پاقلان ئانا ۋۇجۇدىدىن ئوزۇق ۋە كۈچ، ساغلىق بولسا پاقلاننىڭ ئىللىق بەدىنى ۋە يېقىملىق پۇراقلىرىدىن

تەڭداشسىز لەززەت ۋە ھوزۇر ئالماقتا. بۇلارنى چاتقاللىق ئىچىدە ناھايىتى ئېنىق كۆرۈپ ياتقان كالتە قۇيرۇق پاقىلانىڭ ئاغزىدىن تاراۋاتقان چۆپ، سۈت ۋە شۆلگەي ھىدى ئارىلىشىپ كەتكەن ئۆزگىچە يېقىملىق پۇراقتىن ۋۇجۇدى چەكسىز بىر لەززەت ھېس قىلىپ جىمىرلاپ كەتتى ۋە ئەمچىكىدىن ئاپئاق سۈت تامچىپ ئېقىشقا باشلىدى. ئاھ، ئانا بولۇش نەقەدەر بەختىيارلىق! ئۇنىڭ خۇددى مۇشۇ ساغلىقتەك بالىلىرىنى ئەمدۈرگەن، ئاپئاق سۈتى بىلەن بالىلىرىنى تويۇندۇرغان ۋاقىتلىرى بولغان بولغىيمىدى؟ بولغان! ئۇ ھەر قېتىم ئۇۋىسىغا كىرگەندە ئۇنى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرغان بالىلىرى ئالدىغا تۇشمۇ-تۇشتىن ئېتىلىپ كېلەتتى-دە، ئەمچەكلىرىگە يامىشاتتى. كالتە قۇيرۇق ئەپچىل، يۇمشاق يەرنى تېپىپ سونايلىنىپ يېتىپ بېرەتتى، بالىلىرى ئاچكۆزلۈك بىلەن باغرىغا تاشلىنىپ، سۈت بىلەن تومپايغان يۇمشاق ئەمچىكىنى شولۇپشىتىپ ئېمىشكە باشلايتتى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى شۇنداق بىر شېرىن سەزگۈ قۇچاتتىكى، لەززەت مەستخۇشلۇقى ئىچىدە تېنى بوشىشىپ ھېچنېمىنى سەزمەي يېتىپ كېتەتتى...

كالتە قۇيرۇق ئازاب ۋە ھەسرەتتىن كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ بىر پەس ھېچنېمىنى كۆرەلمەي قالدى. ئۇ كۆز ياشلىرىنىڭ قۇمساڭغۇ توپا ئۈستىگە خۇددى ئاپئاق سۈتتەك تامچىلاپ چۈشۈۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ھازىدارلارچە ئۆكسۈۋاتقانلىقىنى سەزمەيتتى. كۆز ئالدى روشەنلەشكەن چاغدا، ئالدىدىكى بايىقى ساغلىقمۇ، پاقىلانمۇ كۆرۈنمەيتتى. قىز پادىسىنى ھەيدەپ خېلى يىراققا كېتىپ قالغانىدى. كالتە قۇيرۇق تېخىمۇ روھى چۈشۈپ، بېشىنى تۆۋەن سالغىنىچە كەينىگە بۇرۇلۇپ مېڭىپ كەتتى. ئۇ نەگە بارىدۇ، مەنزىلى قايان؟ ياكى ئۇنىڭغا بىردىنبىر تەسەللىي بولۇپ كېلىۋاتقان ئۇۋىسى تەرەپكىمۇ؟ بۇنى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. ئالدىدا ئۇنى يېگانىلىق بىلەن قىيناپ ئازابلىغۇچى، يەكلىگۈچى، ئۈمىدسىزلەندۈرگۈچى رەھىمسىز دالا يېيىلىپ ياتاتتى.

## سەككىزىنچى باب

دادىسى ساياھەت ئورنىدىكى تىجارەت بىلەن ئالدىراش بولۇپ، بىر قوتان مال ئانا-بالا ئىككىسىگىلا قالغانلىقتىن يۇلتۇز ئىچ-ئىچىدىن خۇشال ئىدى. ئۇ ئانىسىنى ئۆي ئىشلىرىغا قارىتىپ قويۇپ، قوي پادىسىنى ئەتىگەندىلا ھەيدەپ چىقىپ كېتەتتى-دە، چۈشتە كېلىپ تامىقىنى چالا-پۇلا يەپ يەنە قوي پادىلىرىنىڭ يېنىغا يۈگۈرەيتتى. بىر چاغلاردا "ۋايىيەي... بىر قوتان مالنى مەنلا كۈتۈرە ئالغانمىدىم؟ بېقىڭلار سىلەرمۇ..." دەپ دادىسى بىلەن ئاپىسىغا ئەركىلەپ، دومسىيىپ تۇرىۋالىدىغان قىز ئەمدى نېمە بولۇپ قالدىكىن؟ بىر قوتان مالغۇ ئەمدى دادىسىنىڭ خىيالىغىمۇ كىرىپ چىقمايدۇ، ئەمما چوڭىيىپ بويىغا يېتىپ قالغان قىزنى كۈندە مالنىڭ ئارقىسىغا سېلىپ قويسا... بۇنىڭغا تاغلىقلارغۇ كۆنۈك، ئەمما شەھەرلىكلەر، يېزىدىن كەلگەن ئۇرۇق-تۇغقانلار نېمە دەيدۇ؟ شۇڭا ئانا C¨ بالا بەزىدە مەن چىقاي، دېسە، مەن چىقاي دېيىشىپ قوي بېقىشنى تالىشىپمۇ قالاتتى. ئەمما يەنىلا يۇلتۇز يېڭىپ چىقاتتى.

— قويسىڭىزا ئاپا، مەن يا ئاش ئېتىشنى، يا نان يېقىشنى بىلمىسەم، كىچىك

تۇرسام... — ئۇنىڭ ئانىسىنىڭ ئاغزىنى ئېتىپ تۇرىدىغان باھانە ـ سەۋەبلىرى جىق ئىدى. ساددا ئانا قىزىنىڭ باھانە ـ سەۋەبلىرىنىڭ تېگىدە نېمە سىرلارنىڭ يوشۇرۇنۇپ ياتقانلىقىنى بىلىشكە ئاجىز. يۇلتۇز مالالارنى كۆپرەك دەريا بويىدىكى چاتقاللىقلار بىلەن تۇتىشىپ كېتىدىغان ئوت ـ چۆپى ئەلۋەك ئېگىز تۆپىلىكتە يايلىتىپ بېقىشنى ياخشى كۆرەتتى. تۆپىلىك ئۈستىدىن قەيسەرنىڭ دەريانىڭ نېرىقى قېتىدىكى ئۆيىنى، ھەتتا ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپ ـ چىقىۋاتقانلىقىنىمۇ ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. مۇھەببەت ئاجايىپ تۇيغۇ! ئۇنى ئىنسان ئايرىدا قىلغان، ئەمما ئىنسان يەنىلا شۇنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ يېنىشقا، دەۋتى بىلەن مېڭىشقا، ئۆز ئەركىنى ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا تاپشۇرۇشقا مەجبۇر. قەيسەر ئۇنىڭ قەلبىدە سۆيگۈ ئوتى ياندۇرغان كۈندىن باشلاپ، يۇلتۇز سۆيگۈنىڭ دەۋاسىز دەردىگە مۇپتىلا بولدى. يۈرىكىنىڭ چوڭقۇر يەرلىرىدىن قوزغىلىپ ۋۇجۇدىغا نۇر كەبى تاراۋاتقان بۇ تۇيغۇ شۇقەدەر نازۇك، شېرىن ۋە كۈچ ـ قۇدرەتكە ئىگە ئىدىكى، يۇلتۇزنى بۇ تەرەپكە خۇددى يىلتىزى ئۈزۈلگەن قامقاقتەك ئۇچۇرۇپ كېلەتتى. قەيسەر ئۆيدە بولسىلا تۆپىلىكتىكى قوي توپىنى كۆرگەن ھامان چاتقاللىقنى ئارىلاپ تىنىۋش چىقارماي قىزنىڭ يېنىغا كېلىدۇ. ئىككىسىنىڭ بىر ـ بىرىگە قېنىشماي ئولتۇرۇشىدىغان، مۆكۈدىشىدىغان، كۆپكۆك قىياق ئۈستىگە ئۆزلىرىنى تاشلىشىپ گىرەلىشىپ يېتىشىپ كېتىدىغان، قىسقىسى، سۆيگۈنىڭ تەڭداشسىز لەززىتى بىلەن مەستخۇشلىنىپ، دۇنيادا پەقەت مۇشۇ ئىككىسىلا ياشاۋاتقاندەك، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچ نەرسە مەۋجۇد ئەمەستەك ھېس قىلىپ قالىدىغان جاي مۇشۇ چاتقاللىق... چاتقاللىق بۇ ئىككى پاك يۈرەك ئايرىدە قىلغان سۆيگۈ گۈزەللىكىنى يات كۆزلەردىن ساقلاپ تۇرىدۇ؛ ھاياجانلىق تىنىقلارنى، شېرىن پىچىرلىشىشلارنى، لەززەتلىك سۆيۈشۈشلەرنى جىمجىت تۇرۇپ ئاڭلايدۇ. چاتقالنىڭ يۇمران كۆكۈچ ياپراقلىرىغا، ئالتۇن رەڭ چېچەكلىرىگە نەقىش بولۇپ چېكىلىپ قالغان شۇ پىچىرلىشىش، شۇ لەززەتلىك سىردىشىشلار ھېلىمۇ بۇ يەردىن كەتكىنى يوق. كۆك قىياق ئۈستىدە خىيال بىلەن ئولتۇرغان قىز يېقىنلا يەردە ئاتىنىڭ كىشنىشىنى ئاڭلىدى. تونۇش ئاۋاز... قەيسەرنىڭ ئېتى! قىز ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ ياغلىقىنى تۈزەشتۈردى. قەيسەرنىڭ ئورمانلىقتىن قايتىشى ئىكەن، ئۇ يۇلتۇزنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئېتىدىن ئۈن ـ تىنسىزلا چۈشتى. ئۇ نېمىدىندۇر خاپا، روھى چۈشكەن ھالدا كۆرۈنەتتى.

— قانداق تۇرىۋاتىسىز؟

— ياخشى، ئۆزىڭىزچۇ؟

— سەھەردىلا چىقىپ كەتكەنچە ھازىر كېلىشىم.

— بىلىمەن، سەھەر كېتىسىز، كەچ كېلىسىز، — قىز تەنە قىلىپ سۇمبۇل چېچىنىڭ ئۇچىنى چۇۋىدى، يەنە ئۆرىدى، C̈ ئۇياقتا تۈگىمەيدىغۇ زادى ئىشىڭىز.

— قانداق قىلىمەن؟ ئامالىم يوق، — ئۆزىنى ئاقلاشقا تىرىشتى يىگىت، — كېسىلگەن، قۇرۇپ قالغان ئورمان ئورنىغا تۆت ـ بەش مىڭ تۈپچە قارىغاي كۆچىتى تىككەن، قانداق تۇرىۋاتىدۇ؟ كۆزىتىشىم، پەرۋىش قىلىشىم كېرەك. قارىغاي كۆچىتى دېگەن تېنى ئاجىز قارغىش بوۋاققا ئوخشايدىكەن. خۇددى بوۋاقنى پەپىلىگەندەك پەپىلەپ پەرۋىش قىلىپ تۇرمىسىڭىز، تارتقان جاپايىڭىز بىكارغا كېتىدۇ.

— ئۇنداق بولسا مەيلىغۇ، — دېدى قىز كۆڭلى جايىغا چۈشۈپ، — تېخى سىزنى يەنە ئاغرىپ قالدىمىكىن دەپ...

ئىككىسى قىياق ئۈستىدە يانمۇ يان ئولتۇرۇشتى.

— ھېلىقى ئەمەلدار چوڭ دادىڭىز يەنە ئۆيدىمۇ؟

— كىمنى دەيسىز، سۇلتان دادامنىمۇ؟

— ئەلۋەتتە شۇنى بولمايچۇ.

— شەگە كېتىپتۇ.

— سىزنى ئەكېتىش پىلانىدىن ۋاز كەچكەن ئوخشىمامدۇ؟

— بىلمىدىم.

— سىز ئوقۇشىڭىز كېرەك يۇلتۇز! — بىردىنلا جانلىنىپ، ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ سۆزلەشكە باشلىدى قەيسەر،— مۇمكىن بولسا سىزنى ئالىي مەكتەپكىچە ئوقۇتسام دەيمەن. مۇھەببەت سىزگە ئىستىقبالىڭىزنى نابۇت قىلغۇچى شورلۇق قىسمەت بولۇپ قالماسلىقى كېرەك. بىز يېڭى ئەسىرنىڭ ئالتۇن دەرۋازىسى ئالدىدا تۇرىۋاتقان ياشلارمىز، بىز بۇ ئەسىرگە نېمىمىز بىلەن كىرىمىز؟ نادان، بىلىمسىزلىكىمىز بىلەنمۇ، ساپاسىز روھىيىتىمىز، قاششاق جاھالىتىمىز بىلەنمۇ؟ ياق، سىز چوقۇم ئوقۇڭ يۇلتۇز! يۇلتۇز قەيسەرنىڭ "يېڭى ئەسىر... ئالتۇن دەرۋازا!" دېگەنلىرىنىڭ مەنىسىنى تازا ئاڭقىرىپ كېتەلمىگەن بولسىمۇ، "ئوقۇشىڭىز كېرەك يۇلتۇز" دېگەن سۆزىنى ئاڭلاپ بىردىنلا جانلىنىپ، قەيسەرنىڭ قۇچىقىدىن بېشىنى كۆتۈردى، توزىغان چاچلىرىنى تۈزەشتۈردى:

— ئوقۇشنىغۇ شۇنچىلىك خالايمەن، بىراق دادام ئۇنىماسمىكىن.

— نېمىشقا؟

— سۇلتان دادام ھېلىقىدەك دېگەندىن كېيىن، دادام ئۇنىڭ گېپىنى يىرالمايدۇ.

— راست دېدىڭىز، — قەيسەر بېشىنى تۆۋەن سېلىپ بىئارام بولۇپ ئولتۇرۇپ كەتتى، — راست دېدىڭىز... بىرسى خوجايىن، بىرسى قۇل. ھەممە رەزىللىكنى پىلانلىغۇچى ئاشۇ قېرى ئەبلەخ، ئۇنى ئۆز قولى بىلەن ئىشقا ئاشۇرغۇچى بىچارە، نادان دادىڭىز. ئىككىسى ھازىر يۇلتۇز كۆلنىڭ بويىدىن تارتىپ گىلەم يايلاقىچە قانچىلىك نابۇت قىلىۋېتىشكەن ـ ھە! گويا بۇ زېمىننىڭ ئىگىسى يوقتەك. ئويلاپ بېقىڭ، ئۇلاردا ئازراق ئىنسانىي سۈپەت بولىدىغان بولسا ھېلىقى بۆرە باللىرىنىڭ جېنىغا زامىن بولارمىدى؟ مەن سىزگە ئاخشامقى بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرەي، ئاخشام ئىشىك ئالدىدا يالغۇز گىتار چېلىپ ئولتۇراتتىم، بىر چاغدا يېنىمدا بىر بۆرە پەيدا بولۇپ قالدى. مەن تېخى ئۇنى ماڭا ھۇجۇم قىلىدىغان ئوخشايدۇ دەپ قاپتىمەن، قارىسام ئەلپازى مۇلايىم، بىچارە، كېيىن بىلسەم ھېلىقى بۆرە كۈچۈكلىرىنىڭ ئانىسى ئىكەن. ئۇ ئۆيۈمنىڭ ئەتراپىنى ئايلىنىپ ھەسرەتلىك ھۇۋلاپ يۈردى. بىر بۆرە يېنىمدىلا ھۇۋلىدى دېسەم سىز ئىشىنەمسىز؟ مانا مەن ئۇنىڭ يېنىمدىكى ئازابلىق ھۇۋلاشلىرىنى بىر كېچە ئاڭلاپ ئولتۇردۇم. ھەسرەت، دەرد ـ ئەلەم، جۇدالىق ئازابى ئادەم بىلەن ھايۋانغا ئورتاق نەرسىكەنغۇ. بېشىغا ئېغىر مۇسىبەت چۈشكەندە ئادەم ھايۋاندەك ھۇۋلايدىكەن، ھايۋان ئادەمدەك يىغلايدىكەن. مەن بۆرىنىڭ ھۇۋلىشىدىن ئاشۇلارنى ھېس قىلدىم. مەن ئاشۇ بۆرە كۈچۈكلىرىنىڭ بەختسىز قىسمىتى ئۈچۈن بىر كېچە يىغلىدىم، بۆرىدەك ھۇۋلاپ چىقتىم...

قەيسەر سۆزلىگەنسېرى ئىچ ـ ئىچىدىن يىغا قايناپ "غورت" قىلىپ يۇتۇندى. ئۇ كۆز ياشلىرىنى يۇتىۋەتتى، گېپىنىمۇ يۇتىۋەتتى. گېپىنىڭ داۋامىنى... كېيىن... كېيىن بولۇنغان ئىشلارنى ئۇ ئېغىزىدىن چىقىرالمايتتى. چۈنكى ئۇ كېيىن بولۇنغان ئىشلارنىڭ راست، ياكى يالغان ئىكەنلىكىگە هازىرمۇ ئىشىنەلمەي تۇراتتى...

...قەيسەر كۆز ياشلىرىنى توختىتالماي خۇددى بۆرىدەك هۆڭرەپ يىغلاۋاتقان چاغدا، كۈتۈلمىگەندە بۆرە ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى. قەيسەر قورقىنىدىن نېمە قىلارىنى بىلەلمەي ئولتۇرغان جايىدا تاشتەك قېتىپ قالغانىدى. ئۇ نە قولىنى، نە پۇتىنى هەركەتلەندۈرەلمىدى. پەقەت كۆزلىرىلا كۆرۈش سېزىمىنى يوقاتمىغاندەك ئىدى. ئۇ ئاي يورۇقىدا بۆرىنىڭ كۆزلىرىدىن سىماپتەك يالتىراپ چۈشىۋاتقان ياش تامچىلىرىنى كۆرۈپ قالدى. بۆرە بىردىنلا ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن قېرىندىشىنى، غەمگۇزارىنى تاپقاندەك، قەيسەرنىڭ پۇتىغا، بېلىكىگە سۇۋۇنۇپ كەتتى. ئۇ غىڭشىيتتى، غىڭشىشلىرى شۇقەدەر نالىلىق، هەسرەتلىك ئىدى. بۇ غىڭشىش گويا باش ـ پاناهسىز قالغان مۇسىبەتلىك بىر ئاجىزەنىڭ ئۆز قېرىندىشىغا تۆكىۋاتقان نالىسىغا، يۈرەك هەسرىتىگە ئوخشايتتى. قەيسەرنىڭ ۋۇجۇدىدىكى قورقۇش، ۋەهىمە ئەمدى ئاللىقاياقلارغا يوقالغانىدى. ئۇ بۇ مۇسىبەت ئىگىسىگە ئىچ ئاغرىتىپ ئىختىيارسىز ئۇنىڭ بېشىنى، قۇلاقلىرىنى سىلاپ كەتتى. بۆرە گويا ئۇنىڭ شۇنداق مېهرلىك سىلاشلىرىنى كۈتۈپ تۇرغاندەك، بىردىنلا ئەركىلەپ، قەيسەرنىڭ يۈزىنى، قۇلاقلىرىنى، ياش يۇقى كۆزلىرىنى يالاپ كەتتى. بۆرىنىڭ تىلى چوغدەك قىزىق، يىپەكتەك يۇمشاق ئىدى. ئۇنىڭدىن قەيسەرنىڭ بەدىنى جىمىرلاپ، ئۇنىڭدىن ئۆمرىدە هېچقاچان هېس قىلمىغان بىرخىل ئامراقلىق، سېغىنىش ۋە تىۋىنىش ئىپادىسىنى سېزىپ قالدى. ئامراقلىق ۋە تىۋىنىش ئالدىدا ئادەم ۋە هايۋان ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان پەرق ئۆزىنىڭ مەۋجۇدلىقىنى يوقاتقانىدى. بىر ـ بىرىگە ئەڭ يېقىن مەخلۇقلار بىر ـ بىرىنىڭ يىغىسىنى يىغلىيالايتتى، قايغۇ ـ هەسرىتىگە ئورتاق بولالايتتى، سىردىشالايتتى، بىر ـ بىرىگە دەرد ـ هەسرەتلىرىنى ئىزهار قىلالايتتى. شۇ تاپتا بۆرە قەيسەرگە شۇنداق قىلىۋاتاتتى. قەيسەر بۆرىنىڭ مېهرلىك يالاشلىرىدىن، ئەركىلەشلىرىدىن، نېمىنىدۇر دەپ غىڭشىشلىرىدىن تەسىرلىنىپ، شۇ دەقىقىدە ئەس ـ هوشىنى يوقاتقاندەك بولدى ۋە بۆرىنى مەهكەم قۇچاقلاپ يۈزىنى ئۇنىڭ نەمخۇش كۆزلىرىگە يېقىپ كەتتى. قەيسەر شۇ تاپتا بۆرىنى ـ ئىنسانلار دۈشمەن دەپ قاراپ يەر يۈزىدىن ئۇرۇقىنى قۇرۇتۇش جېكى ئېلىپ بېرىۋاتقان بىر يىرتقۇچ مەخلۇقنى ئەمەس، ئەڭ هېسسىياتچان، بېشىغا ئېغىر دەرد ـ ئەلەم كەلگەن مېهرىبان بىر ئادەمنى قۇچاقلا ۋاتاتتى... بۇ مېهرلىك قۇچاقلىشىش قانچىلىك داۋام قىلدى، بۆرە قۇچىقىدىن بوشىنىپ قاچان كېتىپ قالدى؟ بۇنى قەيسەر بىلگەن يوق. ئۇ ئېسىگە كەلگەندە، گىتار چېلىپ ئولتۇرغان بۇرۇنقى جايىدا، قۇرۇق قارىغاي كۆتىكى يېنىدا يىقىلغان هالدا ياتاتتى.

— ئادەمنىڭ ئىچىنى ئاغرىتماڭە،— شىۋىرلىدى يۇلتۇز قەيسەرنىڭ كۆزلىرىگە غەمكىنلىك بىلەن تىكىلىپ،— مۇبادا بۆرە كۈچۈكلىرى تاغارنىڭ ئىچىدە ئۆلۈپ قالمىغان بولسا، ئۇلارنى قۇتۇلدۇرىۋالغىلى بولارمىدى؟

— قۇتۇلدۇرىۋالالايتتىم!— ئىشەنچ بىلەن ئېيتتى قەيسەر،— شۇ ئاخشىمى ئولتۇرۇشنىڭ تازا قىزىغان ۋاقتىدىن پايدىلىنىپ ئوغرىلاپ كېتەتتىم، ئۇلارنى ئۆز

ماكانىغا ئاپىرىپ قويۇپ دەردمەن ئانىسىنى ئازابتىن خالاس قىلالايتتىم. نىمە، بۆرە يىرتقۇچ، ياۋۇز تۇرسا دەمسىز!؟ ئادەملەر يىرتقۇچ، ياۋۇز ئەمەسما؟ ئۇلار دۇنيادا يالماپ يۇتمىغان نىمە قالدى؟ ئادەملەر ئۆزىنىڭ نەپسى بالاسى ئۈچۈن ئۇچار قانات، قۇرت ـ قۇڭغۇزدىن ئېشىپ مۇشۇ بىچارە يەر شارىنىمۇ يۇتۇپ كەتمەكچى بولىۋاتىدۇ. مانا بۇ ھەقىقىي يىرتقۇچلۇق، ھەقىقىي ياۋۇزلۇق. بىراق دۇنيادا بۇ پاكىتنى ئېتىراپ قىلغانلار قانچىلىك؟ سىزگە شۇنى ئېيتاي يۇلتۇز، يەرشارى يالغۇز ئادەملەر ئۈچۈنلا يارىتىلغان ئەمەس، ئۇنىڭدا ھەممە مەۋجۇداتنىڭ، ھەتتا چىۋىن، پاشىنىڭمۇ ياشاش ھوقۇقى بار. يەرشارىنى ھەرىكەتلىنىۋاتقان چوڭ بىر ماشىنىغا ئوخشاتساق، ئادەمدىن تارتىپ ھايۋان، قۇرت ـ قۇڭغۇزغىچە ئۇنىڭ ۋىنتە ـ زاپچاسلىرىغا ئوخشايدۇ. ۋىنتە ـ زاپچاسلارنىڭ بىرسى يوقالسا نىمە بولىدۇ؟ ماشىنا ھەرىكەتتىن توختايدۇ، كاردىن چىقىدۇ.

نىھايەت، گۆدەك، ساددا قىز قەيسەرنىڭ قىزىپ ـ قايناپ سۆزلىگەن سۆزلىرىنىڭ تېگىگە يېتىپ، مەنىسىنى ئاڭقىرىپ كېتەلىگىنى يوق. راستىنى ئېيتقاندا يۇلتۇز دۇنيادا ھېچكىمگە تەڭ قىلمايدىغان قەيسەر ۋە باتۇر قىياپىتىدە كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدىغان ئامراق يىگىتىنىڭ خۇددى كىچىك بالىدەك سۆزلەپ، بۆرىگە قوشۇلۇپ تەڭ يىغلىدىم، دېگىنىگە ھەيران.

ئارىدىن خېلى كۈنلەر ئۆتتى. يۇلتۇز ماللىرىنى ئەتراپتا يايلىتىپ، ئۆزى تۆپىلىك ئۈستىدە ئولتۇراتتى. قەيسەرنىڭ شۇ قېتىم كەتكەنچە كېيىن بىرەر قېتىممۇ كېلىپ قويمىغىنى ئۈچۈن كۆڭلى شۇنچىلىك يېرىم ھەم خاپا. شۇنداقتىمۇ ئۇ بۇ تۆپىلىككە كۆندە كېلىپ، قەيسەرنى كېلىپ قالارمىكىن دەپ ئۈمىد بىلەن كۈتۈپ ئولتۇرىدۇ. دەريانىڭ نېرىقى قېتىدا يالغۇز چوقچىيىپ تۇرغان ئۆيگە تەلمۈرۈپ قارايدۇ. بۈگۈن نېمىشقىدۇ ئۆينىڭ تۇرخۇنىدىن ئىسمۇ چىقمايۋاتاتتى، پات ـ پات ياڭراپ قىزنىڭ كۆڭلىنى لەززەتلىك بىر تۇيغۇ ئىچىدە ئەركىلىتىپ ئۆتىدىغان گىتار ئاۋازىمۇ ئاڭلانمايۋاتاتتى. شۇ تاپتا قەيسەر نەلەردە يۈرىدىكىن، قارىغايلىقتا قارىغاي كۆچەتلىرى بىلەن ھەپىلىشىۋاتامدىكىن؟ قىز شۇ تاپتا قەيسەرنىڭ تاغدا ئەمەس، شەھەردە ئىكەنلىكىنى، سادىر ئىسمايىلنى ئىزدەپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيتتى.

قەيسەر سەھەردىلا ئۆيدىن چىقىپ، تاشيولدىن ماشىنا توسۇپ چۈشكە يېقىن شەھەرگە كەلدى. ئاشخانىغا كىرىپ بىر قاچا لەغمەن بىلەن قورسىقىنى تويغۇزدى ـ دە، ماگىزىنغا كىرىپ قەنت، ناۋات، كونسېرۋالارنى سېتىۋېلىپ ئۇدۇل شەھەرلىك دوختۇرخانىغا كەلدى. تۇغۇتخانىنىڭ ئىشىك يوچۇقىدىن مارىلاپ قاراپ تۇرغان چاغدا، ياش سېستىرا قىز ئۇنىڭ يېنىغا كەلدى:

— كىمنى ئىزدەيسىز؟

— سادىر چاڭجاڭنىڭ ئايالىنى، يېڭىلا تۇغۇتلۇق بولغان...

— ياتاقتا يېڭى تۇغۇتلۇق بولغانلار كۆپ، ئىسمى نىمىدى؟

— قەدىرىيە.

— ھە... 19 ـ ياتاق. بىراق، ئۇ بىمارنىڭ يېنىغا ئادەم كىرىش چەكلەنگەن. ھازىر ھوشسىز ياتىدۇ.

— مۇنداق ئىش ئىدى، يولدىشى بىلەنلا كۆرۈشسەم بولاتتى.

— يولدىشى يېنىدا، ئەمىسە جۈرۈڭ، — سېستىرا قەيسەرنى باشلاپ "19" دېگەن

سان يېزىلغان ياتاقنىڭ ئالدىغا كەلدى. ئىشىكنى بوشقىنە ئېچىپ، سادىر ئىسمايىلغا قول ئىشارىسى قىلىپ، — سىز... — دېدى. سادىر ئىسمايىل كارىدورغا چىقتى، ئولتۇرۇشقان، قىزارغان كۆزلىرىدە يېنىك كۈلۈمسىرەش يالت قىلىپ ئۆتتى. ئىككىسى ئۈن - تىنسىز قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى.

— ئەھۋالى قانداقراق؟

— يامان ئەمەس، شۇنداق دېمەي نېمە ئامال؟ هازىرغىچە هوشسىز ياتىدۇ، ئالته يۈز گىرامچە قان بېرىلدى.

— غاچچىدە ئۈرۈمچىگە يۆتكەيدىغان ئىشكەن.

— دوختۇرلار كېچە - كۈندۈز پايپېتەك بولۇپ يۈرگەندە ئۇنداق دېيىشكە ئەپسىز - دە. تۇغقانلار يېزىدا، هەممىسى ئۆز ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولغاچقا، قەدىرىيەگە يېنىدىن ئايرىلماي ئۆزۈم قاراۋاتىمەن. فېرمىنىڭ ئىشلىرى قانداقراق كېتىۋاتىدىكىن؟ بىرەر سىمۇ كەلمىدى.

— شۇڭا ئۆزۈم كېلىشىم. قۇرۇق كېلىپ قالدىم، بۇنى ئەكىرىۋېتىپ چىقسىڭىز، ئاندىن سۆزلىشىمىز، — قەيسەر قولىدىكى سۇلياۋ خالتىنى سادىر ئىسمايىلغا ئۇزاتتى.

— هەي... نېمە ئىش بۇ؟ كېلىۋەرمەي... — دېدى سادىر ئىسمايىل خالتىنى ئېلىپ، ئاندىن ئىشىكنى ئاستا ئېچىپ ياتاققا كىرىپ كېتىپ، هايال ئۆتمەي يېنىپ چىقتى:— بىرەر ئىش بولدىمۇ؟

— ئىش چاتاق... ئورۇندۇقتا ئولتۇرايلىلا، هېرىپ كەتتىم.

ئىككىسى كارىدوردىكى يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. قەيسەر گىلەم يايلاقتا يۈز بەرگەن ئىشلارنى بىرمۇ بىر سۆزلەپ بەردى.

— بۇ نېمە ئىش؟ شۇنداقمۇ بولۇپ كەتتىمۇ تېخى! — سادىر ئىسمايىلنىڭ كۆزلىرى يوغىناپ، قېلىن قاشلىرى سەكرەپ كەتتى،— غېنى چاكچاك نېمە ئىش قىپتۇ شۇ چاغقىچە؟

— ئۇ دېگەن مۇئاۋىن - دە، پەرۋا قىلماتتىمۇ ئۇ ئىشلارغا.

— كۆرۈڭ تېخى، شۇنداقمۇ ئىش بولدى دەڭ. خۇددى بىزنىڭ يەردە هەققى باردەك. يايلاق شۇنچە خانىۋەيران بولۇپ كەتسە، ساتتار دۈيجاڭ نېمىشقا قول قوشتۇرۇپ تۇرىدۇ؟

— بۇ يەردە ئولتۇرۇپ قايناشتىن نېمە پايدا؟ ئەڭ ياخشىسى، ئۆزىڭىز بېرىپ كۆرۈپ بېقىشىڭىز كېرەك. غېنى چاكچاك، ساتتار دەيسىز، ئۇلارنى ئەيىبلىمەكچى بولسىز. خانىۋەيرانچىلىقنى ئۆز كۆزىڭىز بىلەن كۆرسىڭىز، ئۇلارنى ئەمەس، ئالدى بىلەن ئۆزىڭىزنى ئەيىبلەيدىغان بولسىز.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟

— ئالتۇننى تاقا ئورنىدا ئىشلەتكىلى بولمايتتى دېگىنىم.

سادىر ئىسمايىل قەيسەرنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىنى دەرهال چۈشەندى. قەيسەر ئۇنىڭغا گىلەم يايلاقتا ساياھەت رايونى قۇرۇشنىڭ كەلگۈسىدە بولىدىغان زىيانلىق ئاقىۋىتىنى، ساتتار هامۇت بىلەن قىلىنغان توختامغا قول قويۇپ ئىنتايىن خاتا قىلغانلىقنى كۆپ قېتىم ئېيتقان. ئەمما سادىر ئىسمايىل ئۇنىڭغا ئانچە ئىرەنگىشىپ كەتمىگەن. قەيسەر بۈگۈن ئۆزىگە قىلغان بۇرۇنقى ئاگاھلاندۇرۇشلىرىنىڭ

توغرىلىقنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن كەلدىمىكىن؟ ياكى گىلەم يايلاقتا مۇشۇ بىر ئاي ئىچىدە راستىنلا شۇنچىلىك ئىشلار بولۇپ كەتتىمىكىن؟ مۇبادا قەيسەرنىڭ دەپ كەلگەنلىرى راست بولىدىغان بولسا، بۇ گىلەم يايلاقتا نىسبەتەن ئاپەت خاراكتېرلىك ۋەقە بولىدۇ ـ دە. ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن جاۋابكارلىققا تارتىلماي قالامدۇ، خەۋەرسىز قاپتىمەن، دوختۇرخانىدا ئۆلۈك بىلەن تىرىكنىڭ ئارىلىقىدا ياتقان خوتۇنۇمنى بېقىشقا كەتكەنىدىم دېيەلەمدۇ؟ ئۇ ماشىنىسىنى ھەيدەپ كېچىگىچە مەھەللىسىگە بېرىپ، تاڭ سەھەرگە يېقىن ئاكىسىنىڭ ئايالىنى قەدىرىيەگە قاراپ تۇرۇش ئۈچۈن ئېلىپ كەلدى ۋە قەيسەرنى تېپىپ فېرمىغا ئالدىراش يۈرۈپ كەتتى.

ــــ ئەگەر شۇنداق بولغانلا بولسا، ــــ دېدى ئۇ ماشىنىنى ھەيدەپ كېتىۋېتىپ بىردىنلا چېچىلىپ، ــــ ساتتار دېگەن گۆينىڭ ئانا ـ مانىسىنى كۆرستىمەن، ھەممىنى قىلغان شۇ خۇمسى! قاراپ تۇرسۇن، توختامنىمۇ بىكار قىلىۋەتمەيدىغان بولسام...

ــــ ئاچچىقلانماڭ، ئاچچىقلىنىش سىزنىڭ يەنە بىر قېتىم خاتاغا يول قويۇشىڭىزغا سەۋەبچى بولۇشى مۇمكىن. ئالدى بىلەن بېرىپ مەن دېگەن يەرلەرنى كۆرۈپ باقامسىز، شۇ چاغدا ئۆزىڭىزنىڭ نېمە قىلىشىڭىز كېرەكلىكىنى بىلىۋالىسىز.

سادىر ئىسمايىل ئېغىر تىندى، ئۈندىمىدى. گويا بارلىق دەرد ـ ئەلەمنى رولدىن ئالماقچى بولغاندەك، قۇۋۋەتلىك بارماقلىرى بىلەن رولنى مەھكەم قاماللىشىدىن بىلىكىنىڭ پەي ـ سىڭىرلىرى بۆرتۈپ چىقىپ كەتكەنىدى. ئۇلار چۈشكە يېقىن فېرمىغا يېتىپ كەلدى، ماشىنىنى تاشلاپ ئات باقارغا ئاتتىن ئىككىنى توقۇتۇپ چىقتى ـ دە، چۈشلۈك تاماققىمۇ قارىماي قەيسەرنى ئېلىپ گىلەم يايلاق تەرەپكە ئات سالدى. بىرجۈپ ئات شېغىل تاشلىق تاغ يولدا يېنىك يورغىلاپ كېتىپ باراتتى. قەدەملىرىنى تەكشى باساتتى. تاقلىرى قېلىن تۇياقلىرىنىڭ تاشلارغا ئۇرۇلۇشىدىن قاراسلىغان ئاۋاز چىقاتتى. ھەر ئىككى ئات خوجايىنلىرىنىڭ ناھايىتى مۇھىم ئىشقا كېتىۋاتقانلىقىنى بىلگەندەك قۇمۇش قۇلاقلىرىنى دىڭ تۇتۇپ، بېشىنى مەغرۇر سىلكىپ تىزگىن سېرىپ كېتىۋاتاتتى. ئاتلار ئاچا يولغا كەلگەندە قەيسەر سادىر ئىسمايىلدىن سورىدى:

ــــ يۇلتۇز كۆلدىكى يېڭى بازارنى كۆرۈپ ئۆتمىزمۇ؟ قالتىس!

ــــ بولدى، ماڭا تەنە قىلماڭە، ئۇدۇل يايلاققىلا بارايلى.

ئۇلار ئېتىنىڭ بېشىنى يايلاق تەرەپكە بۇردى.

ــــ ھەيرانمەن، سىز قانداقسىگە فېرمىدا ساياھەت ئورنى قۇرۇشقا قوشۇلۇپ قالغانسىز؟ ــــ قەيسەر سۆزلىمەي دەپمۇ يەنە ئۆزىنى باسالمىدى، ــــ كاشكى، شۇ چاغلاردا مۇشۇنداق ئاقىۋەتنىڭ يۈز بېرىشىنى مۆلچەرلىگەن بولسىڭىز...

ــــ سىزچە بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى ساياھەت ئورنى قۇرغانلىقنىڭ كاساپىتىمۇ؟

ــــ ئەلۋەتتە!

قەيسەرنىڭ بۇ ئەيىبلەشلىرى ئۇنىڭسىزمۇ ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇپ تۇرغان سادىر ئىسمايىلنىڭ جان ـ جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى.

ــــسىز ھە دېسىلا ئىشمىدىن قۇسۇر تاپقىلى تۇردىڭىزغۇ؟ ــــ دېدى ئۇ خاپا بولۇپ،

ــــ خۇددى مەن فېرمىنى ئىلاھا ئامىنغا بېرىۋەتكەندەك. فېرمىنىڭ يىللىق ئىقتىسادىي كىرىمى قانچىلىك؟ بۇ كىرىمدە ساتتار تاپشۇرىدىغان پۇلنىڭ نىسبىتى

قانچىلىك؟ بۇنى بىلەمسىز؟

— گېپىڭىزچە بولسا، — قەيسەر ئېتىنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ سۆرئىتىنى سەل - پەل ئاستىلاتتى،— يېزىلاردا بۇغداي، قوناق دېگەننى تامامەن يوقىتىپ، يەرنىڭ ھەممىسىگە پاختا تېرىش لازىم بولىدۇ.

— سىز گېپىمنى خاتا چۈشىنىۋاتىسىز! — سادىر ئىسمايىل رەللە بولغىنىدىن ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ سۆزلەپ كەتتى.

— سىز ئۆز خاتايىڭىزنى ھېس قىلىپ تۇرۇپمۇ ئېتىراپ قىلىشنى خالىمايۋاتىسىز! — قىزىشىپ ئۇنىڭدىن بەتتەر تۇۋلىدى قەيسەر، — توختامنامىغا سىز قول قويغان، جاۋابكارلىقتىن قورقىۋاتىسىز، شۇنداقمۇ؟ ساياھەت ئورنىنىڭ فېرمىغا يەتكۈزىدىغان نەپ - پايدىسىغا قارىغاندا زىيىنىنىڭ مۆلچەرلىگۈسىز كۆپ بولىدىغانلىقىنى نېمشقا ئويلىمايسىز؟ نېمشقا سوغۇق قانلىق بىلەن ھېسابلاپ كۆرۈشنى خالىمايسىز؟ بىز ھازىرچە دورا كولىغۇچىلار بىلەن ئالتۇن قازغۇچىلار توغرىسىدا ئېغىز ئاچمايلا تۇرايلى، يالغۇز ساياھەتكە كېلىۋاتقانلارنىڭ يايلاق مۇھىتىنى بۇلغىشىلا فېرمىغا مۆلچەرلىگۈسىز بالايى - ئاپەت كەلتۈرىدۇ. سىز تۆت - بەش يىلغا قالماي يايلاقنىڭ بۈگۈنىدىن قۇرۇق قالىسىز. گۈللەر ھۆپپىدە ئېچىلىپ، ياپيېشىل يۇمران چۆپلەر يەلپۈنۈپ تۇرغان، ئۇيۇر - ئۇيۇر چارۋىلار ئوتلاپ يۈرگەن بۈگۈنكى يايلاق مەنزىرىسىنى مەڭگۈ كۆرەلمەيسىز.

سادىر ئىسمايىل بۇ سۆزنى ئاڭلاپ جىم بولدى. شۇ چاغدا تاغ تەرەپتىن قىزىل رەڭلىك "سانتانا" غۇيۇلداپ چۈشۈپ كەلدى - دە، يىراقتىنلا سىگنال بەردى. ئىككىيلەن ئاتلىرىنى يولنىڭ چېتىگە ئەمدىلا ئېلىشىغا، ماشىنا قويۇق توپا توزۇتۇپ يېنىدىن قۇيۇندەك تېز ئۆتۈپ كەتتى. ماشىنىنى بىر قىز ھەيدىگەن، ماشىنىنىڭ ئىچىدە ئولتۇرغان ئىككى ئادەمنىڭ گىلەم يايلاقتا خالىغىنىچە يەپ - ئىچىپ ئويناپ، ئەمدى شەھەرگە قايتىپ كېتىۋاتقىنى ئېنىق. ئۇلارنىڭ قىياپىتى شۇنچىلىك كۆرەڭ ھەم مەغرۇر. ئۇلارنىڭ بۇ ھالىتى سادىر ئىسمايىلغا ھار كەلدىمۇ، ياكى ماشىنىنىڭ بۇسى بىلەن ئارىلىشىپ كەتكەن چاڭ - توپىنىڭ دىماغلىرىغا ئۇرۇلغان ئاچچىق ھىدىدىن سەسكەندىمۇ، قاپىقىنى سىلىپ، يېنىغا زەردە بىلەن تۈكۈردى - دە، ئېتىنىڭ بېقىنىغا قاتتىق بىرنى تەپتى. تەبىئىتى قىزدەك نازۇك شاش، زېرەك ئات تۇيۇقسىز زەربىدىن كۆڭلى ئازار يېگەندەك، چۆچۈپ ئالدىغا يۇلقۇندى...

"مانا... جەننەتكە ئەنداز بولغۇدەك گۈزەل بىر زېمىنىنىڭ تەقدىرى، يۈرەك - باغرى ئۆرتىنىپ، ئازاب ئىچىدە ئويلاپ كېتىۋاتاتتى قەيسەر،— ئۇنى پايمال قىلىش ھېسابىغا مىڭ، ئون مىڭ يۈەنلەپ پايدىغا ئېرىشكەنلەر بىر - ئىككى ئادەم، سۇلتان ئەلى، ساتتار... تەبىئەت ئىرادىسىگە قىلىنغان مۇخالىپ قىلمىشنىڭ جازاسى بولىدىغۇ، ئەلۋەتتە جازاسى بولىدۇ. بىراق بۇ جازا دەپسەندە قىلىنغان مۇشۇ ئۇلۇغ زېمىنىنىڭ كۆز يېشىدىن ئالتۇن - جاۋاھىرات سۈزىۋاتقان ئاشۇنداق كىشىلەرنىڭ بېشىغا ئەمەس، ئۇنىڭ قايغۇسى ئۈچۈن پەرياد چېكىۋاتقانلارنىڭ ئۈستىگە ياغىدۇ..."

بىر جۈپ ئات ئىككىيلەننى گىلەم يايلاققا تېزلا ئېلىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ بىرىنچى بولۇپ كۆرگىنى ئۇيەر - بۇيەرگە كولانغان گەمىلەر، تاغ قاپتىلىدىكى قارىغاي تۈۋىگە تىكىلگەن مايماق - سايماق، ھەررەڭ، سەررەڭ چېدىرلار بولدى. چېدىر ھەم گەمە ئالدىدىكى تاش بىلەن قوپۇرۇلغان ئوچاقلارنىڭ بەزىلىرىدە ئوت كۆيۈۋاتاتتى.

ئايالالارنىڭ بىرلىرى كىر يۇيۇش، بىرلىرى تاماق ئېتىش بىلەن ھەلەك ئىدى. ئۇششاق باللار قىقاس ـ سۈرەن سېلىشقىنىچە ئۇياق ـ بۇياققا يۈگۈرەپ يۈرەتتى. ئۇلار گويا بۇ يايلاقنىڭ ئەلمىساقتىن بۇيانقى ھەقلىق خوجايىنلىرىدەك ئەركىن ۋە غەمسىز ئىدى.

C¨ قاراڭە، بۇ مۇتتەھەم ئۇششۇقلارنى، بۇيەردە خۇددى ئانىسىنىڭ ھەققى باردەك، ـــ دېدى سادىر ئىسمايىل قاپىقىنى تۈرۈپ.

ـــ جۈرۈڭ، بۇنىڭدىن چوڭ ئىشنى ئالدىڭىزدا كۆرىسىز.

سادىر ئىسمايىل ئېتىغا زەرپ بىلەن قامچا سالدى. ئىككى ئات يانتۇ تاغ باغرىنى بويلاپ، يايلاق تەرەپكە تاراسلاپ چېپىپ كەتتى. بىر تەرىپى تاغقا تۇتىشىدىغان كەڭ كەتكەن يايلاقتا ئادەملەر تىمىسقىلاپ يۈرۈشەتتى. ئۇلار كەتمەن، گۈرجەك، جوتۇلىرىنى ئىشقا سېلىپ دورا ئۈسۈملۈكلىرىنى بەس ـ بەستە كولىشاتتى، تېرىپ تاغار، خالتىلىرىغا سېلىشاتتى. دورا كولانغان يەرلەر خۇددى ياۋا چوشقا تۇمشۇقى بىلەن تىلغىغاندەك ئاستىن ـ ئۈستۈن قىلىۋېتىلگەنىدى. كۆنسېرى قويۇقلىشىپ بولۇق ئۈسۈۋاتقان ئوت ـ چۆپلەر ئورنىدا ئەمدى يالىڭاچلانغان تۇپراق قارىيىپ كۆرۈنەتتى. سادىر ئىسمايىل ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئۆزىگە يېقىنلا يەردە تەرلەپ ـ پىشىپ كەتمەن بىلەن دورا كولاۋاتقان، دوپپىسى كونىراپ، كىرلىشىپ كەتكەن ساقاللىق ئادەمنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كەلدى:

ـــ توختا، تاشلا كەتمەننى!

ساقاللىق بېشىنى كۆتۈرۈپ ئالدىدىكى بۇ يوچۇن ئادەمگە مەنسىتمىگۈچى بىر نەزەر بىلەن قارىدى:

ـــ " سەن" لىمىسلىيا ئادەمنى، جىنايەتچى بولمىسام يا مەن؟

ـــ جىنايەتچى، ياكى جىنايەتچى ئەمەسلىكىڭنى ھېلى كۆرستىپ قويىمەن ساڭا! نەدىن كەلدىڭ، نېمە ئادەمسەن؟

ـــ ئۆزلىرىچۇ، ئۆزلىرى كىم بولىلا؟

سادىر ئىسمايىلنىڭ ئورنىدا قەيسەر جاۋاب بەردى:

ـــ فېرمىنىڭ باشلىقى، مۇشۇ يەرنىڭ خوجايىنى!

ساقاللىق سادىر ئىسمايىلنىڭ ئۈستى بېشىغا باشقىدىن سەپ سېلىپ قۇۋلۇق بىلەن ھىجايدى:

ـــ ئەستا... ئەدەپسىزلىك قىپتىمەن سىلىگە... ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

ـــ باشلىقىڭ كىم، باشلىقىڭنى چاقىر!

ـــ باشلىق؟ ھى... ھى... ھى... ھەممىمىز ئۆزىمىزگە باشلىق، چاڭجاڭ.

ـــ يايلاقتا دورا كولاشقا كىم رۇخسەت قىلدى ساڭا؟

ـــ ئەمدى... تىرىكچىلىك قارىسلا... يېزا دېگەندە باج ـــ سېلىق ئېغىر... شۇڭا ئازراق ئەتلىنىۋالايلى دەپ...

ـــ چىرايلىقچە ئېيتىپ قوياي، ئىشىڭنى دەرھال توختىتىپ قونالغۇڭغا قايت، قالغان گەپنى شۇ يەردە سۆزلىشىمىز.

ـــ ئوبدان، ئوبدان... يىراق ساتتار جىگلى مېنىڭدىن باشقۇرۇش ھەققى ئالغانتى.

ـــ ئۇنىڭ بىلەن كارىم يوق! ـــ ۋارقىرىدى سادىر ئىسمايىل ئېتىغا مىنىۋېتىپ. ئۇ ئېتىنى يەنە باشقىلارنىڭ ئالدىغا چاپتۇرۇپ كەتتى. ئىش ناھايىتى ئاسانلا ھەل بولىدىغاندەك ئىدى. ھەممىسىنىڭلا سادىر ئىسمايىلنىڭ كەسكىن بۇيرۇقىغا بەرگەن

جاۋابى "ئوبدان، ئوبدان...". ئۇلار بۇگۇنلا كۆدە - كۆرپىسىنى كۆتۈرۈپ كېتىدىغانىدەك ئىدى.

ئىككىيلەن ئاتلىرىنى چاپتۇرۇپ گىلەم يايلاقتىكى دەم ئېلىش ئورنىغا - دەريا بويىغا قاتار تىكىلگەن چېدىر ئالدىغا كەلگەندە، بۇ يەردىكى بازار تازا قىزىپ كەتكەنىدى. پاكار، سېمىز، چېچىنى قىسقا، تەكشى قىلىپ ياساتقان، ئۇزايىدىن بۇيەردىكى مال سېتىۋالغۇچىلارنىڭ باش ھۆپىگىرى ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇرغان ياش بايۋەچچە قول ئاستىدىكى ئادەملەرنىڭ مال سېتىۋېلىشىغا نازارەت قىلىپ ئولتۇراتتى. ئادەملىرى چاققان، سۆزمەن ئىدى. ئۇلار تۈلكە، قۇندۇز، ئېيىق، بۆرە، قوي، كالا تېرىلىرىدىن تارتىپ، قۇرۇتۇلغان دورا - دەرمەكلەر، قوي، تۆگە يۇڭلىرى، ھەتتا بۇغا مۈڭگۈزىگىچە سودا قىلىشماقتا ئىدى. ياش بايۋەچچىنىڭ سادىر ئىسمايىلدىن پەرۋايى پەلەك. ئۇ سادىر ئىسمايىلغا يىراقتىن بېشىنى لىڭشىتىپ كۈلۈپ قويۇپ، توم - توم ئالتۇن ئۈزۈكلىرى پارقىراپ تۇرغان بارماقلىرىنى تىزى ئۈستىگە كىرىشتۈرگىنىچە، بىرسىنىڭ قۇلىقى تۈۋىگە كېلىپ ئاستا پىچىرلاشلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇراتتى.

— يەنە بىر مۇھىم سودا چىقىپ قالدى ھاجىم.

— سۆزلەڭ، نېمە سودا؟

— شۇڭقار.

— نەچچىكەن؟

— ئىككى دانە.

— سودىلىشىڭ، نەرخى جايىدا بولسۇن. لېكىن — زە، قولدىن چىقىرىپ قويماڭ،

— ياش بايۋەچچە ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان سادىر ئىسمايىلنى كۆرۈپ، بىردىنلا سىپايىلىشىپ، ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى - دە، دىقماق، يۇمشاق قولىنى ئۇزاتتى:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم سا چاڭجاڭ، قەدەملىرىمۇ يېتىدىكەن - ھە بۇيەرگە، يائاللا!

— كېلىپ تۇرىمىز، ئۆز يېرىمىز ئەمەسمۇ.

— ئەجەپ بەلەن كەلدىڭىز مانا، — ئۇ سادىر ئىسمايىلنىڭ قويۇۋەتكەن قولىنى يەنە تۇتۇپ بىر ياققا تارتتى، — جۇسلە، بىر پىيالىدىن...

— نەگە؟

— بۇ يەرنىڭ ئاشخانىسى پەيزى، جۇسلە ھېرىپ - ئېچىپ كەلگەندە...

— رەھمەت، ئالدىراپ تۇرىمىز، خوش... سودىلىرى قانداقراق؟

— شۈكرى... ئەمدى ھەر قايسىلىرىنىڭ رەھبەرلىكىدە...

— بىراق، بۇ ئىشلارنىڭ ھېچقايسىسىدىن بىزنىڭ خەۋىرىمىز يوققۇ مامۇت ھاجىم؟

— شۇنداقمۇ؟ — مامۇت ھاجىم دەقىقە ئويلىنىۋېلىپ ئۆزىنى ئوڭشىۋالغاندەك قىلدى - دە، ئاندىن داۋام قىلدى، — راست، بۇ ئىش بىلەن سىلىنىڭ بىۋاستە مۇناسىۋەتلىرى بولمىغاندىن كېيىن، شۇنداق بولسىمۇ بولغاندۇ.

— بىۋاستە مۇناسىۋەتلىرى بولمىغاندىن كېيىن دەيلىغۇ؟

— بىز بۇ سودىنى فىرما بىلەن ئەمەس، ساياھەت ئورنى بىلەن قىلىۋاتىمىز ئەمەسمۇ؟

— ساياھەت ئورنىنىڭ فىرمىنىڭ ئىلكىدە ئىكەنلىكىنى بىلىدىغانلا؟

— بۇ ماڭا ئانچە مۇھىم ئەمەس، سا چاڭجاڭ، — مامۇت ھاجىنىڭ چىرايىدىكى بايىقى سىپايىلەرچە كۈلۈمسىرەش بىردىنلا ئۆچۈپ، ئورنىنى بىرخىل كۆرەڭ،

مەنستىمىگۈچى ئىپادە ئىگىلىدى،— بۇ ھەقتە بىرنېمە دېگۈلىرى بولسا ساتتار جىگلى بىلەن سۆزلەشىسلە بولىدىغۇ. دۇرۇس، ئىككىمىزغۇ تونۇش، خېلىلا ياخشى تونۇش. كونا ئاغىنە دېسەكمۇ بولىدۇ. بىراق كەسپىي تەرتىپ جەھەتتە مېنىڭ سىلە بىلەن ھېچقانداق بىۋاستە ئالاقەم يوق. شۇنداقمۇ؟
ماموت ھاجىنىڭ كۆرەڭلىك بىلەن قىلغان قوپال مۇئامىلىسى سادىر ئىسمايىلنىڭ جان - جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. بىراق ئۇ كۆز ئالدىدىكى بۇ رەھىمسىز رېئاللىقتىن بۇرۇن ھېچقاچان ھېس قىلمىغان، ھەتتا قەيسەرنىڭ ئاقكۆڭۈللەرچە قىلغان تەنبىھىدىنمۇ ئويلاپ يەتمىگەن ئۆتكۈر بىر مەسىلىنى بايقاپ يەتكىنى ئۈچۈن ماموت ھاجىغا لايىقىدا جاۋاب بېرىشتىن ئۆزىنى تارتتى. "ئۇنىڭ بىلەن زاكۇنلىشىپ، جېدەللىشىپ نېمە قىلىمەن، نېمىشقا ساتتار بىلەنلا دېيىشمەيمەن؟ — ئۆز - ئۆزىگە سوئال قويدى ئۇ، — ھەممە رەزىللىكنى قىلىۋاتقان، گىلەم يايلاقنى نابۇت قىلغۇچىلارغا يېشىل چىراغ يېقىپ بېرىۋاتقان ئادەم باشقا بىرسى ئەمەس، ساتتار ئىكەن - دە. تاناۋىنى تارتىدىغان ئادەممۇ دەل ساتتارنىڭ ئۆزى!".
— بولىدۇ، ماقۇل ئەمىسە، — دېدى ئۇ ماموت ھاجىغا. ئۇ بۇ سۆزنى ئادەتتىكى ئاۋازدا، ئەمما ئىچ - ئىچىنى ئۆرتەۋاتقان غەزەپ ۋە زەردە بىلەن ئېيتتى. ئۇ ساتتار ھامۇتنى تېپىشنىڭ ئالدىدا بۆرە ئېغىزى دېگەن يەرگە بېرىپ، ئۇ يەردىكى ئالتۇن سۈزگۈچىلەرنىڭ نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ كەتمەكچى بولدى - دە، ئېتىغا مىنىپ قەيسەر بىلەن بىللە دەريانىڭ يۇقىرىسىنى بويلاپ يۈرۈپ كەتتى. قاتتىق ياغىدىغان يامغۇردىن شەپە بېرىپ تاغ ئۈستىدىن چۈشۈۋاتقان تۇرمەل - تۇرمەل بۇلۇتلار ھايال ئۆتمەي تاغ جىلغىسىغا يوپۇرۇلۇپ كەلدى - دە، ئەتراپ قاراڭغۇلاشقاندەك بولۇپ، ئۇلارنىڭ بېشى ئۈستىدىلا چاقماق چېقىپ، ھەيۋەتلىك گۈلدۈرماما ئاۋازى ئاڭلاندى. قارا يامغۇرنىڭ مۇزدەك سوغۇق تۇنجى تامچىسى قەيسەرنىڭ يۈزىگە مۆلدۈردەك ئۇرۇلدى:
— يامغۇردا قالىدىغان بولدۇق چاڭجاڭ!
— شۇنى دەيمىنا، ئۇنىڭغىچە ھەسەن كەكلىكنىڭ قوتىنىغا ئۇلىشىۋالساق بولاتتىغۇ.
سادىر ئىسمايىل تېخى گېپىنى تۈگىتىپ ئۈلگۈرمەيلا، دانە — دانە چۈشۈۋاتقان يامغۇر ئۇشتۇمتۇت شارقىراپ قۇيۇلۇشقا باشلىدى. كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە تاغ ئارىسى ئاپئاق تۇمان بىلەن تولدى. تاغ - تاشلارنى تىترىتىپ گۈلدۈرماما ئاۋازى ئاڭلىناتتى. يامغۇرنىڭ شىددەتلىك شارقىرىشى دەريا شاۋقۇنىنى بېسىپ كەتكەنىدى. ئىككىسىنىڭ باش - كۆزى كىيىم - كېچەكلىرى بىلەن قوشۇلۇپ چۆپ سۈزمە بولۇپ كەتتى. ئاتنىڭ يايلىلىرىدىن شۇرقىراپ سۇ ئېقىشقا باشلىدى. بۇ ھال كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچىلىك ئارىلىقتا شۇنچىلىك تېز بولدىكى، ئىككىيلەن ئۆزلىرىنى نە قارىغاي، نە ساڭگىلاپتۇرغان تاشنىڭ دالدىسىغا ئېلىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قالدى. ئۇلار كۆز ئېچىش مۇمكىن بولمايدىغان قارا يامغۇرنىڭ تارسىلداپ ئۇرۇلۇشى ئىچىدە بىر ھازا مېڭىپ خېلىدىن كېيىن، دەريا بويىدىكى بىر پارچە ئوچۇقچىلىقتا دۈگدىيىپ تۇرغان كونا قوتانغا يېتىپ كەلدى.
— ھەسەنكا! ھوي ھەسەنكا! — ئاتتىن چۈشۈپ بار ئاۋازى بىلەن توۋلىدى سادىر ئىسمايىل. شۇئان ئىشىك ئېچىلىپ، كونا قارا شىلەپىلىك، كۆڭلەكچان، پاكار بىر

ئادەم چىقىپ كەلدى.
— ۋۇي، بىزنىڭ چاڭجاڭمۇ بۇ؟ ئەستا... قانداق قىلىپ بۇ يامغۇردا... — دېدى گاھ سادىر ئىسمايىلغا، گاھ قەيسەرگە بىرخىل تەمترەش ئىچىدە تىكىلىپ.
— ئاتلارنى جايلاشتۇرۇۋېتىڭ ھەسىنىكا.
— مانا ھازىر... قېنى، ئۆيگە كىرەيلى مېھمانلار.
ئۆي ئىچى قاراڭغۇ ھەم رەتسىز ئىدى. قاچا ـ قۇمۇشلار ئوچاق بېشىدا قالايمىقان تاشلىنىپ تۇراتتى. ئورۇن ـ كۆرپە كاڭدا تېخىچە يىغىلمىغانىدى. ئەمما ھەر ئىككىيلەن پاناھلىنىش ئۈچۈن مۇشۇنداق يەرگە ئېرىشكىنىدىن خۇشال ئىدى. ھەسەن كەكلىك ھايال ئۆتمەي ئۆيگە كىرىپ كەلدى، كاڭ ئۈستىگە چىقىپ ئورۇن ـ كۆرپىلەرنى بىر بۇلۇڭغا يۆكلەپ يىغدى ـ دە، بۇلۇڭغا قاتلاپ قويۇلغان يېپيېڭى كىگىزدىن بىرنى ئېلىپ ئوتتۇرىغا سالدى:
— قېنى، يۇقىرى ئۆتۈڭلار.
ئىككىيلەن ئاياغلىرىنى سېلىپ كىگىز ئۈستىگە چىقىپ، سۇ ئېقىپ تۇرغان چاپانلىرىنى سېلىشتى ـ دە، تولغاپ سىقىشقا باشلىدى. قەيسەر كونا ئۆينىڭ تاملىرىنىڭ ماكچىيىپ، ئۆگزىنى ياپقان چەنزىلىرىنىڭ ئېگىلىپ كەتكىنىگە قارىماي، ئۆي ئىچىگە بىر تېمىم يامغۇر ئۆتمىگىنىگە ھەيران. ھەسەن كەكلىك ئىچكەركى ئۆيگە يەنە كىرىپ يەنە چىقاتتى، نېمە قىلغىنىنى بىلگىلى بولمايتتى. سادىر ئىسمايىلنىڭ تاقىتى تاق بولغان بولسا كېرەك:
— ھەسىنىكا، يەيدىغان بىرەر نەرسىڭىز يوقمۇ؟ قورسىقىمىز ئېچىپ ئۆلەي دېدۇق، — دېدى.
— نانغۇ بارتى، — خىجىل بولىۋاتقاندەك گەدىنىنى تاتىلىدى ئۇ، — شۇغىنىسى قېتىپ كېتىپتىكەن، شۇڭا سەت تۇرامدىكىن دەپ...
— ئەكىلىڭ شۇنى، سوغۇق سۈيىڭىز بارمۇ؟
— بار، مانا چېلەكتە. سەھەردە ئەكىرىپ قويغان.
تاشتەك قېتىپ تاراڭشىپ كەتكەن نان... ئاپقۇر چىنىگە قۇيۇلغان مۇزدەك سوغۇق سۇ... قورساق ۋاژىلداپ ئېچىپ تۇرغاندا ئۇنىڭدىن مەزىلىك تائام دۇنيادا يوق. شۇڭا ئۇلار قاتتىق ناننى ئىشتىھا بىلەن قارسىلدىتىپ چايناپ، سوغۇق سۇنى غۇرتۇلدىتىپ ئىچىشمەكتە. قارا يامغۇر يېغىۋاتقىنىغا خېلى ۋاقىت بولۇپ قالغىنىغا قارىماي تېخىچە توختار ئەمەس. ھەسەن كەكلىك يامغۇرغا قارىماي پاقلان سويىمەن دەپ پىچىقىنى بىلىگىلى تۇرىۋىدى، سادىر ئىسمايىل ئۇنى تەسلىكتە توسۇپ قالدى:
— پاقلىنىڭىزنى ساقلاپ قويۇڭ، ئالدى بىلەن قولىمىز بوشىسۇن، ۋاقتى كەلگەندە بىر مەززە قىلىمىز ـ دە، گۆش سىزدىن، ھاراق مەندىن... — ئۆزىنىڭ پەرىشان، ناخۇش ئىكەنلىكىگە قارىماي، بۇ نامرات مالچىنىڭ تاغلىقلارغا خاس ئاق كۆڭۈللىكى ھەم مېھماندوستلۇقى ئۈچۈن چېقىشىپ قويدى ئۇ.
كەچ كىرىپ، تاغ ئىچى ئادەتتىن تاشقىرى قاراڭغۇچىلىققا چۆمگەنىدى، ھەتتا بەش قولنى كۆرۈش مۇمكىن بولمايدىغان دەرىجىدىكى قاراڭغۇچىلىق تاغ ئىچىنى تېخىمۇ سۈرلۈك، قورقۇنچلۇق ھەم سىرلىق قىلىپ كۆرسەتتى. يامغۇر ئەمدى خېلىلا ئاستىلاپ قالغانىدى. تامغا قېقىقلىق بىر جۈپ قوزۇق ئۈستىگە توغرا قويۇلغان قارىغاي شېلى ئۈستىدە كىرسىن چىراغ قاپقارا ئىس چىقىرىپ ئۆي ئىچىنى غۇۋا

يورۇتۇپ تۇراتتى. كىگىز ئۈستىگە تاشلانغىنى ياغلىشىپ قارىداپ كەتكەن ئىككى بۇراق تەكىيە، مازلىرى چىقىپ تۇرغان، يوتقان ياكى كۆرپە ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتىپ بولمايدىغان كونا يېپىنچا، بىر ئەسكى جۇۋا... سادىر ئىسمايىل بىلەن قەيسەر تەكىيگە بېشىنى قويۇپ يانپاشلىنىپ ياتتى. ئەل ياتقۇ ۋاقتى بولۇپ قالغىنىغا قارىماي ھەسەن كەكلىك مېھمانلارنىڭ بىرەر تاپشۇرۇقى بارمىكىن دېگەندەك كاڭنىڭ بۇرجىكىدە يۈكىنىپ، ئۇلارغا قاراپ ئۈنسىز قېتىپ ئولتۇراتتى. جىمجىتلىقتىنى سادىر ئىسمايىل بۇزدى:

— ھېلىمۇ كەكلىك تۇتۇپ تۇرىۋاتامسىز، ھەسىنكا؟

— كەكلىكنىمۇ؟ ھى... ھى... ھى... ھازىر بىز تۇتىدىغان كەكلىك نەدە دەيلا؟ تۇتۇلغىنى تۇتۇلۇپ، ئامان قالغانلىرى تېزىپ كەتتى.

— نېمىشقا؟

— خەق يامان، مىلتىقىدا ئېتىپ تۇرسا، ئۇنىڭدىن نېمە قېچىپ قۇتۇلالايدۇ؟ كەكلىكلا ئەمەس، چىل، قىرغاۋۇل، ئۇلار... ھازىر بۇ يەردە ئۇلارنىڭ ئۆزىنى كۆرۈش تۈگۈل، ئاۋازىنىمۇ ئاڭلىغىلى بولمايدۇ، — ھەسەن كەكلىك ئەمدى يەكتىز بولۇۋېلىپ سۆزلىگەنسېرى قىزىشقىلى تۇردى، — ئۇغۇ بىر نۆرى، ئاتسا ئىگىسى يوق جانىۋارنى ئېتىپتۇ، ئەمما ـ زە، قويلىرىمىزغا زىيان سالغىنى بولمىدى.

— ئىگىسى يوق جانىۋار دەيسىزغۇ؟ — سادىر ئىسمايىل گەۋدىسىنى كۆتۈرۈپ ئاچچىقلىنىپ سۆزلەپ كەتتى،— ھىلىغۇ جانىۋاركەن، بۇ يەرنىڭ بىر سىقىم تويا، بىرتال تېشىنىڭمۇ ئىگىسى بار جۇمۇڭ، ئىگىسى كىم؟ سىز، بىز... بۇيەرنىڭ قىشىنى قىش، يامغۇرىنى يامغۇر دېمەي مۇشۇ يەرنى گۈللىتىش ئۈچۈن جاپادا ياشاۋاتقان تاغلىقلار...

ھەسەن كەكلىك ئويلىماي قىلىپ قويغان بىر ئېغىز گېپى ئۈچۈن خىجىل بولۇپ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ جىم بولدى. سادىر ئىسمايىل ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۆزمەي:

— قېنى سۆزلەڭ، قويلىرىڭىزغا كىمنىڭ زىيان سالغىنىنى سۆزلەڭ، — دېدى.

— قوي دېگەن بۆرە يېرىۋەتمىسە، تاغدىن ئۇچۇپ كەتمىسە، يايلاقتا ئۆزى كېتىپ، قوتانغا ئۆزى يېنىپ كېلىدىغان نېمە. ئەمما نېمىسى نېمە بولدى، بىر ھەپتە ئىچىدىلا ئىككى قويۇم يوق، مېنىڭلا ئەمەس، قەييۇم نامانىنىڭ بىراقلا ئۈچى يوقاپتۇ. ئىككىمىز بىللە نەچچە كۈن ئىزدىدۇق، ھېچبولمىسا بىرەرتال ئۇستىخىنىنى ياكى بىرەر پارچە تېرىسىنى تېپىۋالساقمۇ مەيلى ئىدىغۇ، تاغ ئارىسىدا ئالتۇن سۈزىمىز دەپ تىمىسقىلاپ يۈرگەن ئاشۇ بىر توپ كىشىلەردىن گۇمان قىلدۇق. شۇغۇ... ئۇلار ئوغرىلاپ كەتمىسە، بىر ئەمەس، بەش قوي ئاسمانغا چىقىپ، يەرنىڭ تېگىگە كىرىپ كېتەرمىدى؟ ئىككىمىز ئىز ـ ئىزدەپ تاغ ئارىسىغا كىردۇق. يائاللا...! نەدىن پەيدا بولغان ئادەملەردۇ دەيمەن، ئىككىمىز جىلغا ئىچىگە ئەمدىلا كىرىشىمىزگە، تەرەپ ـ تەرەپتىن بەش ـ ئالتە ئادەم ئالدىمىزغا چىقىپ بىزنى ئارىغا ئېلىۋالدى. ھەممىسىنىڭ ئەلپازى يامان، قاپىقىدىن مۇز يېغىپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى چوقۇر، ئۇزۇنتۇرا بىرسى: "نېمە ئادەم سىلەر، نەگە بارىسىلەر؟" دەپ سورىدى. مەن: "بىز فېرمىنىڭ مالچىلىرى بولىمىز، قويلىرىمىز يۈتكەن، شۇنى ئىزدەپ كېتىۋاتىمىز، ئاراڭلاردىن كۆرگەنلەر بارمۇ؟" دېۋىدىم ھېلىقى ئۇزۇنتۇرا مېنى زاڭلىق قىلىپ: "ئەخمەق بوپ قاپسىلەر، يۈتكەن قويۇڭلار يايلاقتا يۈرمەي بۇ يەرگە كېلەتتىمۇ؟ خۇددى ناۋايغا پۇل

بىرىپ، قاسساپتىن گۆش ئالمەن دېگەندەك ئىش قىلىۋاتقىنىنى ما خەقنىڭ..." دەيدۇ تېخى. نېمە دېگۈلۈك؟ قويلىرىمىزنى دەل مۇشۇ خەقنىڭ ئوغرىلاپ، ئۇستىخىنىنى پۈركىۋەتكىنىنى بىلىپ تۇرساقمۇ، كۆز بىلەن كۆرۈپ، قول بىلەن تۇتۇۋالمىغاندىن كېيىن، دەردىمىزنى ئىچىمىزگە يۇتۇپ يېنىپ كەلدۇق. شۇنداق قىلىپ پايدا ئۇلارغا، زىيان بىزگە بولدى. مال ـ چارۋىنىڭ غېمىدە قۇرۇق نان غاجاپ، سوغۇق سۇ ئىچىپ، دۈم يېتىپ، دۈم قوپقىنىمىز نېمە؟ ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق فېرمىغا ئىككى قوي قەرزدار بولۇپ قالغىنىمنى دەيمىنا...

— ئەمدى ھوشيار بولمىسىڭىز، ئۇنىڭدىن جىقراق زىيان تارتىسىز تېخى، — دېدى قەيسەر ئۇنىڭ سۆزىگە ئۇلاپلا. قەيسەرنىڭ ئەلەملىك ئاھاڭدا مۇنۇ بىچارە مالچىغا بولغان ھەمدەردلىك، ئۇنىڭ بىھۇدە تارتقان زىيىنىغا نىسبەتەن ئاچچىق تەنە ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

— تاغدا ئەلمىساقتىن تارتىپ ئىشلەك تاقايدىغان، مالنى ئارقىسىدا يۈرۈپ باقىدىغان ئادەت بولمىغاندىن كېيىن، مالغا مۇنداق ئوغرى چۈشىدىغانلىقىنى نەدىن بىلەي؟ ئۇيقۇم ئېچىلدىغۇ ئەمدى، تۇتىۋالىدىغان بولسام، پاچىقىنى چېقىۋەتمىگىنىمنى كۆرسۈن بۇلاڭچىلار! ئەمدى يەنە بىر گەپ، بۇ يىل گىلەم يايلاقنىڭ ھالى خاراپ. بىر توپ خەق دورا كولايمىز دەپ يايلاقنى ئەرەختەن ـ پەرەختەن قىلىۋەتكىلى تۇردى. بۇرۇنلاردا ھېچكىمنىڭ ئۇنداق قىلىشىغا يول قويمايتتۇققۇ؟ نېمە ئىش بولۇپ كەتتى بۇ يىل؟ مالچىلار بېرىپ سۈرۈشتۈردۇق، ئاڭلىساق، فېرمىدىن رۇخسەت قىپتۇ دېگەن گەپ بار. ھەرقايسىلىرى رۇخسەت قىلىشقان بولسىلا بىز نېمە دېيەلەيتتۇق، ئەمما ـ زە، ھەممىمىزنىڭ بېشىدا بىر غەم، قىشلىق ئوت ـ چۆپنى نەدىن يىغىمىز؟ يېتەرلىك ئوت ـ چۆپ، بوغۇز بولمىسا، مالنى قىشتىن چىقارغىلى بولمايدۇ.

— فېرما رۇخسەت قىپتۇ دېگەن گەپ يالغان! — سادىر ئىسمايىلنىڭ كۆزلىرى چوغدەك يېنىپ كەتتى،— بىز نېمە دەپ سىلەرنى زىيانغا ئۇچرىتىدىغان ئىشنى قىلغۇدەكمىز؟

— ئاڭلىغىنىمىز بۇلا ئەمەس، ساتتار دۈيجاڭ بىلەن تۈزۈشكەن بىر توختام بارمىشقۇ؟

— ئۇنىسى راست.

— ئون بەش يىلغىچە يۇلتۇز كۆل بىلەن گىلەم يايلاقتىن پايدىلىنىش ھوقۇقى شۇنىڭ قولىدا بولارمىش.

سادىر ئىسمايىل ئۈندىمىدى.

— مانا شۇنىڭغا بىز قارشى. سىلە دېگەن بىزنىڭ چاڭجاڭ، تاغلىقلارنىڭ رەھبىرى. شۇڭا سىلىگە كۆڭلىمىزدىكىنى ئېيتقىنىمىز گۇناھ ئەمەس، ساتتار دۈيجاڭ بۇرۇن بۆرە ئېتىش ئەترىتىنىڭ مەسئۇلى ئىدى، ئەمدىچۇ؟ ھەممىگە خوجا! ئۇ ھوقۇقنى قولغا ئالغاندىن بېرى، گىلەم يايلاقنى نېمە قىلىۋەتمىدى؟ نە ـ نەلەردىن كەلگەن سالپىي — ساياقلار قارا چېكەتكىدەك ياغقىلى تۇردى. نەتىجىدە يايلاق نېمە بولدى؟ ئۆزلىرى بىر تەكشۈرۈپ باقسىلا. ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز دەيدىغان: يايلاق دېگەن خۇددى جەينامازغا ئوخشايدۇ دەپ. بۇ ھەق گەپ... يايلاق ھېلىگەرلىك، پاسىقلىقنى كۆتۈرمەيدۇ، ئۇ ھالال نىيەت ھەم پاكلىقنى تەلەپ قىلىدۇ.

خېلىدىن بېرى ئىككىسىنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىپ جىم ئولتۇرغان قەيسەر سادىر ئىسمايىلغا لاپپىدە قاراپ قويدى:

— بۇ گەپنى ئىسگىزدە ساقلاپ قويۇڭ، بۇ، يايلاقنىڭ نىمە ئىكەنلىكىگە بىرىلگەن ھەقىقىي تەبىر!
— دەڭ، مالچىلاردا يەنە قانداق پىكىر ـ ئىنكاسلار بار؟
— گەپ ـ سۆز دېگەنغۇ جىق، مانا ئۆزلىرىمۇ كەپلا.
— شۇڭا ئۆزۈم كەلدىم... — ئۇنىڭ ئاۋازى بىرخىل ئەلەملىك بوغۇلۇش ئىچىدە تىترەپ كەتتى، — ھەممىنى ھەل قىلىمەن، ھەل قىلماي قويمايمەن.
ھەسەن كەكلىكنىڭ سۆزلىرى ئاددىي، ئامما تاغلىقلارنىڭ يۈرىكىنىڭ ھەسرەتلىك، ئەلەملىك دۈپۈلدىشىنىڭ كۈچلۈك ساداسى ئىدى. بۇ سادا ئادەتتىكى، ئەپۇچان، ساددا، ئۇنتۇغاق يۈرەكنىڭ ئەمەس، ئېتىقاد، ۋىجدان ۋە ئادەمىيلىكنى پاك روھىيەتنىڭ پىلسىرات كۆۋرۈكىدىن ئۆتكۈزگۈچى رەھىمسىز سادا ئىدى. قەيسەر فىرمىغا يېڭى كەلگەن يىلى ئۇنىڭغا ئۆزىنى "مەن سىزنىڭ مەكتەپدىشىڭىز" دەپ تونۇشتۇرغان، بېشىغا كۈن چۈشكەندە دوستلۇق قولىنى سۇنۇپ خەستە كۆڭلىگە ئۈمىد ۋە تەسەللىي بەخش ئەتكەن سادىر ئىسمايىل كېيىن نىمە ئۈچۈن ئۇنىڭ ساتتار ھامۇتنىڭ يۇلتۇز كۆل بىلەن گىلەم يايلاقتا ساياھەت ئورنى تەسىس قىلىشىغا رۇخسەت قىلغانلىقىنىڭ خاتا بولغانلىقى توغرىسىدىكى تەنبىھلىرىگە قۇلاق سېلىشنى خالىمىدى؟ كۆڭلىدە ئاز ـ تولا ئىقرار قىلىپ تۇرسىمۇ خاتالىقنى ئېغىزىدىن چىقىرىشنى راۋا كۆرمىدى؟ بىراق، ئۇ بۈگۈن دۈچ كەلگەن، ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن رەھىمسىز رېئاللىق، ھەسەن كەكلىك دەۋاتقان پاكىت ئالدىدا بېشىنى ئەگمەسلىكى، تونۇشقىنىغا ئاز ۋاقىت بولغىنىغا قارىماي قەدىناس دوستلاردەك چىقىشىپ كەتكەن دىلكەش ھەمراھى ئالدىدا ئۆز خاتاسىنى گەدىنىگە ئالماسلىقى مۇمكىنمۇ؟ سادىر ئىسمايىل ئۆزى توغرىسىدا مۇشۇنداق تەسىراتقا كەلدى. خامۇشلۇق ئۇيقىسىدىن ئويغىنىپ بارغانسېرى سەگەكلىشىۋاتقاندەك بولدى...
ئىككىيلەن يوتقان ـ كۆرپىنىڭ ئازلىقىدىن ھەسەن كەكلىكنىڭ تەكلىكتە قويماسلىقى ئۈچۈن، باشلىرىغا تەكىينى قويۇشۇپ داق كىگىز ئۈستىدىلا سوزۇلۇپ يېتىشتى. ھەسەن كەكلىك پەگادا نىمە قىلارىنى، نىمە دېيىشنى بىلمەي، ساقىلىنى چىمداپ بىر پەس ئۆرە تۇردى. ئۇلاردىن سادا بولمىغاندىن كېيىن، چىراغنى سەرەڭگە قېپى بىلەن بېسىپ ئۆچۈرۈپ، كاڭنىڭ قىرغىقىغىلا سوزۇلدى...
قاراڭغۇچىلىق... يەر ـ جاھان، تاغ، ئورمان دەھشەتلىك قاراڭغۇچىلىققا چۆمگەن چاغدا، بۇ يەردە چۇقچىيىپ تۇرغان كونا ئۆيمۇ، ئۇنىڭ تاش ھەم لاي بىلەن قوپۇرۇلغان قېلىن تاملىرىمۇ بۇ دۇنيادا مەۋجۇت ئەمەستەك تۇيۇلاتتى. بۇنى خېلىدىن بېرى كۆزلىرىنى تورۇسقا تىكىپ ئۈنسىز خىيال سۈرۈپ ياتقان سادىر ئىسمايىل ئېنىق ھېس قىلىپ ياتاتتى. راست... ئۇ ئۆزىنى شۇ تاپتا زۇلمەتلىك قاراڭغۇلۇقنىڭ چەكسىز بوشلۇقىدا مۇئەللەقتە ئېسىلىپ قالغاندەك، سەزگۈلىرىگە بېشىدىكى بۇراق تەكىيە، ئاستىدىكى كىگىز، تۆت ئەتراپىدىكى قېلىن تام خۇددى خىيالغا ئوخشاش ساختا مەۋجۇدلۇقتەك بىلىنىپ كەتتى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ تەپەككۇرى خۇددى بۇزۇلۇپ كاردىن چىققان ماشىنىغا ئوخشاش ئۆلۈك ۋە قۇرۇق ئىدى، چاتقالدەك گىرەلىشىپ كەتكەن گادىرماش خىياللار ئۇنى ئازابلايتتى. ئۇيقۇسىزلىقتىن بېشى زىڭىلداپ، ئۆزى باش ئۇچى يوق خىياللار قاينىمىدا لەيلەپ يۈرگەنسېرى، ئۆزىنى دۇنيادا ئەڭ ئەرزىمەس پاسىق گۇناھكار ھېس قىلىپ قالدى. بىردىنلا ئۇنىڭ

قۇلىقىغا دەريانىڭ شارقىرىغان، بوّرىنىڭ هوّۋلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى ـ دە، سەزگۈسىدىكى ئۇيقۇ گاراڭلىقى نەگىدۇر يوقاپ كەتتى. يامغۇرنىڭ توختىغان، توختىمىغانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى. ھەسەن كەكلىك كىيىملىرى بىلەنلا دۈم يېتىپ ئازراق خورەك تارتقاندەك قىلدى ـ دە، ئاستا ئورنىدىن قوپۇپ شىپىرلاپ، پۈتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ، ئىشىكنى پەم بىلەن ئاچتى. ئۇ شۇ ھالەتتە تالاغا نەچچە قېتىم چىقىپ كىردى. ئۇنىڭ قوتاندىكى قويلىرىدىن ۋەھىمە يەپ، قوتاننى پات ـ پات يوقلاپ تۇرغانلىقى ئېنىق. ئاھ، تاغلىقلار... ئۇلارنىڭ ھاياتى، ئادەملىكى مانا مۇشۇنداق... خۇددى دەرياغا ئوخشاش ئويغاق، پاكىز ھەم مېھرلىك ... سادىر ئىسمايىلنىڭ سەزگۈلىرى ئەمدى بىردىنلا روشەنلىشىپ، ساتتار دۈيجاڭ، ئۇنىڭ بىلەن تۈزۈشكەن توختام، تۈنۈگۈن كۆرگەن چېدىر، گەمە، ئارۋاڭ ـ سارۋاڭ كىيىنىشكەن ئاياللار، چۇرقىرىشىپ يۈرگەن بالىلار، ھېلىقى ئاق دوپپىلىق، ساقاللىق دورا كولىغۇچىنىڭ دەسلەپتە مەنسىتمەسلىك نەزەرى بىلەن مېيىغىدا كۈلۈپ قويۇشلىرى، كېيىنكى بىزەڭلەرچە ھىجىيىشلىرى، ئاق قاڭشاردىكى سودا بازىرى، مامۇت ھاجىنىڭ كۆرەڭلىكى، ھەسەن كەكلىكنىڭ شىكايەتلىرى... كۆز ئالدىدا قايتىدىن نامايەن بولدى. "ئەسلىدە مەن خاتا قىلغان، ئەسلىدە مەن... C̈ ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرتىنىپ كەتتى سادىر ئىسمايىل، C̈ ئىست، نېمىشقىمۇ تۈزگەندىمەن شۇ توختامنى؟ قانداق قىلىپ دەسسەپ قالدىم شۇ تۇزاققا؟ فېرمىنىڭ ئىقتىسادى يۈكسەلمەمدىكىن، چارۋىچىلىرىمىزنىڭ ھال ـ كۈنى ياخشىلىنامدىكىن دەپتىمەن. ئالدىمدا پۇلنى كۆرۈپتىمەنۇ، ئۇنىڭ بەدىلىگە فېرمىمىزغا كېلىدىغان بالايىئۇ ـ ئاپەتنى كۆرمەپتىمەن. توختام تۈزۈلگەن، قولمۇ قويۇلغان، جامائەت گۇۋاھلىقى ئورنىنىڭ ئالدىدىنمۇ ئۆتكۈزۈلگەن. دېمەك، ئۇنىڭ قانۇنىي كۈچكە ئىگە بولۇپ كەتكەنلىكى ئېنىق. ئەمدى ئۇنىڭدىن يېنىۋېلىشنىڭ، فېرما ئىگىلىكىگە زىيان كەلتۈرىدىغان مۇنداق توختامنامىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنىڭ بىرەر يولىمۇ بارمىدۇ ـ ھە؟" سادىر ئىسمايىل سۇلتان ئەلىنىڭ ساتتار ھامۇتقا كۈچلۈك ئارقا تېرەك ئىكەنلىكىنى، شەھەردە ھېچكىمنىڭ ئۇنىڭ گېپىنى يېرىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغانلىقىنى ئويلاپ لاسسىدە بوشىشىپ كەتتى. ئەمما ئۇ دورا كولىغۇچىلار بىلەن ئالتۇن قازغۇچىلارنى گىلەم يايلاقتىن قوغلىۋېتىشكە تامامەن قۇربىتىم يېتىدۇ دەپ ئويلىدى. ئۇ قەيسەرنىڭ يېنىك ــــ يېنىك تىنىپ، ئۇياق ـ بۇياققا ئۆرىلىۋاتقانلىقىنى سېزىپ، ئۇنى ئاستا نوقىدى:

ــــ ئويغاقمۇسىز؟

ــــ ھەئە.

ــــ ياخشى ئۇخلىيالماپسىز ـ دە.

ــــ ياقەي، ئاخشام يېتىپلا ئۇخلاپ كېتىپتىكەنمەن، ھازىرلا ئويغىنىشىم.

بۈگۈن كېچە ھەر ئىككىسىنىڭ ئۇيقۇسى قېچىپ، تۈنبويى كىرپىك قاقماي خىيال بىلەن يېتىپ چىققانلىقى پەقەت ئۆزلىرىگىلا ئايان. ئاخشام ئازراق ئۈگىدەك باسقاندەك بولۇپ، بىر چاغدا ئۇيقۇسى تامامەن ئېچىلىپ كەتكەن قەيسەرنىڭ كۆڭلىگە تۈنبويى قايسى ئويلار كەچمىدى؟ ھەممىسى ئۇنىڭ قەلب دېڭىزىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىگە تىنىپ كەتكەن، ئەستىن چىقىرىشقا مەڭگۈ مۇمكىن بولمايدىغان، ئازاب، ھەسرەت، شېرىن لەززەت ۋە ھىجران مۇڭلىرى بىلەن يۇغۇرۇلۇپ كەتكەن

كەچمشلىرى... ئالىي مەكتەپتىكى ئوتتەك قىزغىن، غەمسىز ۋە ئىلىم ئېلىش ئىستىكىدە بەش يىلنى ياتاق، سىنىپ، كۇتۇپخانا ۋە ئاشخانىدىن ئىبارەت تۆت بۇرجەك دائىرە ئىچىدە ئۆتكۈزگەن ئەھمىيەتلىك چاغلىرى، يىغىلىشلار، نۇتۇق سۆزلەشلەر، بويۇن تومۇرلىرىنى كۆپتۈرۈپ، قوللىرىنى شىلتىشىپ، كارنىيى يىرتىلغىچە ۋارقىرىشىپ كېتىدىغان، باش ـ ئۇچى چىقمايدىغان بەس ـ مۇنازىرىلەر، ئۆزىنى ئىلتىپاتسىز، سوغۇق قارشى ئالغان، خۇددى تەپەككۇرى گاللىشىپ گومۇش بولۇپ قالغان ئادەمدەك كۆرۈنىدىغان روھسىز شەھەر، دەرسخانىلىرى كونىراپ، تاملىرىدىن ھاكلىرى ئۆركۈپ تۇرىدىغان ئوتتۇرا مەكتەپ، دەرس مۇنبىرىگە چىقىپ ئوقۇغۇچىلارغا تۇنجى قېتىم دەرس ئۆتكەن ھاياجانلىق مىنۇتلار، كېيىن مائارىپ ئىدارىسىنىڭ سوئال ـ سوراقلىرى، ئۆزىگە دەسلەپتە بىر قاراشتىلا سىرلىق، كۆڭۈلسىز، بىر كۈن ياشاشقىمۇ كۆزى يەتمىگۈدەك دەرىجىدە يات ۋە زېرىكەرلىك بولۇپ تۇيۇلغان تەڭرىتاغ چارۋىچىلىق فېرمىسى، كۈتۈلمىگەندە بىر توپ بۆرىلەر ئۇنى قوغلاپ يۈلتۇز بىلەن تەسادىپىي ئۇچرىشىپ قېلىشقا نېسىپ قىلغان ئۇنتۇلغۇسىز دەملەر... يۈلتۇز — تەڭداشسىز ئىلاھىي گۈزەللىكنىڭ يارقىن جۇلاسىدىن ئاپىرىدە قىلىنغان بۇ تاغ مەلىكىسى قەيسەرنىڭ ئۈمىدسىزلىك ۋە چۈشكۈنلۈكتىن قاغجىراپ كەتكەن قەلب ۋادىسىغا ھاياتلىق يامغۇرى بولۇپ قۇيۇلغان، ئۇنى ئۈمىد ۋە سۆيگۈنىڭ يايپېشىللىقى بىلەن پۈركىگەنىدى. يۈلتۇز بۈگۈن كېچە، يامغۇرلۇق كېچىنىڭ مۇشۇ ئۇزۇن دەقىقىلىرىدە قانداقراق ئۇخلاپ چىقتىكىن، چۈشىگە نېمىلەر زاھىر بولدىكىن؟

سەھەرگە يېقىن قەيسەرنىڭ كۆزى سەل ـ پەل ئىلىنغاندەك بولدى...

... قەيسەر بوۋايغا ئەگىشىپ كېتىۋاتاتتى. بوۋاي ئۇنى باشلاپ دەريا بويلاپ، يۇقىرىلاپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭ سالماق، مەزمۇت ئېلىپ كېتىۋاتقان يالڭاياق پۇتلىرى ئاستىدا نە توپىنىڭ توزىغىنىنى كۆرگىلى، نە تاشنىڭ شىرىقلىغىنىنى ئاڭلىغىلى بولمايتتى. پۇتى بىلەن يەرنىڭ ئارىلىقىدا ئىككى ئىلىك ئارىلىق قالدۇرۇلغاندەك ئىدى. ئۇ دەريا بويىدا ئاسمانپەلەك قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان، تاشلىرى كۆكۈچ ھەم ئۇيۇل ـ ئۇيۇل تاغنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى ـ دە، ئېھتىرام بىلەن قەددىنى رۇسلاپ، بېشىنى تىك تۇتۇپ، ئوڭ قولىنى كۆكسىگە ئالدى:

— مەن ...! سېنى ئاپىرىدە قىلغۇچى ئىنسان...! — ئۈنلۈك خىتاب قىلدى ئۇ. شۇئان ھەيۋەتلىك ئېگىز تاغ ئۇنىڭ ئالدىدا ئەسلىدىكى كۆرۈنۈشى ۋە ماھىيىتى بىلەن ئايان بولدى. ئالدىدا ئەمدى ھۆسن ـ سەلتەنەتى كۆزنى قاماشتۇرغۇچى غايەت گۈزەل قەلئە قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. ئالتۇندىن ھەل بېرىلگەن، ھەربىر خىشلىرىغا ياقۇتتىن كۆز قويۇلغان ئىنچىكە مۇنارلار كۆككە تاقاشقانىدى، مەرمەردىن ياسالغان تۈۋرۈكلەرگە قۇچاق يەتمەيتتى. تاملىرىغا ئويۇپ چىقىرىلغان رەڭدار نەقىشلەر گىلەم يايلاقنىڭ ياز ۋاقتىدىكى تۈمەنمىڭ گۈللەر بەرق ئۇرۇپ ئېچىلغان تەڭداشسىز گۈزەل ھۆسن ـ لەتاپىتىگە تەقلىد قىلىنغانىدى. قاناتلىرى ئالتۇندىن ياسالغان دەرۋازا ئالدىدىن دەريا بويىغىچە خوتەن ئېلىنىڭ قىممەت باھالىق گىلەملىرىدىن پايانداز سېلىنغانىدى. بوۋاي مەرمەردىن ياسالغان قىرىق باسقۇچلۇق پەلەمپەيدىن يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ دەرۋازا ئالدىغا كەلدى ـ دە، دەرۋازا ئۈستىدىكى ئويما ئەگمە ئىچىگە

ئالتۇن ھەلدە كامىل پاساھەت بىلەن يېزىلغان ھۆسن خەتنى قەيسەرگە كۆرسىتىپ:
— بۇ خەتنى ئوقۇ! — دېدى.
— زېمىن سۆيگۈدۇر، سۆيگۈ تەڭرىدۇر، — ئوقۇدى قەيسەر. خەت تېخى بايىلا يېزىلغاندەك ئوچۇق ئىدى، ياز قۇياشىنىڭ ئوچۇق ئاپتىپىدا خۇددى ئۇستا گۈلچى تىزغان گۈلدەستىدەك شوخ چاقناپ تۇراتتى. بوۋاي بىر زامانلاردا ئۇنى ئالتۇن سىيى بىلەن يېزىپ چىققانىدى. ئۇ قەلئە ئىچىگە قاراپ مېڭىشقا دەرۋازا قانتى ئاۋازسىز، خۇددى پەر يەلپۈگۈچ ھاۋانى سىلىققىنە سىپاپ ئۆتكەندەك ئىككى تەرەپكە ئېچىلدى.
— مانا... بىگۈنىنىڭ زامانىۋى ئادەملىرىگە تېخىچە مەلۇم بولمىغان چەكسىز گۈزەل، سىرلىق دۇنيا! — بوۋايغا ئۇنىڭ جۇلالىنىپ تۇرغان ھەربىر مۆجىزىسى شۇ قەدەر تونۇش، ئۆزىگە شۇ قەدەر يېقىن بولغاچقا، ئۇ ئارتۇقچە ھاياجانلىنىپ كەتكەنىدى. ئىككىيلەن قەلئە ئىچىگە كىردى. تورۇسلىرى ئېگىز، كەڭ كەتكەن كارىدور ئىچى قۇياش نۇرى يورۇتۇپ تۇرغاندەك ئايدىڭ ئىدى. ھېچ نەرسىنىڭ سايىسىنى كۆرگىلى بولمايتتى. قەلئە ئىچىگە نە شام، نە مەشئەللەرنى يېقىش ھاجەتسىز ئىدى. تامنىڭ گۈلدار نەقىشلىرىدىن تارتىپ پول ھەم تورۇسقىچە ئۆزىدىن توختاۋسىز نۇر چىقىرىپ تۇراتتى. پول شۇقەدەر سۈزۈك، روشەن ۋە سىلىق ئىدىكى، قەيسەر يەردىن ئۆز ئەكسىنى خۇددى ئەينەكتە كۆرگەندەك كۆرۈپ تۇراتتى. بوۋاي قەيسەرنى ئەگەشتۈرۈپ كېتىۋېتىپ، تامدىكى بىر پارچە رەسىمنىڭ ئالدىغا كەلگەندە بىردىنلا توختاپ، ئۇنىڭغا ئادەتتىن تاشقىرى سۆيۈنۈش، ھۆرمەت ۋە ئېتىخارلىق تۇيغۇسى بىلەن قاراپ كەتتى. رەسىم ئالتۇندىن ياسالغان تۆت چاسا، نەقىشلىك رامكا ئىچىگە ئېلىنغانىدى.
— رەسىمنى ... مەن شۇ دەۋرلەردە سىزغان... — بىردىنلا چوڭقۇر ئويغا پېتىپ كەتتى بوۋاي، — بۇرەسىم ئۈچۈن ھەتتا... شۆھرەتلىك تەڭرىقۇتنىڭ كاتتا ئىنئامىغا ئېرىشكەنمەن.
بوۋاينىڭ نەزىرىدە ئادەملەر ئۆلۈپ يەنە تىرىلگەندەك، ئۆلگەن روھنى قايتىدىن تىرىلدۈرۈش مۇمكىن ئىدى. بۇ رەسىم ئەنە شۇنداق ئەپسۇنكار مۆجىزىگە ئىگە ئىدى. رەسىم مۇنداق كۆرۈنۈشتە ئىدى:
... تاغ قاپتىلىدىكى چۆرىسىدە ياپيېشىل قىياقلار يەلپۈنۈپ تۇرغان، بىر ئۇچى چۇقچىيىپ چىقىپ تۇرغان يوغان قورام تاش ئۈستىدە كۆك يايلىلىق ئەركەك بۆرە بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، تۇمشۇقىنى ئاسمانغا تىك قىلىپ بار ئاۋازى بىلەن ھۇۋلاۋاتاتتى، يۇلتۇزلار ئۆچكەن سۈررەڭ، بۇلۇتلۇق كېچە ئاسمىنىدا پەقەت تولۇن ئايلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى...
ئەنە، بۆرە ئاي ئەكسىدىكى يورۇقلۇق ۋە ئۈمىدنى زېمىنغا، ھاياتلىق ئالىمىگە چىللاۋاتاتتى... بوۋاي بۇ رەسىمنى مەڭگۈ ئۇنتۇلماس ئاشۇ ئۇزاق كەچمىشنىڭ تارىخىي گۇۋاھى، ئۆچمەس ئابىدىسى سۈپىتىدە سىزغانىدى...
... ئۇلار بىر قېتىملىق قانلىق ئۇرۇشتا دۈشمەندىن يېڭىلىپ بىر تاغ قاپتىلىغا قاپسىلىپ قالدى. ئۇلار ماڭىدىغان يول تاپالماي ھالاك بولۇش خەۋپىگە دۇچ كەلگەنىدى. بىر چاغدا ئۇلار تۇيۇقسىزدىن بىر بۆرىنىڭ تاغ تەرەپكە كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قېلىشتى ـ دە، ھالاكەتتىن قۇتۇلۇپ قېلىش ئۈچۈن تەۋەككۈل دەپ بۆرىنىڭ ئىزىدىن ئەگىشىپ ئالغا ئىلگىرىلىدى. تاغنىڭ تۈۋىگە يېتىپ بارغان بۆرە چوڭ بىر

ئۆگزۈرگە كىرىپ كەتتى. ئۇلارمۇ بۆرە كىرىپ كەتكەن ئۆگزۈرگە كىرىپ بۆرىگە ئەگىشىپ مېڭىۋەردى. قاپقاراڭغۇ ئۆگزۈر ئىچىدە خېلى ئۇزاق مېڭىپ ئۆگزۈرنىڭ ئۇ بېشىغا يەتكەندە، كۆز ئالدىدا چەكسىز كەتكەن ئوچۇقچىلىق نامايان بولدى. بۆرە ئۇلارنى تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئۆگزۈردىن بۇ تەرەپتىكى ياپيېشىل ئوت - چۆپلەر يەلپۈنۈپ تۇرغان، سۈپسۈزۈك سۇ ئۆركەشلەپ ئېقىپ، تۈمەنمىڭ قۇشلار نەغمە قىلىۋاتقان گۈزەل بىر يايلاققا باشلاپ چىققانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار خەۋپ - خەتەردىن قۇتۇلۇپ، ئامانلىق تېپىپ، هالاك بولۇشتىن ساقلىنىپ قالغانىدى. بوۋاي شۇ ۋەجىدىن بۆرىنى ئەبەدىي مەۋجۇدلۇقنىڭ سادىق هامىيسى، ئۆلگەن روھنى ئويغاتقۇچى پەرىشتە، زۇلمەتلىك كېچىگە جەڭ ئېلان قىلغۇچى نۇر دەپ بىلەتتى. بوۋاي رەسىمگە يەتتە قېتىم تازىم قىلدى ۋە يېقىنلاپ بېرىپ رەسىمنى ئۈچ قېتىم سۆيدى - دە، ئىچكىرىلەپ يۈرۈپ كەتتى. ئەمدى ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۇيۇل - ئۇيۇل ئالتۇن - جاۋاھىرلار، لەئلى - ياقۇت، مەرۋايىتلار تاغدەك دۆۋىلىنىپ ياتاتتى، پايانىغا كۆز يېتىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، گۆھەرلەر خۇددى قۇياش پارچىسىدەك چاقناپ تۇراتتى.

— مانا بۇ ئۇلۇغ زېمىنىمىزنىڭ بايلىقى! — هاياجانلىنىپ سۆزلەپ كەتتى بوۋاي،

— ئۇ ئەقىل، ماتانەت ۋە هالال قان - تەردىن ئاپىرىدە قىلىنغىنى ئۈچۈن مۇقەددەس ۋە مەڭگۈلۈكتۇر.

— ماۋۇ زالدىكىنىڭ هەممىسى كىتابلارغۇ! — ئالتۇن - جاۋاھىراتلار يېنىدىكى تۈۋرۈكسىز غايەت چوڭ زالغا يۈگۈرۈپ كىرىپ كەتتى قەيسەر. ئۇزۇن كەتكەن قەۋەت - قەۋەت تىزگاهلارغا توم - توم كىتابلار تىزىلغانىدى. كىتابلار شۇقەدەر كۆپ ئىدىكى، ئۇنى ئوقۇش تۈگۈل، سانىنى ئېلىش ئۈچۈنمۇ بىر ئۆمۈر ۋاقىت كېتىدىغاندەك، دەپ ئويلاپ كەتتى قەيسەر. بوۋاي ئۇنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى.

— بۇ كىتابلار بىزنىڭ دۇنياۋى ئەقىل - كامالەت پەللىسىگە يەتكەن ئۇلۇغ ئەللامىلىرىمىزنىڭ كېيىنكىلەرگە قالدۇرۇپ كەتكەن مىراسلىرى. قاراپ باق... ئۇنىڭ مۇقاۋىلىرىغا دەۋر كارۋىنى بېسىپ ئۆتكەن نەچچە مىڭ يىللىق ئۇزۇن مۇساپىنىڭ سەپەر چاڭلىرى قونغان. پايانسىز ئەسىر دالاسىنىڭ يەل - يېشىنى قەغەزلىرىنى ساراغايتقان... ئەمما، ئۇنىڭدىكى ئىلاهىي هەقىقەت، پەيلاسوپلارچە تەلىمات ۋە دانىشمەنلەرچە ئالدىن كۆرەرلىك هېلىمۇ خىرەلەشكىنى يوق، — بوۋاي ئاز دەقىقە خىيالغا پېتىپ، ئاندىن ئالدىرىماي داۋام قىلدى، — مۇبادا بۈگۈنكى ئادەملىرىمىز مۇشۇ ئەقىل ئەڭگۈشتەرلىرىدىن بەھرىلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشكەن بولسا - هە، ئاھ... قانچىلىك ياخشى بولار ئىدى؟ ئۇلار كائىنات ۋە جىمى مەۋجۇدلۇقنىڭ هەقىقىي ماهىيىتىنى تونۇيالىغان، ئۇنى ئەسلىدىكى مەنىسى بىلەن چۈشىنەلىگەن بولاتتى. بۇ ئادەملەر پەقەت شۇ چاغدىلا هازىر چوقۇنىۋاتقان قاتمال ئاڭ، پۇت - قولنى چۈشەپ تۇرىۋاتقان ئاڭسىز، قارىغۇلارچە پائالىيەتتىن ئۈزۈل - كېسىل قول ئۈزۈپ، هاياتلىق ۋە ئۇنىڭ ئۈچۈن بولىۋاتقان ئىزدىنىشنى ئەسلىدىكى قانۇنىيەتلىك يولغا چۈشۈرگەن بولاتتى. ئۇلار ئەكسىچە قايسى ئەندىزىنى تاللىدى؟ غاپىللىقنى ئەزىزىم... شۇڭا ئۇلار ۋۇجۇدىغا ئوغۇز سۈتى بىلەن تەڭ كىرگەن ئىستىبدات ۋە هەممىنى بويسۇندۇرغۇچى ياۋايى روھنى ئەيشى - ئىشرەت ۋە ناشايانلىقنىڭ ئەخلەت - يۇندىلىرى ئارىسىغا چۆرىۋەتتى. غاپىللىق دەپ ئاتىلىدىغان بۇ ئەجەللىك زەهەر ئۇلارنى ئەقلىدىن

ئازدۇرۇپ شۈنچىلىك بىچارە ھالغا چۈشۈرۈپ قويىدىكى، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ كىملىكىنى، قايسى مىللەتكە مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ، چوقۇم جاۋاب بېرىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغاندا ئۆزلىرىنى ناھايىتى تەسلىكتە "ئۇرغۇي"، "ئۇيغۇي" دەپ ئاتايدىغان بولۇشتى. ئەمدىلىكتە ئۇلارغا قارىساڭ، ھالى ئادەمنى يىغا تۇتقۇدەك دەرىجىدە ئېچىنىشلىق: خۇددى توڭلاتقۇدا قاتۇرۇپ قويۇلغان توڭ گۆشتەك ھېسسىياتسىز، تاتىراڭغۇ چىراي، ئېغىلدا بېقىلغان ئۆي ھايۋانلىرىدەك مۇلايىم، قوزا مىجەز... ئادەملەر ئۆز خاراكتېرىنى يوقاتسا نېمە بولىدۇ؟ ئاشۇ كۈندىن ئېتىبارەن ھاياتلىقتىن مەھرۇم بولىدۇ.

قەيسەر بوۋاينىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، ئۆز ھالىتىدىن شۈنچىلىك نومۇس قىلىپ، ئازابلىنىپ كەتتىكى، خۇددى نامەلۇم قۇدرەتلىك بىر كۈچ بېشىغا گۈرزە بىلەن كۈچەپ ئۇرغاندەك، ۋۇجۇدىنىڭ پارە - پارە بولۇپ، ئۆزىنىڭ يەرگە تېرىقتەك چېچىلىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلدى...

## توققۇزىنچى باب

قەيسەر بىلەن سادىر ئىسمايىل بىر تەرىپىدە دەريا شارقىراپ تۇرغان ئىككى تاغنىڭ ئارىسىغا كىرىپ كەلدى. دەريانىڭ شىمالىي قىرغىقىدا تاش - شېغىللىق ئەگرى - بۈگرى كونا يول سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئىككىيلەن شۇ يولدا كېتىۋاتاتتى. ئالتۇن قېزىش ئۈچۈن دەريا بويىدا تىمىسقىلىشىپ يۈرگەن بىر توپ ئادەملەرنىڭ ئارىسىدىكى ئوتتۇرا بويلۇق بىرسى ئۇلارنى ھەممىدىن بۇرۇن ئىلغا قىلدى.

— چاڭجاڭ، فېرمىنىڭ چاڭجاڭى! — دېدى ئۇ ئەندىكىپ، — ئۇ بۇيەرگە بىكارلا كەلمىگەن، ئىش چاتاق خوجايىن.

— نېمە قورققۇلۇق؟ — ئۇنىڭغا زەردە بىلەن ئالىيىپ قويىدى خوجايىن، — ھېلىغۇ ئىككىكەن، ئونى بولسىمۇ تېتىيمەن، ئىشنى قىلىۋېرىڭلار!

يالڭاچلىنىۋالغان بىر توپ ئادەملەر جوتۇ، گۈرجەكلىرىنى ئىشقا سېلىپ، دەريانىڭ قۇم — شېغىللىق قىرغاقلىرىنى چېپىۋاتاتتى. بىرلىرى بىر تەرىپى تۈز تۆمۈر داسقا ئېلىۋالغان قۇمنى ئاۋايلاپ سۇدا ئېقىتىپ، ئۇنىڭدىن يالتىراپ تۇرغان كېپەك ئالتۇنلارنى سۈزۈش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئىككىيلەن يولدىن پەسكە بۇرۇلۇپ ئۇدۇل ئۇلارنىڭ يېنىغا كەلدى، ئاتتىن چۈشۈشتى.

— توختاڭلار، نېمە ئادەمسىلەر، نەدىن كەلدىڭلار؟ — سورىدى سادىر ئىسمايىل.

— نېمە قىلىۋاتقىنىمىزنى ئۆزلىرى كۆرىۋاتىلا مانا، — پەستە بىزەڭلەرچە ھىجايدى ئوتتۇرا بويلۇق.

— باشلىقىڭلار كىم؟

ھەممىسى چاسا يۈزلۈك خوجايىنغا قاراشتى. چاسا يۈزلۈك بايا لاپ ئۇرغاندەك كۆرەڭلەپ شالىسىنىمۇ چاچمىدى، ئەكسىچە بىرخىل سىپايىلىق بىلەن قولىنى پەستىن ئۇزۇتۇپ قىرغاققا چىقتى:

— تىچلىقمۇ چاڭجاڭ؟ خويمۇ ئوبدان كېلىشىپلا مانا، قېنى چېدىرغا مەرھەمەت!

"بۇ مېنى نەدىن بىلىدىكىنە؟"ئەجەبلىنىپ ئويلاپ كەتتى سادىر ئىسمايىل ۋە ئۇلاپلا سورىدى:

— سىلەر كىمنىڭ رۇخسىتى بىلەن بۇ يەرگە كەلدىڭلار؟
— كىمنىڭ رۇخسىتى بىلەن دەملا؟ — زەھەرخەندىلىك بىلەن كۈلدى چاسا يۈز،
— بىزگە رۇخسەت قىلغانلار كۆپ. تۆۋەندىن يۇقىرىغىچە.
— شۇنداقمۇ؟ ئەمىسە رۇخسەتنامىنى كۆرسىتىڭ.
— بولىدۇ، ھازىرلا — ھە... —چاسا يۈز چېدىرغا كىرىپ كەتتى. چىرايىدا مەسخىرە ۋە كۆرەڭلىك ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ئۇ ھايال ئۆتمەيلا قاتتىق سۇلياۋ مۇقاۋىلىق كىنىشكىدىن بىرنەچچىنى كۆتۈرۈپ چىقتى، — مانا، كۆرۈپ بېقىشسىلا.
سادىر ئىسمايىل كىنىشكىلەرنى كۆرۈپ ئاز ۋاقىت نېمە دېيىشنى بىلەلمىگەندەك تۇرۇپ قالدى. غەلىتە ئىش... رەسمىيەتلەر تولۇق، ھەممىسى جايىدا بېجىرىلگەن، ئۇنىڭ بىرەر يېرىدىنمۇ يوچۇق تاپقىلى بولمايتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ كىنىشكىلەرنىڭ ھەممىسىنى يۇرلاپ يانچۇقىغا سالدى.
— نېمە قىلىۋاتىلا، ئەكەلسىلە كىنىشكىنى! — دېدى چاسا يۈزلۈك بىردىنلا ئۆڭۈپ - تاتىرىپ.
— كىنىشكىلارنىڭ بىرىنىمۇ قايتۇرۇپ بېرىشكە بولمايدۇ.
— نېمە ئۈچۈن؟
— مەن ئالاقىدار ئورۇنلارنىڭ بۇ كىنىشكىلەرنى سىلەرگە نېمە سەۋەبتىن، قانداق يول بىلەن تارقاتقانلىقىنى سۈرۈشتۈرۈپ كۆرمەكچى، بىلدىڭىزما؟
— ئېشىپ كەتتىلە چاڭجاڭ، چەكتىن ئېشىپ كەتتىلە. نېمە ھەققىلىرى بار كىنىشكىنى تارتىۋالىدىغان؟ C¨ ھۆركىرىدى ئۇ. چىرايى ئەمدى غەزەپكە كەلگىنىدىن تۆمۈردەك كۆكىرىپ كەتكەنىدى.
— نېمە ھەققىلىرى بار دەمسىز؟! بۇ يەر كىمنىڭ؟ بىز تەڭرىتاغلىقلارنىڭ. سىز نېمە دەپ بۇ يەردە ئالتۇن سۈزمەكچى بولىسىز؟
— بۇ گەپلىرى ئاقمايدۇ چاڭجاڭ! بىلىپ قويسىلا، يەردېگەن دۆلەتنىڭ. تەبىئىي بايلىقلارمۇ دۆلەتكە مەنسۇپ. قانۇندا تەبىئىي بايلىقلارنى دۆلەتلا ئەمەس، كوللېكتىپ ۋە شەخسلەرمۇ ئاچسا بولىدۇ، دەپ بەلگىلەنگەن. بۇ سىياسەتنى ئاڭلىغان بولغىدىلە؟
چاسا يۈزلۈكنىڭ يولسىزلارچە مەمەدانلىقىغا قەيسەر چىداپ تۇرالمىدى.
— دېمەك، بۇ ئىشىمىز قانۇنلۇق دېمەكچىمۇ سىز خوجايىن؟ — سورىدى ئۇ.
— شۇنداق ... قانۇنلۇق!
— ئەمىسە قاراڭ، — قەيسەر قولىنى شىلتىپ كۆرسەتتى، — شۇنچە كۆپ ئورمانلارنىڭ يىلتىزىنى كولاپ يالىڭاچلاپ قويدىڭىز، دەريا قېشىنى بۇزىۋەتتىڭىز، مۇشۇ ئىشلىرىڭىزنىمۇ قانۇنغا ئۇيغۇن دېيەلەمسىز؟
— مەن قىلدىممۇ ئۇنى؟ — غۇدۇڭشىدى چاسايۈز، — بۇ يەرگە ئالتۇن سۈزىمىز دەپ كەلگەنلەر يالغۇز مەنلا ئەمەس، گېپىڭلار بولسا شۇلارغىمۇ ئېيتىڭلار - دە.
— ئەمىسە مەن سىزگە ئېيتىپ قوياي، — سادىر ئىسمايىل قامچىسىنى شىلتىپ بۇيرۇق ئاھاڭىدا ئېيتتى، — ئىشىڭىزنى ھازىرلا توختىتىسىز، ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ ئەگەر توختاتمىسىڭىز، فىرمىدىن مۇناسىپ تەدبىر قوللىنىمىز! — سادىر ئىسمايىل شۇنداق دېدى - دە، ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، ئېتىنىڭ يېنىغا كەلدى.
— كىنىشكىلەرچۇ؟ قايتۇرۇپ بەرسىلە كىنىشكىلەرنى!

سادىر ئىسمايىل جاۋاب بەرمىدى. ئىككىيلەن ئاتلىرىغا مىنىپ يۈگرىلاپ يۈرۈپ كەتتى.
— ئەمسە ئىگىچى - سىڭلىڭغا ئاپىرىپ بەر! — ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاشقا باشلىدى چاسا يۈز، — ئىلىپ كەتسەڭ پەرۋايىم پەلەك! ئەتىلا يەنە ھەل قىلىپ كېلەلەيمەن. قېنى ئىشلەيلى ئاغىنىلەر!
دەريانىڭ يۇقىرىسىدا ئالتۇن سۈزىمىز دەپ قۇم - شېغىل بىلەن ھەپىلىشىپ يۈرگەن ئادەملەر قەيسەرنىڭ پەرەز قىلغىنىدىنمۇ كۆپ بولۇپ چىقتى. ئۇلار شۇقەدەر ئۆكتەم، پەيلى يامان ئادەملەر ئىدىكى، سادىر ئىسمايىل بىرنى دېسە، ئۇلار ئىككىنى دەيتتى. سادىر ئىسمايىل ئازراقلا ئۆزىنى تۇتىۋالمىسا، ئۇلار تۇشمۇ - تۇشتىن قارا قاغىدەك يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ئۇرۇپ - دۇمبالاشتىنمۇ يانمايدىغاندەك كۆرۈنەتتى. نەقەدەر ئېغىر ئەلەم - ھە! نەقەدەر قاتتىق ھاقارەت؟ فىرمىغا باشلىق بولغان نەچچە يىلدىن بېرى، قولىدىكى ھوقۇقتىن ئىبارەت ئۆتكۈر پىچاقنىڭ ئالدىنىمۇ، كەينىنىمۇ شارتىلدىتىپ كەستۈرۈپ كەلگەن ۋە شۇنداق دەخلىسىزلىككە ئادەتلەنگەن سادىر ئىسمايىل بۈگۈن قولىدىكى شۇ پىچاقنىڭ بىسىنىڭ قايرىلىپ ھېچنېمىگە ئۆتمەيۋاتقىنى ئۈچۈن ئاچچىق يۇتۇپ، ئۆز گۆشىنى ئۆزى يېگۈدەك بولدى، گۆرەن تومۇرلىرى چوكىدەك كۆپۈپ چىقتى، بۇرۇن تۆشۈكلىرى كېرىلدى. ئۇ ئالتۇن سۈزگۈچىلەر بىلەن ۋۇكۇنلىشىپ، ۋارقىرىشىپ، ئەمدى بوغۇشۇپ كېتىدىغاندەكلا تۇراتتى. قەيسەر ئۇنىڭ بىلىكىنى تارتىپ:
— بىز ھازىرچە قايتايلى، — دېدى. بىر ئېغىز سۆز سادىر ئىسمايىلنى شۇئان ئۆزگە كەلتۈردى. "بۇلارنىڭ ئالدىدا مېنىڭ گېپىم، بىر چاڭجاڭنىڭ گېپى ئاقمىغۇدەك، — بۇ پىكىر ئۇنىڭ ئەلەملىك سەزگۈسىدە يالت قىلىپ چاقناپ ئۆتتى، — دۇرۇس، بۇ ئىشنى ئەمدى باشقىچەرەك ئۇسۇلدا ھەل قىلمىسام بولمىغۇدەك" ئۇ بۈگۈن قەيسەرنىڭ گېپىگە تۈنجى قېتىم رايىشلىق بىلەن بويسۇنۇپ ئېتىغا مىندى - دە، ئېتىنىڭ بېشىنى كەينىگە بۇرىدى.
— خوش... قايتايلى دېدىڭىز قايتتۇق، نېمە دېمەكچى ئىدىڭىز؟ — دېدى ئۇ قەيسەرگە قاراپمۇ قويماي.
— بۇ ئىشنى سىياسەت ۋە قانۇن كۈچى بىلەن ھەل قىلىش كېرەك. مەن شۇنداق ئويلاپ قالدىم.
— دۇرۇس گەپ، سۆزلەڭ!
— بۇ خەقنى شۇنچىۋالا چوڭ سۆزلەتكەن نەرسە نېمە؟ قولىدىكى رۇخسەتنامە. ئۇلار مۇشۇ ۋاستە ئارقىلىق ئۆزىنىڭ كەسپىنى قانۇن پرىنسىپلىرىغا ئۇيغۇنلاشتۇرماقچى بولغان. ئۇلار ئالتۇن سۈزۈش رۇخسەتنامىسى ئالغانىكەن، فىرمىنىڭ قارشى تۇرۇش، توسۇش ھوقۇقى بولمايدۇ. لېكىن سالاھىيىتى ئېنىق بولمىغان شۇنچە كۆپ ئادەملەرنىڭ مۇنداق رۇخسەتنامىگە ئېرىشىشى تولىمۇ ئەجەبلىنەرلىك. ئۇلار رۇخسەتنامىنى قانداق ۋاستە بىلەن ئالغان؟ بۇلاردىن شەھەرلىك پارتكوم بىلەن خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خەۋىرى بارمۇ يوق؟ مۇشۇلارنى ئېنىقلاش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇلارغا ئىنكاس قىلغىنىڭىز ياخشى.
ئەمما كۈتۈلمىگەندە سادىر ئىسمايىلنىڭ يەنە جاھىللىقى تۇتتى:
— ياق، مەن ئالدىدا ساتتار بىلەن ھېساب - كىتابنى ئېنىق قىلىمەن، ئۆزۈم

قىلالايدىغان ئىش ئۈچۈنمۇ يۇقىرىغا دادىلىنىپ بىرىشنى خالىمايمەن.
— قاراپ تۇرۇڭ، ساتتار دۈيجاڭ ئەمدى سىزگە ھېچنېمە قىلىپ بېرەلمەيدۇ.
— ھېچنېمە قىلىپ بېرەلمەيدۇ؟ ئۇ ھېچنېمە قىلالمىسا مەن قىلىمەن. بىرىنچىدىن، توختامنى بىكار قىلىمەن. ئىككىنچىدىن، ئۇ يايلاقتا تېرىغان پوقنى ئەمدى ئۇنىڭ ئۆزىگە ئادالىتىمەن.
سادىر ئىسمايىل قەيسەرنىڭ گىلەم يايلاقتا يۈز بەرگەن ئىشلارنى يۇقىرىغا مەلۇم قىلىش توغرىسىدىكى تەكلىپىنى نېمىشقا رەت قىلدى؟ بۇنىڭ سەۋەبى ئۇنىڭ كۆڭلىگە ئايدىڭ ئىدى. ئۇ ساتتار ھامۇت بىلەن توختام تۈزۈشتىن بۇرۇن شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ، ھېچبولمىسا چارۋىچىلىق ئىدارىسىنىڭ ماقۇللىقىنى ئالمىغان، ئەمدى ئىشتىن چاتاق چىقىپ تەتۈرسىگە ماڭغاندا يۇقىرىغا نېمە دەپ بارىدۇ؟ ياق، بارالمايدۇ. باشقىلارغا سۆزلەشكە تىلى، قاراشقا يۈزى كۆيىدۇ. ھەي ئىست! شۇ چاغدا ئۇ نېمىشقا كۆڭۈلچەكلىك قىلدى؟ نېمىشقا گىلەم يايلاقنىڭ تەقدىرىنى ئىككى رومكا ھاراققا تېگىشىۋەتتى؟ ئەمدى ئۇ شۇ قېتىمقى خاتالىقىنى ئۆز قولى بىلەن ئوڭشىمىسا بولامدۇ؟
ئىككىيلەن ئاچا يولدا خوشلىشىشتى. قەيسەر ئۆزىنىڭ ئۆيىگە، سادىر ئىسمايىل ئۇدۇل يۇلتۇز كۆلگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئۇ بۇ تەرەپلەرگە ئۆتۈپ باقمىغىنىغا خېلى ۋاقىت بولغان، ئۆي — ئۆيلەردىن سازغا قوشۇلۇپ مەستلەرنىڭ ئالا — تاغىل ناخشىلىرى، ئەرلەرنىڭ ئەسەبىي ۋارقىراشلىرى، ئاياللارنىڭ قىي — چۇلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كۆلدە ماتورلۇق قېيىقلار ئۈزۈشۈپ يۈرەتتى. كۆل بويىدا سەيلىچىلەر كۆپ ئىدى. چەتتىكى قېرى تېرەك تۈۋىدە ئۇزايىدىن مەستلىكى بىلىنىپ تۇرغان بىر ئەر ئالدىدىكى ئالىپتە كىيىنگەن ياش ئايالغا گاھ قوللىرىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ، گاھ بارماقلىرى بىلەن مەيدىسىگە چېكىپ، قەلبىنى چۈشەندۈرۈش بىلەن ئاۋارە ئىدى. بىر چاغدا ئەر ئايالنىڭ بېلىدىن قۇچاقلىغىنىچە چۆپلۈككە تاشلىدى - دە، ئايالنى قۇچىقىغا ئېلىۋېلىپ ئاچكۆزلۈك بىلەن سۆيۈشكە باشلىدى... سادىر ئىسمايىل بۇ مەنزىرىلەردىن يىرگەنگەندەك بولۇپ، پەسكە چۈشۈۋاتقان ئېتىنىڭ بېشىنى بىردىنلا ئارقىسىغا بۇرىدى. ئۇ فېرمىغا يېتىپ كەلگەندە، كەچكى قۇياش غەربتىكى تاغ ئۈستىدە ئېسىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئاخىرقى قىزغۇچ نۇرلىرى فېرما ئىشخانىسىنىڭ ئالدىدىكى تاغ تېرەكلىرىنىڭ قويۇق يوپۇرماقلىرى ئۈستىدە تاۋلىناتتى. ئاتنىڭ دۈپۈرلىگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئاتباقار ئۆيىدىن ئالدىراپ چىقتى:
— كەلدىلىمۇ چاڭجاڭ؟ — كۈلۈمسىرىدى ئۇ ئاتنىڭ ئالدىغا كېلىپ. سادىر ئىسمايىل ئاتتىن چۈشۈپ چۇلۋۇرنى ئاتباقارغا ئۇزاتتى:
— شەھەردىن خەۋەر بارمۇ؟
— يوق، چاڭجاڭ.
— بىر ئىش بار توختاڭ، — قولىنى كۆتۈرۈپ ئاتباقارنى توختاتتى ئۇ، — ئاتنى قاڭتۇرۇپ قويۇپ ساتتارنى نەدە بولسا شۇ يەردىن تېپىپ كېلىڭ.
ئۇ شۇنداق دېدى - دە، "نېمە ئىش قىلسامكىن؟ — دەپ ئاز ۋاقىت تۇرۇپ قالدى،
— تاماق يېيىش، ھەئە ئالدى بىلەن تاماق يېيىش كېرەك..."
مانا ئۇ مەخسۇس فېرما خىزمەتچىلىرى ئۈچۈن تاماق ئېتىلىدىغان ئىككى ئېغىزلىق

ئاشخانا ئۆينىڭ بىرسىدە ھارغىن گەۋدىسىنى ئورۇندۇققا تاشلاپ، جەينىكىنى جوزىغا تىرەپ خىيال بىلەن ئولتۇرىدۇ. ئالدىدا مەززىلىك قورۇلغان بىر تەخسە گۆشلۈك قورۇما، بىر تەخسىدە مەنپەر چۆپ... ئۇنىڭ ئەتىگەندىن بېرى ئاغزىغا بىر چىشلەم نان، بىر يۇتۇم سۇ ئالمىغىنىغا قارىماي، كۆڭلى ئاشقا تارتىدىغاندەك ئەمەس. چۆپ ئۈستىگە قورۇمىدىن ئازراق قۇيۇپ چوكا بىلەن مالتىلاپ ئاغزىغا ئاپاردى ـ يۇ، گېلى غىققىدە بولۇپ، چۆكىنى تەخسە ئۈستىگە تاشلاپ قويدى. قورساقمۇ كۆڭۈلنىڭ رايىغا باقىدىغان ئوخشايدۇ. كۆڭۈل بىئارام، پاراكەندە چاغدا گالدىن بىرەر نېمىنىڭ ئۆتمىكى تەس. يايلاقتا كۆرگەن ۋەيرانچىلىق بىلەن بالنىستتا ھوشسىز ياتقان ئايالىنىڭ غېمى قوشۇلۇپ يۈرىكىنى خۇددى تۆگمەن تېشىدا يەنچىگەندەك قىيناپ ئازابلىماقتا. ئۇ ئولتۇرۇپ يەنە ئىختىيارسىز توختام تۈزۈلگەن شۇ كۈنلەرنى ئويلاپ كەتتى. ئويلىغانسېرى خىيالى تىرەنلىشىپ، ئۇنى توختامغا قول قويۇشقا مەجبۇر قىلغان باشقا سەۋەبلەرنىمۇ ھېس قىلىپ قالدى. توختامغا قول قويۇشقا ئۇنىڭ كۆڭۈلچەكلىكىدىن باشقا، ئىككى رومكا ھاراقنىڭ كۈچى بىلەن قوزغالغان مەنمەنچىلىكى سەۋەب بولغان دېسە، خاتا باسقان قەدىمىنىڭ تولۇق تەبىرى بولمايتتى. ئېنىقراقى، سۇلتان ئەلگە ياخشچاق بولۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلغان دېسە توغرا ھەم تولۇق بولاتتى. ئۇ نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىشقا مەجبۇر بولدى؟ نېمە ئۈچۈن ئۆزىنىڭ ئادا قىلىشقا تېگىشلىك مۇقەددەس بۇرچىدىن ئۆزىدىن يۇقىرىلارنىڭ كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنۈشنى، ئۇلارغا خۇشامەت قىلىشنى ئەلا بىلدى؟ بۇ مەرەز، بۇ لەنىتى ئىللەت ئۇنىڭ روھىيىتىدە قاچانلاردىن تارتىپ يىلتىز تارتىپ قالغان بولغىيدى ـ ھە؟ سادىر ئىسمايىل بۇلارنى ئويلىغانسېرى، يۈرىكى گويا ئۈستىدىن قوغۇشۇن ئۇيۇتمىسى باسقاندەك قىسىلىپ ئاغرىماقتا، قىيىنىلىپ ئازابلانماقتا...

ساتتار ھامۇت كەچ سائەت ئون بىرلەرگە يېقىن فىرمىغا كەلدى. سادىر ئىسمايىل ئۇنى فىرما ئىشخانىسىدا سوغۇقلا قارشى ئالدى. ساتتار ھامۇت بۇرۇنقىدىن كۆرۈنەرلىك سەمرىگەن، تەن قويغان. چىرايىدا ئۇچۇق كۆڭۈللۈك ياكى مۇغەمبەرلىكنى پەرق ئېتىش تەس بولغان يەڭگىل كۈلكە...

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم! — ئۇ ئىشىكتىنلا ئىككى قولىنى سادىر ئىسمايىلغا ئۇزۇتۇپ كەلدى، — ئاڭلىسام كۆلگە بېرىپلا، ئۆيلىرىمىزگە كىرمەيلا كېتىپلىيا؟ كېيىن ئاڭلاپ يامان كۆڭلۈمگە كەلدى جۇمۇ سىلا!

— ئالدىراش كېتىپ قالدىم، قېنى ئولتۇرۇڭ.

ساتتار ھامۇت تامغا يانداپ قويۇلغان يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى.

— قەدىرىيە يەڭگىپتىمىش، مۇبارەك بولسۇن! — ئورنىدىن قوزغىلىپ قويدى ئۇ،

— قائىدىسىنى قىلىشۋالغۇچە قۇرۇق بولسىمۇ مۇبارەكلەپ تۇرىمىز ـ دە ئەمدى.

ساتتار ھامۇت كۆرۈنۈشتە سادىر ئىسمايىلنىڭ ئۆزىنى ئۇشتۇمتۇپ چاقىرتىشىدىن ھېچنېمىنى سەزمىگەندەك، ھېس قىلمىغاندەك ئىدى. سادىر ئىسمايىل گەپنى سوزۇپ يىراقتىن ئەگىتىپ يۈرۈشنى خالىمىدى.

— توختامنامە يېنىڭىزدىمۇ؟ — تۇيۇقسىزلا سورىدى ئۇ.

— ياق، ساندۇققا تاشلاپ قويغان. لازىم بولۇۋاتامدۇ؟

— ھەئە.

— ئۆزلىرىدىمۇ بىر نۇسخا بارغۇ؟
— مەن سىزدىكىنى سوراۋاتىمەن.
— ئۇنى كۆرىدىغان بىرەر زۆرۈرىيەت چىقىپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟
— مەن توختامنامىنىڭ مەزمۇنىنى ئېسىڭىزگە قايتىدىن سالماقچىمەن.
— ئېسىمدە، چاڭجاڭ ئېسىمدە.
— ئېسىڭىزدە ئىكەن، خوش... ئېسىڭىزدە تۇرۇقلۇق ئۇنىڭغا نېمىشقا خىلاپلىق قىلدىڭىز؟
— خىلاپلىق؟ ئۇنداق ئىش كۆرۈلمىگەندۇ سادىر چاڭجاڭ.
— راست گەپ قىلىڭ، كۆرۈلمىدىمۇ؟
ساتتار هامۇت سادىر ئىسمايىلنىڭ چوغدەك يېنىپ تۇرغان كۆزلىرىنىڭ ئۆزىگە نەيزىدەك ئېتىلىۋاتقان قەھرلىك ئۇچقۇنلىرىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، كۆزىنى ئىتتىك ئېلىپ قاچتى:
— كۆ... كۆرۈلمىدى. توختامنامە دېگەن قانۇن بىلەن باراۋەر، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىشقا هەددىممۇ مېنىڭ؟
— ئاڭلاپ تۇرۇڭ، ئارىمىزدىكى توختامنامە سىزنىڭ پەقەت يۇلتۇز كۆلنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسىدىن پايدىلىنىشىڭىز توغرىسىدىلا تۈزۈلگەن. سىز نېمە دەپ بۇ دائىرىنى گىلەم يايلاقىچە كېڭەيتىسىز؟
— يۇلتۇز كۆل بىلەن گىلەم يايلاق ئەسلىدىلا بىر گەۋدە سادىر چاڭجاڭ.
— گەپ يورغىلاتماڭ، سوئالىمنىڭ ئۆزىگە جاۋاب بېرىڭ!
— تىجارەت دائىرەمنى گىلەم يايلاقىچە كېڭەيتكەنلىكىم توختامنامىنىڭ مەزمۇنىغا هەرگىز خىلاپ كەلمەيدۇ.
— نېمىشقا؟
— چۈنكى توختامنامىدە "ب" تەرەپنىڭ پايدىلىنىش دائىرىسى يۇلتۇز كۆل هەم ئۇنىڭ ئەتراپى... دېيىلگەن. ئىشەنمىسىلە، قوللىرىدىكى نۇسخىغا قاراپ باقسىلا.
ئۇنىڭ ئەتراپى... دېگەن گەپ نېمىنى كۆرسىتىدۇ؟ ئەلۋەتتە گىلەم يايلاقنى - دە!
سادىر ئىسمايىلنىڭ مېڭىسىدىن خۇددى ئوق تەگكەن جايدىن ئۆرلىگەن تۈتۈندەك، شۇ بىر جۈملە سۆز يالت قىلىپ ئۆتتى. دۇرۇس... خاتاسى يوق، شۇنداق بىر جۈملە يېزىلغان. لېكىن، ئەزبىرايى...! ئۇ سۆزدە گىلەم يايلاق كۆزدە تۇتۇلغانلىقىنى شۇ چاغدا ئۇ ئەسلا خىيالىغا كەچۈرمىگەن!
— ماڭا قاراڭا، مەن سىزنى بىر تونۇۋالاي! — سادىر ئىسمايىل گويا ساتتار هامۇتنى بۈگۈن تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك، ئۇنىڭ خۇددۈكسىرەشتىن تىنىمسىز هەرىكەتلىنىپ تۇرغان كۆزىنىڭ قارىسىغا ئۆكۈنۈش، ئازاب ۋە قەھرى - غەزەپ ئارىلىشىپ كەتكەن ئەلەملىك بىر نەزەر بىلەن قارىدى، — كىمسىز؟! مېنىڭ نەزەرىمدىكى ياۋاش، رايىش، فېرمىنىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن جان - دىلى بىلەن شاپاشلاپ يۈرىدىغان ساتتار... ساتتار دۈيجاڭ سىزمۇ؟ ئەمدى كىم بوپ قالدىڭىز، بۈگۈنكى كۈنگە كېلىپ بۇرۇتۇمغا چاڭگا تىزغۇدەك بولدىڭىزما تېخى؟ ئوغۇل بالا بولسىڭىز ۋىجدانەن سۆزلەپ بېقىڭا، بىز توختام تۈزۈشكەندە گىلەم يايلاق تىلغا ئېلىنغانمۇ؟
— تىلغىمۇ ئېلىنمىغان، لېكىن توختامنامىغا...

— مېنىڭدىكى چوڭ خاتالىق سىزگە بولغان ئىشەنچ، سۇلتان سىجاڭغا بولغان ھۆرمەتقۇ؟ توختامنى سىلەر يازدىڭلار، مەن ھېلىقى گەپلەرنى جىق ئويلىنىپ كەتمەيلا قول قويۇپتىمەن. توزاقمۇ شۇ ئىشەنچ، ھۆرمەت بىلەن دەسسەپتىمەن. خەير بوپتۇ... ماڭا توزاق قۇرساڭلار سىلەر قۇرۇپسىلەر، يات ئادەم قۇرماپتۇ. لېكىن شۇنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بولدى؟ سىز ساياھەت ئورنى قۇرغانلىقىڭىز سەۋەبىدىن قانچىلىك مۇنبەت يايلاقلىرىمىز ماشىنا چاقلىرى ئاستىدا چەيلىنىپ نابۇت قىلىنمىدى؟ دۆلەت تەرىپىدىن نۇقتىلىق قوغدىلىۋاتقان قانچىلىق ئەتىۋارلىق ياۋايى ھايۋانلىرىمىز قانۇنسىز ئۇنسۇرلارنىڭ ئوقى ئاستىدا ھالاك بولمىدى؟ سىز ساياھەت ئورنى دەپ قۇرغان ئۇ جاي ئەمەلىيەتتە قانۇنسىز سودا ئېلىپ بېرىلىدىغان قاراڭغۇ بازارغا ئايلىنىپ قالغان. مۇشۇلار ئۈچۈن ئەمدى كىم جاۋابكار؟
ئىشخانىنى بىر پەس سۈرلۈك جىمجىتلىق قاپلىدى. ئىككىسىنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن ئۇلاپ چېكىۋاتقان تاماكىسىدىن ئىشخانا ئىچى ئاچچىق ئىسقا تولغانىدى.
— ئەستا... — بېشىنى كۆتۈردى ساتتار ھامۇت ئېغىر جىمجىتلىقتىن كېيىن ئۆزىنى ئوڭشىۋالغاندەك بولۇپ، — بۇ تەرىپىنى زادى ئويلاپ كۆرمەپتىمەن. ماقۇل، ئەتىلا بېرىپ يىغىشتۇرۇۋېتەي.
— يەنە بىر ئىش بار... دورا كولايمىز، ئالتۇن سۈزىمىز دەپ گىلەم يايلاققا بىر تالاي ئادەم پەيدا بوپتۇ، نەدىن كەلدى ئۇ خەق؟
— مەن نەدىن بىلەي؟
— سىز بىلىسىز، نېمىشقا بىلمەيسىز؟ ئىش يامىنىغا ئۆرۈلگەندە جاۋاب بېرىشتىن باش تارتماقچى بولىۋاتىسىز!
— دورا كولاۋېتىپتۇ، ئالتۇن قېزىۋېتىپتۇ دەپ ئاڭلىدىم، يا ئۇلارنى مەن چىللاپ كەلمىدىم، — بۇرۇنقى چاغلاردا سادىر ئىسمايىلغا تىك بېقىپ قاراشقىمۇ ئەيمىنىپ، نېمە دېسە "لەببەي" دەپ كۈلۈپ تۇرىدىغان بۇ ئادەم بۈگۈن ئۇنىڭغا خۇددى مۈزغا داراڭگا ئاتقاندەك قوپال تەگمەكتە.
— چىللاپ كەلمىدىڭىز، ئەمما باشقۇرۇش ھەققى ئالدىڭىز، شۇنداقمۇ؟
— باشقۇرۇش ھەققى... — ساتتار ھامۇت بىردىنلا دۇدۇقلاپ، قىيىن بىر ئىشتىن قۇتۇلماقچى بولغاندەك ئىككى يېنىغا قاراپ قويدى، — مەن باشقۇرۇۋاتقان يەرنىڭ دائىرىسىدە بولغاندىن كېيىن...
— سىز پۇلنى ئېلىشنى بىلىسىزۇ، نېمە ئۈچۈن نابۇت قىلىنغان يايلاقلارنى، ۋەيران بولغان ئورمانلىقنى ئويلاپ قويمايسىز؟
ساتتار ئامۇت ئۈندىمىدى، سادىر ئىسمايىلغا يالت ئېتىپ قاراپ قويۇپ، يەنە كۆزىنى يەرگە ئاغدۇردى.
— ئەمدى سىز ئۇلارنى قانداق قىلىشنى ئويلاۋاتىسىز؟
— ئۇلارغا چىشىم پاتماسمىكىن چاڭجاڭ.
— بوپتۇ ئەمىسە، چىشىڭىز پاتىدىغان ئىشنى قىلىڭ، سىزگە شۇنى چىرايلىقچە ئېيتىپ قوياي، ئەتىدىن باشلاپ يۈلتۈز كۆل بىلەن گىلەم يايلاقتىكى ھەر قانداق تىجارەتنى توختىتىسىز.
— بۇ... بۇ... — ساتتار ھامۇت ھودۇقۇپ دۇدۇقلاپ كەتتى، — بۇ نېمە دېگەنلىرى چاڭجاڭ، توختامدىن يېنىۋالماقچىمۇ سىلە؟

— شۇنداق، فىرمىغا بالايى ـ ئاپەت كەلتۈرىدىغان مۇنداق توختامنامىنى يىرتىپ تاشلىماقچىمەن.
ساتتار هامۇت بۇ گەپنى ئاڭلاپ سارغىيىپ ـ تاتىرىپمۇ كەتمىدى. ئەكسىچە بۇ گەپنى پىسەنتىگىمۇ ئىلىپ كەتمىگەندەك بىرخىل خاتىرجەملىك بىلەن دېدى:
— مەيلى، توختامنى — مىنى يىرتماقچى بولسىلا يىرتتۇق، بىراق... — شۇئان ئۇنىڭ قاشلىرى كۆتۈرۈلۈپ، قوشۇملىرى كىرىشىپ، چىرايىدا بىرخىل تەهدىتلىك ئىپادە يالت قىلىپ چاقناپ كەتتى، — ساياهەت رايونى ئۈچۈن مەن يۈزمىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سالدىم. بۇنى قانداق قىلىمىز؟
— خاتىرجەم بولۇڭ، هېساب — كىتاب ئېنىق بولىدۇ. يۈزمىڭ يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سالدىم دەيسىز، ئەمەلىيەتتە زادى قانچىلىك؟ بىر — بىرلەپ تەكشۈرىمىز.
— هەممىسىگە هۆججىتىم بار! — هۆركىرىدى ساتتار هامۇت.
— ئالدىرىماڭ، گېپىمنى بۆلمەڭ، بىز تەكشۈرۈشكە چۈشكەن چاغدا هۆججىتىڭىزنى چىقارسىڭىز بولىدىغۇ. تىجارەت باشلىغاندىن تارتىپ هازىرغىچە قىلغان كىرىمىڭىز قانچىلىك؟ بۇنىڭ هېسابىنىمۇ بېرەرسىز. توختاڭ، يەنە بار. ساياهەت رايونى ئېچىشنى باهانە قىلىپ گىلەم يايلاقتا قانچىلىك زىيان سالدىڭىز؟ بۇنىڭغا چوقۇم جاۋاب قىلىسىز!
بۇنى ئاڭلاپ ساتتار هامۇتنىڭ بايىقى كۆرەڭلەرچە بىپەرۋالىقى ئاللىقاياقلارغا يوقاپ، ئاق سېرىق چىرايىنىڭ شالاڭ تۈكلىرى هۈرپىيىپ كەتتى. ئىڭەك گۆشلىرى لىپ ـ لىپ قىلىپ تارتىششقا باشلىدى.
— ما گەپنى كۆرۈڭ! — ئەلپازىنى بۇزۇپ ۋارقىراشقا باشلىدى ئۇ، — قىلغۇلۇقنى خەق قىلسا ئۇنىڭ دەردى ـ بالاسىغا مەن قالدىممۇ ئەمدى؟ غەرەزلىرىنى بىلدىم، چۆنتەكلىرىگە سىڭگۈچمىگەننىڭ گۇناهىغۇ مۇشۇ! قانچىلىك لازىم، ئۇنىمىگمۇ، يىگىرمە مىڭمۇ؟ ئوچۇقلا دېسىلە!
سادىر ئىسمايىل بۇ گەپنى ئاڭلاپ هەرقانچە قىلىپمۇ ئۆزىنى باسالمىدى.
— نېمە دەۋاتىسەن؟ — ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ كەتتى ئۇ، — ماڭا بېرىدىغان پۇلۇڭنى ئاپىرىپ كۆتۈڭگە تىق. ئاڭلىدىڭما؟
— ئېغىزلىرىنى بۇزمىسىلا جومۇ! چاڭجاڭ دەپ يۈزلىرىگە قاراپ قالدىم ـ دە، بولمىسا...
— كۆزۈمدىن يوقال! هېلى ئانا ـ ماناڭنى كۆزۈڭگە كۆرستىمەن بىكار!
سادىر ئىسمايىلنىڭ غەزەبلىك ئاۋازىنى ئاڭلاپ سىرتتىكىلەر ئىشخانىغا يۈگۈرۈپ كىرمىگەن بولسا، نېمە ئىشلار يۈز بېرىپ كېتەتتىكىن؟ ئاتباقار بىلەن كاسىر ساتتار هامۇتنى بېلىكىدىن تارتىپ سىرتقا سۆرىدى. ساتتار هامۇت سىرتقا چىقىپ ئىككىسىنىڭ قولىدا تېخىمۇ تېپىچەكلەپ، ئاۋازىنى بولۇشىچە كۆتۈرۈپ، ئاغزى ـ ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەشكە باشلىدى:
— ئېيتىپ بېقىڭلار يولداشلار، مۇشۇمۇ چاڭجاڭ بولدىمۇ؟ خالىسا توختام تۈزىدۇ، خالىسا يىرتىمەن دەيدۇ. ئىتمۇ سۆڭەك يېسە قۇڭغا چىنەپ يەيدۇ ـ دە. مېنى يۈزمىڭ يۈەندىن ئارتۇق چىقىمدار قىلىپ قويۇپ، ئەمدى ئىشىڭنى توختات دېسە قاملىشامدۇ؟ مەن يۇقىرىغا ئەرز قىلىمەن، دەيدىغان گېپىمنى شۇ يەردە دەيمەن!
— ئەرز قىل، هازىر بېرىپ ئەرز قىل! — دېدى سادىر ئىسمايىل ئىشخانىدىن

چىقىپ، ــ ئەمما ئەتىدىن باشلاپ فىرما تەۋەسىدىكى بارلىق تىجارىتىڭنى توختىتىسەن!
ــ بولدۇ. لېكىن سەنمۇ يۈزمىڭ كوي پۇلنى ئالدىمغا تاراق ـ تاراق ساناپسەن! ــ ساتتارھامۇت شۇنداق دېدى ـ دە، "خوندا" سىنى ئوت ئالدۇردى. موتسىكلىت ئېغىر، قاڭسىق ئىس قالدۇرۇپ، كېچە قاراڭغۇلىقىدا تېزلىكتە غايىپ بولدى. ساتتار ھامۇت تاشيولغا چىقىپ، موتسىكلىتنىڭ بېشىنى ئۆيى تەرەپكە ئەمەس، شەھەرگە بۇرىدى ۋە ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى...
سادىر ئىسمايىل خېلىدىن بېرى ئىشخانىسىدا يالغۇز. ساتتار ھامۇتنىڭ كۆرەڭ ھالىتى، قوپاللىق بىلەن قولىنى سىلكىشلىرى، يولسىزلارچە ۋارقىراشلىرى، ھەتتا ھېچبىر ئەيمەنمەستىن قىلىۋاتقان ھاقارىتى كۆز ئالدىدىن كېتەر ئەمەس. بۇرۇنلاردا ئۇنى كۆرسىلا يىراقتىن ئىككى پۈكلىنىپ تازىم قىلىپ قولىنى سوزۇپ كېلىدىغان، نېمە دېسە "خوش، ماقۇل، ھازىر" دەپ قول باغلاپ تۇرىدىغان مۇلايىم، رايىش مىجەز ساتتار ھامۇت مۇشۇمۇ ـ ھە؟ ئەمدى ئۇ خۇددى جاھاننى قولغا ئالغان نوچىدەك كۆرەڭ، ھاكاۋۇر، ئىگىسىنى ئالىدىغان قۇشتەك تەلۋە، ئەسەبىي. ئۇنى مۇشۇ ھالغا كەلتۈرگەن باشقا نەرسە ئەمەس، گىلەم يايلاقنى پايمال قىلىش ھېسابىغا تاپقان تىزىق ـ تىزىق پۇلغۇ! سادىرئىسمايىل يەنە ئويلاپ قالدى... ئۇنى بۇ ھالغا كەلتۈرگەن نەرسە يالغۇز پۇللا ئەمەس، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ ئالدىدا يول قويغان خاتاسى، تىلىنىڭ قىسقىلىقى. يەنە بىرسى، ئۇنىڭغا كۈچلۈك ئارقا تېرەك بولۇپ تۇرىۋاتقان سۇلتان ئەلى...
ئىشلارنىڭ قانداق بولىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، تەكشۈرۈپ كېلىش ئۈچۈن يايلاققا ئەۋەتىلگەن مۇئاۋىن فىرما باشلىقى غېنى قۇربان بىلەن فىرما كاتىپى ئەتىسى كەچقۇرۇن سادىر ئىسمايىلغا مۇنداق بىر كۆڭۈلسىز خەۋەرنى ئېلىپ كەلدى: يۇلتۇز كۆل بىلەن گىلەم يايلاقتا يەنە بۇرۇنقى ھالەت داۋام قىلىۋاتقانمىش، دورا كولىغۇچىلار خاتىرجەم دورىلىرىنى كولاۋاتقانمىش، ئالتۇن سۈزگۈچىلەر دەريا بويلىرىنى يەنە بۇرۇنقىدەك كولاپ، مالتىلاپ يۈرەرمىش...
سادىر ئىسمايىلنىڭ بېشى چۈشتى. بۇرۇنلاردا گىلەم يايلاقتا خۇددى ئۆتكۈر قىلىچتەك كېسىپ تۇرىدىغان سۆزلىرىنىڭ ئەمدىلىكتە ھېچنېمىگە ئۆتمەس بولۇپ قالغىنى ئۈچۈن ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرتىنىپ، ئېغىر قاپاقلىرىنى ئاستا كۆتۈرۈپ ئۇلارغا قارىدى:
ــ خاتالىق مەندىن ئۆتتى. بۇنىڭلىق بىلەن مەن گاڭگىراپ، سىلەر ماڭا تاپا ـ تەنە قىلىشىپ يۈرسەڭ بولمايدۇ. يايلاقنى ۋەيرانچىلىقتىن قۇتقۇزۇۋېلىش ھەممىدىن مۇھىم. قانچە بۇرۇن قۇتقۇزۇۋالساق شۇنچە ياخشى. سىلەرچە قانداق قىلىمىز؟
ــ مەن مۇنداق ئويلاپ قالدىم، ــ چېكىۋاتقان تاماكىسىنى يەنە بىر شورىۋېلىپ، يەرگە تاشلىۋېتىپ داۋام قىلدى كاتىپ، ــ پۈتۈن چارۋىچىلارنى قوزغاپ چىقساق، سىلىنىڭ چىرايلىق نەسىھەتلىرىنى ئاڭلىمىغاندىن كېيىن، ئۇلارغا مەجبۇرلاش ۋاستىسىنى قوللانساق.
ــ مۇشۇنداق قىلىش ئۈنۈم بېرەرمۇ سىزچە؟
ــ مۇشۇنداق قىلماي باشقا ئامال يوق، ــ ئۆز پىكرىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاشقا تىرىشتى كاتىپ، ــ يايلاق كىمنىڭ؟ بىزنىڭ! باشقىلار ئۇنى خالىغانچە بۇزۇپ

ۋەيران قىلىۋەتسە بىز قول قوشتۇرۇپ تۇرساق بولمايدۇ ـ دە. كۆز كېلىۋاتىدۇ، بىز كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ يايلاقنىڭ ئوت — چۆپلىرىنى قۇتقۇزۇۋالمىساق، ئون نەچچە مىڭ تۇياق چارۋىنى قىشتىن نېمە بىلەن چىقىرىمىز؟

— بۇ گېپىڭىز توغرا، بىراق، چارۋىچىلارنى قوزغاپ چىقىدىغان بولساق... كۆتۈلمىگەندە ئىككى ئوتتۇرىدا توقۇنۇش يۈز بېرىپ قالسىچۇ؟

خېلىدىن بېرى جىمجىت ئولتۇرغان غېنى قۇربان ئاخىر ئېغىزىنى ئۆمەللەتتى:

— بۇ زىدىيەتنى ھەل قىلىش ئۈچۈن چارۋىچىلارنى قوزغاپ چىقساقمۇ بولىدۇ. لېكىن ئەڭ ياخشىسى، قانداق قىلىشىمىز توغرىسىدا يۇقىرىدىن يوليورۇق سوراپ باقساق. بولمىسا بىر خاتالىقنى تۈزىتىمەن دەپ، يەنە بىر خاتالىققا يول قويۇشىمىز مۇمكىن.

لېكىن كاتىپ ئۆز پىكرىدە يەنىلا چىڭ تۇرىۋالدى:

— بىز بىركۈن كېچىكسەك، فېرما تارتىدىغان زىيان شۇنچە كۆپ بولىدۇ. قاراپ تۇرۇڭلار، يۇقىرى رەھبەرلىك مەسىلىنى تەكشۈرمەي تۇرۇپ، بىزگە ئۇنى قىل، بۇنى قىل، دېيەلىشى مۇمكىنمۇ؟ ئۇلار، بېرىپ تەكشۈرۈپ كۆرەيلى دەيدۇ، ئۇنىڭغا كېتىدۇ مانچە كۈن. قارار چىقارغىچە كېتىدۇ پالانى كۈن، شۇنداق قىلىپ يەنە بىزنىڭ زىيان تارتقىنىمىز تارتقان.

تالاش ـ تارتىش خېلىغىچە داۋام قىلدى. ئەڭ ئاخىردا ئۇلار ساتتار ھامۇت بىلەن تۈزۈلىشكەن توختامنامىنى ھەم دورا كولىغۇچىلار بىلەن ئالتۇن سۈزگۈچىلەرنىڭ قانۇنسىز قىلمىشىنى قانداق بىر تەرەپ قىلىش توغرىسىدا يوليورۇق سوراپ فېرما نامىدىن بىر پارچە دوكلات تەييارلايدىغان، دوكلاتنى سادىر ئىسمايىل شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە ئېلىپ بارىدىغانغا كېلىشتى. كېچىگىچە دوكلات تەييارلاندى. سادىر ئىسمايىل ئەتىسى ئەتىگەندە چالا ـ پۇلا ناشتا قىلدى ـ دە، كېچىك ماشىنىغا ئولتۇرۇپ شەھەرگە يۈرۈپ كەتتى. ئەمما شەھەر باشلىقى ئىشخانىسىدا يوق بولۇپ چىقتى. ئۇنىڭ كاتىپىنىڭ ئېيتىشىچە، شەھەرنىڭ جەنۇبىدىكى بىر نەچچە يېزا ھەم دېھقانچىلىق مەيدانلىرىدا مۆلدۈر ئاپىتى يۈز بەرگەنمىش، شەھەر باشلىقى بىر نەچچە كۈندىن بېرى دېھقانلارنى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇشنىڭ بىرىنچى سېپىدە ئىشلەۋاتقانمىش، قاچان قايتىپ كېلىدىغانلىقى ئېنىق ئەمەسمىش. شۇڭا سادىر ئىسمايىل مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى بىلەن كۆرۈشۈپ دوكلاتنى شۇنىڭغا سۇنۇپ باقماقچى بولدى. مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى سادىر ئىسمايىلنى ئىشخانىسىدا ئىلتىپات بىلەن كۈتىۋالدى، دوكلاتنى ئالدىرىماي كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇپ چىقتى:

— ما ئىشنى، شۇنداقمۇ ئىشلار بولدىمۇ تېخى؟ — ئۇ دوكلاتنى جوزا ئۈستىگە قويۇپ قوشۇمىسىنى ئۈۋۈلدى، — يامان بوپتۇ. بىراق... سىزگە نېمە دېسەم بولار؟ مەن مەدەنىيەت تەنتەربىيە، سەھىيەگە مەسئۇل دەگە. مەسىلەن ئات بەيگە مۇسابىقىسى، ئوغلاق تارتىشش پائالىيىتى ئۇيۇشتۇرماقچىدۇق دېسەڭلار مانا مەن بىرىشقا تەييار. ئەمما سىز دەۋاتقان بۇ ئىشقا مېنىڭ چىشىم پاتمايدۇ. شۇڭا سىجاڭ كەلگىچە تەخىر قىلىپ تۇرسىڭىز.

— ھەممە ئىشلارنى دوكلاتتىن خەۋەر تاپتىڭىز، بۇنىڭغا تەخىر قىلىپ تۇرغىلى بولمايدۇ.

— شۇنداق، شۇنداق... بىراق مەن سىزگە دېدىمغۇ؟

— مۇئاۋىن بولسىڭىزمۇ شەھەر باشلىقىسىز! — سادىر ئىسمايىل ھەممە دەرد — ئەلەمنى ئۇنىڭدىن ئالماقچى بولغاندەك زەردە بىلەن سۆزلەپ كەتتى، C" مۇھىم ئىش ئالدىدا ئۆزىڭىزنى قاچۇرسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ تەخىر قىلىڭ دەيسىز، بىلىشىڭىز كېرەك سىجاڭ! مەن تەخىر قىلغان بىلەن خەق تەخىر قىلىپ تۇرمايدۇ، ۋاقىت ئۆتكەنسېرى گىلەم يايلاق تارتىدىغان زىيان شۇنچە كۆپ بولىدۇ!

ئەمما مۇئاۋىن شەھەر باشلىقى گويا ئۇنىڭ زەردىلىك ئاۋازىنى ئاڭلىمىغاندەك، بۇرۇنقىدەك تەمكىن، سىپايە قىياپەتتە كىمدىندۇر كەلگەن تېلېفوننى ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن مەدەنىيەت بازارلىرىنى تەرتىپكە سېلىش توغرىسىدا سۆزلەشكىلى تۇردى. ئۇنىڭدىن ئۆزى قانائەتلەنگۈدەك جاۋابقا ئېرىشىشكە كۆزى يەتمىگەن سادىر ئىسمايىل جوزا ئۈستىدىن دوكلاتنى ئالدى ـ دە، ئىشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

ئادەملەر قۇرتتەك مىغىلداپ يۈرگەن، يولدا چوڭ ـ كىچىك ماشىنىلار خۇددى ئەتىياز پەسلىدە دەريادا ئۈستى ـ ئۈستىگە كەپلىشىپ ئېقىۋاتقان مۇز پارچىلىرىدەك قۇيرۇقى ئۈزۈلمەي كېتىۋاتقان ۋاڭ ـ چۇڭلۇق، قىستاڭ شەھەر... ئۇ رەڭگارەڭ چىراي، خىلمۇ ـ خىل سىياقتا كۆز چاقنىتىپ تۇرغىنىغا قارىماي، سادىر ئىسمايىل ئۈچۈن شۇ قەدەر كۆڭۈلسىز ھەم زېرىكىشلىك. ئۇ ماشىنىدا كېتىۋېتىپ شۇنىڭغىچە ھېلىقى دوكلاتنى بىر قولىدا سىقىمداپ تۇرغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى ـ دە، بۇرجىكىنى ئاغزىدا چىشلەپ پارچە ـ پارچە قىلىپ يىرتتى، ئاندىن مىجىقلاپ ئالدىدىكى كۈلدانغا پۇرلاپ تىقىۋەتتى. "كاتىپنىڭ ئېيتقىنى كەلدى... — ئەلەم بىلەن ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىدى ئۇ، — ئەمدى بىرىپ چارۋىچىلىرىمىزنى قوزغىمىسام بولمىدى، بۇ ئاپەتنى گىلەم يايلاققا ئۆزۈم تېرىغان، ئەمدى ئۇنى ئۆزۈم باش بولۇپ يوقىتىمەن..."

ئۇ دوختۇرخانىغا كېتىۋاتقاندا يۈرىكى يەنە باشقىچە تەشۋىش بىلەن ئەنسىز دۈپۈلدەشكە باشلىدى. خېلى كۈنلەر ئىلگىرى ھوشسىز پېتىچە قالغان ئايالى شۇتاپتا قايسى ھالدىكىن؟ ئۇ ماشىنىدىن چۈشۈپ يۈگۈرۈپ دېگۈدەك بالنىستقا كىردى ـ دە، كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى: قەدىرىيە ئېگىزلىتىپ قويۇلغان ياستۇققا يۆلەنگىنىچە ھاماچىسىنىڭ قولىدىن بىر قوشۇق، بىر قوشۇقتىن ئالدىرىماي ئاش ئىچىۋاتاتتى...

## ئونىنچى باب

سادىر ئىسمايىل ئەھۋالى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىنىپ قالغان ئايالىنىڭ يېنىدا بىر كېچە تۇرۇپ ئەتىسى فېرمىغا قايتىپ كەلدى. ئايالى ئۆلۈم ئېغىزىدىن قايتىپ كەلگىنى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇدرۇققىنە بىر ئوغۇل تۇغۇپ بەرگىنى ئۈچۈن ئۇ ئادەتتىن تاشقىرى خۇشال ئىدى. لېكىن ئۇ ماشىنىدىن چۈشە ـ چۈشمەيلا فېرما كاتىپى ئۆگسۈلى ئۆچكەن ھالدا ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى:

ـ ئورمان مەيدانىدىكىلەر ئەتىگەندىن بېرى سىلىنى ئىزدەپ نەچچە قېتىم كېلىپ كەتتى. سىلىنى كېلىپلا قالسا بىر بارسىكەن دېگەن.

ـ نەگە؟

ـ قەيسەرنىڭ ئۆيىگە.

ـ بىرەر ئىش بوپتىمۇ؟

- بىلمىدىم، ئۇلارنىڭ ئۇزايىغا قارىسام، بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەرگەندەك...
سادىر ئىسمايىل ماشىنىنى شوپۇرغا ھەيدىتىپ، ماشىنىنىڭ بېشىنى تېزلىك بىلەن يولغا بۇراشنى بۇيرىدى... كىچىك ماشىنا ھايال ئۆتمەي قەيسەرنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى. ئىشىك ئالدىدا ئادەملەر كۆپ ئىدى، ئاتلار باغلاقلىق تۇراتتى. بىر چەتكە كىمنىڭدۇر هارۋىسى توختىتىپ قويۇلغانىدى. ماشىنىنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازىنى ئاڭلىغان بولسا كېرەك، ئۆيدىن مۆمىن چوڭ بىلەن ھەسەن كەكلىك چىقىپ كەلدى. ھەممىسىنىڭ قاپاقلىرى چۈشكەن، خاپا ھەم ئەلەملىك كۆرۈنەتتى. سادىر ئىسمايىل قانداقتۇر بىر كېلىشمەسلىك بولغانلىقىنى جەزىم قىلىپ، مالچىلار بىلەن چالا - پۇلا كۆرۈشۈپ، ھەسەن كەكلىكتىن سورىدى:
- نېمە ئىش بولدى؟
- قەيسەرنىڭ ھالى ئېغىر. قانداق قىلارمىز دەپ تۇراتتۇق، ۋاقتىدا كەلدىلە مانا.
- نېمە بوپتۇ؟
- ئورمانلىقتا چالا ئۆلۈك ھالدا مالچىلارغا ئۇچراپتۇ.
سادىر ئىسمايىل ئېتىلىپ دېگۈدەك ئۆيگە كىرىپ كەلدى. كارىۋاتنىڭ ئايىغىدا ئولتۇرغان گايىز پالۋان ئورنىدىن سەل - پەل قىمىرلاپ قويىدى، ئۈندىمىدى، ئاپئاق ساقىلى ئارىسىدا كۆرۈنۈپ تۇرغان قورۇق باسقان يۈزىدە، ھۆرپىيىپ تۇرغان قاشلىرى ئاستىدىكى كۆكۈچ كۆزلىرىدە قەھرى - غەزەپ، ھەسرەت ۋە ھەمدەردلىك ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. سادىر ئىسمايىل كارىۋاتنىڭ يېنىغا كەلدى - دە، چۆچۈپ كەتتى، يۈرىكى ئۇرۇشتىن توختاپ قالغاندەك بولدى، كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ كەتتى. قەيسەر باش - كۆزى قانغا مىلانغان ھالدا ھوشسىز ياتاتتى. ھەمشە دولقۇنلىنىپ، كۆپۈپ تۇرىدىغان بۈدۈرە چاچلىرى بېشىغا قان بىلەن چاپلىشىپ كەتكەنىدى. يۈزى ئىششىپ كۆكەرگەن، يېرىلغان كالپۇكلىرى دارىدىيىپ تۇراتتى. سول قېشىدىكى گۆشلىرى كۆرۈنۈپ قالغان چوڭقۇر جاراھەتتىن ھېلىمۇ قان تەپچىرەپ تۇراتتى...
- قەيسەر... جېنىم ئۇكام!- سادىر ئىسمايىل پۇت - قولى بوشىشىپ بىردىنلا كارىۋاتنىڭ يېنىدا تىزلىنىپ قالدى. قەيسەرنىڭ قانسىراپ سارغىيىپ كەتكەن ئالقىنىنى مەڭزىگە ياقتى. قولى مۇزدەك سوغۇق ئىدى، بارماقلىرى ياغاچتەك قېتىپ قالغانىدى.- بۇ نېمە قاباھەت، قايسى مەلئۇننىڭ زىيانكەشلىكى بۇ؟ - ئىچ - ئىچىدىن ئۆكسۈپ، ھەسرەتلىك نىدا قىلدى ئۇ. قەيسەر ئاللىقاچان سەزگۈلىرىنى يوقاتقان، پەقەت بىلىنەر - بىلىنمەس ئېلىشۋاتقان نەپەسلىرى بىلەن تومۇرىنىڭ ئاجىز سوقۇشلىرىلا ئۇنىڭ تىرىكلىكىدىن شەپە بېرىپ تۇراتتى. سادىر ئىسمايىل ئۇنىڭ ھايات ئىكەنلىكىنى جەزىم قىلغاندىن كېيىنلا ئېسىنى يىغىپ، كارىۋاتتا دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ جىمجىت قاراپ ئولتۇرغان گايىز پالۋانغا چەكچىيىپ قارىدى:
- بۇ يەرگە ياتقۇزۇپ قويغىنىڭلار نېمىسى؟ نېمىشقا دوختۇرغا ئېلىپ بارمىدىڭلار؟
- فېرما دوختۇرخانىسىغا ئات چاپتۇردۇق، دوختۇرلىرىڭنىڭ ئەھۋالىنى ئۆزۈڭ بىلىسەن، ھالى شۇنچىلىك. شەھەرگە ئاپىرايلى دېيىشتۇق، نېمە بىلەن ئاپىرىمىز؟
- ماشىنىغا سالايلى!
مالچىلار قەيسەرنىڭ ئەتراپىغا توشمۇ - تۇشتىن ئولىشىپ كەلدى. سادىر ئىسمايىل قەيسەرنىڭ بېشىنى كۆتۈردى:
- ئاۋايلاڭلار! ھەسسىنكا، چاپسان بول، ياستۇقنى كۆتەر، كۆرپىنى ماشىنىغا سال!

تاغ ئارىسىنى گۈگۈم قاپلىغانىدى. پەقەت تاغنىڭ ئېگىز چوققىلىرىدىكى قارامتۇل تاشلاردىلا پېتىپ كەتكەن قۇياشنىڭ ئاداققى ھال رەڭ نۇرلىرى سۇس يالتىراپ تۇراتتى. ئۆينىڭ ئەتراپىدىكى چاتقاللار، قەيسەرنىڭ تەجرىبە ئېتىزىدىكى خىلمۇخىل ئاينىپ قالغان قارىغاي كۆچەتلىرى جىمجىت سۈكۈتكە چۆمگەنىدى. پەقەت دەريادا كۆۋەجەپ ئېقىۋاتقان تاغ سۈيىلا بۇ دۇنيادا قەيسەرلىك بىلەن ياشاۋاتقان ھاياتلىقنىڭ يۈرىكىدىكى قاننىڭ جۇشقۇن ئوخچۇشلىرىدەك ھەيۋەتلىك شارقىراپ ئېقىۋاتاتتى.
كىچىك ماشىنا قەيسەرنى ئېلىپ شەھەر تەرەپكە قاراپ غۇيۇلداپ يۈرۈپ كەتتى. ماشىنا چىرىغىنىڭ ئاقۇش، ئۆتكۈر نۇرى گۈگۈمدىن كېيىنكى قاراڭغۇلۇقنى قىلىچتەك كېسىپ باراتتى.
- خۇدا ھەققى ئاستاراق ھەيدىسەڭچۇ! نېمە بولدۇڭ سەن بۈگۈن؟ - شوپۇرنىڭ ئارقىسىدا قەيسەرنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئولتۇرغان سادىر ئىسمايىل يۈرىكى سەكپارە بولۇپ ھېلىدىن ھېلىغا شوپۇرنى ئاگاھلاندۇرماقتا.
- تېزرەك ئاپىراي دەپتىمەن.
- نەگە؟
- شەھەرگىچۇ؟
- ھەربىي دوختۇرخانىغا ئاپىرىمىز ئەخمەق!
- ماۋۇ كاللامنى! - دېدى شوپۇر پېشانىسىگە ئۇرۇپ، - ئەجەپ ئېسىمگە كەلمەپتۇيا!
شوپۇرنىڭ يېنىدا كۆزىنى ئالدىدىن ئۈزمەي، ماشىنىنىڭ خەتەرلىك تاشيولدا يىلاندەك سويلاپ مېڭىشىدىن قورقۇپ، كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولۇپ ئولتۇرغان گايىز پالۋان ماشىنا سۈرئىتىنى ئاستىلاتقاندىن كېيىن يۈرىكى قېپىغا چۈشۈپ يەڭگىل تىنىۋالدى...
مەلۇم ھەربىي قىسىم دوختۇرخانىسى خىلۋەت، ھاۋالىق تاغ باغرىدىكى ياۋا ئالمىزارلىق ئارىسىغا جايلاشقانىدى. بۇ يەر ئاغرىق، ياردار ھەربىيلەر ئۈچۈن ساناتورىيە رولىنى ئوينىغاندىن باشقا، ئەتراپتىكى چارۋىچى، دېھقانلارنى خالىس داۋالاش ۋەزىپىسىنىمۇ ئۈستىگە ئالغانىدى. ماشىنا تاغ ئارىسىدا يىگىرمە كىلومېتىرچە ماڭغاندىن كېيىن شەرق تەرەپكە بۇرۇلۇپ دەريا كۆۋرۈكىدىن ئۆتتى، ھايال ئۆتمەي دوختۇرخانا ھويلىسىغا كىرىپ كەلدى...

...چەكسىز كەتكەن قۇملۇق دەشت... قەيسەر ئوشۇققىچە قۇم كېچىپ مۆدۈرۈلۈپ، دەلدەڭشىپ، خۇددى يىلتىزى كېسىلگەن قامقاقتەك گاھ ئوڭغا، گاھ سولغا... ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە قاراپ مېڭىپ كېتىۋاتاتتى. قۇملۇق دەشت ئۇنىڭغا شۇ قەدەر تونۇش، خۇددى بۇرۇن تالاي قېتىم مېڭىپ ئۆتكەندەك... قۇمنىڭ سۇۋاپ قويغاندەك تەكشى ۋە سىلىق يۈزى... دەريا دولقۇنلىرىدەك تۈرمەل - تۈرمەل كۆرۈنىدىغان پايانسىز تەكشىلىك... يالغاچ، ھەيۋەت ھەم ئېگىز قۇم بارخانلىرى... ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا نە قورقۇش، نە سىر بېسىش يوق، خۇددى ئادەمسىز، تونۇش يولدا ئۆيىگە كېتىۋاتقاندەك... قاچان كەلگەن بولغىيتى بۇ يەرگە؟ كەلگىنى ئېنىق، ئەمما ۋاقتى ئېسىدە يوق. ياق، ياخشىراق ئويلىنىپ بېقىش كېرەك. ھە... دۇرۇس، دۇرۇس، كىچىك ۋاقتىدا، باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدا، يازلىق تەتىل مەزگىلىدە... بىر كۈنى ئۆگەي ئانىسى ئۇنى ھارۋىغا قارا كالىنى قاتتۇرۇپ،

مەھەللىدىن جاڭگالغا ئوتۇنغا بارىدىغان يەتتە ـ سەككىز ھارۋىكەشكە قوشۇپ قويدى. ئۇ بۇنىڭ ئۈچۈن ئادەتتىن تاشقىرى خۇشال ئىدى. چۈنكى ئۆيدە قاپىقى يامان زالىم دادىسىنىڭ تىل ـ تايىقى بىلەن، ئۆگەي ئانىسىنىڭ دوق ـ دەشناملىرىدىن بىر ـ ئىككى كۈن بولسىمۇ قۇتۇلۇپ، ھاقارەت ۋە ئىسكەنجە بولمىغان پايانسىز زېمىندا ئۆز ئەركى بىلەن يايرىۋېلىش قانداق ياخشى! ئوتۇنچىلار جاڭگالنىڭ ئوتۇن مول يېرىگە ئەتىسى كۈن قىزىلغىچە يېتىپ بېرىۋېلىش ئۈچۈن ھارۋىلىرىنى بىرەر يەردىمۇ توختاتماي كېچىچە ماڭدى. قەيسەرنىڭ ھارۋىسى ھارۋا توپىنىڭ ئەڭ ئارقىسىدا كېتىپ باراتتى. تەجرىبىلىك، ياۋاش، ئەمما ئايىغى چاققان قارا كالا خۇددى ھارۋا توپىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن قورققاندەك، ئالدىدىكى ھارۋىدىن بىرەر قەدەممۇ ئارقىدا قالار ئەمەس. چوقايغا يۆلىنىپ، ئىككى پۇتىنى لەڭگەگىزىگە تىرەپ ئولتۇرغان قەيسەر ئۆزىنىڭ بۈگۈن تۈنجى قېتىم ھارۋىنى مۇستەقىل ھەيدەپ كېتىۋاتقىنى ئۈچۈن ئادەتتىن تاشقىرى خۇشال ئىدى. بىر چاغدا ئالدىدىكى ھارۋىكەشلەرنىڭ سوزۇپ ئېيتىۋاتقان ناخشىسىمۇ بېسىقتى. ئاخشامدىن بېرى ئۇلارنىڭ پاراڭلىرىغا قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغان قەيسەرنى ئەمدى دەممۇ ـ دەم شېرىن ئەسنەك تۇتماقتا ئىدى. ئالدى تەرەپتىن ئۇرۇلۇۋاتقان سالقىن، قۇرغاق چۆل شامىلىنىڭ يۇمشاق سىپاپ ئۆتىشى، قايسىبىر ھارۋىنىڭ ياغسىراپ كەتكەن چاقىنىڭ مۇڭلۇق غىچىرلاشلىرى، ھارۋىنىڭ تىنىمسىز تەۋرىنىشى قەيسەرنىڭ سەزگۈلىرىنى ئەللەيلىتىپ تېزلا ئۇخلىتىپ قويدى. بېشى چوقايدىن پەسكە ساڭگىلاپ قالدى. بىر چاغدا ئۆزىنىڭ ھارۋىدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ قالغان كونا چاپاندەك، چوقاي يېنىدىن ھېچبىر شەپىسىزلا يەرگە چۈشۈپ كەتكىنىنى سەزمەي قالدى. ھارۋىلار ئۇ چاغدا يۇمشاق قۇملۇق ئۈستىدە كېتىۋاتاتتى. قەيسەر ھارۋىدىن يەرگە ئەمەس، يۇمشاق كۆرپە ئۈستىگە چۈشكەندەك بولدى ـ دە، ھېچنېمىنى تۇيماي ئۇخلاپ قېلىۋەردى. ئۇنى ئەتىسى بىرىنچى بولۇپ قۇملۇق دەشت ئۈستىگە كۆتۈرۈلىۋاتقان قۇياشنىڭ قىزغۇچ نۇرى ئويغاتتى. ئۇنىڭ دەسلەپتە كۆزلىرىنى ئۇۋۇلاپ، ئاندىن بىردىنلا ئورنىدىن سەكرەپ تۇرۇپ بىرىنچى بولۇپ كۆرگىنى مۇشۇ دەشت ئىدى. ئۇ ھازىر ئۆزىنى ھېلىمۇ شۇ چاغدىكىدەك كېتىپ قالغان ھارۋامنى ئىزدەپ كېتىۋاتىمەن دەپ ئويلىدى. ئۇنى دەسلەپتە ماغدۇرسىزلىق، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇسسۇزلۇق ـ چىداپ بولمايدىغان قاغجىراق تەشنالىق قىيناشقا باشلىدى. پۇتلىرى شامالدەك يېنىك، ئەمما ماغدۇرسىز ئىدى. قەدىمىنى ھەر بىر ئالغاندا قانداقتۇر يوشۇرۇن بىر كۈچ ئارقىسىغا سۆرەپ كېتىۋاتقاندەك، پۇتلىرى ئۆز ئەركىگە بويسۇنمايتتى. ئۇ بىر يانتۇ تۆپىلىككە قاراپ بار كۈچىنى يىغىپ ئۆملەشكە باشلىدى. پۇتلىرى قۇمغا پېتىپ قېلىۋاتاتتى. ئۇ قولى بىلەن تۆپىلىككە يامىشىپ يۇقىرىلاۋېتىپ "مۇشۇ بەلدىن ئاشسىملا ھارۋامنى تېپىۋالىمەن" دەپ ئويلايتتى.

...يۇمشاق، مېھرىبان بىر قول ئۇنىڭ بېشىنى كۆتۈردى. قاسقان تۇماقلىق، بومبا ساقال، گىگانت گەۋدىلىك بوۋاي ئۇنىڭ بېشىدا ھەمدەردلىك بىلەن قاراپ تۇراتتى. بوۋاي ئۇنى مەرىسگە ھاپاش قىلىپ ئارتتى ـ دە، قەدەملىرىنى چوڭ ـ چوڭ ئېلىپ يۈرۈپ كەتتى. ئاھ! نەقەدەر مېھرلىك ۋۇجۇد؟ بوۋاينىڭ يەلكىسى شۇقەدەر يۇمشاق، ئىسسىق ۋە راھەتلىك ئىدىكى، رەھمەتلىك ئاپىسى ئۇنى كىچىك ۋقتىدا مۇشۇنداق ئۆشنىسىگە ئارتىپ كۆتۈرگەن ۋاقتىدىلا ئۇ ھازىرقىدەك ھۇزۇر ـ راھەتنى ھېس

قىلغانىدى. قەيسەرنىڭ ئالتە يەتتە ياش ۋاقىتلىرى بولىدىغان، ئۇ مەكتەپتىن قايتىپ ئۆيگە مېڭىشىغا ئاپىسى تۇيۇقسىز مەكتەپ دەرۋازىسى ئالدىدا پەيدا بولدى ـ دە، ئۇنى هاپاش قىلىپ يولبويى كۆتۈرۈپ كەلدى. ئاغرىقچان ئانىنىڭ ئۆزىنىڭ بىتاپ هالىغا قارىماي ئوغلىنى نە ـ نەلەردىن كۆتۈرۈپ كەلگىنىگە قوشنىلار هەيران بولدى:
ـ يائاللا جىنەستەم، چوپ ـ چوڭ بولۇپ قالغان بالىنى كۆتۈرۈۋالغانلىرى نېمىسى؟
ـ ئاغرىپ قاپتۇ، مىجەزى يوق...ـ شۇنداق دەپ ئۆزىنىڭ ئىچكۈيەرلىكىنى يوشۇرۇشقا تىرىشاتتى ئانا. شۇ چاغدا قەيسەر ئانىسىغا ئىچ ئاغرىتىپ:
ـ يەرگە چۈشۈرۈپ قويۇڭە ئاپا، ئۆزۈم ماڭاي،ـ دەپ تېپىرلىغان. بۇنى ئاڭلاپ ئانىسى نېمە دېگەن؟ ئۇ قەيسەرگە:
ـ سىزنى بىردەم كۆتۈرۈۋالاي جېنىم بالام، مۇشۇنداق قىلمىسام ئىچىم يال ـ يال كۆيۈپ زادى بېسىلمايدۇ،ـ دەپ مۇڭلۇق كۈلۈمسىرىگەنىدى. شۇنچە يىللار ئۆتۈپ، مانا ئەمدى ئۇنى ئانىسى ئەمەس، بوۋاي كۆتۈرۈپ كەلمەكتە. قەيسەرنىڭ كۆڭلى ئېزىلىپ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش كەتتى. بوۋايغا يالۋۇرۇپ يەلكىسىدىن چۈشۈۋالماقچى بولدى. ئەمما ئۇنىڭ نە سۆزلەشكە، نە پۇتلىرىنى مىدىرلىتىشقا ماجالى يېتەر ئەمەس. بوۋاي ئىچكىرىلەپ ماڭغانسېرى ئورمانلىق ئىچى قاراڭغۇلىشىپ، كېيىن هېچ نەرسىنى كۆرگىلى بولماي قالدى. "ئەمدى چاتاق بولدى، بوۋاي يولنى كۆرەلمەي يىقىلىپ چۈشمىگىيدى." دەپ تەشۋىشلىنىشكە باشلىدى قەيسەر. شۇ چاغدا ئۇشتۇمتۇت غايەت كۈچلۈك بىر جۈپ كۆك نۇر دەستىسى بوۋاينىڭ ئالدىدىكى يولنى يورۇتۇشقا باشلىدى. بۇ نۇر شۇنچىلىك تازا ۋە يورۇق ئىدىكى، قارا تۇپراقنىڭ هەر بىر ئۇششاق دانىچىلىرىمۇ شۇ نۇر ئەكسىدە ئوچۇق جۇلالىنىپ تۇراتتى. قەيسەر بۇ نۇرنىڭ بوۋاينىڭ يېنىدا سوكۇلداپ كېتىۋاتقان كۆك يايلىلىق بۆرىنىڭ كۆزلىرىدىن بالقىپ چىقىۋاتقانلىقىنى كۆردى ـ دە، قورقىنىدىن يۇلقىنىپ كەتتى.
ـ ئوغلۇم، نېمە بولدۇڭ؟
ـ بۆرە!
ـ قورقما، ئۇ دېگەن بىزنىڭ روهىمىز.
ـ نۇرچۇ؟
ـ بىزنىڭ جېنىمىز.
ـ ئۇنداقتا جېنىمىز تېنىمىزدىن كۆتۈرۈلگەن هامان بۇ نۇرمۇ ئۆچكىدەك ئەمىسە.
ـ ياق، ئەزىزىم! بۇ نۇر ئۆچمەستۇر. ئۇ هەقىقەتتىن، هەقىقەت ئانىسىدىن تەۋەللۇت قىلىنغان. شۇڭا ئۇ مۇقەددەس هەم مەڭگۈلۈكتۇر.
ـ مېنى كەچۈر مۆهتىرەم ئاتا، گېپىڭىزنىڭ راستلىقىغا ئازراق گۇمانلىنىپ تۇرىمەن.
ـ مەرهەمەت، گۇمانىڭنى دەۋەرگىن.
ـ بىز قۇياشنى هەقىقەتكە تىمسال قىلىمىز. هالبۇكى، ئۇمۇ ئەتىگەندە پەيدا بولۇپ، كەچتە يوقىلىدىغۇ؟
ـ گېپىڭ قىسمەن توغرا، ئۇ ئەتىگەندە شەرقتىن چىقىپ، كەچتە غەربكە ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئولتۇرغىنى يوقالغانلىقى ئەمەس، بەلكى ئەتىكى تەۋەللۇتى ئۈچۈن راستلىنىشتۇر. ئۇ هەر كۈنى يېڭىدىن تۇغۇلىدۇ ۋە ئۆزىنى يېڭىلاپ بارىدۇ. شۇڭا ئۇنىڭ نۇر ـ زىياسى مەڭگۈ يېڭى ۋە مەڭگۈ يوقالماستۇر.

...قەيسەر ئەمدى ھاياتسىز قۇملۇق جەزىرىدە يالغۇز كېتىۋاتاتتى. قۇملۇقنىڭ يۈزى سۇۋاپ قويغاندەك تەكشى ۋە سىلىق... ئالدىدا سوزۇلۇپ ياتقان تۈرمەل - تۈرمەل قۇم ئۆركىشى چەكسىز - پايانسىز... قۇم بارخانلىرى يالىڭاچ، ھەيۋەت ھەم ئېگىز... قەيسەر ئەمدى مۇشۇ قۇملۇق - دەشت ئارىسىدا يۇلتۇزنى ئىزدەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇسسۇزلۇق، چىداپ بولمايدىغان دەرىجىدىكى قاغجىراق تەشنالىق ئۇنىڭغا ئۆلۈم، ھالاكەت ۋەھىمىسىنى ئەسلىتەتتى. يىراقتىن، ناھايىتى يىراق بىر يەردىن يۇلتۇزنىڭ ھالسىز، ئەمما يۈرەكنى ئەندىكتۈرگۈچى ئازابلىق نىداسى ئاڭلىنىۋاتاتتى. قەيسەر بار كۈچى بىلەن شۇ ياققا تاشلانغۇسى، يۇلتۇزنى چاقىرغۇسى كەلدى. ئەمما ئۇسسۇزلۇقتىن قاغجىراپ كەتكەن تىلى شالدەك قېتىپ تامىقىغا چاپلىشىپ قالغانىدى. ئۇ جان ھەلقۇمىغا يەتكەن ماماتلىق ئاچچىقىدا بار كۈچى بىلەن ئالدىغا - يۇلتۇزنىڭ نىداسى ئاڭلىنىۋاتقان تەرەپكە يۇلقۇندى. ئەمما ئۇسسۇزلۇق ئۇنىڭ جېنىنى ئېلىۋاتاتتى.

سۇ... سۇ...- بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىدى ئۇ. قەيسەردىن كۆزىنى ئۈزمەي، يانىدىكى ئورۇندۇقتا مۈكچىيىپ ئولتۇرغان گايىز پالۋان ئۈچ كۈندىن بېرى مۇردىدەك قېتىپ ياتقان قەيسەرنىڭ گەۋدىسىنىڭ تۇيۇقسىز بىلىنەر - بىلىنمەس مىدىرلىغىنىنى، ئۇنىڭ نېمىنىدۇر دېمەكچى بولغاندەك كالپۇكىنى ئاجىزغىنە مىدىرلىتىۋاتقانلىقىنى كۆردى - دە، ئورنىدىن ئالدىراپ تۇرۇپ، كۆزگە ئىشەنمىگەندەك قەيسەرنىڭ چىرايىغا باشقىدىن قاراپ كەتتى.
- شۈكرى خۇدايىم... ھوشىغا كەلدى... ھوشىغا كەلدى مانا، ئىلاھىم...- ھاياجانلىنىپ پىچىرلىدى ئۇ، ئاندىن پايپاسلاپ ئىشخانىغا يۈگۈردى.- دوختۇرلىرىم، سېستىرالىرىم!
دوختۇر، سېستىرالار يۇمشاق ئاياغلىرىدىن شەپە چىقارماي يۈگۈرگەندەك قەيسەرنىڭ كارىۋىتىنىڭ يېنىغا كېلىشتى. دوختۇر پىلاندوسكوپ بىلەن ئۇنىڭ يۈرەك ھەركىتىنى تىڭشاپ كۆردى. گايىز پالۋان دوختۇرنىڭ نېمىنىدۇر مۇلاھىزە قىلىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇرغان ئويچان چىرايىغا ئۈمىد بىلەن تىكىلىپ تۇراتتى.
- ئەھۋالى ياخشىلىنىۋاتىدۇ، ئارامىغا قويايلى.- قىسقىلا شۇنداق دېدى دوختۇر. ئاسما ئوكۇل سۇيۇقلۇقى ئىنچىكە نەيچىدىن قەيسەرنىڭ تومۇرىغا بىرخىل سۈرئەتتە تامچىپ چۈشۈۋاتاتتى. گايىز پالۋانغا شۇ تاپتا ئۇنىڭ تومۇرىغا ئېقىپ چۈشۈۋاتقىنى دورا ئەمەس، ئۇنىڭ ئۆلۈۋاتقان ۋۇجۇدىغا ھاياتلىق ئاتا قىلغۇچى جان ۋە ئىلاھىي كۈچ - قۇۋۋەتتەك مۆجىزىلىك بىلىنىپ كەتتى.
چۈشتىن كېيىن سادىر ئىسمايىل فىرما ساقچىخانىسىنىڭ ساقچىسىنى باشلاپ دوختۇرخانىغا كەلدى.
- ئەھۋالى قانداقراق؟ - سورىدى ئۇ چاي كۆتۈرۈپ كىرىپ كېتىۋاتقان گايىز پالۋان بىلەن كارىدوردا دوقۇرۇشۇپ.
- ئەتىگەندە ھوشىغا كەلدى. دوختۇرنىڭ ئېيتىشىچە خەتەر ئەمدى ئۆتۈپ كەتكەنمىش، ئەھۋالى ياخشىلىنىۋاتقانمىش. باياراقتا تېخى ئىككى - ئۈچ قوشۇق قايناقسۇ ئىچتى.
- قايناقسۇ ئىچەلىدىما؟- سادىر ئىسمايىل خۇشال ئىدى. ئۇ كارىۋات يېنىغا كېلىپ، بەندىڭنى قەيسەرگە يېقىن سۈرۈپ ئولتۇردى. قەيسەر بىرخىل سۈرئەتتە ئاستا نەپەس

ئېلىۋاتاتتى. ئىششىغان قاپاقلىرىنىڭ كۆزلىرىنى توسۇۋېلىشىدىن ئۇنىڭ ئويغاق ياكى ئۇخلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى. قان ئۇيىغان يۈزى بۇرۇنقى كۆكۈچ رەڭدىن ئۆزگىرىپ قارىداپ كەتكەنىدى. ساقاللىرى ئۆسكەن، چىرايى سارغايغان، جۈدىگىنىدىن ئىڭەك ئۇستىخىنى پولتىيىپ چىقىپ قالغانىدى.

- قەيسەر... مەن كەلدىم ئاغىنە...- قۇلىقىغا ئاستا پىچىرلىدى سادىر ئىسمايىل. سىگنال قەيسەرنىڭ سەزگۈ مەركىزىگە ناھايىتى تەسلىكتە يېتىپ باردى. "قەيسەر... مەن كەلدىم ئاغىنە... تونۇش ئاۋاز... كىمنىڭ؟... كىمنىڭ ئاۋازىكىنە بۇ؟ مېنى چاقىرىۋاتقان كىم بولغىيدى؟ - قەيسەرنىڭ بىردەم خىرەلىشىپ، بىردەم روشەنلىشىپ تۇرىۋاتقان سەزگۈسى ئۇنى ئاخىر ئىلغا قىلىشقا ماجالى يەتتى، - سادىر... سادىر چاڭجاڭغۇ؟ دۇرۇس، شۇ... ئويلىغانىدىم، سېنى قېشىمدا بولسىكەن دېگەنىدىم، تېپىپ كەپسەن - دە، مېنى؟ قانداق تاپقانسەن مېنى بۇ ئورمانلىقتىن؟..."

سادىر ئىسمايىل قەيسەرنىڭ گەپ قىلماقچى بولۇپ، يارا بولۇپ قاتقان كالپۇكلىرىنى ئۆمەللىتىپ كېتىشلىرىدىن ئۇنىڭ ئويغاق ئىكەنلىكىنى جەزىملەشتۈردى.

- دوختۇرلار ئېيتىپتۇ، پات ئارىدا ياخشى بوپ كېتىدىكەنسىز، گېپىمنى ئاڭلىدىڭىزمۇ؟

قەيسەر نېمىنىدۇر دېمەكچى بولدى، بېشىنى ئاجىزغىنە مىدىراتتى. "دوختۇرلار؟ نېمە دوختۇرلار ئۇ؟ مەن... ئورمانلىقتا... ئورمانلىقتا ئەمەسمىدىم؟... دۇرۇس... مەن تاياق زەربىسىدىن يىقىلىپ چۈشكەن. شۇ چاغدا چاڭجاڭ..." ئۇنىڭ ئاستا - ئاستا خىرەلىشىپ، ئۆزىنى يوقىتىۋاتقان سەزگۈسىدە يەنە چۈشكە ئوخشاش گىرەلەشمە، ئەبجەش مەنزىرىلەر... قۇملۇق چۆل ... يېشىل ئورمان... بوۋاي... بۆرە... يۇلتۇزنىڭ ھەسرەتلىك نىداسى...

سادىر ئىسمايىل ئۇنىڭ بىلەك تومۇرىنى تۇتۇپ كۆردى. تومۇرى ئىنچىكە، ئاجىز سوقۇۋاتاتتى. تىنىقى بىرخىل، رىتىملىق ئىدى. سېپىترا قىز كىردى. ئۇ سۇيۇقلۇقى تۈگەپ كېتىۋاتقان ئاسما ئوكۇل بوتۇلكىسىنى يېڭىسىغا ئالماشتۇردى. تامچە سۈرئىتىنى تەڭشىۋېتىپ:

— بىمار ھازىرلا ئۇخلاپتۇ، ئويغۇسىغا دەخلى قىلماڭلار،- دېدى.

سادىر ئىسمايىل ساقچىنى كارىدورغا باشلاپ چىقتى.

— قەيسەرنىڭ ئەھۋالى مانا مۇشۇ. يارىلىنىش دەرىجىسى زادى قانچىلىك؟ بۇنى ھازىر دوختۇرلارنىڭ دىئاگنوزىدىن بىلىمىز.

— شۇ تاپتا قەيسەرنىڭ ئاغزاكى مەلۇماتى ئىنتايىن مۇھىم ئىدى - دە.

- بىز ئىككى كۈندىن بۇيانقى تەكشۈرۈش ئارقىلىق دېلونىڭ يۈز بېرىش سەۋەبلىرى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك گۇمانلىق ئۇنسۇرلار توغرىسىدا دەسلەپكى پەرەزلەرگە ئىگە بولدۇق. دېلونىڭ ئورمانلىقنىڭ ئىچىدە يۈز بېرىشى مەسىلىنىڭ ناھايىتى ئايدىڭلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. قانۇنسىز ئۇنسۇرلار ئورمانلىقتا ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلىماقچى، ياكى ئورمانلارنى ئوغرىلىقچە كەسمەكچى بولغان. قەيسەر ئۇلارنى دەل مۇشۇ جىنايى ھەرىكەت ئۈستىدە ئۇچرىتىپ قالغان. جىنايەتچىلەرنىڭ بىرئەمەس، بىرنەچچە ئادەم ئىكەنلىكى ئېنىق. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ جىنايى پاكىتلىرىنى يوشۇرۇش ئۈچۈن قەيسەرگە زەھەرلىك قولنى سوزماقچى بولغان - دە، ئۇرۇپ "ئۆلدى" قاتارىغا چىقىرىۋېتىپ قېچىپ كېتىشكەن.

- ئۇنداقتا قاتىللار سىزچە كىملەر بولۇشى مۇمكىن؟
- سىرتتىن كېلىپ تاغدا قانۇنسىز ھەرىكەت قىلىۋاتقانلارنىڭ بولۇشى ئېھتىمالغا ناھايىتى يېقىن.
- مېنىڭ پەرىزىممۇ دەل شۇ! - دېدى ساقچى. ئاندىن سادىر ئىسمايىلنىڭ قۇلىقىغا ئاستا پىچىرلىدى، - ئادەملىرىمىزنى مال سېتىۋالغۇچى قىياپىتىدە ياساپ ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرگۈزدۇق.
ساقچى قەيسەر تولۇق ھوشىغا كەلگەندە كېلىدىغان بولۇپ قايتىپ كەتتى. سادىر ئىسمايىل قەيسەرنىڭ كارىۋىتىنىڭ يېنىغا كېلىپ، مۇشتۇمنى چېكىسىگە تىرەپ خىيالغا پېتىپ ئولتۇردى. قەيسەرنىڭ تاياق يەپ چالا ئۆلۈك قىلىپ قويۇلۇشى، ئۇنىڭ تىرىك بىلەن ئۆلۈك ئارىلىقىدا ياتقان ئېچىنىشلىق ھالى، گىلەم يايلاقتىكى تالان - تاراج قىلىنىشلار، بۇنىڭغا يۇقىرىدىن بىرەرسىنىڭ ئىچى قايناپ كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقماسلىقى ئۇنىڭ يۈرەك - باغرىنى ئۆرتەپ، ئىچىنى لەختە - لەختە قان قىلماقتا ئىدى.
ئۇ گاھىدا ئويلاپمۇ قالىدۇ. نېمە قىلىدۇ ئۆزىنى شۇنچە ئۇپرىتىپ؟ غېنى قۇربانەك ئۆتسىمۇ بولىدىغۇ. يۇقىرىدىن بىرەر قېتىم تەنقىد ئاڭلاپ باقمايدۇ. يۇقىرىدىن كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ كۆزىگە چىرايلىق كۆرۈنىدىغىنى، گېپى قۇلىقىغا خۇشياقىدىغىنىمۇ شۇ. ئەكسىچە خىزمەت دەپ كېچىنى كېچە، كۈندۈزنى كۈندۈز دېمەي، تاغمۇ تاغ، يايلاقمۇ يايلاق، قوتانمۇ قوتان چاپىدىغىنى، يەنە كېلىپ يۇقىرىدىن كەلگەنلەرنىڭ تەنقىد - ئەيىبلەشلىرىنى ئاڭلاپ تۇرىدىغىنىمۇ يەنە شۇ سادىر! ئۇ زادى تويمايدۇ، بۇرنىغا يېمەيدۇ. ساتتارنىڭ قايسى كۈندىكى گېپى ئاڭلاپلا شەھەرگە كىرىپ كېتىپ تېخىچە كەلمەيۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبى ناھايىتى ئېنىق. ئۇ قانداق قىلىپ توختامنامىنى داۋاملىق كۈچكە ئىگە قىلىش توغرىسىدا سۇلتان ئەلى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، يۇقىرى - تۆۋەن قاتراپ يۈرگەن گەپ. مەيلى يۇقىرىدىن قانداق بېسىم ئىشلەتسە ئىشلەتسۇن، سادىر ئەمدى قارارىدىن يانمايدۇ. ساتتار بىلەن ھېساب - كىتابنى ئېنىق قىلىپ، ئۇنىڭ تىجارىتىنى ئەمەلدىن قالدۇرىدۇ. ئاندىن مالچىلارنى قوزغاپ دورا قازغۇچىلار بىلەن ئالتۇن سۈزگۈچىلەرنى فېرما تەۋەسىدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. لېكىن بۇنىڭ ئاقىۋىتى نېمە بىلەن نەتىجىلىنەركىن، سادىرنى ئۇنىڭدىن كېيىن قايسى تەقدىر - قىسمەت كۈتىۋاتاركىن؟ "ئەلھەكمۇلىللا... ھەممىسىگە مەن تەييار." ئىچىدە ئازاب بىلەن پىچىرلىدى ئۇ.
شۇ تاپتا قەيسەرنىڭ مېڭىسىدە باشقىچە بىر سەزگۈ... بۇ سەزگۈ خۇددى ئادەمنىڭ ھالاكەتتىن ھاياتلىققا قايتىپ كېلىۋاتقان چاغدىكى ھالىتىدەك، ھوشسىزلىقتا كۆرىدىغان چۈشتەك غۇۋا، ئۈزۈك، تەرتىپسىز، ئازابلىق...

...ئورمانلىق... ھەئە، گىلەم يايلاقتىكى ئۇ چېتىگە ئاتلىق نەچچە كۈن مېڭىپمۇ چىققىلى بولمايدىغان، ھەر تۈپى قۇچىقىغا غۇلاچ يەتكۈسىز يوغىناپ ئۆسكەن قارىغايلار كۆككە باش تىرەپ تۇرغان بۈك ئورمانلىق... قەيسەر ئاق قاشقىسىنى مىنىپ ئۆزىگە تونۇش چىغىر يول بويلاپ كەلمەكتە. ئورمانلىق سالقىن، نەمخۇش. ئاندا - ساندا تۆمۈر تۇمشۇقنىڭ تاقىلداشلىرى بىلەن تاغ قۇشقاچلىرىنىڭ

ۋىچىرلاشلىرى ئاڭلىنىپ قالىدۇ... تۇيۇقسىز ماشىنىنىڭ گۇركىرىگەن بوغۇق ئاۋازى ئاڭلاندى. قەيسەر بۇنىڭغا ئانچە ئېرەڭشىپ كەتمىدى. ساياھەت رايونىغا كۈندە كېلىپ - كېتىۋاتقان ماشىنىلار ئازمۇ؟ شۇنىڭ بىرسىنىڭ ئاۋازى، دەپ ئويلىدى ئۇ كېتىۋېتىپ. ئەمما ئۇزۇن ماڭمايلا دەريا تەرەپكە سوزۇلغان يايپاڭ، قۇرۇق جىلغا ئىچىدە ماشىنا چاقىنىڭ يېڭىلا ماڭغان ئىزىنى كۆرۈپ قالدى. چاقنىڭ نەمخۇش، قۇمساڭغۇ توپىغا چوڭقۇر پېتىشىدىن ئۇنىڭ ئېغىر يۈك ماشىنىسى ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. غەلىتە ئىش... بۇ يەرگە ياغاچ توشۇش ئۈچۈن ماشىنىلار كەلمىسە باشقا سەۋەبلەر بىلەن كېلىشى مۇمكىن ئەمەس. مۇبادا بىرەر ئورۇندىن ياغاچقا ئېھتىياجلىقلار كەلسە، قولىدا ئورمانچىلىق ئىدارىسى بىلەن ئورمانچىلىق مەيدانى باشقۇرۇش ئورنىنىڭ رۇخسەتنامىسى بولۇشى، ئۇلار رۇخسەتنامىنى ئېلىپ قەيسەرنى تېپىشى كېرەك.

ماشىنىنىڭ بىر پەس توختاپ قالغان گۇركىرىشى يەنە ئاڭلىنىشقا باشلىدى. بۇ گۇركىرەش ئادەتتىكى گۇركىرەش ئەمەس، زورۇققاندەك، كۈچىگەندەك گاھ كۈچلۈك، گاھ ئاجىز ئاڭلىنىدىغان بوغۇق، رىتىمسىز گۇركىرەش ئىدى. قەيسەر ئېتىنى چاپتۇرۇپ، ماشىنا ئىزىنى بويلاپ يۇقىرىلاپ يۈرۈپ كەتتى ۋە ئانچە ئۇزۇن ئۆتمەيلا ماشىنىنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدى. ئۈستىگە بېسىلغان ياغاچنىڭ كۆپلۈكىدىن چاقلىرى يەرگە چاپلىشىپ كەتكەن يۈك ماشىنىسى ئالدىدىكى يانتۇ تۆپىلىككە يامىشىپ چىقىۋېلىش ئۈچۈن بار كۈچى بىلەن تىرىشىۋاتاتتى. ئادەم ئاز ئەمەس ئىدى. يەتتە - سەككىزچە ئادەم ماشىنا ئەتراپىدا پىرقىراپ يۈرەتتى. بىرلىرى ماشىنىنىڭ كەينى چاقىغا تاش قىستۇرۇش بىلەن، بىرلىرى ماشىنىنى مۈرىدەپ ئىتتىرىش بىلەن ھەلەك ئىدى. ئۇلار ياغاچنى ئورمان باققۇچىلار كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ ئاتايىن مۇشۇ نىشانىنى تاللاشقان. ماشىنا مۇشۇ تۆپىلىكتىن ھالقىپلا كەتسە ئاسانلا دۆلەت تاشيولىغا چىقىپ كېتەلەيتتى. قەيسەر ماشىنىنىڭ ئالدىغا ئۆتتى، ئېتىدىن سەكرەپ چۈشتى. ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى، ھەتتا كەينىكىدىكى شوپۇرمۇ قەيسەرگە پەرۋا قىلار ئەمەس. ئۇلار تەرلەپ - پىشىپ ماشىنىنى ئالدىغا سىلجىتىش بىلەن ھەلەك.

بىر پارچە قورام تاشنى چاقنىڭ كەينىگە كۈچەپ نىقتاۋاتقان بىرسى، يېنىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭغا قوماندانلىق قىلىۋاتقان سېمىز، قىزىل يۈزلۈك، ئاق قالپاقلىق ئادەمگا پىچىرلىدى:

- كۆرۈپ قالدى، چاتاق بولدى خوجايىن.

- كارىڭ بولمىسۇن.

ماشىنا بار ئاۋازى بىلەن گۇركىرەپ ھەر بىر كۈچەپ سىلكىنگەندە ئالدىغا بىر غېرىچ، بىر غېرىچتىن سىلجىيتتى. ئارقىسىدىكىلەر تاشنى چاققا يۆلەپ چاققانلىق بىلەن يۆتكەپ تۇراتتى. قەيسەر شوپۇرنىڭ يېنىغا كەلدى:

- ئۇستام، ماشىنىڭىزنى توختىتىپ تۇرۇڭ. سىلەر نەدىن كەلگەن ئادەملەر؟

- مەن ياللانغان،- جاۋاب بەردى شوپۇر ئەستايىدىللىق بىلەن،- مېنى سورىسىڭىز، ئۆزۈم شەخسىي كىراكەش.

ئۇنىڭغىچە ماشىنىنىڭ ئارقىسىدىكى ھېلىقى قالپاقلىق ئادەم ئاغزىنى بۇزغىنىچە كەينىكىنىڭ يېنىغا كەلدى:

- قانداق ئېزىلەڭگۈ نېمەۋاسەن؟ ھەيدىمەمسەن قوتۇر ئېشەكىڭنى!

ـ شوپۇرغا چېچىلماڭ، ماشىنىنى توختاتقان مەن،ـ دېدى قەيسەر ئۇنىڭغا توغرىلىنىپ،ـ نەگە ئاپىرىسىلەر ياغاچنى؟
شىلەپىلىك قەيسەرنىڭ باش ـ ئايىغىغا بىرخىل مەنسىتمەسلىك نەزەرى بىلەن قاراپ چىقتى:
ـ قۇرۇلۇش شىركىتىگە، ـ ئاندىن شوپۇرغا قولىنى شىلتىدى،ـ مۇڭگىدەپ ئولتۇرماي، ھەيدىمەمسەن ماشىناڭنى!
ـ توختاڭ، ماشىنىنى ھەيدەشكە بولمايدۇ.
ـ نېمىشقا؟
ـ سىلەر ياغاچ كېسىش رۇخسەتنامىسىنى ئالغانمۇ قانداق؟ ئالغان بولساڭلار ماڭا كۆرسىتىشىڭلار كېرەك.
ـ سىز نېمە ئادەم؟ ـ سورىدى قالپاقلىق بىردىنلا ھوشيارلىنىپ.
ـ ئورمانچىلىق تېخنىكى، قوشۇمچە ئورمان مۇھاپىزەتچىسى.
ـ ئاڭلىغان، ئىسمىڭىز قەيسەرغۇ؟ ـ مۇغەمبەرلىك بىلەن كۈلدى ئۇ، ـ تولا ياخشى، سىز ساتتار جىگلى بىلەن تونۇشامسىز؟
ـ ئۇنى تىلغا ئېلىپ قالدىڭىزغۇ؟
ـ چۈنكى بىز بىر ماشىنا ياغاچ ئۈچۈن ئۇنىڭغا پۇل تۆلىدۇق، ئىش مۇشۇنداق. پۇلنى تۆلىدۇقمۇ، رۇخسەتنامە دېگەن شۇ. ئەمدى گېپىڭىز بولسا شۇ كىشىنى تاپسىڭىز بولىدۇ.
ـ ئورمانغا ساتتار جىگلى ئەمەس، ئورمانچىلىق ئىدارىسى ئىگىدارچىلىق قىلىدۇ، بۇنى بىلىشىڭىز كېرەك.
ـ ئەمىسە نېمە قىل دېمەكچىسىز؟! ـ شىلەپىلىكنىڭ يۈزىنىڭ سېرىق تۈكلىرى بىردىنلا تىكلىشىپ كەتتى. ئۇ قەيسەرنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كەلدى.
ـ ئىشنى قائىدە بويىچە قىلىشنى خالىسىڭىز، ياغاچلارنىڭ ھەممىسىنى كەسكەن جايىغا ئاپىرىپ چۈشۈرىسىز. قالغان ئىشلارنى ئورمانچىلىق ئىدارىسى ئالاقىدار بەلگىلىمە بويىچە بىر تەرەپ قىلىدۇ.
ـ ھۇ سولتەك! ماۋۇ سولتەكنىڭ گېپىنى!ـ دېدى ئۇ ئەلپازىنى بۇزۇپ،ـ ياغاچ پۇلى دەپ ساتتار جىگلى بىر مۇنچە پۇلىمىزنى ئالدى، ئەمدى سەن ياغاچلىرىمىزنى چۈشۈرىۋالماقچىمۇ تېخى! ئەڭ ياخشىسى چىرايلىقچە كېتىۋال بۇ يەردىن، بولمىسا مەن ھېلى...
قەيسەر ئۆزىنىڭ يالغۇز مۇنچىۋالا كۆپ ئادەمگە تاقابىل تۇرۇپ كېتەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. ھازىر ئەڭ مۇھىم ئادەم شوپۇر ئىدى. شۇنى سۆزگە قايىل قىلالىسىلا قەيسەر ئادەم باشلاپ كەلگۈچە ئۇلار ماشىنىنى ھېچنەگە ھەيدەپ كېتەلمەيتتى. شۇڭا ئۇ كەينىكىدە نېمە قىلارىنى بىلەلمەي داڭقېتىپ ئولتۇرغان شوپۇرغا:
ـ سىزگە تەكرار ئېيتاي بۇرادەر، ماشىنىنى ھەيدەيدىغانلا بولسىڭىز ئوتقا ئۆز ئىختىيارىڭىز بىلەن سەكرىگەن بولىسىز،ـ دېدى. شۇ ھامان ئاق شىلەپىلىك قەيسەرگە يىرتقۇچلارچە ئېتىلىپ كەلدى. گېلىنى سىققىنىچە بېشىنى كوزۇپقا نىقتاپ:
ـ ئۆلگۈڭ كەلدىمۇ ئەبلەخ! مۇشۇنداقلا ـ ھە؟... مۇشۇنداقلا...ـ ئەسەبىيلەرچە خىرقىرىدى ئۇ. شىلەپىلىككە بولۇشۇپ يەنە كىملەردۇر ئېتىلىپ كەلدى. قەيسەر

ئۇلارنىڭ ئامبۇردەك نىقتاپ قىسىشلىرىدىن ئۆزىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بار كۈچى بىلەن يۇلقۇنماقتا، قايسىبىرلىرىنىڭ قوللىرىنى قايرىماقتا. ئەمما، گېلىغا مەھكەم كىرىشكەن قوللارنى بوشىتىشقا ئۇنىڭ ھەر قانداق قىلىپمۇ قۇربىتى يەتمىدى.
- بۇ... بۇلاڭچىلار... قۇيۇۋېتىش مېنى...قويۇۋېتىش... - ئارانلا شۇنچىلىك دېيەلىدى ئۇخىرقىراپ.
- قارىغايغا باغلاپ قويايلى بۇنى.
- ياق، ئۇجۇقتۇرۇۋېتىش كېرەك، كېلىڭلار!- بۇ شىلەپىلىكنىڭ ئاۋازى. خۇددى شۇنداق بۇيرۇقنىلا كۈتۈپ تۇرغاندەك قەيسەرنىڭ باش - كۆزىگە يامغۇردەك يېغىۋاتقان مۇشت، تېپىك، كالتەك...
- ئۇرماڭلار! نېمىشقا ئۇرىسىلەر بىگۇناھ ئادەمنى؟ - شۇ چاغدىلا ئۇيقۇسى ئېچىلغاندەك بولۇپ ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشتى شوپۇر ۋە يۈگۈرۈپ بارغىنىچە شىلەپىلىكنىڭ قولىغا ئېسىلدى، - ئالە - ۋا ياغىچىڭنى ئاداش، مۇنداق كىرانى قىلماپتىمەن بولدى، ياغىچىڭنى ھازىر چۈشۈرۈۋال!
- سەنچۇ؟
- كېتىمەن، ھەر قايسىڭغا قوشۇلۇپ قاتىل بولۇپ قېلىشنى خالىمايمەن. خوتۇن، باللىرىم بار ئادەم مېنىڭ!
شىلەپىلىك يېنىدىن خەنجىرىنى "شارت" قىلىپ چىقىرىپ شوپۇرنىڭ بوغۇزىغا تەڭلىدى:
- كېتىمەن؟ ماشىنىنى ھەيدىمىسەڭ سەنمۇ ئۆلىسەن، ھەددىڭمۇ سېنىڭ؟
خېمىردەك چەيلەنگەن قەيسەر ماشىنىنىڭ ئايغىدا قانغا مىلىنىپ سوزۇلۇپ ياتاتتى. ئۇنىڭ تىنىقلىرى توختىغان، ۋۇجۇدىدىن ھاياتلىق ئىزناسى ئۆچكەنىدى. شىلەپىلىك كېلىپ قېلىن چەملىك بەتىنكىسى بىلەن تېپىپ كۆردى:
- ئۆلۈپتۇ،- دېدى ئۇ،- جۈرۈڭلار، قېنى تېز بولايلى!
قەيسەرنىڭ ئۆلىۋاتقان روھ ھەم ۋۇجۇدىنىڭ خامۇش سەزگۈسىدە ئاغرىقمۇ، ئازابمۇ، دۇنيامۇ، ئۇرمانلىقمۇ، يۇلتۇزمۇ... ھېچ نەرسە مەۋجۇت ئەمەس ئىدى. جاھان تىمتاسلىققا چۆمگەن، ھەممە نەرسە ئۆلگەن. بۇ تىماسلىق ۋە ئۆلۈش مۇقەددەس ۋە ھەممىگە ھۆكۈمراندەك ئىدى...
نۇر بىلەن توقۇلغان ئاق يەكتەك كىيگەن بوۋاي خۇددى بۇلۇت ئارىسىدىن بالقىپ چۈشكەن شولىدەك، قەيسەرنىڭ يېنىدا پەيدا بولدى. يۈكىنىپ قەيسەرنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئالدى:
- ئاھ دەرىخ! بۇ دۇنيادا ھاياتلىق ئۈچۈن غەم يېگۈچىلەرنىڭ كۆرىۋاتقان قىسمىتى مۇشۇ، - ھەسرەتلىك نىدا قىلىپ ئۆكسۈپ كەتتى ئۇ، - ئالەمنىڭ چەرخى مۇھەببەت، ۋاپا، كۈلكە ۋە ناخشىنىڭ مۇقەددەس كۈچى بىلەن ئايلىنىپ كەلگەن. مادامىكى، بۇ كۈچ قارانىيەت، دۈشمەنلىك ھەم شۇ ۋەجىدىن تۆكۈلگەن قان، ياشنىڭ ھالاكەتلىك قارا بورىنى بىلەن ئالماشتىمۇ؟ بەس! ئادەملەر شۇنى بىلىشى كېرەك، "كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ، كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ". («قۇرئان كەرىم»، 99- سۈرە، 6 - 8 - ئايەت.)
ئاھ، نەقەدەر ھاياتبەخش خۇش ئاۋاز؟ بۇ قەيسەرگە ئۇنىڭ كەچمىشلىرىدىكى ئاجايىپ

ئىشلارنى ئەسلەتمەكتە ئىدى.
قەيسەر ئانا ۋۇجۇدىدىن ئاجراپ يورۇق ئالەمگە "ئىگە" لەپ چۈشكەن سائەتتە، ئۇنى خۇشاللىقىدا ئىككى قوللاپ كۆتۈرۈۋالغان تۇغۇت ئانىسى پۈتۈن ئالەمگە "سۆيۈنچە...! بۆرە...!"دەپ جاكارلىدى.
قەيسەر ئاق يۆگەك ئىچىدە قاراقاتتەك كىچىك كۆزلىرىنى ئېچىپ قېرى ئىمامنىڭ قۇچىقىدا يېنىك تىنىپ ياتاتتى. ئىمام ئۇنىڭ ئوڭ قۇلىقىغا "ئاللاھۇ ئەكبەر ئاللاھۇ ئەكبەر، ئەشھەدۇ ئەللا ئىلاھە ئىللەللا!" دەپ تەكبىر ئېيتتى. ئاندىن كېيىن "ئىسمى ئاللا نامى بىلەن قەيسەر بولسۇن" دەپ ئات قويۇپ جايناماز ئۈستىدە دوملاتتى.
بۆشۈككە بۆلەكلىك قەيسەر بۆشۈكنى يەڭگىل تەۋرىتىۋاتقان ئانىنىڭ ھاياتىدا ئەڭ سۆيۈملۈك ئېيتقان:

ئەللەي، بالامنى بۆلەيمەن،

ئالتۇن تاغقا يۆلەيمەن.

دېگەن تولىمۇ گۈزەل ناخشىسىنى ـ ئەللەي ناخشىسىنى ئاڭلاپ ياتاتتى.
قەيسەرنىڭ ھازىر قۇلىقىغا ئاڭلىنىۋاتقىنىمۇ ئاشۇنداق ھاياتبەخش، ناخشىدەك يېقىملىق خۇش ئاۋاز ئىدى. ئۇ بۇنى ئاڭلاپلا ئۆلۈمنىڭ شېرىنلىكىدىن كۆرە، ھاياتلىقنىڭ ئازابلىرىنى تاللىۋالدى. ئاغرىق، چىدىغۇسىز بىر ئاغرىق ئەمدى ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنىنى قاقشاتماقتا ئىدى. ئۇ نەپىسىنى سەل كۆچەپ ئالسىلا ئىچىگە ـ يۈرەك باغرىغا سانچىلغان نەچچە مىڭ تال يىڭنە قوچۇلۇپ كەتكەندەك تۇيۇلاتتى.
ـ سۇ... ئازراق سۇ بېرىڭلار... ـ ئازاب ئىچىدە تولغىنىپ كۈچسىز ئىڭرىدى قەيسەر.
ـ مانا... مانا... ـ سادىر ئىسمايىل ئېغىر خىيالدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى، ئاندىن چايداندىن ئىستاكانغا چاي قۇيۇپ پۈۋلەشكە باشلىدى. قەيسەرگە چاي ئىچۈرۈش سادىر ئىسمايىل ئۈچۈن ئەڭ ئېغىر. ئۇ تاۋى چىققان قايناقسۇنى قەيسەرنىڭ تاياق زەربىسىدىن يېرىلىپ، خۇددى يارا ئېغىزىغا ئوخشاش شەلۋەرەپ قان ئۇيۇپ كەتكەن كالپۇكلىرى ئارىسىغا تۆمۈر قوشۇقتا بىر تېمىم، بىر تېمىمدىن ساقىتىپ چۈشۈرمەكتە...
ئارىدىن قانچە كۈن ئۆتتىكىن؟ قەيسەرنى كۆڭۈلگە چەكسىز راھەت بېغىشلىغۇچى تولىمۇ مەززىلىك، يېقىملىق بىر پۇراق ئۆزىگە كەلتۈردى. بۇ پۇراقنىڭ شۇ قەدەر شېرىن، ھاياتبەخش جەزبىسى بار ئىدىكى، پەقەت گىلەم يايلاقنىڭ جەننەت ھۆسنىنى ئەسلەتكۈچى رەڭدار گۈللىرىلا مۇشۇنداق ئېپار يەڭلىغ شاھانە پۇراق چېچىشى مۇمكىن ئىدى. قەيسەر بېشىنىڭ يېنىدا، ئاق رەڭلىك تومپۇچكا ئۈستىدە تۇرغان، يېڭىلا ئۈزۈلگەن بىردەستە گۈلنى كۆردى ـ دە، يۈرىكى ئادەتتىن تاشقىرى بىر سۆيۈنۈش ئىچىدە يايراپ كەتتى. ئاھ، تاغ گۈلى... قەيسەر سۆيگەن گۈل...!
شۇ ئارىدا ھەمشىرە قەيسەرنىڭ يېنىغا ئاستا كىرىپ كەلدى.
ـ ئۆزىڭىزنى قانداق سېزىۋاتىسىز؟ـ سورىدى ئۇ گۈلدەستىنى سۇ قۇيۇلغان كەڭ ئېغىزلىق ئەينەك قۇتا ئىچىگە سېلىۋېتىپ.
ـ خېلى ياخشى... قەيسەرنىڭ جۈدەڭگۈ چىرايى مەمنۇنىيەتلىك سۇس كۈلكىدىن يورۇشۇپ كەتتى، ـ رەھمەت سىزگە. چىرايلىق گۈللەرنى تېرىپ كەپسىز، مۇشۇ گۈللەرنى تېرىپ كەلگۈچە قانچىلىك جاپا تارتقانسىز؟
ـ بۇ گۈللەرنىڭ قانداق يەردە ئۆسىدىغانلىقىنى بىلەمسىز؟ ـ قاشلىرىنى يىمىرىپ

مەنىلىك كۈلۈمسىرىدى ھەمشىرە.
- بىلمەيچۇ... پەقەت بىزنىڭ گىلەم يايلاقتىلا مۇشۇنداق گۈللەر ئۆسىدۇ.
- مېنى ھەر كۈنى شۇنچىلىك يىراق يەرلەرگە بېرىپ كېلەلەيدۇ دەپ ئويلاپ قالدىڭىزمۇ؟
- ئۇنداقتا... بۇ گۈللەرنى... كىم ئەكىلىشى مۇمكىن؟
- بىر قىز... ئۇ ھەركۈنى بىر دەستە گۈلنى كۆتۈرۈپ كېلىپ يېنىڭىزدا بىرھازا ئولتۇرۇپ، خۇددى مۇشۇ گۈلدەك ئۈن - تىنسىز قايتىپ كېتىدۇ. بىچارە قىز... ئۇ شۇنچىلىك ئېزىلىپ ئۈنسىز ياش تۆكىدۇكى...
- سىز ئۇ قىزغا گەپ قىلمىدىڭىزمۇ؟ سىزمۇ ئۈن - تىنسىزلا...
— ھەممە گەپنى مۇشۇ گۈل سۆزلەپ تۇرسا، يەنە گەپ قىلىش نېمە ھاجەت؟- ئارىنى بىر پەس جىمجىتلىق باستى، ھەمشىرە داۋاملاشتۇرۇپ دېدى،- ئەمدى سىزدىن سوراي، ئۇ قىز سىزنىڭ ياخشى كۆرگىنىڭىزمۇ؟
- مەن چوقۇنغۇچى مەبۇدە.
ھەمشىرە پىخىلداپ كۈلۈۋەتتى:
- دېمەك، مېنىڭ ئۇ قىزغا بولغان ھېسسىياتىم ئالدىدا ياخشى كۆرۈش دېگەن سۆز كەملىك قىلىدۇ دېمەكچىمۇ سىز؟ توۋا... مۇنداقمۇ مۇھەببەت بولىدىكەن - ھە؟
- بۇ تاغلىقلارغا خاس مۇھەببەت.
- ئۇنداقتا سىز ھازىرقى زامانىۋى مۇھەببەتكە قانداق قارايسىز؟
- زامانىۋى مەدەنىيەت ئەخلاقنى ۋەيران قىلىدۇ. بۇنىڭغا ئىشىنەمسىز؟ بۇ، ئاگىلىماققا ناھايىتى قورقۇنچلۇق. ۋاھالەنكى، رېئاللىق بولسا ئۇنىڭدىن بەتتەر. روھ خۇددى ئەبجەق ماشىنىدەك كاردىن چىقتى، مۇھەببەت ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى شاھانە ئورنى ۋە يارقىن - نۇرانە مەنىسىنى يوقىتىپ قويدى، - قەيسەر بىردىن ئۆزىنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ گېپىنىڭ داۋامىنى توختىتىپ قويدى،- سىز نېمىشقا بۇ گەپلەرنى سوراپ قالدىڭىز؟
- نېمە، مەندىن خەۋپسىرەۋاتامسىز؟- ھەمشىرەنىڭ ئىنچىكە قاشلىرى كۆتۈرۈلۈپ، ئاپئاق يۈزى تېخىمۇ كەڭرىپ كەتكەندەك كۆرۈنۈپ كەتتى،- دەۋاتقانلىرىڭىز توغرىغۇ، مەن مۇشۇ كۈنلەردە نېمىشقىدۇر... ئۆزىمىزنىڭ نېمىنىدۇر يوقىتىپ قويىۋاتقانلىقىمىزنى، نېمىدىندۇر ياتلىشىپ، نېمىگىدۇر يېقىنلىشىپ، ھەتتا ئوخشاپ كېتىۋاتقانلىقىمىزنى ھېس قىلىپ يۈرگەن. ئەمدى نېملىكىنى بىلىۋالدىم. بىز ئەسلىدە مۇھەببەتنى يوقاتقان ئىكەنمىز. بىز مۇھەببەتنى يوقىتىپ قويغىنىمىز ئۈچۈن ئادەملىكتىن، ئادەمنى ئادەم قىلىپ تۇرغان ئەخلاقتىن ياتلىشىپتىمىز. ئادەملىكتىن ياتلىشىپ نېمىگە يېقىنلىشىپ، ھەتتا ئوخشاپ كېتىۋاتقانلىقىمىزنى دېيىشكە تىلىم بارمايدۇ. ئەمما، ھەمىشە رېئاللىق ئالدىدا نومۇس قىلىمەن، خورلىقىم كېلىدۇ...
- سىز ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتىسىز.
- ياق، بۇ ھاياجانلىنىش ئەمەس، ئۆزىنى تونۇش، ئۆزى ھەققىدە ئويلىنىش. كەچۈرۈڭ، مەبۇدىڭىزنىڭ ئىسمى نېمىدى؟
- يۇلتۇز.
- يۇلتۇز... نېمە دېگەن چىرايلىق ئىسىم! - ھەمشىرە ئەمدى راستتىنلا ھاياجانلىنىپ كەتتى، - ئۇ غېمىڭىزدە دىلى سەكپارە بولۇپ، كۈندە سىزنى يوقلاپ كېلىدۇ - يۇ،

نېمشقا سىزگە بىر ئېغىز گەپ قىلماي ئۆن ـ تىنسىزلا كېتىپ قالدۇ؟ ـ ئۇ بۇ سوئالغا يەنە ئۆزى جاۋاب بەردى، ـ دۇرۇس، چىن مۇھەببەت ئۆزىنى كۆرسىتىشكە موهتاج ئەمەس، شۇنداقمۇ؟

ـ ئەپۇ قىلىڭ، مەن سىزدىن بىر ئىشنى سورىسام... ئەدەپسىزلىك بولماسمۇ؟

ـ مەرھەمەت، سوراۋېرىڭ.

ـ مۇھەببەتلىشۋاتقان يىگىتىڭىز باردۇ؟

ـ ۋاي نېمە دەيدىغانسىز؟ ـ ھەمشىرە ئاۋازىنى چىقىرىپ قىزىقسىنىپ كۈلىۋەتتى، ـ بالامۇ بار دەڭە، ئۈچ ياشلىق بولغان.

ـ ئاپلا كەچۈرۈڭ، پەقەت بىلمەپتىمەن، ـ قەيسەر ئوڭايسىزلىنىپ قۇلاقلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى.ـ ئۇنداقتا ئېرىڭىزنى دۇنيادىكى ئەڭ بەختلىك ئەر دېسەم بولىدىكەن.

ـ قانداق دەيسىز؟

ـ سىزدەك بىر مەبۇدىسى بولغىنى ئۈچۈن ـ دە.

ھەمشىرە ئۇلۇغ ـ كىچىك تىندى، ئۈندىمىدى.

ـ ھەربىيمۇ؟

ـ ھەئە، بىراق ئۇ... يېنىمىزغا ئەمدى مەڭگۈ قايتىپ كېلەلمەيدۇ.

قەيسەرنىڭ يۈرىكى "قارت"قىلىپ قالدى.

— شۇنداق بولدىمۇ؟... كەچۈرۈڭ... مېنى كەچۈرۈڭ...ـ دېدى ئۇ ھەسرەت ئىچىدە بوغۇلۇپ.

قەيسەر ئەمدى ئېسىگە تامامەن كەلگەندەك بولسىمۇ، شۇ كۈنى بەدىنىنىڭ ئاغرىقى قايتا قوزغالغاندەك بولۇپ، كەچكىچە ئارامسىزلىنىپ چىقتى. ئۇنىڭ خىيالىغا گاھ ھەمشىرە، گاھ كىچىك بالىسىنى يېتىم قالدۇرۇپ ۋاقىتسىز ئۇلار بىلەن ۋىدالاشقان نامەلۇم ھەربىي يىگىت، گاھ يۇلتۇزنىڭ مەيۈس، غەمكىن سىماسى كېلەتتى. ئاھ ئاگلاپتۇ ـ دە، بىچارە... ئاگلاپ شۇنچە يەرلەردىن كەپتۇ... جىمجىت كەپتۇ، يەنە جىمجىت كېتىپتۇ... خۇددى مۇشۇ بىر دەستە تاغ ئەترىسىدەك شۇ قەدەر چىرايلىق، ھىدى شۇ قەدەر شېرىن، خۇشبۇي، جەننەت پەرىسىدەك جىمجىت...

رەڭمۇ ـ رەڭ گۈللەرنىڭ ئەڭ چىرايلىق ـ سەرخىللىرىدىن تاللاپ ئۈزۈلگەن بۇ بىر دەستە گۈل گىلەم يايلاقنىڭ چەكسىز كەتكەن گۈلگۈن چىمەنلىرىنى ئەسلىتىپ گۈلداندا ئۆزگىچە ھۆسن ـ لاتاپەتى بىلەن بەرق ئۇرۇپ ئېچىلىپ تۇراتتى. خۇشبۇي ھىدى ياتاقنى قاپلىغانىدى. گىلەم يايلاقتا ئالەمنىڭ زوقىنى تارتىپ دىماغقا گۈپۈلدەپ ئۇرۇلۇپ تۇرىدىغان ئىپار ھەم ئەمبەر كەبى ھاياتبەخش ئۆزگىچە مەززىلىك، شېرىن پۇراق قەيسەرنى يېڭىچە جۇشقۇن ھايات ئالىمىگە باشلاپ كېتىۋاتاتتى. قەيسەر ئۇشتۇمتۇت ھېلىقى ھەمشىرىنى، بالىسىنى، ياش تۇرۇپ بۇ ئالەمدىن كېتىپ قالغان، ئۆزگە ناتونۇش ھېلىقى ھەربىي يىگىتنى ئەسلەپ، ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىپ كەتتى. "بىراق ئۇلار بىچارىلەر ئەمەس.ـ ئۆز ـ ئۆزىگە پىچىرلىدى ئۇ ھاياجانلىنىپ، ـ مۇھەببەت ھەم ۋاپا بىر ـ بىرىنى باغلاپ تۇرغانلار مەڭگۈ بەختلىكتۇر".

قەيسەر ئەتىسى ئەتىگەندىن باشلاپ يۇلتۇزنى كېلىپ قالارمىكىن دەپ چۈشكىچە دېرىزىگە تەلمۈرۈپ ياتتى. يۇلتۇز كەلسىلا ئۆمىلەپ بولسىمۇ ئالدىغا چىقماقچى، گۈلدەستىنى ئۆز قولى بىلەن ئالماقچى بولدى. نىھايەت، شۇ كۈنى كەچكىچە

نىمىشقىدۇر يۇلتۇز كەلمىدى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى قەيسەرنىڭ تەشۋىشلىرى كۈچىيىپ، ھېلىدىن ـ ھېلىغا دېرىزىگە، دېرىزىدىن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان قاتار كەتكەن تۇتاش ئۆيلەرگە، ئۇنىڭدىن نېرىسىدىكى ياۋا ئالمىلىقتا، تۇمان ئارىسىدىكى كۆكۈچ تاغلارغا تىكىلەتتى. قۇياش تاغدىن پەسلەپ تاغ ئارىسى گۇگۇم قاراڭغۇلىقىغا چۆمگەندىن كېيىنلا ئۇنىڭ ئۈمىدى ئۈزۈلۈپ ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلىدى. "قانچىلىك ئۇزۇن ۋاقىت زارىقىپ تەلمۈرۈش بىلەن ئۆتتى. ئەمدى قاچان دىدار كۆرۈشەرمىز پەرىشتەم، ئاھ قاچان؟" ھەسرەت ئىچىدە نىدا قىلاتتى ئۇ كۆزىنى يۇمۇپ. قەيسەر يۇلتۇزنى ئۇدا نەچچە كۈن ئاشۇنداق زارىقىپ كۈتتى. لېكىن نىمىشقىدۇر يۇلتۇز قايتا يېنىپ كەلمىدى. ئۇنىڭ ئورنىغا بىر كۈنى سادىرئىسمايىل ئېغىر مەست ھالدا ياتاققا كىرىپ كەلدى:
ـ سالام ئاغىنەم قەيسەرجان! تۇرمامسەن ئەمدى؟ ھەر قانچە بولساڭمۇ... پۇت ـ قولۇڭنىڭ ئۈگە ـ ئۈگىلىرى چېقىلىپ كەتكەن بولسىمۇ... ئورنۇڭدىن بىر تۇرارسەن! مېنى تەبرىكلە... مېنى تەبرىكلە دەيمەن جېنىم ئاغىنەم! ـ ئۇ ئورنىدا ئۇيان ـ بۇيان تەۋرىنىپ ئارانلا ئۆرە تۇراتتى. چىرايى تاتىرىپ كەتكەنىدى، بەدىنىدىن گۈپۈلدەپ ھاراق پۇراپ تۇراتتى.
ـ ئولتۇرۇڭ، ئولتۇرۇڭ، نىمە ئىش بولدى؟ ـ كۆڭلى قاندىقتۇر بىر كېلىشمەسلىكنى سەزگەندەك بولۇپ تەشۋىشلىنىپ سورىدى قەيسەر.
ـ ئۆسۈپتىمەن... ئۆسۈپتىمەن ئاغىنە... ـ ئۇ ئورۇندۇققا خۇددى تاشتەك ئېغىر سالمىقى بىلەن ئولتۇرىۋىدى، ئورۇندۇق خۇددى سۇنۇپ كېتىدىغاندەك "قارس" قىلىپ قالدى،ـ ئۆسۈپتىمەن... گەپ چىرايلىق... نەگە دېمەمسەن؟ شەھەرلىك ئەرزىيەت ئىدارىسىغا باشلىق.
ـ ياقەي، نىمە دەۋاتىسىز، چاقچاق قىلىۋاتمايدىغانسىز؟
ـ ئىشەنمىسەڭمۇ ئامال يوق، ئۇقتۇرۇش تۈنۈگۈن كەپتۇ. بۈگۈن بېرىپ ئۆزۈمنى تىزىمغا ئالدۇرىدىغان كۈنۈم... ھا... ھا... ھا... شۇنداق قىلىپ ئەمدى مەن ئەرزىيەت ئىدارىسىغا باشلىقمەن، تەبرىكلىمەمسەن مېنى!
ـ يائاللا... ئادەم بابلاشقا نىمە دېگەن ئۇستا ـ ھە بۇلار؟ ـ دەۋەتتى قەيسەر داڭقېتىپ.
ـ دۆڭگە يىقىتىپ دېگىنە، ھا... ھا... ھا... ئۆستۈرۈپ باپلايدۇ...ـ سادىر ئىسمايىل شۇنچىلىك ئەلەملىك كۈلدىكى، كۆزلىرىدىن ياش قۇيۇلۇپ كەتتى. بۇ ياش كۈلكىدىن چىقىپ كەتتىمۇ، ياكى كۆڭلى بۇزۇلۇپ كۆزلىرىدىن ياش كەتتىمۇ، بۇنى بىلگىلى بولمايتتى.
ـ يايلاقنىڭ ئىشلىرىنى قانداق قىلغانىدىڭىز؟
ـ ئۆزىڭىز بىلىسىز، ـ ئەمدى "سىز"لەپ سۆزلەشكە باشلىدى ئۇ، ـ سادىر قاچان دېگىنىنى قىلالمىغان؟ دورا كولىغۇچىلار بىلەن ئالتۇن سۈزگۈچىلەرگە قولىنىدىغان تەدبىرنى ئالدى بىلەن غېنى قۇربانىنىڭ كالىلىسىدىن ئۆتكۈزەي دەپ ئېنىق چۈشەندۈردۈم، قوشۇلمىدى. مۇنازىرلەشتىم، تاكاللاشتىم، ئاخىرىدا ھۆرپىيىشىپمۇ قالدۇق. لېكىن چارۋىچىلار غەزىپىنى يۇتۇپ ئارانلا چىداپ تۇرغانىكەن. ھېلىقى خەقلەرنى يايلاقتىن بىر كۈندىلا سۈرۈپ توقاي قىلىۋەتكەنتۇق دەگە، ئەمدى ساتتارنىڭلا ئىشى قالغان.
ـ بىلىمەن، قۇيرۇق تۇتقۇزماي يۈرگەندۇ ھەقىچان. بېشىغا كۈن چۈشكەندە شەھەردە

سايىدايدىغان چوڭ دەرىخى بار ئەمەسمۇ، ھەي ئىسىت... ئەمدى نېمە بولۇپ كېتەر بۇ گىلەم يايلاق؟

- شۇنى دەيمەن، شۇنىڭغا ئىچىم ئېچىشىدۇ ئۇكام! - سادىر ئىسمايىل دەرد - ئەلەمى ئىچىگە پاتمايۋاتقاندەك ئۇلۇغ - كىچىك تىندى. چىرايىدا، چۆرىسىنى يەڭگىل قورۇق باسقان كۆزلىرىدە تەگسىز دەرد - ھەسرەت ئەكس ئېتىپ تۇراتتى، - مەن فىرمىنى مۇرات چاڭجاڭنىڭ قولىدىن تاپشۇرۇۋالغان ۋاقىتتىكى ئەھۋالنى سۆزلەپ بەرسەم، گېپىمنىڭ راستلىقىغا ئېھتىمال ھازىرمۇ ئىشەنمەسسىز. فىرما ئىسمى بار، جىسمى يوقنىڭ ئورنىدا. بانكىغا نەچچە يۈزمىڭ يۈەن قەرزدار. چارۋىچىلىرى نامرات، يېيىشى كۆمەچ بىلەن تالقان، پۇتىغا كىيىشى پۇرۇم چورۇق، يېتىشى گەمە... مەن فىرمىنىڭ مۇشۇ قىياپىتىنى ئۆزۈل - كېسىل ئۆزگەرتىشكە بەل باغلىدىم. بۇنىڭ ئۈچۈن قانچىلىك جاپا - مۇشەققەت تارتتىم؟ بۇنى مەن سىزگە ھېسابلاپ بېرەلمەيمەن. ھازىرقى ئەھۋالنى ئۆزىڭىز كۆرۈپ تۇرۇپسىز، كۈنىمىز ئوتتۇرا ھال. بۇرۇن بىرەر چىچقاق ئوغلىقى يوق مالچىلارنىڭ كۆپىنچىسى ھازىر يەتتە - سەككىز يۈز مالنىڭ ئىگىسى. كۆڭلۈمدە يەنە نۇرغۇن ئارزۇ - ئارمانلىرىم بار ئىدى دەڭە. چارۋا، گۆش، تىۋىت ھەم يۇڭلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئەلا سۈپەتلىك، رىقابەت ئىقتىدارى يۇقىرى. بۇنىڭ بىلەن دۇنيا بازىرىغا كىرەلىشىمىز تامامەن مۇمكىن ئىدىغۇ! ئۇ چاغدا چارۋىچىلىرىمىز ھەقىقىي بېيىپ، گىلەم يايلاق ئىسمى - جىسمىغا لايىق گىلەم يايلاق بولاتتى. ئەمدىچۇ؟ ھەممىسى قالدى ئاغىنە... ئايرىۋەتتى... خۇددى يۈرىكىمنى يۇلۇپ سۇغۇرۇۋالغاندەك بولدى. بوپتۇ! ئايرىلغانغا ئۆلمەيمەن، ئەمما - زە ئەقىدەمگە يىغلايمەن.

قەيسەر سادىر ئىسمايىلنى كارىۋىتىدىلا ئۈزۈتۈپ قويدى.ئايرىلىش ئالدىدا ئۇنىڭغا كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرغىدەك ئىككى ئېغىز تەسەللىي بەرسە بولاتتى. ئەمما قايسى سۆز بىلەن؟

- خوش قېلىڭ دوستۇم... سادىر ئىسمايىل ئايرىلىشقا كۆزى قىيماي قەيسەرنىڭ قولىنى خېلى ئۇزۇنغىچە تۇتۇپ تۇردى،- سىز بەختلىك. چۈنكى سىز مۇشۇ ئۇلۇغ زېمىندا ياشاش ئەركىگە ئىگە. ئەرك تۇيغۇسى مېنىڭچە دۇنيادا ئەڭ ئۇلۇغ تۇيغۇ. ئۇنىڭغا يەنە مۇشۇ زېمىننى، مۇشۇ زېمىندىكى ھاياتلىقنى خانىۋەيران قىلىش ئەمەس، ئۇنى بەرپا قىلىش ۋە گۈللەندۈرۈشتىن ئىبارەت ئالىيجاناب مەقسەت كېلىپ قوشۇلسا، ئۇنىڭ ئەھمىيىتى دۇنيادا تەڭداشسىز بولىدۇ.

سادىر ئىسمايىل كەتتى. قەيسەر ئۇ چىققان ماشىنا تاكى بىنا دوقمۇشىدىن قايرىلىپ كۆزىدىن يۈتكەنگە قەدەر بالىنىست دېرىزىسىدىن قاراپ تۇردى:

- خەير - خوش، ئەل غېمىنى يەپ دىلى ئازار چەككەن جېنىم دوستۇم!

قەيسەرنىڭ سالامەتلىكى كۈنسايىن ياخشىلىنىۋاتقاندەك قىلسىمۇ، ئەمما كەيپىياتى ئوساللاشقىلى تۇردى. دوختۇر، سېستىرالارنىڭ كۆڭۈل قويۇپ داۋالاۋاتقان، ھالىدىن خەۋەر ئېلىۋاتقىنىغا قارىماي سادىر ئىسمايىلنىڭ ئۇشتۇمتۇت كېتىپ قالغىنى، يۇلتۇزنىڭ كەلمەيۋاتقىنى ئۈچۈن ئۇ ئۆزىنى بارغانسېرى زېرىكىش ئىچىدە ھېس قىلماقتا ئىدى. ئۇ مەسئۇل دوختۇرغا قايتا - قايتا تەلەپ قويۇپ تۇرىۋېلىپ، سادىر ئىسمايىل كېتىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن دوختۇرخانىدىن چىقىشقا ئاران رۇخسەت ئالدى. ھەربىي دوختۇرخانا كېسەل توشۇيدىغان مەخسۇس ماشىنىدا ئۇنى ئۆيىگە

ئاپىرىپ قويدى. ئەتىسى ئۇنى گايىز پالۋان يوقلاپ كەلدى. گەپ ئارىلىقىدا كۈتۈلمىگەن بىر شۇم خەۋەرنى - سۇلتان ئەلىنىڭ كېلىپ بىر ھەپتە ئىلگىرى يۇلتۇزنى شەھەرگە ئېلىپ كەتكەنلىكىنى ئېيتىپ سالدى.
"يۇلتۇز... ئەمدى مېنى يۇلتۇزدىنمۇ ئايرىۋەتتىمۇ بۇ شۇم تەقدىر؟..." ئازابلىنىپ ئىچ - ئىچىدىن ئۆرتىنىپ كەتتى ئۇ بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ.

## ئون بىرىنچى باب

بالا دەردىدە سەرسان بولۇپ نەچچە ئايدىن بېرى نە تۈزۈككىنە كۆز يۇممىغان، نە ئاغزىغا تۈزۈكرەك بىر نەرسە سالمىغان كالتە قۇيرۇقنىڭ تاغ ئارىسىدا ئەمدى بۇرۇنقىدەك سوزۇق، ھەيۋەت ھۇۋلاشلىرى ئاڭلانماس بولۇپ قالدى. ئۇ بالىسىنى ئىزدەپ جاھاننىڭ ئۇ تەرىپىدىن بۇ تەرىپىگە قاتراپ كۈچ - مادارىنى يوقاتقان، تولا ھۇۋلاپ ئاۋازىمۇ پۈتۈپ كەتكەنىدى. ئۇ ئۆڭكۈردىن بېشىنى چىقىرىپ، يېشى ئېقىپ تۈگەپ سۇسىز قۇرۇق بۇلاققا ئوخشاپ قالغان كۆزلىرىنى مۆلدۈرلىتىپ ھالسىزلىنىپ ياتاتتى...
نۇر ئاتا قەدىمىنى خۇددى يىنىك ئەسكەن ياز شامىلىدەك شەپىسىز ئېلىپ ئۆڭكۈرنىڭ ئالدىغا كەلدى. كالتە قۇيرۇق شۇ ئان ئۆزىنىڭ مۇقەددەس ئىلاھىي بۈرۈكۋارىنى كۆرگەندەك ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى - دە، بوۋاينىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئەتراپىدا ئايلىنىپ پۇتىغا بېشىنى سۇۋاپ كەتتى. ئۇنىڭ شۇ چاغدىكى دەردلىك غىڭشىشلىرى ھازىدار ئانىنىڭ يېقىن قېرىندىشىنى كۆرگەن چاغدىكى ئېزىلگەن يۈرىكىنىڭ ھەسرەتلىك يىغىسىغا ئوخشاپ كېتەتتى. بوۋاي ئۆڭكۈر ئالدىدا يۈكىنىپ ئولتۇردى. كالتە قۇيرۇق خۇددى ئۇنىڭغا سەجدە قىلىۋاتقاندەك بېشىنى ئالدىغا قىلىپ سوزۇلۇپ ياتتى. بوۋاي بۆرىنىڭ بېشىنى قۇچىقىغا ئېلىپ، باش - كۆزىنى مېھىر ھەم ھەمدەردلىك بىلەن سىلاپ كەتتى:
- تەڭرى ئادەم ئاتىنى تۇپراقتىن، سېنى گىگانت تاغ - تاشلاردىن ياراتقان. شۇڭا سېنىڭ بوي - بەستىڭ بەئەينى ھەيۋەتلىك تاغلارنىڭ قورام تاشلىرىغا ئوخشايدۇ. قورام تاشقا گۈلىستاندىكى گۈلدەك نازاكەت، ئۆزىنى رەڭ - بوياقلار بىلەن پەردازلاش نە ھاجەت؟ ئۇ ۋۇجۇدىدىكى يىمىرىلمەس غەيۇرلۇق ھەم ماتانەت، قار - يامغۇر، بوران - چاپقۇن ئالدىدىمۇ باتۇرانە قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ھەيۋەتلىك قامىتى بىلەن گۈزەللىكىنىڭ ھەقىقىي سىماسىنى ئاپىرىدە قىلغۇچىدۇر. سېنىڭ ماكانىڭ بۇلبۇللار خەندان ئۇرۇپ تۇرغان نەۋ باھارلىق ئېرەمباغ ئەمەس، بەلكى قار - مۇز قاپلىغان تاغلار قۇچىقى، ھايات ۋە ماماتلىقىنىڭ رەھىمسىزلارچە ئېلىشىشىدىن ھەمىشە قان ھىدى پۇراپ تۇرغان جەڭگاھ. سېنى ھېچ نەرسە ۋە ھېچكىم قەپەزدە بېقىۋاتقان قۇش، ياكى قوتاندا بورداۋاتقان قويدەك پەپىلەپ، ئالدىڭدىن ئاشقۇچە تەييار نېسىۋە بىلەن بېقىپ تۇرمايدۇ. سەن ھەر قاچان ۋە ھەر زامان ئۆز نېسىۋەڭنى ھالاللىق ۋە باتۇرلۇق بىلەن تېپىپ يېيىشكە ئادەتلەنگەنسەن. تەڭرى ۋۇجۇدىڭدا دۇنيادا ھېچقانداق مەخلۇقاتقا بەخش ئەتمىگەن ئىككى ئۇلۇغلۇقنى ئاپىرىدە قىلغاندۇر. ئۇنىڭ بىرسى ئۆملۈك، يەنە بىرسى باتۇرلۇق - قەيسەرلىكتۇر. تەڭرى "ئۆملۈك" ئىسمىلىك بۇ شاھانە خىسلەتنى ئۇنىڭ پاراغەت - خاسىيىتىنى كۆرسۇن دەپ ئادەمزاتقىمۇ ئاتا

قىلغان. نىھايەت، ئادەمزات ئۇنى ۋۇجۇدىدىن تەرك ئەتتى. ئۇلار ئۆملۈك ـ ئىناقلىقتىن جەڭگى ـ جېدەل، دۈشمەنلىشىش ۋە بىر ـ بىرىنى قىرغىن قىلىشنى ئەۋزەل كۆردى. يارەب! شۇ تاپتا سېنىڭ ئاڭلاۋاتقىنىڭ نېمە؟ غالىپلارنىڭ تەنتەنە ناخشىسى، ئاجىزلارنىڭ يىغا ـ نالىسى. بۇرنىڭغا پۇراۋاتقىنىچۇ؟ تۆكۈلۈۋاتقان قان ھىدى. سەنچۇ جېنىم بۆرەم! دەل ئاشۇنداق ماكان ۋە زاماندا ياشاپ تۇرۇپ ئۆملۈكنى ھەممىدىن ئەزىز ۋە ئەتىۋار بىلدىڭ. شۇڭا سىلەرگە تەقدىر ئورتاق، قايغۇ ـ ئەلەم، بەخت ـ خۇشاللىق ئورتاق. ھاياتلىق ئۈچۈن بولىدىغان كۈرەشمۇ، ئۇنىڭدىن كېلىدىغان غەلىبە ـ پاراغەتمۇ ھەممىڭلارغا ئورتاق!

قەيسەرلىك دۇنيادا ئاجايىپ ئۇلۇغ خىسلەت. بۇنىڭ ئۇلۇغلىقىنى دۇنيادا ئەڭ بۇرۇن ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام ھېس قىلغان ۋە ئەۋلادلىرىنى ئاشۇ روھىيەت ئوزۇقى بىلەن بېقىپ چوڭ قىلغان. شۇڭا ئۇنىڭ ئەۋلادلىرى باتۇرلۇق ـ قەيسەرلىكنىڭ ئاجايىپ ئۆلمەس مۆجىزىلىرىنى ياراتقانىدى. ئەمما بۈگۈنكى ئادەملەر ئۆزىنىڭ تۇنجى ئەجدادىنىڭ ئادەم ۋە ھاۋا ئىككەيلەنى ئەستىن چىقىرىشقان ۋە ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرىگەن يەردە، باتۇرلۇق ـ قەيسەرلىكنىڭ ئەسلى نېمە ئىكەنلىكىگە قانداقمۇ ئەقلى يەتسۇن؟ ئاھ تەمتىرەپ، بويۇن قىسىپ قالغان بىچارە قەيسەرلىك...! ئويلاپ باقسام ئۇ چىن مەنىسى بىلەن سېنىڭ ۋۇجۇدۇڭدىلا قاپتۇ بۆرەم! ۋۇجۇدۇڭدا مۇشۇ روھ ھايات بولغاچقىلا سەن نېمىنى كۆزلىسەڭ شۇنىڭغا ئېرىشمەي قالمىدىڭ. چۈنكى ھەر قانداق ھالاۋەتنىڭ باتۇرلۇق ـ قەيسەرلىكتىن كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتىڭ. ئېيتقىنا بۆرەم، سەن ھايۋان سىياقىغا كىرىۋالغان ھاۋا ئانىمۇ؟ دۇرۇس، سەن مەڭگۈ ھايات ياشاۋاتقان ھاۋا ئانىسەن! ھەزرىتى ھاۋا بالىلىرىدىن جۇدا بولغان چاغدا خۇددى سەندەك ھازا ئېچىپ يىغلىغان، شۇ چاغدا يەتتە قات ئاسمان، يەتتە قات يەر ئۇنىڭ يىغىسىدىن كۆڭلى بۇزۇلۇپ، بىللە قوشۇلۇپ يەتتە كېچە ـ كۈندۈز يىغلاشقانىدى. قارىسام سەندىن جۇدا قىلىنغان ئاشۇ بالىلىرىڭ ئۈچۈن ھازا تۇتۇپ ھېلىمۇ يىغلاۋېتىپسەن. تولا يىغلاپ كۆز ياشلىرىڭ قۇرۇپ، ئاۋازىڭمۇ پۈتۈپ كېتىپتۇ. بۇ ھالىڭنى كۆرۈپ مېنىمۇ يىغا تۇتۇپ كېتىۋاتىدۇ قېرىنداشىم! ئانا مۇھەببىتى، ئانىلارغا خاس مۇھەببەت بۇ دۇنيادا پەقەت سەندىلا قالغان ئوخشايدۇ. ئۇنداق بولمىسا، ئانىلار ھايات تۇرۇپ شۇنچە كۆپ پەرزەنتلەر خار ـ زەبۇنلۇقتا قالارمىدى؟ مەسچىتلەرنىڭ ئالدىغا، ھاجەتخانىلارغا تاشلىۋېتىلەرمىدى؟ ئەكسىچە سەنچۇ، ئەي ئانىدەك ۋاپادار بۆرە ئانا! پەرزەنت ئۈچۈن دۇنيادا تەڭداشسىز ئۇلۇغ بىر مۇھەببەت ئاپىرىدە قىلغانىدىڭ، ئەمدىلىكتە پەرزەنتىڭنىڭ جۇدالىقى ئالدىدا سەرسان بولدۇڭ. ماڭا ئېيتقىنا ئەي مۆھتەرەم بۆرە ئانا! سېنىڭ ئانىلىق مۇھەببىتىڭنىڭ ھارارىتىگە قۇياش ھارارىتى يېتەرمۇ؟ ھاۋا ئانىنىڭ ئانىلىق سەلتەنىتى سېنىڭ مېھىر ـ ۋاپا بىلەن يۇغۇرۇلغان سىمايىڭغا تەڭلىشەلەرمۇ؟ ھاياتلىق ئالىمىدە ئۆملۈك، قەيسەرلىك ۋە سۆيگۈ ـ مۇھەببەتتە سەن شۇ كەبى يۈكسەكلىكتە تۇرۇقلۇق ئادەملەر نېمىشقا سېنى ئۆزىگە دۈشمەن ھېسابلاپ كېتىشتى؟ نېمىشقا بۇ دۇنيادىن سېنىڭ ئۇرۇق ـ ئۇجۇتىڭنى قۇرۇتىۋەتمەكچى بولۇشتى؟ سەۋەبى، سەن ۋۇجۇدۇڭدا ھېلىھەم ساقلاپ كېلىۋاتقان يېگانە خىسلەت ـ تەڭداشسىز قەيسىرانە روھ ئۇلار ئۈچۈن يات، ھەتتا خەۋپلىك تۇيۇلۇشقا باشلىدى. ئۇلار گاللىۋاڭلىشىپ شۇ دەرىجىگە يەتتىكى، بۇ دۇنيانىڭ پەقەت كۈچلۈكلەرگىلا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى، ئەقىل، ئۆملۈك ۋە

قەيسەرلىكنى ئۆزىنىڭ جېنى دەپ بىلگەن هايات ئىگىسىلا بۇ دۇنيادا مەۋجۇد بولۇپ تۇرالايدىغانلىقىنى، ئاجىزلارنىڭ هامان كۈچلۈكلەرگە ئورۇن بوشىتىدىغانلىقىنى ئەسلىرىدىن چىقىرىشقان. هاياتلىقنىڭ مەڭگۈلۈك قانۇنىيىتىنىڭ پەرمايىشى بىلەن ساڭا خىتاب قىلىمەن: ئورنۇڭدىن تۇر بۆرەم!
كالتە قۇيرۇق شۇئان بېشىنى كۆتۈرۈپ لىككىدە ئورنىدىن تۇردى. ئاندىن گۈرگىنىپ قاتتىق سىلكىنىۋىدى، پاخپىيىپ كەتكەن تۈكلىرى تەكشىلىنىپ قايتىدىن پارقىراشقا باشلىدى. بوۋاينىڭ ئالدىدا ئەمدى بالا دەردىدە تولا يول كېزىپ هالسىراپ، ئاچلىقتىن قوتۇراپ كەتكەن ئەبگا بۆرە ئەمەس، بوي - بەستى تولغان، يۈرىكىدە قايناپ تۇرغان تەگداشسىز بىر كۈچ ئۇنى هاياتلىق ئۈچۈن باتۇرلارچە ياشاشقا توختاۋسىز ئۈندەپ تۇرغان قەيسەر، يېڭىلمەس بىر سىما نامايان بولدى. كالتە قۇيرۇق ئۆڭكۈر ئالدىدا چوقچىيىپ چىقىپ تۇرغان قورام تاش ئۈستىگە سەكرەپ چىقتى - دە، بېشىنى ئېگىز كۆتۈردى. تۇمشۇقىنى ئاسمانغا تىك قىلىپ بار ئاۋازى بىلەن سوزۇپ هۇۋلىۋەتتى:
- هۇ... ۋ... ۋ...!
شۇئان تاغ ئارىسىدا خۇددى مۇشۇنىڭغا ئوخشاش هۇۋلىغان سوزۇق بىر سادا ياڭراپ كەتتى. بۇ سادا ئەتراپتىكى بۆرىلەرنىڭ ئانا بۆرىگە جور بولۇپ هۇۋلىغان ئاۋازىمۇ، ياكى ئانا بۆرىنىڭ سوزۇپ هۇۋلاشلىرىنىڭ تاغ ئارىسىدىكى ئەكس ساداسىمۇ، بۇنى بىلگىلى بولمايتتى...

## ئون ئىككىنچى باب

ساتتار هامۇتنىڭ يۇلتۇز كۆل هەم گىلەم يايلاقتىكى بىرەر هەپتىچە ئاقساپ قالغان تىجارىتى سادىر ئىسمايىل كېتىپ نەچچە كۈندىن كېيىنلا يەنە بۇرۇنقى ئىزىغا چۈشتى. دورا قازغۇچىلار بىلەن ئالتۇن ئىزدىگۈچىلەر بۇ يەرگە يەنە تەرەپ - تەرەپتىن يوپۇرۇلۇپ كېلىشتى. گىلەم يايلاق ئەمدى تام - توساقلىرى شۇرا بوپ كەتكەن، مېۋىلىرى پاساڭدىلىپ يوپۇرماقلىرىلا قالغان ئىگە - چاقىسىز ۋايرانە باغقا ئوخشاپ قالغانىدى. هەركىم ئەمدى ئۇ يەردىن جاپاسىزلا قولغا تېگىدىغان ئامەتلىك نېسىۋىگە ئېرىششنى ئويلايتتى. شۇڭا ئۇلار قولىدىن كېلىدىغانلىكى ۋاستىنى ئىشقا سېلىپ، بۇ بىرپارچە لوق گۆشكە خۇددى ئاچ قۇزغۇنلاردەك ئېتىلىپ كېلىشتى. سادىر ئىسمايىل كېتىپ مالچىلار خۇددى دادىسىدىن ئايرىلىپ قالغان يېتىمدەك بويۇن قىسىپ قالغانىدى. يايلاققا خۇددى جۇت - شىۋىرغاندەك يوپۇرۇلۇپ كېلىۋاتقان بۇ ئاپەت ئالدىدا نېمە قىلالىشى، نېمە دېيەلىشى مۇمكىن؟ شۇڭا ئۇلارنىڭ هەممىسى ئۆز غېمىدە، ئۆز قوتىنىنىڭ چۆرىسىدە ئۇياق - بۇياققا پايپاسلاپ، چارۋىلىرىنى قىشتىن قانداق قىلىپ ئامان - ئېسەن چىقىرىۋېلىشنىڭ چارە - ئۇسۇللىرىنى ئىزدەشكە مەجبۇر.
سۇلتان ئەلى يۇلتۇز كۆل بويىدىكى چىملىققا سېلىنغان گىلەم ئۈستىدە ماموق ياستۇقنى قولتۇقىغا تىرەپ يانپاشلىنىپ ياتاتتى. ئۇنىڭ قارشى تەرىپىدە بەدەشقان قۇرۇپ، هۆرمەتكە سازاۋەر بۇ تاغىسى بىلەن كۆڭۈللۈك سۆهبەت قۇرۇپ ئولتۇرغىنى ساتتار هامۇت. داستىخاندا سۈت بىلەن يۇغۇرۇلغان، ئېغىزغا كىرگەن هامان گۇژژىدە

ئېرىپ كېتىدىغان مايلىق توقاچ، بىر لېگەندە كاۋاپ، پىيالىلەردە تاغدىن بايىلا كەلتۈرۈلگەن، بۇزۇلداپ تۇرغان يېڭى قىمىز... بۇياقلارغا كەلمىگىنىگە خېلى چاغلار بولۇپ قالغان سۇلتان ئەلى كەلسىلا ساتتار هامۇتنىڭ ئۆيىگە چۈشىدىغان بۇرۇنقى ئادىتىنى بۇزۇپ، ئاخشام كېلىپلا كۆل بويىدىكى كىگىز ئۆيگە چۈشكەن... كۆلنىڭ كەچكى پەيتتىكى بۇرۇنقىدىن كۆپ سالقىنداپ قالغان هاۋاسى ئۇنىڭغا شۇ قەدەر ئاراملىق. گۆش ـ كاۋاپلىرى يېيىشلىك، سۈت ـ قىمىزلىرى ئىچىشلىك... قىسقىسى، ھەممە نەرسە ئۇنىڭ ئۈچۈن راھەتلىك، كۆڭۈللۈك ۋە ئىشتىھالىق تۇيۇلۇپ كەتتى.
مانا بۇ ئىككىسىنىڭ ئاخشام قىلىشقان گەپلىرى:
ـ يېسىلە هاكىم ئاكا، ئۆز قولۇم بىلەن پىشۇرۇپ كىردىم. لازىسىنى ئاز سەپتىم. ئەركەك پاقلاننىڭ گۆشى بۇ.
ـ ئەستا... ئۇنى دەپ، بۇنى دەپ جىقلا يېگۈزىۋەتتىڭغۇ كاۋاپنى. ئەمدى ئېغىر كېلەرمۇ ـھە مەيدەمگە؟
ـ ئەمدى ئېچى كىرىپ قالىدىغان ئادەم يوق، يەۋەرسىلە دەيمەن.
"ئېچى كىرىپ قالىدىغان ئادەم يوق" بۇ مۇنداقلا ئېيتىلغان گەپ ئەمەس، ئۇ بۇ سۆزى ئارقىلىق سادىر ئىسمايىلنى كۆردە تۇتىۋاتقىنى ناھايىتى ئېنىق. كۆشەندە كۆزدىن يوقىتىلغاندىن كېيىن يېگەن قايسى نەرسىسى سىڭمەيتتى ئۇلارغا؟ "ئەخمەق، نېمىمۇ قىلاتتىڭ بىزنىڭ ساتتارغا كۆزۈڭنى قىزارتىپ؟" مانا بۇ سۇلتان ئەلىنىڭ سادىر ئىسمايىل توغرىلىق ئويلىغان ئويلىرى، "خۇددى گىلەم يايلاق مەڭگۇ ساڭا تالىقتەك بىزدىن قىزغىنىپ كەتكىنىڭ... بۇ يەردىكى نەپنى بىز ئالمىساق، هامان ئالىدىغان باشقا بىرسى چىقاتتىغۇ. مۇشۇ ئىشتا مېنى رەنجىتتىڭ، ئىشەنچىمنى يەردە قويدۇڭ. شۇڭا سېنىڭ بۇرۇن ماڭا تالاي قېتىم قىلغان راپاۋىتىڭگە قارىماي، سېنى گىلەم يايلاقتىن قومۇرۇۋېتىشنى نىيەت قىلدىم. شەھەرلىك پارتكوم شۇجىسىنى بىلىدىغانسەن؟ مېنىڭ بۇرۇن ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىلىقىدىن يۆتكەپ كەلگەن كاتىپىم. سېنىڭ تەقدىرىڭنىڭ مېنىڭ ئۇنىڭغا قىلغان بىر ئېغىز گېپىم بىلەن توغرىلىنىپ كېتىدىغانلىقىنى ئويلىمىغان بولغىيتىڭ. ساتتارنى قىلغان سوئال ـ سوراقلىرىڭ، سالغان ئىقتىسادىي زىيانلىرىڭ ئۈچۈن ئەدەپلىنىپ كەتسەڭمۇ كېتەتتىڭغۇ، لېكىن يەنىلا سېنىڭ يۈزۈڭنى قىلىپ قالدىم. ئاڭلىسام، فېرمىدىن يۆتكىۋېتىلگەنلىكىڭ ئۈچۈن كىم ـ كىملەردىن رەنجىپ، كىم ـ كىملەرنى تىللاپ يۈرۈپسەن. ئۆزۈڭگە ئاگاھ بول سادىر! مۇشۇنداق قىلىپ يەنە ھاڭغا چۈشۈپ كەتمە!"
ـ يەنە بىر ئىشنى ئويلاپ قالدىم ساتتار، ـ سۇلتان ئەلى جەينىكىنى گىلەمگە تىرەپ ئۆرىدەپ قىمىزدىن ئىككى يۇتۇم ئىچتى ـ دە، ئاغزىنى قولىنىڭ كەينى بىلەن سۈرتىۋېتىپ يەنە ياستۇققا يانپاشلىدى.ـ كۆمۈر كاندىن بىرنى ئاچساق. شەھەردە نېمە كۆپ؟ ئىشسىز لاغايلاپ يۈرگەن ياش باللار، شۇلاردىن يىگىرمە ـ ئوتتۇزنى ئەكەلسەك...
ـ مانا، تازا ياخشى گەپ بولدى. مەنمۇ شۇنى ئويلاپ يۈرگەن.
ـ راست، ئۇلارنىڭ قوڭى چىدىمايدۇ. مېنىڭچە ئىچكىرىدىن كەلگەنلەر ئەڭ مۇۋاپىق. يېتىپ ـ قوپۇشى، تامىقى ئاددىي. ئىش ھەققى تەلىپى تۆۋەن.
ـ يامان يېرى ئۇلارنىڭ تىلىنى ئۇقمايمەن ئەمەسمۇ، ـ ساتتار هامۇت ئاز دەقىقە

تۇرىۋېلىپ يەنە داۋام قىلدى، ـ مۇنداق قىلساقچۇ، ئالتۇن سۈزۈشكە ياللانغانلارنى ئەمدى بىز ياللىۋالساقچۇ. ئاڭلىسام، ئۇلارنىڭ ئىشى تازا ئاقمىغانمىش. شۇڭا ياللانغۇچىلار ئىش ھەققىمىزنى بەر، كېتىمىز دەپ خوجايىنلىرى بىلەن كۈندە غىز ـ غىڭ قىلىشىۋاتقانمىش.

ـ مەيلى، ئۇقۇشۇپ باق ئەمسە.

ـ لېكىن...ـ دېدى ساتتار هامۇت گەدىنىنى قاشلاپ، ـ مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە يېتىشىپ كېتەلەرمەنمۇ ھاكىم ئاكا؟

ـ ما گەپنى... سەن قىلاتتىڭمۇ ئۇ ئىشلارنى؟ كان ئېچىش ئۈچۈن تېخنىك لازىم. شۇنداقتىن بىرنى تېپىپ كۆتىرىگە بەرسەكلا ئىش پۈتىدىغۇ. بىزگە هازىر ئەڭ لازىمى سۈپەتلىك كۆمۈر. ئەتراپتا شۇنداق كۆمۈر چىقىدىغان يەر تېپىلارمۇ؟

ـ ۋاھ، تېپىلماي! مەن نەچچە يەرنى بىلىمەن، ـ ماختىنىپ ئىشەنچ بىلەن مەيدىسىگە ئۇردى ساتتار ھامۇت.

سۇلتان ئەلى شەھەرگە قايتقاندىن كېيىن تېخنىكنىڭ ئامالىنى قىلىدىغان، ساتتار ھامۇت سۈپەتلىك كۆمۈر چىقىدىغان جاينى ئىزدەپ تاپىدىغان بولۇپ كېلىشتى ـ دە، ئورنىدىن تۇرۇشتى.

كۈز ھاۋاسىنىڭ كۈنسايىن سالقىنلىشىپ، ساياھەتچىلەرنىڭ بۇرۇنقىدىن ئازىيىپ بېرىۋاتقىنىغا قارىماي، كۆل ئەتراپى مىسلىسىز گۈزەللىك لىباسى بىلەن پۈركىنىپ ياتاتتى. چىمەنلەر سارغىيىپ ئالتۇن رەڭ تۈس ئالغان، رەڭمۇ ـ رەڭ گۈللەر ئۆزىنىڭ بەر كامالىغا يەتكەن يارقىن جۇلاسىنى تەنتەنە قىلماقتا ئىدى. ئۇلار بۇ زېمىندا مەڭگۈ مۇشۇنداق گۈلگۈن لاتاپىتى بىلەن ياشىرىپ تۇرىدىغاندەك، توزمايدىغاندەك، سولمايدىغاندەك شۇقەدەر مەغرۇر، راھەتلىك ۋە غەمسىز ئىدى. يۈزى تېپتىنچ زۇمرەت رەڭلىك كۆل كۈز قۇياشىنىڭ ئوچۇق ئاپتىپىدا گاھ ئەينەكتەك پارقىرايتتى، گاھ خىرۇستالدەك يالتىراپ كۆزنى چاقاتتى. سۇلتان ئەلى قىرغاققا كېلىپ، كۆلنىڭ نېرىقى قىرغىقىدىكى تېخى ئىنسان قەدىمى تېگىپ ئۈلگۈرمىگەن گۈزەل، خىلۋەت مەنزىرىلەرنى دۇربۇن بىلەن كۆرۈپ تاماشا قىلىۋېتىپ، نەزەرىنى كۆل گىرۋىكىگە ئاغدۇرۇپ بىردىنلا يېنىدىكى ساتتار ھامۇتنى نوقۇپ كەتتى:

ـ قارا، قارا، نىمە ئۇ؟ خۇددى سۇ پەرىسىدەك ئاپئاق...ـ ھاياجانلىنىپ توۋلىۋەتتى ئۇ.

ـ كۆلدىمۇ؟

ـ ھەئە، كۆلدە.

ـ ئاق قۇدۇ ھەقچان، بىر جۈپمۇ؟

ـ توغرا بىر جۈپ... توۋا، قاچانلاردا پەيدا بوپ قالغان بولغىيدى بۇ يەرگە؟

ـ ئۇلار ھەر يىلى ئەتىيازدا مۇشۇ كۆلگە ئۇچۇپ كېلىدۇ، ياز بىلەن كۈزنى مەشەدە ئۆتكۈزىدۇ. ئەمدى ئۇلاربۇ كۆلگە نەچچە كۈنلۈكلا مېھمان.

ـ بۇرۇن ئەجەپ كۆرمەپتىمىنا بۇ مېھمانلىرىڭنى؟ مىلتىقنى ئەچىق!

ساتتار ھامۇت كىگىز ئۆيگە يۈگۈردى ۋە قوش ستىۋوللۇق، چاچما ئوقلۇق ئوۋ مىلتىقنى كۆتۈرۈپ چىقتى.

ـ كاتېرنى چاقىر!

ـ ھە...ي، بۇياققا كەل...! بۇياققا...!ـ ساياھەتچىلەرنى كاتېر ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ كۆلنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۈزۈپ كېتىۋاتقان كاتېر باشقۇرغۇچىنى قولىنى پۇلاڭلىتىپ

چاقىردى ساتتار ھامۇت.
ئامېرىكىدا ئىشلەنگەن، سۇلتان ئەلى ئەتىيازدا گۇاڭجۇدىكى بىر سودا شىركىتىدىن زاكاز قىلىپ ئەكەلدۈرگەن يۇقىرى قۇۋۋەتلىك، ئاق رەڭلىك كاتېر تىنچ سۇ يۈزىنى قىلىچتەك كېسىپ، ئەتراپقا ئاپئاق بۇژغۇن چاچرىتىپ ئوقتەك تېز سۈرئەتتە كۆلنىڭ قارشى گىرۋىكىگە قاراپ ئۇچماقتا... كاتېر مۇشۇ ئۈزۈشىدە ھازىرلا ھاۋاغا كۆتۈرۈلۈپ ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك، باش تەرىپى سۇغا تېگىپ - تەگمەي كېتىپ باراتتى. سۇلتان ئەلى ئوقلانغان مىلتىقنى قولىدا مەھكەم سىقىمدىۋالغان. چىرايى شۇ قەدەر جىددىي، سۈرلۈك، چەكچەيگەن كۆزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلگەن، گويا ئەڭ كەسكىن بولىدىغان بىر جەڭگە - ئالدىنقى سەپكە كېتىپ بارغاندەك...
- بۇ ئاق قۇنى ئاتاي دەۋاتامىلا ھاكىم ئاكا؟ - سورىدى ساتتار ھامۇت كۆزلىرى ئالاق - جالاق بولۇپ.
- ئەمدى بىلىۋاتامسەن؟ ئەتىۋارلىق قۇش بۇ، ئاسانلىقچە تېپىلمايدۇ. تەلىيىمىزگە بىر ئۇچراپ قالدى - دە بۈگۈن. خاناچاڭغا ماڭۇق ياستۇقتىن بىرسى لازىم. بىرسىنىڭ قانىتى بىر يەلپۈگۈچ بولىدۇ، يېغى سوغۇق ئەڭگىزگە شىپاھ، گۆشى يۈرەك كېسىلىگە ...ھا...ھا...ھا مانا ئامەت دېگەن ساتتار!
- بولماسمىكىن ھاكىم ئاكا.
- نېمىشقا؟
- ئۇ دېگەن خۇدانىڭ نەزەرى تەگكەن خاسىيەتلىك قۇشمىش.
- شۇ... شۇ... شۇنىڭ ئۈچۈن تۇتىمىز - دە بۇنى!
- بۇ بىر جۈپ ئاق قۇ باشقا ئاق قۇلارغا ئوخشىمايدۇ. ھەر بىرىنىڭ چوڭلۇقى قويچىلىك، بوينىنىڭ ئۇزۇنلۇقى بىر مېتىر، پەي - قاناتلىرى قاردەك ئاپئاق. قېرىلارنىڭ ئېيتىشىچە، بۇ بىر جۈپ ئاق قۇ خۇدانىڭ دەرگاھىدىن مۇشۇ كۆلگە ئۇچۇپ چۈشكەن پەرىشتىمىش. كىمكى ئۇنىڭغا زىيان - زەخمەت قىلسا، ئۇ ئاخىر مۇشۇ كۆلگە چۆكۈپ ئۆلەرمىش. شۇڭا دەيمەن... تىجارىتىمىز بىر ئوبدان يۈرۈشۈپ، ئىشلىرىمىز روناق تېپىپ كېتىۋاتقاندا...
- قۇرۇق گەپ! - ۋارقىرىدى سۇلتان ئەلى ساتتار ھامۇتنى مەسخىرە قىلىپ، - شۇ گەپكىمۇ ئىشەندىڭمۇ ئەخمەق. مەن سېنى خېلى بىر نېمىلەرنى بىلىدۇ دېسەم، كىچىك بالىدەكلا سۆزلەپ يۈرىدىكەنسەنغۇ.
كاتېر ئاق قۇغا ئۇنى دۈربۈنسىزمۇ ناھايىتى ئېنىق كۆرگىلى بولىدىغان يەرگىچە يېقىنلاپ كەلگەنىدى. سۇلتان ئەلى كاتېرنى توختىتىشقا بۇيرۇق بەردى. ئۆزلىرىگە قاراپ ئۈزۈپ كېلىۋاتقان ئاۋازى سەت غەلىتە مەخلۇقتىن، ئۈستىدىكى ئادەملەردىن خەۋپسىرەپ نېرى تەرەپكە قاراپ ئالدىراپ ئۈزۈشكە باشلىغان ئاق قۇلار كاتېر توختىغاندىن كېيىن ئۆزلىرىمۇ خاتىرجەملىنىپ ئۈزۈشتىن توختىدى. ئۇلار ئادەمنىڭ كۆڭلىنى سېھىرلەپ قويغۇدەك دەرىجىدە گۈزەل ئىدى. قاردەك پەرلىرى، ئەۋرىشىم نازۇك بوينى، قاراقاتتەك يالتىراپ تۇرغان كۆزلىرى بىلەن خۇددى ئاسماندىن يېڭىلا ئۇچۇپ چۈشكەن بىر جۈپ پەرىشتىنى، سۇ ئاستىدىن شۇڭغۇپ چىققان سۇ پەرىسىنى ئەسلىتەتتى. ئۇ تەبىئەتنىڭ نۇرانە مەگزىدە يارىشىپ تۇرغان بىر جۈپ خالغا، چېكىسىگە قىسىلغان بىر جۈپ ئاق ئەتىر گۈلگە ئوخشايتتى. ئۇلار ئۆزلىرىگە قاراپ توغرىلىنىۋاتقان ئەجەل خەۋپىنى سېزەر ئەمەس. ئۇلار شۇ قەدەر خاتىرجەم،

شۇقەدەر راھەتلىك... ئۇلار زۇمرەت رەڭلىك سۈپسۈزۈك تىنىق سۇ ئۈستىدە خۇددى قۇياش نۇرىنىڭ نازۇك ئەكسىدەك يەڭگىل تەۋرىنەتتى. ئەۋرىشىم ئۇزۇن بوينىنى پات - پات سۇ ئاستىغا تىقاتتى. بىر - بىرىگە نېمىنىدۇر دەۋاتقاندەك ئىدى، گاھ جىمجىت سۈكۈتتە چۆمۈپ زېمىننىڭ ئۇتلۇق تىنىقلىرىنى ئاڭلاۋاتقاندەك قىلاتتى. سۇلتان ئەلى سول كۆزىنى قىسىپ مىلتىقنى نىشانغا توغرىلىدى. ساتتار ھامۇت شۇئان ۋۇجۇدىنىڭ بىسىپ بولمايدىغان بىر خىل ۋەھىمىلىك سەزگۈ بىلەن جالاقلاپ تىترەۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ گىلەم يايلاقتا كەلگەندىن بۇيان ئۇلار، كەكلىك، قىرغاۋۇل، كەپتەردىن تارتىپ، بۆرە، تۈلكە، بۇغا، ئېيىققىچە تالاي نەرسىلەرنى ئوۋلاپ كۆرگەن. ئەمما ۋۇجۇدىدا مۇنداق ۋەھىمىلىك سەزگۈنى سەزمىگەن. بۇ ۋەھىمە، بۇ تەشۋىش ئاق قۇلارنىڭ ئاپئاقلىقى قوشۇلغان ئادەتتىن تاشقىرى چىرايلىقلىقى ۋە نازاكەتلىكىگە بولغان قىيالماسلىقمۇ؟ ياكى خۇدانىڭ غەزىپىدىن قورقۇشمۇ؟ ساتتار ھامۇت بۇنى ئېنىق دەپ بېرەلمەيتتى. ئۇ پەقەت گاھ سۇلتان ئەلىگە، گاھ ئۇنىڭ قولىدىكى مىلتىققا، گاھ كۆل قىرغىقىدىكى ئاق قۇلارغا ئالاق - جالاق بولۇپ كەتكەن كۆزلىرىنى تىكىپ تۇراتتى. "گوم" قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ ئاق قۇلارنىڭ ئاپئاق پەرلىرى قاردەك توزۇپ كەتتى. ھەر ئىككى ئاق قۇ ئازابلىق غاقىلداپ، قاناتلىرىنى ئەنسىز پالاقشىتىپ ھاۋاغا كۆتۈرۈلمەكچى بولاتتى. سۇلتان ئەلى ئالدىراپ يەنە بىر پاي ئوق ئۈزدى. بىر ئاق قۇ قاناتلىرىنى ھالسىز پالاقشىتىپ سۇ يۈزىدە لەيلەپ قالدى. يەنە بىرسى ئون مېتىرچە يەرگە پالاقشىپ بىردىنلا ھاۋاغا كۆتۈرۈلدى. كاتىر كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە ياردار ئاق قۇنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدى. سۇ يۈزى سۇس قان بىلەن بويىلىپ كەتكەنىدى. ئاپئاق ماموقلار سۇ يۈزىدە لەيلەپ يۈرەتتى. ياردار ئاق قۇ چېقىلغان قانىتىنى سۆرەپ جان - جەھلى بىلەن پالاقشىيتتى، نالىلىق غاقىلدايتتى، ئۆزىنى ھەرتەرەپكە ئۇراتتى. سۇلتان ئەلى ئاخىر ئاق قۇنىڭ بوينىدىن قاماللاپ تۇتتى. ساتتار ھامۇت ئاق قۇنى ئىككى قوللاپ كۆتۈرۈپ سۇدىن سۈزۈۋالدى.

- ئەتتەڭ، ھەي كاساپەت... ھەسرەتلەندى سۇلتان ئەلى كۆل ئۈستىدىن كېتەلمەي ئەگىپ يۈرگەن ئاق قۇدىن كۆزىنى ئۈزەلمەي، - مېنىڭچە ئۇمۇ ياردار! قارىغىنا، مەيدىسى قان تۇرامدۇ نېمە؟ خەپ...! ئۇمۇ پوكلا قىلىپ چۈشىسدى...!

كۆكتىكى ئاق قۇنىڭ راستىنلا يارىلانغان، يارىلانمىغانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى. ئۇ ئۇچقانسېرى كۆك قەرىگە تېخمۇ ئۆرلىمەكتە ئىدى. ئۇ كۆل ئۈستىنى ئەگىپ - ئەگىپ، خېلىدىن كېيىن تاغ چوققىلىرى ئارقىسىدىن كۆرۈنمەي قالدى. ساتتار ھامۇت ياردار ئاق قۇنى قىرغاققا ئېلىپ چىقىپ بوغۇزلىۋەتتى. بىردەمدىن كېيىن ئۇلار ساتتار ھامۇتنىڭ ئۆيىگە ماشىنا بىلەن يۈرۈپ كەتتى.

سۇلتان ئەلى بۇ يەرگە پەقەت يازدىلا كەلگەنچە. شۇنىڭدىن بېرى ساتتار ھامۇتنىڭ ئۆيىمۇ، قوتىنىمۇ، ھېچنەرسىسى ئۆزگەرمەپتۇ. ئۆزگەرگىنى پەقەتلا يۇلتۇز. نەچچە ئاي ئىچىدە بويى لەڭگىدە ئۆسۈپ، زىلۋالىشىپ، تېخىمۇ رەڭ تۈزەپ گۈزەللىشىپ كېتىپتۇ. ئۇ ئەمدى شۇقەدەر ئۇياتچان، تارتىنچاق، بۇرۇنقىدەك باللارچە تىك بېقىپ قارىمايدۇ. داستىخانغا مەزە ئېلىپ كەلگەندىمۇ قوللىرى تىترەپ، يۈزى ۋىلىلدە قىزىرىپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ ئۆيگە كىرىپ - چىقىپ تۇرغاندىكى خۇددى گىلەم يايلاقنىڭ ياۋا ئەتىرگۈلىدەك جىلۋىدار ھۆسن - قامىتى سۇلتان ئەلىگە ئىختىيارسىز

بىر چاغلاردا ئۆيدە نەچچە يىل بالا باققۇچى بولۇپ تۇرغان زەينەپخاننى ئەسلەتمەكتە. شاش ئاتتەك تېپچەكلەپ تۇرغان ھەۋەس، ئۇنىڭغا بولغان يوشۇرۇن كۆيۈش سۇلتان ئەلىگە ئازابلىق بىر لەززەت بېغىشلاپ، نەچچە يىل بېسىپ كەلگەن چاڭقاق تەشنالىقنى بىر ئاخشىمى... ئاخىر قاندۇرمىغانمىدى. سۇلتان ئەلى شۇنىڭدىن كېيىن يەنە نەچچىسگە كۆڭۈل بېرىپ باقتى. ئارزۇسىغا يەتكەندەكمۇ بولدى. ئەمما لەززەت، راھەت تاپالمىدى. ئۇ كىمدۇر بىرسىنىڭ "ئايال خەق دېگەن رەڭمۇ - رەڭ بوياپ قويغان تۇخۇمغا ئوخشاش، ئەمما شاكىلىنى سويۇۋەتكەندىن كېيىن ھەممىسىنىڭ رەڭگى، تەمى بىر" دېگەنلىرىنى ئاڭلىغان. نەدىكىنى؟ زەينەپخان كېيىكتەك تېپىرلاپ، چاقىقاق ئوتتەك چېقىپ، مۈشۈكتەك تاتىلاپ تۇرسىمۇ، ئۇنىڭدىن بىر نەچچە مىنۇتلا ئالغان لەززەتنى قۇچىقىدا بىر كېچە نازلىنىپ، بېلىقتەك پىلتىڭلاپ چىققان قىز - چوكانلارنىڭ ناز - كەرەشمىلىرىدىن نېمىشقا ئالالمىدى؟ شۇڭا ئۇ ئويلايدۇ، ئايالالارنى تۇخۇمغا ئوخشىتىش ئەخمەقلىق. ئۇلارنىڭ ھەر بىرى ئەركەك ئۈچۈن نامەلۇم سىرلىق بىر دۇنيا. بىرى جاڭگاللىق، بىر زەي - شورلۇق، بىرى دەشت - قۇملۇق، بىرى گۈل - گۈلىستانلىق... سۇلتان ئەلى بۇ يەرگە كەلسىلا زەينەپخانغا ئاشۇ بۇرۇنقى ئەسەبىي تەشنالىق بىلەن ئوغرىلىقچە قاراپ قوياتتى، ۋۇجۇدىدىن شۇ چاغلاردىكى يۈرىكىنى مەھلىيا قىلغۇچى گۈزەل بەرنالىقنى تاپماقچى بولاتتى. لېكىن ئۇ گۈل سۇلغان، سولاشقان... سۇلتان ئەلى بۇ ھالنى كۆرۈپ خۇددى ئەڭ قىممەتلىك بىر نەرسىسىنى يوقاتقاندەك روھى چۈشۈپ "قېنى بۇ گۈزەللىك، قېنى بۇ لاتاپەت، نەگە كەتتى ئۇ؟" دەپمۇ ئويلاپ قالغانىدى. بۇ سوئالغا ئۇ بۈگۈن جاۋاب تاپتى. ئۇ تەڭداشسىز گۈزەللىك ھېچنەگە كەتمەپتۇ، بويىغا يەتكەن، رەسىدە بولغان مۇنۇ قىزغا كۆچۈپتۇ!

- ھە راست... قىزىڭىنىڭ شەھەردىكى ئىشىنى ھەل قىلىپ قويدۇم، قانداق قىلىسەن، ئەۋەتەمسەن؟ - دېدى ئۇ ساتتار ھامۇتقا كەچتە داستىخان ئۈستىدە.

- مەيلى، سىلە دېگەن گەپكە مەن نېمە دەيتتىم؟

بۇ گەپ سۇلتان ئەلىگە خۇشياقمىدى. يۈك قاشلىرى كۆتۈرۈلۈپ كەتتى:

- ئاۋازىڭ پەسلەپ كەتتىغۇ، خۇددى مەن زورلاۋاتقاندەك... ئەۋەتكۈڭ كەلمىسە ئەۋەتمە. سېنىڭ بالاڭ بولغىنى ئۈچۈن دەپ قالدىم - دە.

- ۋاي - ۋاي، نەدىكىنى ھاكىم ئاكا، - ساتتار ھامۇت قولىدىكى قاچىنى قويۇپ تەمتىرەش ئىچىدە قانداق خۇشامەت قىلىشنى بىلەلمەي قالدى، - ياخشى بوپتۇ، ھەممە ئىش سىلىنىڭ ئاتىدارچىلىقلىرىدا بولىۋاتىدۇ دېگىنىم بۇ. قىز بالا دېگەنگە مال بېقىشنى كىم قويۇپتۇ؟ غەمخورلۇقلىرىدا شەھەرگە بېرىپ ھېلىقى زاۋۇتقا ئورۇنلىشىپ قالسا بېشىمىز ئاسمانغا يېتىدۇ بىزنىڭ!

شۇ كۈنى ئاخشىمى ئۇخلاش ئالدىدا ساتتار ھامۇت بىلەن زەينەپخاننىڭ ئوتتۇرىسىدا يۇلتۇزنى شەھەرگە ئەۋەتىش - ئەۋەتمەسلىك مەسىلىسى ئۈستىدە خېلىلا كۆڭۈلسىز پاراڭ بولۇپ ئۆتتى.

- ياق ساتتار، يۇلتۇزنى شەھەرگە ئەۋەتسەك بولمايدۇ. - كېسىپلا ئېيتتى زەينەپخان. ئەزەلدىن گېپىنى سۆزسىز ئورۇنداشقا ئادەتلەنگەن مۇنۇ رايىش ئايالنىڭ بۈگۈن كۈتۈلمىگەندە قىلىۋاتقان قارشى گېپى ئۈچۈن ساتتار ھامۇت خاپا بولۇپ ئۇنىڭغا زەردە بىلەن ھۆرپەيدى:

- نېمىشقا:
- كۆرمىدىلىمۇ؟ چوكىيىپ قالدى.
- هازىرلا ئەرگە بەرمەكچىمىدىڭ ئۇنى؟ خېلى - خېلى ئادەمنىڭ باللىرى ئورۇنلىشالمايۋاتقان زاۋۇتقا قىزىڭ ئورۇنلىشىپ قالسا يامانمۇ ئەخمەق!
- يامىنىغۇ يوقتى، ئەمما... ئىشىنەلمەيۋاتىمەن، زادىلا ئىشىنەلمەيۋاتىمەن...
زەينەپخان كۆڭلىدىكى گۇمان - ئەندىشىلىرىنى ئەمدىلا ئېرىگە ئاشكارىلىۋىدى، ساتتار هامۇت هازىرلا گېلىدىن بۇغۇۋېتىدىغاندەك يامان ئەلپازى بىلەن پەس، ئەمما تەهدىتلىك ئاۋازدا خىرقىرىدى:
- هۇ ئەقىلسىز!... هاكىم ئاكامنىڭ گېپىگە ئىشەنمىسەڭ كىمنىڭ گېپىگە ئىشىنىسەن؟ هاكىم ئاكام بىزگە ئاز راپاۋەت قىلدىمۇ، قوتاندىكى مال - چارۋا، هازىرقى تاپاۋەت نەدىن كەلگەن؟ ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇغان ئوخشىمامسەن؟ ئەقلىڭ بولسا كۆزۈڭنىڭ يۇندىسىنى ئېقىتماي، قىزىڭنىڭ بەختى ئۈچۈن كۈلسەڭ بولىدۇ.
— قىزىڭنىڭ بەختى دېدىلىما..؟ ياق، ياق...! - بىردىنلا ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتى زەينەپخان، - سىلىدىن ئۆتۈنەي، ئەقىلسىزلىق قىلمىسىلا ساتتار!
— زۇۋانىڭنى ئۆچۈر، هاكىم ئاكام ئاڭلاپ قالىدۇ. ئۆچۈر دەيمەن!
زەينەپخان تۈگۈلۈپ جىم بولدى. ئەمما كۆزلىرىگە كەلكۈندەك يامراپ كېلىۋاتقان ياشنىڭ شىددەتلىك زەربىسىدىن سۇغۇلۇپ ئاجىزلىغان زىلۋا گەۋدىسى كۈز شىۋىرغىنى سوققان ياپراقتەك تىترەيتتى. ئەنە، ئۇنىڭ ياش قويۇلۇپ تۇرغان كۆزلىرىدە تەگسىز مۇڭ، كۆزلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى يۇپقا قورۇقلار ئارىسىدا ئازاب ۋە ھەسرەت... يۇلتۇز سۇلتان ئەلىنىڭ ھىمايىسىدە خىزمەتكە ئورۇنلىشىش ئۈچۈن ئەمەس، گويا بارسا كەلمەس ھالاكەت ئېغىزىغا كەتمەكچىدەك تەشۋىش ھەم خاتىرجەمسىزلىكتىن يۈرىكى سىرقىراپ، چىدىغۇسىز دەرىجىدە ئاغرىماقتا. ئۇ سۇلتان ئەلىنى ياخشى بىلىدۇ. قولىدىن ھەر بالا كېلىدىغان قارا نىيەت، شەھۋانىي ئادەم. ئاھ... ساتتارغا بۇنى قانداق بىلدۈرۈشنىڭ يولى بار؟ زەينەپخان ساتتار ھامۇتنىڭ قوپال ھەيۋىسىدىن كۆرە، ئەخمەقلىقى، پۇل - مەنپەئەت ئۈچۈن قىلىۋاتقان ۋىجدانسىزلىقى ئۈچۈن غەزەپلىنىپ پۈتۈن بىر كېچە كىرپىك قاقمىدى... راپاۋەت، مېھىر - شەپقەت قىلدى دەيدىغۇ، توۋا... سۇلتان ئەلىنىڭ بۇنىڭ بەدىلىگە گىلەم يايلاقتا ساتتاردىن قانچىلىق پايدا - نەپ ئۈندۈرۈۋاتقانلىقىنى، ساتتارنىڭ قولى ئارقىلىق قانچىلىك ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى ئۇ نېمىشقا ئويلىمايدىكىن؟
سۇلتان ئەلى گىلەم يايلاقتا يەنە نەچچە كۈن بولىمەن، دېگەن گېپىدىن بىردىنلا يالتىيىپ، ئەتىگەندىلا قايتىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ساتتار ھامۇت سۇلتان ئەلىنى يولغا سېلىش تەييارلىقىغا ئالدىراش كىرىشىپ كەتتى.
- سىلەرمۇ تېز بولۇڭلار، يۇلتۇز لازىمەتلىكلىرىنى ئۇنتۇپ قالمىسۇن، - دېدى ساتتار ھامۇت تاشقىرىقى ئۆيدە بىسى پارقىراپ تۇرغان پىچاقنى يەنە بىلەۋېتىپ. ئۇ چىقىپ كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي سىرتتا قوينىڭ ئالا - تاغىل ۋارقىرىغان ئەنسىز ئاۋازى ئاڭلاندى. ساتتار ھامۇت ئېغىلدىن قويرۇقى لىغىرلاپ تۇرغان سېمىز ئېرىكنى ئارقا پۇتىدىن دارقىرىتىپ سۆرەپ چىقىۋاتاتتى. كالا ئېغىلىنىڭ قاشاسىدا توغرىسىغا قويۇلغان چەنزە ياغاچقا جەينىكىنى تىرەپ، ياش بۇقىنىڭ تۈپ - تۈرمەل، يوغان

بەستىنى تاماشا قىلىپ تۇرغان سولتان ئەلى قوينى كۆرۈپ ياراتمىغان بىر هالدا دېدى:
- هەي توختىغىنا... بەك سېمىزغۇ بۇ قوي؟
- ئانچە ئەمەس، ئەركەك قوي بولغان بىلەن گۆشىگە ئازراق ياغ قوشۇلۇپ كەلمىسە تەمى بولمايدۇ.
- هەي... يەنىلا سەن يامان جۇمۇ ساتتار، - سۇلتان ئەلى بىردىنلا خۇشخۇيلىشىپ ساتتار هامۇتنىڭ يەلكىسىگە يەڭگىل ئۇرۇپ قويدى.- دوختۇرنىڭ قورقۇنچلۇق نەسىهەتىگە قارىغاندا، يەنىلا سېنىڭ گېپىڭ قۇلىقىمغا خۇشياقىدۇ جۇمۇ!
- ۋاي... دوختۇرنىڭ گېپىمۇ گەپمۇ؟ - بۇ گەپنى ئاڭلاپ ساتتار هامۇت بىردىنلا كۆرەڭلىگىلى تۇردى.- ئادەم دېگەن كۆڭلى تارتقاننى قىلغان، كۆڭلى خالىغاننى يېگەن ياخشى. شۇنداق قىلىۋىدىلە، بارغانسېرى تۈلەپ، ياشىرىپ كېتىۋاتماملا مانا!
- شۇنداقمۇ؟ - سۇلتان ئەلى ئېقى بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقان، شۇ ۋەجىدىن ئېلېكتىرىك ساقال ئالغۇچ بىلەن ساقىلىنى كۈندە بىر قېتىم قىرىپ تۇرىدىغان ئېڭىكىنى ئويچان بىر هالدا سىلاپ قويدى.- بولدى ئۇ گېپىڭنى قوي. ماۋۇ بۇقىنى دەيمەن... پىچىۋەت دېسەم ۋاقتىنى ئۆتكۈزىۋەتكىلى تۇردۇڭغۇ، قاراپ باقە، خېلى بەك ئېتىدىن كېتىپتۇ.
- ماقۇل، ماقۇل، ئەمدى تازا پىچىدىغان ۋاقتى كەلدى. مۇشۇ بىر - ئىككى كۈن ئىچىدە غاچلا قىلىپ...
سېمىز ئېرىك تۆت پۇتى بوغۇشلانغاندىن كېيىنمۇ يەنە تېپىرلاپ بار كۈچى بىلەن يۇلقۇناتتى، خۇددى ئۆزىنىڭ ئاخىرەت كۈنى كەلگەنلىكىنى بىلىۋالغاندەك ۋەهىمىگە چۈشۈپ بوغۇق، ئەنسىز ئاۋازدا مەرەيتتى. ئۆتكۈر پىچاق ئۇنىڭ تەقدىرىنى تېزلا هەل قىلدى. ئۇ كۈچەپ بىرلا سىرىلىش بىلەن تەڭ قىپقىزىل قان بىر مېتىرچە يىراققا ئېتىلىپ چىقتى. بايىقى ئۈنلۈك مەرەش ئازابلىق خىرقىراشقا، كۈچلۈك يۇلقۇنۇش ئاجىز تىترەشكە ئايلاندى... ساتتار هامۇت قاسساپلىق قىلىشتا قۇشخانىنىڭ تەجرىبىلىك پوكانچىلىرىدىن قېلىشمايدۇ. تېخى بايىلا پۈتۈن سىرىلىك هايۋان سىياقىدا تېپىرلاپ تۇرغان تىرىك مەخلۇقنى تېرىسىز بىر دۆۋە گۆشكە ئايلاندۇرۇپ قويۇش ئۈچۈن، ناهايىتى يېرىم سائەت ۋاقىتلا كۇپايە. ئۇ تېخى ئىسسىق هارارەت كەتمىگەن پۈتۈن گۆشنى داستىخانغا ئوراپ تاغارغا تىقتى - دە، ماشىنىنىڭ كەينىگە باستى. ئاندىن قوينىڭ ئۆپكە، جىگىرىنى تېرىگە ئوراپ تاشقىرىقى ئۆيگە ئەكىرىپ تاشلىدى. شۇ چاغدا زەينەپخان ئىچكىرىكى ئۆيدىن چىقىپ، ئېرىگە پەرىشان بىر نەزەر بىلەن قاراپ:
- توختاپ تۇرسىلا، - دېدى.
- نېمە گەپ؟
- يۇلتۇزغا هېلىقى گەپنى ئەمدى ئۆزلىرى دېسىلە.
- ئەستا... تېخىچە دېمەي ئولتۇردۇڭمۇ لامزەللە!
- دېدىم، دېسەم ئۇنىمايۋاتسا... دادامغا دېسىڭىز، شەهەرگە زادى بارغۇم يوق دەيدۇ.
- شۇنداق دەمدۇ تېخى! - ساتتار هامۇتنىڭ چىرايىغا شۇئان تۆمۈردەك قارا رەڭ تېپىپ چىقتى.- هەممە ئىشنى ئۆگەتكەن سەن! بۇرۇن بۇ گەپنى ئاڭلىغاندا گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كېتىۋىدى، ئەجەپ ئەمدى ماڭىدىغان چاغدا پىرىسى تۇتۇپ

قاپتۇ - يا؟ كېچىدىن بېرى قۇلىقىنى تولغاپ بولغانسەن سەن ئىپلاس!

- خۇدا ھەققى... مېنىڭ ھېچنېمە دېگىنىم يوق، - يىغلامسىرىدى ئايال ئۆزىنى ئارانلا تۇتۇپ،- ئىشەنمىسىلە ئۆزلىرى كىرىپ سۆزلىشىپ باقسىلا.

- ئېيتىپ قوي، تولا غەزىپىمنى كەلتۈرمىسۇن. بولمىسا ئىككى پۇتىنى چېقىۋېتىمەن بىكار. بىر قوتان قوينى دەريا بويىدا تاشلىۋېتىپ ھەربىي دوختۇرخانىغا نەچچە قېتىم بېرىپتۇ. نېمىشقا بارىدۇ؟ ھېلىقى قەيسەر دېگەن لۈكچەكنى يوقلاپ بارغان گەپ. ئۇنىڭ بىلەن بۇرۇن تېخى خۇپىيانە كۆرۈشۈپ يۈرگەن ئىشلىرىنى مېنى بىلمەيدۇ دەمدىكەن؟ قىلغانلىرىنى بۇرنىدىن زىرىق - زىرىق چىقىرىۋەتمەي يەنە. ماڭ چاقىر، چىقمىسا قۇلىقىدىن تارتىپ سۆرەپ چىق!- ساتتار ھامۇت قان يۇقى قولىنى ھاۋادا پۇلاڭلىتىپ بۇ گەپلەرنى ۋارقىراپ دېگۈدەك دېدى. بۇ ئۇنىڭ ئىچكىرىكى ئۆيدە بۇلۇڭدا تۈگۈلۈپ، كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ ئولتۇرغان يۇلتۇزنى ئاگلىسۇن دەپ ئەتەي شۇنداق توۋلىغىنى ئىدى.

- ماگايلى!- ماشىنىنىڭ يېنىدا تاقەتسىزلىك بىلەن ئۇياق - بۇياققا مېڭىشقا باشلىدى سۇلتان ئەلى.

- ھەي... بولۇڭلار چاپسان!- ماشىنىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ توۋلىدى ساتتار ھامۇت.

يۇلتۇز بېشىغا چىغىرتماق گۈللۈك ياغلىقىنى چىگىپ، كىچىككىنە بوغچىمىسىنى كۆتۈرۈپ ئۆيدىن چىقتى. ياش بىلەن يۇيۇلۇپ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىدا، يۈرىكىدە مەۋج ئۇرۇۋاتقان كۈچلۈك بىر ھەسرەت ۋە قايغۇ ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. ساتتار ھامۇت بايا ھېچ ئىش بولمىغاندەك كۈلۈمسىرىگەن ھالدا ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ، كۆيۈنگۈچى ھەم ئاتىلارچە نەسىھەت قىلغۇچى تەلەپپۇزدا:

— زاۋۇتتا ئوبدان ئىشلەڭ - ھە قىزىم، ئىشتىن كېلىپلا ھاكىم دادىڭىزنىڭ خىزمىتىنى ياخشى قىلىڭ. پاشاخان ئاچىڭىزنىڭ سىزىپ بەرگەن سىزىقىدىن چىقماڭ، گېپىڭىز ئاز، ئايىغىڭىز ئىتتىك بولسۇن، خوش ئەمىسە!

زەينەپخان بىر ئېغىز سۆزلىيەلمىدى. سۆزلىسىلا كۆز ياشلىرى بۇلدۇقلاپ ئېتىلىپ چىقىپ كېتىدىغاندەك ئىدى. ئۇ ياپراقتەك تىترەۋاتقان يۈرىكىنىڭ ھەسرەتلىك نالىسىنى تەسلىكتە بېسىپ، يۇلتۇزنى چىڭ قۇچاقلاپ، پېشانىسىگە سۆيۈپ قويدى...

پىكاپ شېغىللىق ئېگىز - پەس يولدا گاھ ئىتتىكلەپ، گاھ ئاستىلاپ، ئىككى يېنىغا چايقىلىپ، ئاسفالىت يولغا چىققاندىن كېيىنلا سىلىق تەۋرەنگىنىچە يۈرۈپ كەتتى. ماشىنىنىڭ ئوچۇق كۆزنىكىدىن يۇلتۇز كۆل ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇرۇنقى چاغلاردا ئەينەكتەك يالتىراپ تۇرىدىغان سۈپسۈزۈك سۈيى ئەمدى نېمىشقىدۇر دۇغلانغاندەك، بىر يەرلىرى سارغۇچ، بىر يەرلىرى قارامتۇل ئىدى. يۇلتۇز ھەمىشە ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇرۇشنى ياخشى كۆرىدىغان كۆل بويىدىكى قورام تاش بىر پارچە لاي دۆۋىسىگە ئوخشاپ قالغانىدى. گۈللەر چەيلەنگەن، سولاشقان، چىمەنلەر سارغايغان. نېمە ئۈچۈن شۇنداق؟ ياكى يۇلتۇز ئاشۇلار بىلەن بىمەھەل خوشلىشىۋاتقانلىقى ئۈچۈن كۆزىگە شۇنداق كۆرۈنۈپ كېتىمىكىن؟ يۇلتۇز ئەگرى - بۈگرى تاغ يولىدا ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان ماشىنا ئىچىدە ئولتۇرۇپ، خۇددى مۇشۇ قېتىم كەتسە قايتىپ كەلمەيدىغاندەك، بۇرۇن كۈن بويى ئارىلاپ يۈرىدىغان تونۇش يايلاقلارغا، قارىغايزارلىقلارغا، كۆكۈچ - قارامتۇل كۆرۈنىدىغان ئېگىز تاغلارغا كۆزىنى

ئۆزمەي تەلمۈرۈپ قاراپ كەتتى. تاشيول خۇددى تاغنىڭ بېلىگە ياماشقان يىلاندەك كۆرۈنەتتى. يولنىڭ بىر چېتى تىك تاغ، بىر چېتى چوڭقۇرلۇقى نەچچە يۈز مېتىر كېلىدىغان چوڭقۇر ھاڭغا تۇتاشقانىدى. پەستە - كۆز تالغۇدەك يەردە ئاق تېكە دەرياسى ئاق بۇژغۇن چاچرىتىپ ئېقىپ تۇراتتى. ماشىنا ھەش - پەش دېگۈچە ھەربىي دوختۇرخانىنىڭ ئۇدۇلىغا يېتىپ كەلدى. ياپراقلىرى ئالتۇن رەڭ تۈسكە كىرگەن ياۋا ئالمىزارلىق، ئۇنىڭ ئارىسىدىكى رەتلىك سېلىنغان ئاپئاق ئۆيلەر... يۇلتۇز ئۇلارنى تۈزۈكرەك كۆرۈۋېلىشقا ئۈلگۈرمەيلا ماشىنا كۆزنىكىدىن لىپ - لىپ قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ قەيسەرنىڭ شۇ تاپتىكى ھالىنىڭ قانداقلىقىنى، ھوشىغا كەلگەن - كەلمىگەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئۇ قەيسەرنى نەچچە قېتىم يوقلاپ كېلىپمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرەر ئېغىز مۇڭدىشالمىغانلىقى ئۈچۈن ئىچ - ئىچىدىن ئۆرتىنىپ، ئۈنسىز ئۆكسۈپ كەتتى. "كەچۈرۈڭ جېنىم، سىزنى مۇشۇ ھالىڭىزچە تاشلاپ كېتىدىغان بولدۇم، شەھەرگە بېرىش مېنىڭ ئىختىيارىم ئەمەس. ئاھ، قانداق قىلاي؟ ھاكىم دادام بىلەن دادام قىلىشقان بۇ قارارنى بۇزۇشقا مەندەك ھىمايىسىز ناتىۋان قىزنىڭ چامى قانداق يەتكەي؟ ھوشىڭىزغا كېلىپ ئەتراپىڭىزغا قاراپ مېنى ئىزدەۋاتقان چېغىڭىزدا ھېلىقى گۈللەرنى كۆرگەنسىزمۇ؟ ئۇ گۈللەر ھازىر سولاشقان، سارغايغان بولسىمۇ يەنىلا مېنىڭ يۈرىكىم، سىزگە مەڭگۈلۈككە تەسەددۇق قىلىنغان يۈرىكىم. سىزغۇ مېنى سېغىنغاندا شۇ گۈللەرنى كۆرەرسىز. مەنچۇ، ئاھ... مەن سىز بىلەن دىدار كۆرۈشىدىغان كۈنلەر ئەمدى قاچان؟" يۇلتۇزنىڭ كۆزلىرىدىن تاراملاپ ياش كەتتى، ئەمما سۇلتان ئەلىنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن قورقۇپ، ياغلىقىنى تۈزەشتۈرگەن بولۇپ يېشىنى دەرھال سۈرتىۋالدى. شوپۇرنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان سۇلتان ئەلى يۇلتۇزنىڭ كۆز ياشلىرىنى كۆرگەندەك ئەمەس، ئۇ مۈگىدەك ئىچىدە كۆزلىرىنى يۇمۇپ بېشىنى گاھ ئالدىغا ساڭگىلاتماقتا، گاھ يېنىغا قىيسايتماقتا. ماشىنا ئەمدى قارىغايزارلىق ئېگىز تاغلارنى، چىغ، چاتقاللىق دۆمبەللەرنى ئارقىدا قالدۇرۇپ، گىياھسىز تاقىر ئېدىرلىق ئارىسىدا كەلمەكتە، تىنىمسىز گۈرۈلدىمەكتە. گويا يۇلتۇزغا ئۇنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى توغرىسىدا ئۇ بىلمەيدىغان چۈشىنىكسىز بىر تىلدا نېمىلەرنىدۇر سۆزلەۋاتقاندەك...

گىلەم يايلاقنى، تاغ ئارىسى ھەم دەريا بويىنى بۇ زېمىندا بۇرۇن ھېچقاچان ئاڭلانمىغان ئاجايىپ بىر كۈي كېزىپ يۈرەتتى. ئۇ ئادەتتىن تاشقىرى يېقىملىق ھەم مۇڭلۇق ئىدى. بۇ كۈي يىراق - يىراقتىن يەرتېگىنى بويلاپ كېلىپ قەيسەرنىڭ قۇلىقىغا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇ ئىزگۈ كۈي ئىنسان قەلبىدىن تەۋەللۇت قىلىنغانمۇ، ياكى تەبىئەتنىڭ ئىلاھىي تۇيغۇسىدىنمۇ؟ بۇ كۈينى ئۇ ئۇچىدا ئاڭلاۋاتامدۇ، ياكى چۈشىدىمۇ؟ بۇلارنى قەيسەر ئاڭقىرىشقا ئاجىز ئىدى. ئەنە... يۇلتۇز ئاشۇ كۈي ئىچىدە قەيسەرنىڭ ئىشىكى ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۇ خۇددى ھازا ئاچقان مەسۈمەدەك ئاق كۆڭلەك كىيگەن، ئاق ياغلىق چىگكەن، چىرايىمۇ ئاق، خۇددى ئاق ئېچىلغان ئەتىر گۈلدەك... قەيسەر ئۇشتۇمتۇت يۇلتۇزنى كۆرۈپ يىزىۋاتقان خېتىنى تاشلاپ، ئۆيدىن ئېتىلىپ چىقتى - دە، ئۇنى باغرىغا باسماقچى بولۇپ غۇلچىنى كەردى. ئەمما يۇلتۇزنىڭ ئادەتتىن تاشقىرى پەرىشان ھالىنى، مۇڭ - ھەسرەت تۆكۈلۈپ تۇرغان سولغۇن چىرايىنى كۆرۈپ بىردىنلا توختاپ قالدى. بىر دەقىقە ھاۋادا ئېسىلىپ

تۇرغان قوللىرى ئاستا چۈشۈپ كەتتى. لەۋلىرى ياپراقتەك تىترىدى:
"نېمە هال بۇ پەرىشتەم، دۇنياغا تاڭ سۈبھىسىدەك قىزىل رەڭدە ئاپىرىدە قىلىنغان بۇ گۈل بۈگۈن نېمە ئۈچۈن ئاپئاق؟"
"چۈنكى ئۇ گۈلنىڭ هاياتلىق بەرگىسىگە جۇدالىق پالتىسى ئۇرۇلماقچى ئەزىزىم."
"ياق، ئىشەنمەيمەن، ئۇنى ئۆز قولى بىلەن ياراتقان تەڭرىم ئۇنىڭغا شۇنداق تەقدىرنى راۋا كۆرەرمۇ؟"
"بىلمىدىم، قىسمىتىم شۇنداق ئوخشايدۇ."
"بىز قېچىپ كېتەيلى يۇلتۇز. دەرد ـ ئەلەم، شۇم نىيەت بولمىغان ئەركىن، خىلۋەت جايلارغا كېتەيلى."
"ياق ئەزىزىم، هاكىم دادام بىزنى تۇتىۋالماي قويارمۇ؟"
"ئۇ سىزنىڭ هاكىم دادىڭىز ئەمەس، ئىنسانلىقنى تەرك ئەتكەن قارا نىيەت مەلئۇن. ئەجەبكى سىز ئۇنىڭ يالغان ۋەدىلىرىگە ئىشىنىپ كەتكەن بولسىڭىز؟"
"خەير ـ خوش، ئەمدى ماڭا رازىلىق بېرىڭ ئەزىزىم."
"سىزگىما؟"
"هەئە ماڭا. مېنى زاۋۇتقا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرغۇدەك، ماڭا تالاي ـ تۈمەن بەخت، راهەت ئىنئام قىلغۇدەك."
"بىلدىم، سىز ئەمدى شۇ ئىنئاملارنى قوبۇل قىلىش ئۈچۈن كېتىۋاتىسىز، شۇنداقمۇ؟"
"مەن ئەمەس، مېنىڭ ئاق كېپىنىم."
"ئۆزىڭىزچۇ؟"
"مەن مەڭگۈ سىز بىلەن بىللە."
يۇلتۇزنىڭ سىماسى مۇشۇ ئاۋاز بىلەن بىللە بارا ـ بارا غۇۋالىشىپ، بىردىنلا ئاقۇچ تۇمانغا ئايلىنىپ كەتكەندەك بولدى.
"يۇلتۇز...!" قەيسەر چۆچۈپ كارىۋىتىدىن تۇرۇپ كەتتى ۋە مېڭىسىنى چىرمىۋالغان قاتتىق ۋەهىمىدىن قارا تەرگە چۆمۈلۈپ، كارىۋاتتىن يۆتىنى ساڭگىلىتىپ خىيال بىلەن ئولتۇرۇپ كەتتى. "بۇ نېمە ئىش، قارا باستىمۇ مېنى، ياكى چۈشۈم بۇزۇلدىمۇ ۋە ياكى بۇ يۇلتۇزنى كۆتۈپ تۇرغان بەختسىز قىسمەتنىڭ ئالدىدىن بېرىلگەن بىشارىتىمۇ؟"
بىر چاغدا سىرتتا ئاتنىڭ دۈكۈرلىگەن ئاۋازى، ئاندىن گايىز پالۋاننىڭ تونۇش يۆتىلى ئاڭلاندى. ئۇ قەيسەرنى توغاچ، خام قايماق ھەم پىشۇرۇلغان گۆش بىلەن يوقلاپ كەلگەنىدى.
ـ ئىش چاتاق ئۇكام، ـ دېدى ئۇ گۆشنى قەلەمتۇرىچى بىلەن كېسىپ پارچىلاپ قەيسەرنىڭ ئالدىغا ـ داستىخان ئۈستىگە قويىۋېتىپ، ـ ئوغرى دۆيۈزلەر قارىغايدىن يەنە كېسىپتۇ. ساناپ باقتىم، نېرى ـ بېرى 22 تۈپ. يوغان بىر تۈپىنى كۆتۈرەلمىگەن چېغى، كەسكەن جايغىلا تاشلىۋېتىپ كېتىپتۇ. قارىغاندا بىزگە ئادەم كۆپەيتىپ بەرمىسە بولمايدىغان ئوخشايدۇ. مەن قېرىپ كۈچتىن قالغان ئادەم، سىز بولسىڭىز ئاغرىق...
ـ يايلاق، دەريا، ئورمان، تاغ ھەممىسى بىر پۈتۈن گەۋدە. ئۇنى قوغداش توغرىسىدا يۇقىرىدىن مۇناسىپ تەدبىر قوللانمىسا، يالغۇز ئورماننى قوغداش ئۈچۈن بىز ئىككى

ئادەم ئەمەس، يىگىرمە ئادەم كەلسىمۇ بىكار. مەن مۇشۇ توغرۇلۇق ئورمانچىلىق ئىدارىسى بىلەن شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە دوكلات يېزىۋاتقان، ئەمدى مەن مۇشۇ ئىشنىمۇ قوشۇپ يازىمەن.
- ئۇنىڭ قانچىلىك رولى بولار، باشقىلار ئوقۇرمۇ ئۇنى؟
- ئوقۇيدۇ، بۈگۈن ئوقۇمىسا ئەتە ئوقۇيدىغان بولىدۇ، ھامان ئوقۇيدۇ.
- ئەمىسە شۇ دوكلاتىڭىزنى يېزىپ بولۇپ ماڭا تاپشۇرۇڭ ئوغلۇم، - گايىز پالۋان ئۈمىدلىنىپ ئورنىدىن قوزغىلىپ قويۇۋىدى، كونا ياغاچ كارىۋات قىرسلاپ كەتتى، - قېرى جېنىمدا ئۈمۈلەپ بولسىمۇ بېرىپ ھەق قارارىغا تاپشۇرىمەن. تووۋا دەيمەن، نېمە بولۇپ كەتتى بۇ جاھان؟ بۇرۇنلاردا ئوغرى - بۇلاڭچى دېگەن گەپنى ئاڭلىساق ھەيرانلىقتىن ئاغزىمىز ئېچىلىپ قالىدىغان. ئەمدى شۇ ئوغرى - بۇلاڭچىلار بىزنىڭ تاغقا كەلگەن ئوخشايدۇ، - گايىز پالۋان ئوغرىلىقچە كېسىلگەن ئورمانلارغا ئىچى قايناپ ئوغرىلارنى خېلىغىچە قاغاپ تىللىدى. ئۇ كېتىش ئۈچۈن ئىشىككە ماڭغاندا قەيسەر ئۇنىڭ ئۇنىمىغىنىغا ئۇنىماي ھاسىغا تايىنىپ ئېتى باغلانغان موما ياغاچ تۈۋىگىچە ئۇزۇتۇپ چىقتى. قەيسەر ئارقا - ئارقىدىن يۈز بېرىۋاتقان بۇ ئىشلار ئۈچۈن گايىز پالۋاندىن ئارتۇقراق ئىچى قاينايدۇ. بىراق ئۇ مۇشۇ ھالى بىلەن نېمىمۇ قىلالىشى مۇمكىن؟ بۇ زېمىندا يۈز بېرىۋاتقان بۇزغۇنچىلىق خاراكتېرىدىكى قانۇنسىز پائالىيەت يالغۇز ئورمانلارنىلا ۋەيران قىلىۋاتقىنى يوق. بۇ خىل بۇزغۇنچىلىقنىڭ ۋەھىمىلىك تاپىنى ئاستىدا يەنە يايلاقلار، كۆل، دەريالار، تاغلار، ھەتتا تىرىك جانلىقلارمۇ ھالاكەت تەھدىتىگە دۇچ كەلدى. مۇشۇ دەھشەتلىك پاكىتنى "بىز مۇشۇ زېمىننىڭ ئىگىسى" دەپ ئىپتىخارلىنىپ يۈرگەن ئادەملەرنىڭ قانچىسى بىلەر؟ ياق! ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە بىلدۈرۈش كېرەك. قەيسەر دېرىزە تۈۋىگە قويۇلغان كونا كەنترگە مۈكچىيىپ، ھەر كۈنى ماغدۇرىنىڭ يېتىشىچە ئاز - ئازدىن يېزىۋاتقان ماقالىسىنى يەنە داۋاملاشتۇرۇشقا باشلىدى. قەلەم ئاق قەغەز ئۈستىدە كۈندە سائەت - سائەتلەپ چاپاتتى. قەيسەر بېلى تېلىپ، پۇت - قوللىرى ئۇيۇشۇپ ھالىدىن كەتكەندىن كېيىنلا قەلەمنى تاشلاپ، ھاسىغا تايىنىپ بېرىپ ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلايتتى. ئەمما تەپەككۇرى كاردىن چىقىۋاتقان بۇ ئۇلۇغ زېمىننىڭ شورلىشىپ كېتىۋاتقان تۇپراقلىرىدا، قۇم ئاستىدا كۆمۈلۈپ قېلىۋاتقان باغ - بوستانلىرىدا، تۈركۈم - تۈركۈملەپ قىرىلىۋاتقان جان - جانىۋارلارنىڭ چۆلدەرەپ قالغانئۇۋىلىرى ئەتراپىدا كېزىپ يۈرەتتى. ئۇ ئالىي مەكتەپتىكى چېغىدا ئاچكۆزلۈك بىلەن يىغقان كىتاب - ماتېرىياللىرى ھەم كېچە - كېچىلەپ يازغان تەسىرات يازمىلىرىنىڭ ئەمدى ئەسقاتقىنى ئۈچۈن خۇشال ئىدى. ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىدىكى يەششىكلەردە خېلىدىن بېرى بېسىلىپ يېتىۋاتقان توم - توم، باغلام - باغلام كىتاب - ژۇرناللار قەيسەرنىڭ ئالدىدا ئەمدى رېئاللىق ۋە ھەقىقەتنىڭ ئاجايىپ ھېكمىتىنى نامايان قىلىۋاتاتتى. ئۇ يازغانسېرى بەتلەر كۆپىيىپ، قېلىنلاپ بارماقتا. لېكىن ئۇ شۇنچىۋالا كۆپ قولىيازمىلارنى نەگىلا ئەۋەتسۇن ئۇنى سەۋرچانلىق بىلەن ئوقۇپ چىقىدىغانلاردىن قانچىلىك ئادەم چىقار؟ ياق، شۇنداقتىمۇ، ھازىرچە ئۇنىڭ قولىيازمىلىرى بىر باغلام تاشلاندۇق قەغەز سۈپىتىدە قارىلىدىغان تەقدىردىمۇ يېزىش، بۇ ئارقىلىق ئۇلارغا شۇنداق بىر ھەقىقەتنى - ئىنسانىيەت ئۈچۈن پەقەت بىرلا يەر شارىنىڭ بار ئىكەنلىكىنى، ئۇنى سۆيۈش ماھىيەتتە ئۆزىنى سۆيۈش ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش

كېرەك. بۇنى ئۇلار ئىگراۋاتقان تەبىئەتنىڭ كۆز ياشلىرىدىن بىلمىسە، قەھرىلەنگەن تەبىئەتنىڭ جازاسىدىن چوقۇم بىلىدۇ. شۇ چاغدىلا ئۇلار بۇزۇش ئەمەس، تىكلەشنى، بۇلاڭ - تالاڭنى ئەمەس، قوغداشنى، شەپقەتسىزلىكنى ئەمەس مېھىر - مۇھەببەتنى ئۆگىنىدۇ.
شىمال تەرەپتىن بىر كېچىدىلا يۇپۇرۇلۇپ كەلگەن جۇدۇنلۇق تۇمان گىلەم يايلاق ئاسمىنىنى قاپلاپ، ئۇ دەسلەپ سىمىلداپ ياغقان كۆك يامغۇرغا، ئاندىن قارغا ئايلاندى. شۇنىڭدىن كېيىن تاغ ھاۋاسى قاتتىق بولىدىغان قىشتىن شەپە بېرىپ بىردىنلا سوۋۇپ كەتتى. ياز بويى بەرق ئۇرۇپ ئېچىلىپ تۇرغان رەڭمۇ - رەڭ گۈللەرنىڭ جىلۋىدار ھۆسن ئەمدى قېنى؟ ھەممىسى سولاشقان، سارغايغان. تاغ ئارىسىدا خۇددى ئىسقا ئوخشاش ئېغىر، خۇنۈك، قەھرىدىن مۇز يېغىپ تۇرىدىغان كۆكۈچ سوغۇق تۇمان مانايقىپ يۈرەتتى. مانا بۇ گىلەم يايلاقنىڭ ئەڭ كۆڭۈلسىز چاغلىرى. قوي - قوزىلار قوتانلاردا دۈگدىيىشىدۇ، مالچىلار قىشلىق ئوت - چۆپ، يەم - خەشەكنىڭ ھەلەكچىلىكىدە چالا قالغان ئىشلىرى ئۈچۈن تەرەپ - تەرەپكە پالاقشىيدۇ...
قەيسەر ئورمانلىقتا يۈز بېرىۋاتقان قالايمىقانچىلىقلار، ئۇ دۇچ كېلىۋاتقان خەۋپ ھەم قىيىنچىلىقلار توغرۇلۇق يازغان دوكلاتىنى گايىز پالۋاننىڭ شەھەرگە ئېلىپ كېتىپ "ئۆز قارار جايىغا تەگكۈزدۈم ئۇكام، سەن كىمگە بەر دېسەڭ شۇنىڭغا... ئىنشائاللا، ئەمدى تەلپىمىز ئىجاۋەت بولماي قالمايدۇ" دەپ خۇشال بولۇپ كەلگىنىگە قاي زامان؟ لېكىن يۇقىرىدىن قەيسەر، گايىز پالۋان تەشنا بولىۋاتقان تەدبىرلەرنىڭ بىرەرسىمۇ كۆرۈلگىنى يوق. قەيسەر نەچچە كۈن ئىلگىرى شەھەرلىك ئورمانچىلىق ئىدارىسىدىن يوقلاپ كەلگەن بىرسىدىن ئۇ ئويلاپمۇ باقمىغان تولىمۇ كۆڭۈلسىز خەۋەرنى ئاڭلىدى. قەيسەرنىڭ خېتىنى ئوقۇپ چىققان شەھەر باشلىقلىرىدىن بىرسى "بۇ قانداق خەت؟ مېنىڭچە بۇ يامان غەرەزدە قىلىنغان قۇتراتقۇلۇق، ئىجتىمائىي مۇقىملىققا قارشى توۋلانغان خاتا مۇقام. ھەرقانداق ئىشقا ئومۇملۇق نۇقتىسىدىن قاراش كېرەك - تە. ئۇنىڭ يازغانلىرى ئىنتايىن ئايرىم ئەھۋال، چۆچۈپ كەتكۈدەك ئىش ئەمەس. ۋەزىيەت يەنىلا چوڭ ياخشى." دەپ تەستىق سالغانمىش. قەيسەر بۇنى ئاڭلاپ ئازابلىنىپ ئاچچىق كۈلدى. نېمە دېگۈلۈك؟ بىزنىڭ بۇ زېمىندا ئاجايىپ ئادەملەر يېتىشىپ چىقتى. ئۇلار ھەرقانداق نەرسىگە سىياسىي كۆز بىلەن قاراشقا، سىياسىي تۈس بېرىشكە ئادەتلەنگەن. ئۇلار بەئەينى زاۋۇتتا تۈركۈملەپ ئىشلەپچىقىرىلغان ماشىنىلارغا ئوخشايدۇ، شۇڭا ئۇلار مۇستەقىل پىكىر قىلىشقا، ئويلىنىشقا قادىر ئەمەس.
قەيسەر يارىلىرى ساقىيىپ، ئازراق ماغدۇرىغا كېلىپ ھاسا تاياقنى تاشلىغۇدەك بولىۋىدى، ئۆيدە يالغۇز بىر كۈنمۇ تۇرغۇسى كەلمىدى. ئۇنىڭ كۆڭلىنى تىنچسىزلاندۇرۇپ ئارامىنى بۇزىدىغان، ئەسەبىلىرىنى قوزغىتىدىغان خىياللار جىق ئىدى. سادىر ئىسمايىلنىڭ يۆتكىۋېتىلىشى، يۇلتۇزنىڭ تەسادىپىي شەھەرگە كېتىپ قېلىشى، ئورمانلارنىڭ ئوغرىلىقچە كېسىلىشى، كېلەر يىلى تېرىلىدىغان قارىغاي ئۇرۇقلىرىنىڭ يىغىلماي قېلىشى، گىلەم يايلاقتا - بۇ گۈزەل زېمىنىنىڭ بېشىغا ئارقا - ئارقىدىن كېلىۋاتقان ئېغىر قىسمەت...
ئۇ بىر كۈنى قېلىن كىيىنىپ، ئاق قاشقىسىنى توقۇپ چىقتى - دە، پەم بىلەن

مىنىپ دەريانىڭ يۇقىرىسىنى بويلاپ يۈرۈپ كەتتى. خېلى ۋاقىتتىن بېرى ئېغىلدا يالغۇزسىراپ، تىنىمسىز كىشنەپ، يەرنى چاپچىپ ئارام بەرمەيۋاتقان ئاق قاشقا ئەمدى خۇشاللىقىدىن پۇتى يەرگە تېگىپ - تەگمەي يېنىك يورغىلاپ كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، تىزگىن سېرىپ ئالدىغا ئىنتىلىشلىرى خۇددى قەپەزدىن بوشىغان قۇشنىڭ بىپايان ئاسماندىكى ئەركىن پەرۋازىنى ئەسلىتەتتى. نەچچە ئايدىن بېرى دوختۇرخانىدا كېسەل تارتىپ، ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن يالغۇزلۇق ھەم ئىشسىزلىقتىن زېرىكىپ يۈرىكى سىقىلىپ كەتكەن قەيسەر ئەمدى كۆڭلى بۆلەكچە يايراپ، ئادەتتىن تاشقىرى راھەتلىنىپ كەتتى. ھاۋا سوغۇق ئىدى. يايلاقلار، دۆمبەللەر تۈنجى ياغقان يۇپقا قار بىلەن ئاقىرىپ كۆرۈنەتتى. تاغلار، دۆمبەللەر راھەتلىنىپ ئۇيقۇغا كەتكەندەك... پەقەت ئاق تېكە دەرياسىلا قىرغاقلارغا بۇژغۇن چاچرىتىپ شارقىراپ ئېقىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ھەيۋەتلىك شارقىراشلىرىدىن ئالەمنىڭ مەڭگۈلۈك نەپەسلىرى، يۈرىكىنىڭ تىنىمسىز دۈپۈلدەشلىرى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى پەقەت زېمىنلا ئاپىرىدە قىلىشقا قادىر بولغان كۈيدەك لەرزان ھەم يېقىملىق ئىدى. ئاق قاشقا قەيسەرنى ھايال ئۆتمەيلا قېلىن قارىغايلىق ئارىسىغا ئېلىپ كىردى. مانا، قەيسەرنى تالاي كۈنلەردىن بېرى تەلمۈرتكۈزگەن، سېغىندۇرغان نەمخۇش، ئىللىق ھاۋا... قارىغايلار بۇ زېمىنىنىڭ مەڭگۈلۈك خوجايىنلىرىدەك شۇ قەدەر مەزمۇت، مەغرۇر ھەم خاتىرجەم... قەيسەر ئورمانلارنى شۇنىڭ ئۈچۈن ياخشى كۆرەمدىكىن؟ نېمىشقىكىن، مۇشۇ ئورمانلار، مۇشۇ ياپيېشىلچىلىق ئۇنىڭغا ھاياتلىقنىڭ ھەقىقىي كۈچ - قۇدرىتىنى، لەززىتىنى، راھىتىنى ھېس قىلدۇرىدۇ. شۇنداق... نېمىكى ۋە كىمىكى زېمىنغا تېۋىنسا، باغرىنى باسسا، مۇھەببەت قويۇشنى بىلسە زېمىن ئۇنىڭغا ھاياتلىق كۈچى، گۈزەللىك ۋە ئەرك سەلتەنىتى ئاتا قىلىدۇ. قەيسەر ئېتىنىڭ سۈرئىتىنى ئاستىلىتىپ، مېڭىشىنى ئۇنىڭ ئىختىيارىغا قويۇۋەتتى. قارىغاي ئاستىدىكى تېخى قار كۆمۈلۈپ ئۈلگۈرمىگەن ئوت - چۆپلەر يۇمشاق ھەم يېپيېشىل ئىدى. ئات گاھ توختاپ، گاھ كېتىۋېتىپ ئوتلارنى ئىشتىھا بىلەن يېمەكتە ئىدى. ئەمدى گايىز پالۋان ئۆتكەندە دېگەن يەرگە بېرىپ بېقىش كېرەك. ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە قانچىلىك ئورمانلار كېسىلىپ ئوغرىلاندىكىن؟ ئۇ يەر يىراق ئەمەس، باشقىلار ئۈچۈن سىرلىق ۋە ھەممە نېمىسى ئوخشاپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنىدىغان ئورمانلىق ئىچى قەيسەرگە بەش قولدەك ئېنىق. كۆڭلى تويۇپ تۇرغان... يەنە شۇ دەريا بويى ئىكەن - دە! قەيسەر قارىغايلار تۈگەل كېسىلىپ، بىر پارچە ئاق، تاقىر يەرگە ئوخشاپ قالغان ئوچۇقچىلىققا كەلگەندە، بۇ يەردىكى ۋەيرانە مەنزىرىنى كۆرۈۋاتقان كۆزلىرىگە ئىشەنمەي قالدى. بۇرۇنلاردىكى غۇلچىغا نەچچە ئادەمنىڭ قۇچىقى يەتكۈسىز ھەيۋەت، قارىغايلار ئورنىدا ئەمدى دۆمبەل - دۆمبەل كۆتەكلەر ياتاتتى. ئەمدىلا يىلتىز تارتىشقا باشلىغان يۇمران قارىغاي كۆچەتلىرى ماشىنا چاقى ئاستىدا چەيلىنىپ كەتكەنىدى. بىر تۈپ قارىغاي تۈۋىگە يىقىلغان ئوتتا شاخلىرى، قوۋزاقلىرى بىلەن قوشۇلۇپ كۆيۈپ، چۇچۇلا بولغان بىر تال موما ياغاچقا ئوخشاپ قالغانىدى.
"مانا، بىز پەخىرلىنىپ يۈرگەن ئورمانلىقنىڭ ھالى، - ئات ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئەتراپقا نەزەر سېلىۋېتىپ ئازاب بىلەن ئويلىنىپ كەتتى قەيسەر، - مەن نېمىشقىمۇ ئۆيدە يېتىۋالغاندىمەن، بالنىستىن چىقىپ ئۇدۇللا مەشەگە كەلسەم بولماسمىدى؟ ئۆلسەممۇ

مەشەدە ئۆلسەم، قارىغايلارنىڭ يېنىغا ئۆملەپ بولسىمۇ بارسام، ئوغرىلار ئۇنى ھەرىدەۋاتقان چاغدا بىرىپ غولىنى مەھكەم قۇچاقلىۋالسام..."
قەيسەر خىيال بىلەن ئېغىرلاشقان بېشىنى ساڭگىلىتىپ دەريا ياقىلاپ يۇقىرىلاپ مېڭىۋەردى. ئالدىدا خېلىلا يىراقتا بىرئادەم ھارۋىسىغا نېمىنىدۇر بېسىش بىلەن ئاۋارە ئىدى. قەيسەر ئېتىنىڭ بېشىنى شۇ ياققا بۇراپ ھايال ئۆتمەي ئۇنىڭ يېنىغا يېتىپ كەلدى. ھەسەن كەكلىك قاچانلاردىدۇر ئورۇپ قويۇلغان، ئەمدىلىكتە قار ئاستىدا دۆمبەل ـ دۆمبەل كۆرۈنۈپ تۇرغان قۇرۇق ئوتنى ئارىدا سانچىپ ھارۋىغا بېسىۋاتاتتى.
ـ ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ھەسىنىكا!
ھەسەن كەكلىك ئارىدىكى ئوتنى يەرگە قويۇپ، يېرىم قىسىلغان كۆزلىرىنى ئاتلىققا تىكتى ـ دە، خۇشاللىقىدىن ئارىنى تاشلاپ پاپپاسلاپ ئاتنىڭ ئالدىغا كەلدى:
ـ يائاللا... قەيسەرجانمۇسىز؟ مانا، مانا، جان نەدە؟ خۇدا ساقلىغان يەردە دېگەن شۇ ـ دە... ساقىيىپلا قاپسىز، شۈكرى خۇدايىم! دوختۇردىن چىققىنىڭىزنى ئاڭلىدىم. بىرىپ بىر ئوغلاق تېرىسىگە ئېلىپ قوياي دېگەن ئويۇم بار ئىدى، نەچچە قېتىم جابدۇنماقچى بولدۇم. قارىمامسىز بۇ يالغۇزچىلىقتا...
ـ ئوت ـ چۆپنى ئەمدى يىغىۋاتامسىز، كېچىكىپ قاپسىزغۇ؟
ـ قانداق قىلىمەن ئۇكام؟ يايلاققا ئاپەت تەگدى. دورا كولىغۇچىلار كېتىۋىدى، ئارقىدىن چاشقان يامرىغىلى تۇردى. يايلاق قۇرۇپ كەتكەندىن كېيىن، بۇرۇنقىدەك كۆزدىلا ھارۋا ـ ھارۋىلاپ يىغىۋالدىغان ئوت ـ چۆپ بۇيىل نەدە دەيسىز؟ ھەي ئۇكام... ھالىمىز چاتاق جۇمۇڭ بىزنىڭ. مالنى قىشتىن قانداق چىقىرارمىز دەپ ھەممىمىزنىڭ بېشىدا غەم...
ـ پەممىچە بۇ يىل قىش قارمۇ قېلىن يېغىشى مۇمكىن.
ـ خۇدا ساقلىسۇن! بولمىسا بۇ قىش تۈگەشكىنىمىز شۇ جۇمۇڭ. سادىر چاڭجاڭ بار چاغدا بۇ چاغقىچە مالنىڭ قىشلىق يەم ـ بوغۇزلىرى دەپ قوتان ـ قوتانلارغا دۆۋىلىنىپ بولىدىغان، بۇ يىل مانا ھازىرغىچە يەم ـ بوغۇز دېگەننىڭ قارىسىمۇ يوق.
ـ ھە راست،ـ دېدى قەيسەر گايىز پالۋاننىڭ قايسى كۈندىكى مۇشۇ ھەقتىكى گېپىنى ئېسىگە ئېلىپ، ـ ئاڭلىسام بۇ يىل يەم ـ بوغۇزنىڭ باھاسى ئۆرلەپ كەتكەنمىش.
ـ ئۆرلەپ كەتسىمۇ قېنى شۇ يەم ـ بوغۇز؟ مەن بۇ يىل قىش ئۇكام نەچچە پۇل كەتسىمۇ يەم ـ بوغۇزغا تايانمىسام، ئوت ـ چۆپ بىلەن ماللىرىم قىشتىن چىقالمايدۇ. خۇدا بۇيرىغاندەك ئالدىمغا ئوبدانلا كېلىپ قالدىڭىز، مۇشۇ ئىشقا ئازراق ياردەم قىلالماسسىزمۇ؟
قەيسەر ھەسەن كەكلىكنىڭ ئارۋاڭ ـ سارۋاڭ كونا ئۈستىۋېشىغا، ساقاللىرى ئۆسكەن، قورۇق باسقان جۈدەڭگۈ چىرايىغا، كىرپىكلىرى بىر ـ بىرىگە چاپلىشىپ كەتكەن، سوغۇقتىن ياشاڭغىراپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ دەسلەپتە نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تۇرۇپ قالدى. بىچارە چال! ئۆزى شۇ ھالدا تۇرۇقلۇق، يەنە مالنىڭ غېمىنى يېمەكتە. ئۆزىگە كەلگەندە شۇقەدەر بېخىل. يىل بويى دۈم يېتىپ، دۈپ قوپۇپ، قاتتىق كۆمەچ غاجىلاپ، دەريانىڭ سوغۇق سۈيىنى ئىچىدۇ، قىشتا بىرەر قوينى ئۆلتۈرۈپ ئاسقۇغا ئېسىۋېلىشقا كۆزى قىيمايدۇ. ئەمما چارۋىلىرى ئۈچۈن شۇقەدەر سېخىي، يەم ـ بوغۇز ئۈچۈن نەچچە پۇل كەتسىمۇ مەيلى دەپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ قىشنى قىش،

سوغۇقنى سوغۇق دېمەي ماللىرى ئۈچۈن مۇشۇنداق سەكپارە بولۇپ يۈرگىنى، ئۆزىگە تىكىلگەن ئۈمىدلىك كۆزلىرى ئالدىدا قەيسەر ھەرقانداق قىلىپمۇ "كەچۈر ئاكا، مەن دېگەن ئورمان خادىمى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاددىي بىر پۇقرا. ساڭا نەدىنمۇ يەم - خەشەك ھەل قىلىپ بېرەلىشىم مۇمكىن؟" دېيىشكە ئېغىزى بارمىدى.

- ماقۇل، ئەمىسە بىر ئۇرۇنۇپ كۆرەي،- دېدىئۇ كۆپ ئويلىنىپ تۇرمايلا.

- ۋاي رەھمەت... ئىگەكىم شۇنداقلا بولسا...- دېدى ھەسەن كەكلىك ھاياجانلىنىپ،- بېشىمدىن بىر تاغ يىقىلاتتى ئۇكام، سىزنىمۇ رازى قىلاتتىم!

- مېنىمۇ، نېمە بىلەن؟ - قەيسەر چېقىشتى.

- بولدى، بىر ئەركەك قوي! قوتىنىمدىن تاللاپ تۇتىۋالسىز!

قەيسەر ئېتىنىڭ بېشىنى كەينىگە بۇردى. ئۆزلىرىگە تەۋە ئورمانلارنى تۈگەل ئارىلاپ چىقىش ئۈچۈن نەچچە كۈن كېرەك. ئۇ ئات ئۈستىدە يېرىم كۈن ئولتۇرغانغا بېلى تېلىپ، پۇت - قوللىرى سىرقىراپ، چىدىغۇسىز ئاغرىق ئۇستىخانلىرىنىڭ ئۆگە - ئۆگىلىرىنى ئاچكۆز چاشقاندەك غاجاۋاتاتتى. ئۇ كېتىۋېتىپ يول بويى يەم - بوغۇزنى ھەسەن كەكلىككە نەدىن، قانداق ھەل قىلىپ بېرىش توغرىسىدا ئويلاندى. ئۇ شەھەردىكى تونۇش - بىلىشلىرىنى، بۇرۇن ئىشلىگەن مەكتەپتىكى خىزمەتداش، ئەل - ئاغىنىلىرىنى بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ باقتى. ئەمما ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىغا سادىر ئىسمايىلدەك ئىشەنچ قىلالمىدى. سادىر ئىسمايىل ئۇنىڭ ئۈچۈن تەڭ يېقىن دوست، دىلكەش - قەلبداش ئىدى. ئۇ شەھەرگە يۆتكىلىپ كەتكەندىن كېيىن قەيسەرگە نەچچە پارچە خەت يازغان، ئەمما قەيسەر نېمە سەۋەبتىندۇر ئۇنىڭغا تېخىچە جاۋاب يازمىغان. ھەرقانداق ئىشنىڭ بىرەر سەۋەبچىسى بولىدۇ - دە. يەم - بوغۇزنىڭ گېپى چىقمىغان بولسا قەيسەر خەت يېزىشنى يەنە قانچە ۋاقىت كېچىكتۈرەتتىكىن؟ بۈگۈن ھەسەن كەكلىك بىلەن كۆرۈشۈپمۇ قالتىس ياخشى بولغانىكەن. سادىر ئىسمايىلنىڭ بۇرۇنقى خەتلىرىگە جاۋاب بەرگەچ، بۇ يەم - بوغۇزنى ھەل قىلىشنى ئەمدى شۇنىڭغا ھاۋالە قىلىش كېرەك.

قەيسەر كۈن بىلەن تەڭ ئۆيگە يېنىپ كەلدى. تاغ ئۈستىدە قاسقان تۇماقلىق، بومبا ساقال، گىگانت گەۋدىلىك بوۋاي... ئۇنىڭ قاردىن ئاق يەكتەك كىيگەن مەغرۇر گەۋدىسى كەچكى شەپەق ئاستىدا قىزغۇچ نۇر ئىچىدە ھەيۋەت قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى. قەيسەر ئاق قاشقىنى ئېغىلغا ئەكىرىپ قاڭتۇرۇۋېتىپ ئۆيگە كىردى - دە، مەشكە ئوت يېقىشقا تۇتۇندى. ئەتىگەندىكى ئوت ئاللىقاچان ئۆچۈپ سوۋۇپ كەتكەن ئۆي مەشتىكى كۆمۈرنىڭ چاراسلاپ كۆيۈپ ئۇلغىيىشىغا ئەگىشىپ ئاستا - ئاستا ئىللىشقا باشلىدى. مەش ئۈستىدىكى ئاليۇمىن چەينەك بىرخىل ئاۋازدا گىژىلدىماقتا ئىدى. پەنەرنىڭ ئاقۇچ نۇرى ئۆي ئىچىنى گىرىمسەن يورۇتۇپ تۇراتتى. قەيسەر چاينىڭ قاينىشىنى كۈتۈپ كارىۋاتقا سوزۇلۇپ، تالغان پۇتلىرىنى سوزۇپ ياتتى. چاي قايناپ مەش ئۈستىگە ۋاژىلداپ چاچرىغاندى. كېيىن ئىتتىك ئورنىدىن تۇرۇپ، كىچىك چەينەككە چاي دەملىدى، تاشقىرىقى ئۆيدىن نان بىلەن پىشۇرۇلغان گۆشتىن بىر پارچە كېسىپ ئەكىرىپ، چوغدەك قىزىرىپ كەتكەن مەش يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئالدىرىماي قورسىقىنى تويغۇزدى - دە، تەرلىرىنى سۈرتىۋېتىپ كەنتىر ئۈستىگە كەلدى. دوستىغا ئالدى بىلەن نېمىلەرنى يازسا بولار؟ ھەي... دەيدىغان گەپلىرىغۇ جىق. يازسا - يازسا تۈگەيدىغاندەك ئەمەس. ئەمما گەپنى نەدىن باشلاشنى

بىلەلمەيۋاتىدۇ. شۇڭا ئۇ كەنتىرنىڭ تارتمىسىنى ئېچىپ سادىر ئىسمايىلدىن كەلگەن خەتلەر ئارىسىدىن ئاخىرقى بىر پارچىسىنى ئېلىپ ئالدىغا يايدى. بۇ خەت تېخى تۈنۈگۈنلا كەلگەنىدى. مانا، ئۇنىڭ ئالدىدا قەدىردان دوستىنىڭ خەتنى ئۈستى ـ ئۈستىگە يازىدىغان تونۇش پۇچۇركىسى، قۇلىقى تۈۋىدە ھەمىشە ياڭراپ تۇرىدىغان دوستلارچە قىزغىن، يېقىملىق ئاۋازى:

"سالام قەدىرلىك ئىنىم قەيسەر! نېمىشقا خەت يازمايسەن، نېمىشقا خەتلىرىمگە جاۋاب بەرمەيسەن؟ توسۇشلىرىڭغا، نەسىھەتلىرىڭگە پەرۋا قىلماي ساتتار بىلەن توختام تۈزگىنىم، بۆرىلەرنى قىرغىن قىلىشنى ئاكتىپلىق بىلەن قوللاپ چىققىنىم ئۈچۈن مەندىن يەنە رەنجىپ يۈرەمسەن؟ بىلىمەن، مۇشۇ ئىشتا مەندىن كۆڭلۈڭ قالدى. راستىنى ئېيتسام، بۇ ئىشتا پۇشايمىنىم كۆپ. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى خەتكە ھەرگىز يېزىپ بولالمايمەن. سەن بىلەن دىدارلاشقاندا كۆڭلۈمدە يىغىلىپ قالغان گەپلەرنى ساڭا نەچچە كۈن تۆكسەم دەيمەن. شۇ كۈنلەر تېزراق كەلسىدى! بالىنىستىن چىققىنىڭنى ئاڭلىدىم. سەن ئىككى ئىلىك خەت يېزىپ ئەھۋالىڭنى بىلدۈرمىگىنىڭ بىلەن، تاغدىن كەلگەنلەر سەن توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىشتى. بالىنىستىن چىقىپ بىر مەزگىل ھاسا تاياققا تايىنىپ ئۆيۈڭدە، ئۆيىڭنىڭ ئەتراپىدا توكۇسلاپ يۈرۈپسەن. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاق قاشقاڭغا مىنىۋېلىپ، كۈندە دېگۈدەك ئورمانلارنى، دەريا بويلىرىنى، يايلاقلارنى ئارىلاپ يۈرگەنلىرىڭنى ئۇلار كۆرۈشۈپتۇ. سەن نېمە دېگەن بەختلىك ـ ھە؟ شۇنداق... شۇ قەدەر بەختلىك. سەۋەبى، سەن ھاساڭغا تايىنىپ ئاقساپ ماڭساڭمۇ، ئاق قاشقاڭغا مىنىپ شامالدەك ئۇچساڭمۇ ماڭىدىغىنىڭ يەنىلا سەن سۆيگەن، مەن سۆيگەن زېمىن. قىشنىڭ قەھرىتان سوغۇق شامىلىمۇ بۇرنۇڭغا ياز پەيتىدىكى رەڭمۇ ـ رەڭ ئېچىلغان تاغ گۈللىرىنىڭ خۇشبۇي ھىدىدەك مەززىلىك پۇرايدۇ. قارغا پۈركىنىپ ئاقىرىپ كەتكەن يايلاق ـ ئېدىرلار، يالىڭاچلىنىپ قالغان بۈك چاتقاللىقلار ئەسلىدىكى ھاياتلىق كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان ياپيېشىلچىلىقى بىلەن كۆزۈڭگە تاشلىنىدۇ. ئۇ يەردىكى ھەممە نەرسە ئانا باغرىدەك ئىللىق، ئۆز يارىڭدەك ئۇز، ئېتىقادىڭدەك پاك. شۇڭا سېنىڭ بۇ زېمىندا كۆرىدىغىنىڭ ھاياتلىقنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتى، ھېس قىلىدىغىنىڭ ھەقىقىي ئەرك تۇيغۇسى. بەخت ئادەمگە ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇلدۇرغۇزىدۇ دېيىشىدۇ. شۇڭا ئۇنتۇدۇڭمۇ مېنى؟ ئەجەبكى، ئىچىم پۇشقاندا، سېغىنغاندا يازغان نەچچە پارچە خەتلىرىمگە بىر پارچە بولسىمۇ جاۋاب خەت يېزىپ قويمىساڭ...؟ راستىنى ئېيتسام، مېنى ھەر مىنۇت، ھەر تىنىق سېغىندۇرغان نەرسە جېنىمدىن ئېزىز بىلىنىدىغان ئاشۇ يايلاقلىرىم، ئاشۇ تاغلىرىم، كۆكلى تاغ سۈيىدەك تازا، مېھرىلىك ئاشۇ مالچىلار... ۋاھ قويساڭ! شۇلارنى مەن شۇ قەدەر سېغىنىدىمكى، بىر چاغلاردا بۇرنۇمغا سېسىق پۇرىغان قوي ئېغىللىرىدا ئېغىنىغۇدەك، ھەسەن كەكلىكنىڭ ھېلىقى ئەسكى چاپىنىنىڭ پېشىگە كۆزلىرىمنى سۈرتكۈدەك بولۇپ كەتتىم. يەنە كونكرېتراق يازاي، ئەرزىيەت ئىدارىسىغا باشلىقمەن، لېكىن دۇنيادا ئەڭ بىچارىمەن. ھەر قاچان ئىشخانامنىڭ ئىشىكىنىڭ "تاك ـ تاك" قىلىپ چېكىلىشلىرىدىن خۇددى ساقچى ئۈستىدىن باستۇرۇپ كەلگەن ئوغرىدەك قورقىمەن. كۆزلىرى ماڭا ئۈمىد بىلەن تەلمۈرۈپ تۇرغان ھەسرەتلىك، غەزەپلىك، ئەلەملىك چىرايلار ئالدىدا بېشىم خۇددى ئېغىر گۇناھ ئۆتكۈزۈپ تۇتۇلۇپ قالغان جىنايەتچىدەك يەرگە ساڭگىلايدۇ. ئۇلارنىڭ ئەلەملىك سوئال ـ خىتابلىرى

ئالدىدا مەن گاچا ئادەمدەك زۇۋانسىز ئولتۇرىمەن. ئۇلار دەرد ـ ھەسرەتتە مىڭ يېرىدىن تۆكۈلۈپ يىغلىسا، مەن ئىچىمدە يىغلايمەن. نېمىشقا شۇنداق؟ ئالدىمغا كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى دەردمەنلەر، ئەرز ـ ھال ئېيتىپ كەلگۈچىلەر. ئەمما مەن ئۇلارغا ھېچنېمە قىلىپ بېرەلمەيمەن. ساڭا بۇ خەتتە بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرەي، ھەر يىلى ئاشلىق ھەم پاختىدىن ئۇدا مول ھوسۇل ئېلىپ كەلگەن بۇ شەھىرىمىز بۇ يىل قوناق بىلەن پاختىدا بىراقلا دۇم چۈشتى. بۇنىڭ سەۋەبى، شەھىرىمىزدىكى يېزا ئىگىلىكىگە مەسئۇل ئاساسلىق بىر رەھبەرنىڭ (ئىسمىنى يېزىشقا قولۇم بارمايدۇ) ئىچكىرىنىڭ مەلۇم يېرىدىن ئۇرۇقلۇق قوناق ھەم چىگىت يۆتكەپ كېلىپ، ئۇنىڭ شەھىرىمىزنىڭ يەر ـ تۇپراق شارائىتى ۋە ھاۋا كېلىماتى بىلەن ماسلىشىدىغان ـ ماسلاشمايدىغانلىقى بىلەن ھېسابلاشماي، ئۇنى شەھەر بويىچە مەجبۇرىي تېرىتقانلىقىدىن بولدى. قوناق ئۆگزە بويى بوي تارتىپ، كېۋەز ھەر تەرەپكە شاخلاپ بولۇشچە ئۆسۈۋەردى ـ يۇ، قوناق 10 ـ ئاينىڭ بېشىدىمۇ پىشمىدى، كېۋەز 10 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدىمۇ ئېچىلمىدى، كېۋەزنىڭمۇ بىۈگۈن ئېچىلمىسا ئەتە ئېچىلار دەپ تەمە بىلەن ساقلاپ تۇرۇش مۇمكىن، ئەمما قوناقنى ساقلاپ تۇرۇش مۇمكىنمۇ؟ يەرنى بىكارلاپ ئورنىغا كۈزگى بۇغداي تېرىش كېرەك. نەتىجىدە نېمە بولدى؟ يۇقىرىدىن چۈشكەن بىرلا بۇيرۇق بىلەن بىچارە دېھقان ئەمدىلا دان تۇتۇشقا باشلىغان قوناقلىرىنى ئورۇپ، كۈزگى بۇغدايغا ئورۇن بوشىتىشقا مەجبۇر بولۇشتى. مۇشۇنىڭ كاساپىتىدىن ھەممە يەرگە ـ يېزىغىمۇ، شەھەرگىمۇ خام قوناق بىلەن كۆپكۆك قوناق شېخى يىغىپ كەتتى. ئويلاپ باق، بىچارە دېھقانىنىڭ ھەر ـ بىر مويەرگە سۇلياۋ يوپۇق، خىمىيىۋى ئوغۇت، سۇ پۇلى، دورا ھەققى... يەنە قانچە ـ قانچە ھەقلەر ئۈچۈن تالاي پۇل خەجلەپ، يىل بويى ئېتىزدىن كەلمەي ئات ـ كالىدەك ئىشلەپ ئەڭ ئاخىردا دان ئەمەس، قۇرۇق شاخنى يىغىۋېلىشى قانداق ئېچىنارلىق؟! بۇرۇنقى يىللاردا ھەر يىلى كۈزدە ئاشلىق بىلەن پاختا سېتىپ قولى تۇتام ـ تۇتام پۇل كۆرگەن، ئەمدىلىكتە كۆرىدىغان بىر سېنىت پۇلنىڭ ئورنىغا گەدىنىگە نەچچە مىڭ يۈەنلەپ قەرز ئارتىۋالغان بىچارە دېھقانلار خام قوناق بىلەن كۆپكۆك قوناق شاخلىرىنى ھارۋىلىرىغا بېسىشىپ، زار ـ زار قاخشىغىنىچە ئىشخانامنىڭ ئالدىغا كېلىشتى ھەم تارتقان زىيانلىرى ئۈچۈن تۆلەم بېرىشنى، بۇ پاجىئەنى كەلتۈرۈپ چىقارغان باشلىقنىڭ مەسئۇلىيىتىنى سۈرۈشتە قىلىشنى تەلەپ قىلىشتى. مەن بۇ تەلەپلەرنى دەرھال يۇقىرىغا يەتكۈزدۈم، ئۇلار نامراتلىقتىن ئەمدىلا قۇتۇلۇشقا باشلىغان دېھقانلارنى قايتىدىن خانىۋەيرانچىلىققا سالغان بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى چوقۇم تەكشۈرىدۇ، مەسئۇلىيەتنى سۈرۈشتە قىلىدۇ دەپ ئويلىدىم. لېكىن ئۇلار بۇ ئىشقا ھېچكىم ئويلىمىغان يەردىن جاۋاب بېرىشتى. قوناقنىڭ پىشماسلىقى، كېۋەزنىڭ ئېچىلماسلىقى تامامەن يازدىكى ھاۋا رايىنىڭ نورمالسىزلىقىدىن، تېمپىراتۇرىنىڭ تۆۋەنلىكىدىن بولغانمىش. شۇڭا مەن ئاشۇ دەردمەن دېھقانلارغىمۇ مۇشۇنداق جاۋاب بېرىشىم، گۇناھ ۋە جاۋابكارلىقنى ئادەملەرگە ئەمەس، تەبىئەتكە ئارتىپ قويۇشۇم كېرەك. شۇنداق قىلدىم، يۈرىكىم ئازابتىن ئۆرتىنىپ، غال ـ غال تىترەپ تۇرساممۇ، تىلىم كالۋالىشىپ، كۆزلىرىم خۇددى جىنايەت ئۈستىدە تۇتۇلغان ئوغرىنىڭ كۆزلىرىدەك ئالاق ـ جالاق بولۇپ تۇرسىمۇ، دادامدەك سېخىي، ئانامدەك مېھرىبان ھىممەتلىك تەبىئەتكە ئاشۇ ئادەملەرگە تېگىل گۇناھلارنىڭ ھەممىسىنى

ئارتتۇۋەردىم. مەن جىمى ئالەمنىڭ ياراتقۇچىسى بولمىش ئۇلۇغ تەڭرىگە ھاقارەت ياغدۇرىۋاتاتتىم، دادامنىڭ يۈزىگە تۈكۈرۈپ، ئانامنىڭ چاچلىرىنى يۇلۇۋاتاتتىم. چۈنكى مەن ئەمدى ئادىمىيلىكىمنى، ۋىجدانىمنى، ئېتىقاد ۋە ئىمانىمنى يوقاتقانىدىم. دېھقانلار مېنىڭ كىملىكىمنى، فىرمىغا چاڭجاڭ بولۇپ تۇرغان ۋاقىتلاردا مېنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقىمنى، تاغلىقلارنىڭ مېنى نەقەدەر ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئوبدان بىلىدىكەن، شۇڭا ئۇلار مېنىڭ سۆزلىرىمنى ئاڭلاپ قۇلاقلىرىغا ئىشەنمەي قېلىشتى. تاغلىقلارنىڭ ئەڭ ھۆرمىتىگە ئېرىشكەن مەندەك چاڭجاڭنى ئەمەس، يات - ناتونۇش ئادەمنى كۆرۈۋاتقاندەك ماڭا چەكچىيىپ قاراشتى. دۇرۇس، مەن ئاشۇ تاغلىق زېمىن ۋۇجۇدىمدا ئاپىرىدە قىلغان روھىيىتىمنى، يۈرىكىمنى، قىسقىسى، ئادىمىيلىككە خاس مەۋجۇدلۇقىمنى ئاللىقاچان يوقاتقان، باشقىلار قۇلىقىمنى قانداق بۇراپ قويسا شۇ مۇقامدا سايراشنى بىلىدىغان دۈنيالغۇغا ئوخشاپ قالغانىدىم. دېھقانلار غەزەپ كۈچىدە ئۆزلىرىنى باسالماي خام قوناق بىلەن قوناق شاخلىرىنى كاللامغا ئېتىشتى. كىملەردۇر گېپىمنى مەسخىرە قىلىپ قاقاقلاپ كۈلۈشتى. كىملەردۇر ئەڭ يامان تىل بىلەن تىللاپ قورسىقىنى بوشىتىۋېلىشتى - دە، ئىشخانامدىن چىقىپ كېتىشتى. مەن ئۇلارنىڭ غەزەپلىك سوئال - خىتابلىرىنىمۇ، ھەسرەتلىك ئەرز - شىكايەتلىرىنىمۇ، قەھرلىك تىل - ھاقارەتلىرىنىمۇ، مەسخىرىلىك كۈلكىلىرىنىمۇ جىمجىت سۈكۈت ئىچىدە قوبۇل قىلدىم. سۈكۈت مەن ئۈچۈن ئەڭ چوڭ غەلىبە ۋە تەسەللىي ھېسابلىناتتى. ئىشخانام بىردىنلا چۆل - جەزىرىدىكى گۆرۈستانلىقتەك جىمجىت بولۇپ قالدى. چۈنكى كىشلەر ئەمدى ماڭا ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قېلىشقانىدى. مەن كىشلەر نەزەرىدىن يىقىلغانىدىم. ئىدارىدىكى مۇئاۋىن جۈيجاڭ، ئىشخانا مۇدىرى، يەنە كىم - كىملەر بۇرۇنلاردىلا شاھمات بىلەن قەرتنىڭ كونا ئۈلپەتداشلىرى بولۇپ قېلىشقانىكەن، مەن كېلىپلا ئۇلارنىڭ بۇ ئويۇنلىرىنى تىرە - پىرەن قىلغان، "قانداق ئادەملەر - ۋاي، ھەرقايىسىڭ؟ خىزمەت ۋاقتىدا ئويۇن ئويناپ ھۆكۈمەتنىڭ مائاشىنى بىكار ئېلىشقا ئۇيالمامسەن؟ خىزمەت دېگەن خىزمەت، ئويۇن دېگەن ئويۇن. بۇنىڭدىن كېيىن سەككىز سائەت ئىچىدە ھېچقايىسىڭ خىزمەتتىن باشقىنى قىلىشمايسەن" دەپ ۋارقىرىغان. ئەمدى مەنمۇ ئاشۇ بىكارچىلار توپىغا قوشۇلۇشقا مەجبۇر بولدۇم. ئۇلاردىن بىرلا پەرقىم، ئىشخانا ئالدىغا چىقىپ قەرت بىلەن شاھمات ئوينىمايمەن، ئەتىگەندە ئىشخانىغا كېلىپ ئىككى سائەت گېزىت ئوقۇيمەن، ئاندىن ئۆيۈمگە چىقىپ بالا باقىمەن. بىلىپ قوي ئاداش، قەلبىمگە تالاي ئارزۇ، بۈيۈك مەقسەتلەرنى پۈككەن، ئەل خىزمىتى ئۈچۈن ئۆزۈمنى پەرۋانىدەك ئۇرۇشقا تەييار تۇرغان، ئەمما شۇنداق قىلىش ماڭا نېسىپ بولمىغان ئېتى ئۇلۇغ، سۈپىرىسى قۇرۇق بىچارە باشلىقمەن.

ئەمدى گىلەم يايلاق توغرىسىدا يازاي، خەپ...! مەن ئاشۇ گىلەم يايلاقنى زادى ئويلىماي دەيمەنۇ، يەنە ئويلايمەن. ئۇ توغرۇلۇق يازماي دەيمەنۇ، يەنە يازغۇم كېلىدۇ. سەۋەبى، ئاشۇ زېمىنغا بولغان ئوتلۇق سېغىنىش، ئەسەبىي تەشنالىق مېنى مىنۇتسېرى ئازابلايدۇ، خاتىرجەملىكىمنى بۇزىدۇ. مەن دەرد - ھەسرەتتىن بىردەم بولسىمۇ خالاس بولاي دەپ سورۇنلاردا ئۆلگىچە ھاراق ئىچىۋاتقان، خوتۇنۇمنى باغرىمغا بېقىپ لەززەت سۈرۈۋاتقان، بالامنى باغاشلاپ سۆيۈپ باش - كۆزىنى

پۇراۋاتقان چاغلىرىمىدىمۇ گىلەم يايلاق كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. ھەتتا ئۇ يەرنىڭ تاقىر تاشلىرى بىلەن، قىش بويى ئادەمنى ۋەھىمىگە سېلىپ چىقىدىغان كۈلتۈك قارلىرىنىمۇ چۈشۈمدە چۈشەپ چىقىمەن. ئۇ يەرگە نېمىشقا ئۇنداق كۆيىدىغاندىمەن، خوتۇنۇم ئوتقاشتەك گىلەملەر بىلەن بېزەتكەن بۇ شاھانە ئۆيۈمدىن نېمىشقىمۇ مالچىنىڭ قاراڭغۇ، زەي گەمىلىرىنى ئەلا بىلىدىغاندىمەن؟ ئويلاپ ـ ئويلاپ بۇنىڭ تەكتىگە يەتتىم ئۇكام! ئەسلىدە مېنىڭ يىلتىزىم، روھىم، ئېتىقاد ۋە ئىمانىم ئاشۇ مۇقەددەس ئۇلۇغ زېمىندا قالغانىكەن. قاچانكى مەن  ئۇ يەردىن ئايرىلدىم، شۇ كۈندىن باشلاپ ئۆزۈمنىڭ ئادىمىيلىككە خاس ھەممە نەرسەم، ھەتتا مەۋجۇدلىقىممۇ يوقالغانىكەن. شۇتاپتا ھەسرەت چېكىدىغان، ئۆكۈنىدىغان نەرسىلىرىم شۇنچىلىك كۆپكى، گىلەم يايلاقتىن نېمىشقىمۇ كەتكەندىمەن دەپ پۇشايمان قىلىمەن. ئۇ يەردىن ئايرىلىشنى نېمىشقا راۋا كۆردۈم، نام ـ ئەمەلدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ياكى يۇقىرىنىڭ ئەدەپلىشىدىن قورقۇپمۇ؟ نېمىشقا ئورۇن ـ كۆرپەمنى ئۆشنەمگە يۈدۈپ قوتانلارنىڭ بىرسىگە كەتمىدىم، نېمىشقا مۇشۇنداق لەنتى ئەمەلدىن يايلاقنىڭ ئاددىي مالچىسى بولۇشنى ئەۋزەل كۆرمىدىم؟ شۇ تاپتا ماڭا تەسەللىي بولىدىغان، كۆڭلۈمنى ئاۋۇندۇرىدىغان دۇنيادا ئىككىلا نەرسەم قاپتۇ. بىرسى، ئۆيۈم، خوتۇنۇم، بالام، يەنە بىرسى، گىلەم يايلاق توغرىسىدا جىمجىت ئولتۇرۇپ سۈرىدىغان خىياللىرىم. مەن كېتىپ نېمە بولۇپ كەتتىكىن شۇ يايلاق؟ ساتتار گىلەم يايلاقنىڭ يىلىكىنى شوراپ يەنە گىدىيىپ، ئۆزىنى سەمرىتىپ يۈرەمدۇ؟ دورا كولىغۇچىلار يايلاقنى چوشقا مالتىلىغاندەك مالتىلاپ قايسى ھالغا چۈشۈرۈپ قويغاندۇ؟ مالچىلارنىڭ ھال ـ كۈنى، قىشلىق ئوت ـ چۆپ تەييارلىقى قانداقكىن؟ مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى كۆڭلۈمنى پاراكەندە قىلىدىغان ئىشلار بولسىمۇ، يوشۇرماي ھەممىنى يازساڭ. ئېيتماقچى، نەچچە كۈن ئىلگىرى دوختۇرخانا ئالدىدا سېنىڭ يۈلتۈزۈڭ بىلەن ئۇچرىشىپ قالدىم. يەنە شۇ بۇرۇنقى تۇرقى... كېيىك بالىسىدەك ئوماق، تارتىنچاق، تاغ گۈللىرىدەك بەرنا، چىرايلىق. ئۇنى كۆرۈپ سېنىڭ ئۇنىڭ توغرىسىدا ئاندا ـ ساندا، ئەمما ھەۋەس بىلەن سۆزلەپ بېرىدىغان چاغلىرىڭ ئېسىمگە كەلدى. راستتىنى ئېيتسام، ئۇنى سەن ئۆزۈڭگە مەڭگۈلۈككە مەھبۇبلۇققا تاللاپ خاتا قىلمىغان ئىكەنسەن. لېكىن ئۇ شەھەرگە قانداقلارچە كېلىپ قالدى؟ ھاكىم دادىسى (سادىر بۇ سۆزنىڭ تېگىگە سىزىپ قويۇپتۇ) ئۇنى شەھەردە خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرىمەن دەپ ئېلىپ كەلگەنمىش. ئەمما كەلگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە سۇلتان سىجاڭنىڭ دوختۇرخانىدا يېتىۋاتقان خوتۇنىنى بېقىۋاتقانمىش. ساڭا كۆڭلۈمگە كەچكەن بىر گەپنى ئېيتاي، يۈلتۈزنىڭ ۋۇجۇدىدىكى ھەممە نەرسە ـ ئۇنىڭ ئۇياتچانلىقى، سەبىيلىكى، مېھرلىك تەبەسسۇمى، غۇنچىدەك قامىتى، گۈلگۈن لاتاپىتى پەقەت تاغقا، گىلەم يايلاققىلا مەنسۇپتەك، بۇيەردە، سۇلتان سىجاڭنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭدىكى بۇ يېگانە مۆجىزە ئۆزىنىڭ تەڭداشسىز سېھرىي كۈچىدىن مەھرۇم بولۇپ قالىدىغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ھېچقانچان مېنى ئالدىمايدىغان سەزگۈلىرىمنىڭ تەكرار قىلىۋاتقان دەۋتى بىلەن ساڭا شۇنى دەيمەنكى، يۈلتۈزۈڭنى بۇ لەنتى ماكاندىن ئېلىپ كېتىش قولۇڭدىن كېلەرمۇ؟..."

قەيسەر خۇددى خەتنى تۈنۈگۈن ئوقۇغان ۋاقتىدىكىدەك كۆزلىرىگە قاراڭغۇلۇق تىقىلىپ، بىر ھازا ئېغىر خىيالغا چۆمۈلۈپ ئولتۇرۇپ كەتتى. مەسىلەن، يۈلتۈزنى ئۇ

لەنتى ماكاندىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن قانداق چارە - ئۇسۇل قوللانغان ياخشى؟ ياق، هازىرچە هەرقانداق ئۇرۇنۇش بالدۇرلۇق قىلىدىغان ئوخشايدۇ. ئەڭ مۇهىمى، بىر ئامال قىلىپ يۇلتۇز بىلەن كۆرۈشۈش كېرەك. هازىرچۇ؟ هازىر بۇ ئىشلارنى ۋاقتىنچە ئۇنتۇپ سادىر ئىسمايىلغا خەت يېزىش، هەسەن كەكلىكنىڭلا ئەمەس، پۈتكۈل فىرمىنىڭ قىشلىق يەم - بوغۇزغا بولغان جىددىي ئېهتىياجىدىن خەۋەرلەندۈرۈش كېرەك. قەيسەر خىيالىنى يىغدى، قەلىمىنى ئاق قەغەز ئۈستىدە خۇددى قەدىردان دىلكەشى بىلەن دىدار كۆرۈشۈشكە ئالدىرىغاندەك تېز - تېز چاپتۇرۇشقا باشلىدى.

## ئون ئۈچىنچى باب

سۇلتان ئەلى هەر كۈنى ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بىرىنچى بولۇپ قىلىدىغان ئىشى قەپەستىكى بۇلبۇلنىڭ يەمدېنىغا دان، سۇدېنىغا سۇ قۇيۇش. هازىر ئۇنىڭغا ئۆيدە ئۇنىڭدىن كۆڭۈللۈك هەم مەسئۇلىيەت تۈسىنى ئالغان ئىش يوق. ئۇ ئەمدى دەم ئېلىشقا چىققان دەسلەپكى كۈنلىرىدىكىدەك تېلېفوندا كىم - كىملەرگىدۇر يولىيورۇق، بۇيرۇق تەلەپپۇزىدا سۆزلەپ، ئۆيىگە كەلگەنلەرنى سوئال - سوراق قىلىپ سىلكىشلەپ يۈرمەيدۇ. يۇقىرى گىرادۇسلۇق كۆزەينىكىنى تاقىۋېلىپ سائەت - سائەتلەپ گېزىت - ماتېرىيالمۇ كۆرمەيدۇ. بۇرۇن يۇقىرى - تۆۋەنىنىڭ ئونى ئىزدەپ تۇرۇشىدىن توختىماي جىرىڭلاپ تۇرىدىغان تېلېفون ئەمدى نېمىشقا زۇۋانى تۇتۇلغاندەك جىمىپ كەتتى؟ " نېمە لازىمكىن، قانداق ئىش - كۈش باركىن؟" دەپ ئايىغى ئۈزۈلمەي يوقلاپ تۇرىدىغانلار ئەمدى نېمىشقا خۇددى بۇ ئۆيگە قەدەم بېسىش مەنئى قىلىنىغاندەك يوقاپ كەتتى؟ سۇلتان ئەلى بۇنىڭ سەۋەبىنى ياخشى بىلىدۇ. ئۇ دەم ئېلىشقا چىقىپ هوقۇق تاجىنى تاشلاپ بېرىش بىلەن تەڭلا كىشىلەر ئۇنى كۆڭۈل دەپتىرىدىن تېزلا ئۆچۈرۈۋېتىشكەن. بۇرۇن ئۇنىڭغا يەتتە قەدەم يىراقتىن تازىم قىلىپ كېلىدىغانلار ئەمدى يېڭى شەهەر باشلىقىنىڭ كەينىدە ... بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆكۈنگۈلۈك، ئاه ئۇرغۇلۇق ئەمەس، چۈنكى ئادەملەر هەر قاچان شۇنداق، ئەمەل تاجىنى كىمنىڭ كىيىشى ئۇلار ئۈچۈن بەرىبىر. مىسالى بۇ تاجنى ئادەم ئەمەس، بىر ئېشەك كىيسىمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇشامەتتىن پۈرۈشكەن چىرايلار، شەنىگە ئوقۇلىدىغان هەمدۇ - سانا، قەسىدىلەر، ئايىغى ئۈزۈلمەي تەقدىم قىلىنىپ تۇرىدىغان سوۋغا - سالاملار تەييار. ئۇ ئادەملەر ئادەمنى ئەمەس، هوقۇق - ئىمتىيازنى ئەلا بىلىشكە، بۇنىڭ ئالدىدا دىر - دىر تىترەشكە، ئۇنىڭغا چوقۇنۇشقا - باش ئۇرۇشقا، ئۆزىنىڭ ئىززەت - هۆرمىتىنى، ئار - نومۇسىنى، ئىمان - ۋىجدانىنى تەسەددۇق قىلىشقا ئادەتلەنگەن. بۇ بىر قانۇنىيەت تۇرسا، نېمىشقا ئۇلاردىن رەنجىگۈلۈك، نېمىشقا ئۇلارنى تىللىغۇلۇق؟ شۇڭا سۇلتان ئەلىنىڭ دەم ئېلىشقا چىقىپ نەچچە ئون يىل كىيگەن هوقۇق تاجىدىن قۇرۇق قالغاندىن كېيىنمۇ گويا هېچ ئىش بولمىغاندەك، هېلىمۇ مۇشۇ يۇرتنىڭ پاسىبان ئاتىسىدەك كىشىلەر ئارىسىدا گەۋدىسىنى كېرىپ، بېشىنى مەغرۇر كۆتۈرۈپ يۈرۈشىنىڭ، ئويۇن - تاماشاسىنى جايىدا قىلىپ، قىلىدىغان ئىشىنى قورقماي قىلىپ يۈرۈشىنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇ. ئۇنىڭدا ئەمدى يەنە نېمە ئارمان؟ بەش بالىسىنى - ئۈچ قىز، ئىككى ئوغلىنى كۆڭۈلدىكىدەك جايغا خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇردى، ئۆمرىدىن ئېشىپ قالغۇدەك بايلىق

يىغدى، ھوقۇق كەتكىنى بىلەن شەھەرنىڭ ئەڭ ئاۋات يېرىدىن تاللاپ ئېلىنغان ئىككى مو يەر، ئۇنىڭغا سالدۇرغان ھەشەمەتلىك ئۆي - سارايلىرى بىلەن، قىلدۇرغان مېۋىلىك باغلىرى قولىدا قالدى. بىر يەرگە، مىسالى دوختۇرخانىغا بارماقچى بولسىمۇ شەھەرلىك ھۆكۈمەتتىن ئۇنىڭ خالىغان ۋاقىتتا ئىشلىتىشىگە رۇخسەت قىلىنغان كىچىك ماشىنا تەييار. ئۇ ھۆكۈمەت ئىشخانىسىغا ئۇرغان بىرلا تېلېفون بىلەن بەش مىنۇتقا قالماي ئىشىكىنىڭ ئالدىدا ماشىنا ھازىر بولىدۇ. سۇلتان ئەلىنى ھازىر ئەڭ مەمنۇن قىلىۋاتقان ئىش تەگرىتاغ چارۋىچىلىق فېرمىسىدا ساتتارنىڭ قولى ئارقىلىق يۈرگۈشۈۋاتقان تىجارەت، يەنە يېڭى ئىشقا كىرىشتۈرۈلگەن كۆمۈر كان. ئۇنىڭ بۇرۇنقى پۇللىرى ھازىر ھەسسىلەپ كۆپەيگىلى تۇرىۋېدى، ۋۇجۇدىدا ئۇ بۇرۇن ھاكىم، شەھەر باشلىقى، شەھەرلىك دائىمىي كومىتېت مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن ۋاقىتىدىمۇ ھېس قىلمىغان بىرخىل ئالاھىدە كۈچ - قۇۋۋەتنى، ھېچقانداق كۈچ يىقىتالمايدىغان تاغدەك ئېغىر مەنىۋى قامەتنى ھېس قىلدى. بىراق، جاھاننىڭ راھىتىنى كۆرىدىغان، ئۆمۈرنىڭ پەيزىنى سۈرىدىغان، بەختىنىڭ قەنتىنى چاقىدىغان چاغدا ياشنىڭ ئاتمىشتىن ئېشىپ قالغىنى ... ئىسست! ياخشى جاھان، خەيرلىك كۈنلەر كېلىۋاتقاندا يېنىپ يىگىرمە ياش ياشىرىۋېلىشنىڭ ئامالى بولسا! سۇلتان ئەلىنىڭ پەقەت مۇشۇنىڭ ئۈچۈنلا كۆڭلى يېرىم. "ئۆتكەن ئۆمۈر ئاتقان ئوق، ئۇنى ئارقىغا قايتۇرۇپ بولمايدۇ" ھەسرەت، ئەمما تەمكىنلىك بىلەن ئويلايدۇ ئۇ، "نېمە ئىلاج؟ ئەمدى قالغان ئۆمۈرنى خۇددى سۈتنى پۈۋلەپ تۇرۇپ قايناتقاندەك پەم بىلەن ئاۋايلاپ ئۆتكۈزگەن، كۆڭۈل نېمە بىلەن خۇشال بولسا شۇنى قىلغان، قىسقىسى، مەنزىلگە كۈنسېرى يېقىنلاپ بېرىۋاتقان ھايات تۇلپارىنىڭ قەدىمىنى بىر ئامال قىلىپ ئاستىلاتماق لازىم..."

سۇلتان ئەلى يۈزىنى يۇيۇپ بولۇپ، قىشلىق ساراي ئۆيىنىڭ يۇمشاق كىرىسلوسىغا چۆكتى. بۇلبۇل ئۇ بايا قويۇپ قويغان دان بىلەن سۇغا قاراپ قويار ئەمەس. ئۇ ئەينەكلىك يوغان دېرىزە ئۈستىگە ئېسىپ قويۇلغان تۆمۈر قەپەس ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا تىنىمسىز سەكرەپ بار ئاۋازى بىلەن ۋىچىلداپ سايرىماقتا ئىدى. ئەجەب يېقىملىق ئاۋاز...! ئۇنى ئاڭلىغان سۇلتان ئەلىنىڭ ئەتىگەندىكى كۆڭلى خۇددى بۇرۇن ئورنىدىن قوپۇپلا بىر قېتىم قېنىپ تاماكا چېكىۋالغان چاغلىرىدىكىدەك بىردىنلا ھۇزۇر - راھەتكە تولاتتى، ئىشتىھاسى ئېچىلىپ قالاتتى. يۈلتۇز ساپما كەشنى يېنىك شىپىلدىتىپ ئىشكتىن كىردى، قولىدىكى بىر دەستە نان ئورالغان داستىخاننى ئەپچىللىك بىلەن يايدى. ئاندىن يەنە شۇنداق شامالدەك يېنىك دەسسەپ چىقىپ كېتىپ، ھورى پۇرقىراپ تۇرغان بىر ئاپقۇر سۈتلۈك چاي، كۈمۈش يالىتىلغان گۈللۈك پەتنۇسقا تىزىلغان كىچىك تەخسىلەردە مېغىز، بادام، ياڭاق مېغىزى، ئەينەك ۋازىلاردا ھەسەل ۋە بېھى مۇراببىاسى ئېلىپ كىردى. سۇلتان ئەلى يۈلتۇزنىڭ ئۇ نەرسىلەرنى ئالدىغا قويۇۋاتقان چاغدىكى ئەپچىل ھەرىكەتلىرىگە، لەغمەن پىلتىسىدەك ئەۋرىشىم، نازۇك بارماقلىرىغا، تۈۋىگىچە پاكىز ئېلىنغان تىرناقلىرىغا، ئېگىلگەن چاغدا پېشانىسىگە چۈشۈپ تۇرىدىغان دولقۇنلۇق قاپقارا چاچلىرىغا، كۆزلىرى ھەم مەگزىدىن تارتىپ ئالمىدەك كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسىگىچە بىرخىل ئادەتتىن تاشقىرى ئېچىرقاش ۋە ئۆزىنى يوقاتقان مەستخۇشلۇق بىلەن قاراپ تۇراتتى. ۋاھ ...! ئىنسان بالىسىمۇ شۇنداق چىرايلىق بولامدۇ؟ ئۇنىڭدىكى سۇلتان

ئەلىنىڭ جىنىنى ئالغۇدەك دەرىجىدىكى سېھىرلىك جازىبە سان ـ ساناقسىز، ۋۇجۇدىدىكى ئىلاھىي گۈزەللىكنىڭ چېكى يوق... ئۇ ئەمدى پىشىپ ۋايىغا يەتكەن چىلگىدەك تولغان، رەڭ تۈزىگەن، تاغ ھاۋاسى كۆيدۈرگەن بۇرۇنقى بۇغداي ئۆڭ چىرايى ئەمدى ئاق لەيلىدەك ئاقىرىپ، ئىككى مەڭزى تاڭنىڭ سۈزۈك شەپىقىدەك قىزارغان، خۇمار كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈپ تۇرىدىغىنى يەنىلا بۇرۇنقىدەك ئادەم تىلك بېقىپ قارىيالمايدىغان دەرىجىدىكى ئاتەشلىك نۇر، گۈللۈك يېشىل پوپايكىسى ئىچىدىن كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسى خۇددى ئۇۋىسىدا سەگەكلىك بىلەن ياتقان بىر جۈپ كەپتەر، گويا ئۇ بىرەر شەپە سەزگەن ھامان ھازىرلا ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك...
يۇلتۇز سۇلتان ئەلىنىڭ ئۈزىگە ئوغرىلىقچە قاراشلىرىدىن ئىزا تارتىپ شىرە ئالدىدىن ئۆزىنى ئىتتىك چەتكە ئالدى. ئىشىك يېنىغا بېرىپ ئەيمەنگۈچى ئايانچلىق ئاۋازدا:
ـ خان ئاچامنىڭ بۈگۈن ئەتىگەنلىك تامىقىغا نېمە ئاپارسامكىن؟ ـ دېدى.
ـ بۇياققا كېلىڭا.
يۇلتۇز ھودۇقۇپ شىرەنىڭ بۇرجىكىگە كەلدى.
ـ ئولتۇرۇڭ.
ـ ئۆرە تۇرۇۋېرەي ھاكىم دادا.
ـ دەپ بېقىڭا، قەپەستىكى مۇنۇ قۇشنى ياخشى كۆرەمسىز؟
ـ ياخشى كۆرمەيچۇ، ئۇ دېگەن بىزنىڭ تاغنىڭ بۇلبۇلى ئەمەسمۇ.
ـ سايراشلىرىنىچۇ؟
ـ بۇلبۇل دېگەن قۇشلار ئىچىدە ئەڭ چىرايلىق سايرايدۇ.
ـ ياق، مەن قەپەستىكى مۇنۇ بۇلبۇلنىڭ سايراشلىرىنى دەۋاتىمەن.
ـ مەن بۇ بۇلبۇلنىڭ سايرىغىنىنى ئاڭلاپ باقمىغان تۇرسام.
سۇلتان ئەلى قىزىقسىنىپ قاقاقلاپ كۈلدى:
ـ نېمە داۋاتىسىز، قۇلاق سېلىڭ، مۇشۇ ئۇنىڭ سايرىغىنى ئەمەسمۇ؟
ـ ياق، بۇ ئۇنىڭ يىغلاۋاتقىنى، پەرياد ئۇرىۋاتقىنى.
ـ ھە ... سۆزلەڭ، خان... ـ سۇلتان ئەلى ئورنىدىن سەل كۆتۈرۈلۈپ يۇلتۇزغا يېقىن سۈرۈلۈپ كەلدى، ـ سىز بۇلبۇلنىڭ يىغلىغىنىنى، پەرياد ئۇرغىنىنى قانداق بىلىسىز؟
ـ مەن تاغدا بۇلبۇل بىلەن بىللە ياشايدىغان تۇرسام، ئۇنىڭ سايراشلىرىنىڭ قانداق، يىغلاشلىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئەلۋەتتە بىلىۋالىمەن، ھاكىم دادا.
ـ مەن ئەجەب ئاڭلىماپتىكەنمەن، ئۇچار قۇشمۇ يىغلاشنى بىلەمدا؟
ـ تۆمۈر قەپەس يامان، قەپەسنىڭ ئىچىگە تاش سېلىپ قويسا، تاشمۇ چىرىپ كېتەمدىكىن دەيمەن.
يۇلتۇزنىڭ شۇنچىلىك سۆزلەشنى بىلگىنىگە سۇلتان ئەلى ھەيران. ئەمما بۇ سۆز ئۇنىڭغا ياقمىدى. ياقمىدىلا ئەمەس، ئەتىگەندە ئىچىۋاتقان چېيى بىلەن گاچ قىلىپ تاش چاينىۋالغاندەك بولۇپ، سوغۇق، كۆڭۈلسىز بىر تۇيغۇ مېڭىسىگە تېپىپ چىقتى.
ـ شۇنداقمۇ، ـ زورغا كۈلۈمسىرىدى ئۇ، ـ ئەمىسە خان ئاچىڭىزنىڭ قېشىغا بېرىۋېرىڭ.
ـ نېمە ئېتىپ ئاپىرىدىغانلىقىمنى دېمىگەنتىلە.
ـ دېمىدىممۇ؟ بوپتۇ ... ئۆزىڭىز خالىغاننى قىلىپ ئاپىرىۋېرىڭ.
يۇلتۇزغا ئۆزىڭىز قىلىڭ دېسە، ئەتىگەندە ئەلۋەتتە گۆش، كۆكتاتلىرى ئۇششاق توغرالغان شوۋا گۈرۈچنى تاللايدۇ. بالىنىستا يېتىۋاتقىنىغا ئۈچ ئايدىن ئاشقىنىغا

قارىماي، يەنە بۇرۇنقى ھالىتىچە تۇرۇۋاتقان بىچارە ئايالنىڭ كۆڭلىنىڭ تارتىدىغىنىمۇ شۇ. يۇلتۇز ئاشخانىغا كىرىپ، ئالدىغا پەرتۇقنى تارتىپ ئالدىراپ ئاش تەييارلاشقا كىرىشتى. ئۇ بايا ھاكىم دادىسىغا ئۇ سۆزلەرنى قانداقچە دەپ سالغىنىنى بىلمەيتتى. دەپ سالدى - يۇ، كۆڭلى خۇددى قەپەستىكى ئاشۇ مەھكۇم قۇشنىڭ كۆڭلىدەك بۇزۇلۇپ كەتتى. بىتەلەي بىچارە قۇش ... قىسمىتى قانداقچە تەتۈر كېلىپ مەھكۇم بولۇپ قالغان بولغىيتى بۇ قەپەزگە؟ ئۇنى تاغدىكى جەننەتتەك گۈزەل ماكانىدىن، ئۇ يەردىكى ئەركىن پەرۋازدىن جۇدا قىلغان كىم؟ خۇشپۇراق رەڭمۇ - رەڭ گۈللەر ھەم بۈك ئورمانلار ئارىسىدا، ياپيېشىل يايلاقنىڭ بىپايان ئاسمىنىدا پەرۋاز قىلىپ، ئۆز بەختىدىن ماختىنىپ تاغ ئارىسىنى ھەم دەريا بويلىرىنى چاڭ كەلتۈرۈپ سايرىغاندا ئاغزىدىن دەستە - دەستە گۈل تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان بۇلبۇلنىڭ ئەمدىلىكتە يۈرەك - باغرىدىن ھەسرەت - نادامەت يېغىسى، ئاغزىدىن قان، كۆزلىرىدىن مەھكۇملۇق يېشى تۆكۈلمەكتە. يۇلتۇز كۈزدە ھاكىم دادىسىنىڭ كىچىك ماشىنىسى بىلەن بۇ ئۆيگە كەلگەن كۈندىن تارتىپ بۇلبۇلنىڭ ھەسرەتلىك يىغىسىنى، ئازابلىق نالىسىنى ئاڭلاۋاتىدۇ. ئاھ بەختسىز بۇلبۇل ... ئۇنىڭ ئۆز قىسمىتىدىن پەرياد ئۇرۇپ قىلغان نالىلىرى دۇنيادا يۇلتۇزدىن بۆلەك كىمنىڭ قۇلىقىغا يېتەتتى؟ بۇلبۇل تاڭ سەھەردىن تاكى كەچ كىرگىچە ئۆزىنى قەپەسنىڭ تۆمۈر سىملىرىغا ئۇرۇپ، باش - كۆزىنى يارا قىلىپ ھەسرەتلىك كۆز ياش تۆككەندە، يۇلتۇزمۇ ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ ئىچىدە ئۆكسۈپ يىغلايدۇ. نېمىشقا يىغلىمىسۇن؟ چۈنكى ئۇمۇ ئۆزىنىڭ ئەزىز ماكانىدىن، كۆڭلى سۆيۈنگەن، سۆيگەن نەرسىسىدىن ئايرىلغان مەھكۇم قۇش. ئوخشمايدىغان يېرى، بۇلبۇل قەپەستە، يۇلتۇز ئۆيگە بەنت قىلىنغان. ھاكىم دادىسىنىڭ دادىسىغا بەرگەن: قىزىڭنى شەھەرگە ئاپىرىپلا زاۋۇتقا ئورۇنلاشتۇرىمەن، دېگەن ۋەدىسى قېنى؟ ئۇ بۇ گېپىنى شەھەرگە كېلىپلا ئېسىدىن چىقارغاندەك ماشىنىدىن چۈشۈپ، تېخى ئۆيگە كىرە - كىرمەيلا يۇلتۇزغا:

- ئاش ئېتەلەمسىز؟ قېنى ئەمسە بولۇڭ، غاچ - غۇچلا بىر چۆچۈرە قىلىڭ. خان ئاچىڭىز بالىنىستا، قېشىغا بارمىسىڭىز بولمايدۇ، - دېگەندىن باشقا "زاۋۇتقا ئورۇنلاشتۇرىمەن" دېگەن گەپنى زادىلا ئېغىزىغا ئېلىپ باققىنى يوق. تۈنۈگۈن ئاتمىش ئۈچ ... بۈگۈن ئاتمىش تۆت... يۇلتۇز تاغدىن ئايرىلىپ بۇ يەرگە كەلگەن كۈنلىرىنى ئاشۇنداق سانايدۇ... قەيسەرنىڭ كېسىلى ھازىر قانداقراق بولدىكىن، ساقايدىمىكىن، ساقايغان بولسا، ھېلىمۇ دەريا بويىدىكى ھېلىقى ئۆيدىمىكىن، سېغىنغانمىدۇ مېنى؟ سېغىنىدۇ... ئايرىلغىلى شۇنچە ئۇزۇن ۋاقىت بولغاندا سېغىنمامدۇ؟ لېكىن ... نېمىشقا مېنى ئىزدەپ شەھەرگە بىرەر قېتىممۇ كېلىپ قويمايدىغاندۇ؟ ... مەن راھەتلىنىپ خۇددى قوزا، ئوغلاقتەك تاقلاپ - يۈگۈرۈپ ئويناپ يۈرگەن يايلاقلار، ئۈستىگە چىقىۋېلىپ قاملاشسا - قاملاشمىسا ئاۋازىمنى بولۇشىچە قويۇۋېتىپ ناخشا ئېيتىدىغان ھېلىقى دۆڭلۈك، ئۇسسۇل ئوينايدىغان دەريا بويلىرى ھېلىمۇ ئامانمىكىن؟ ئاھ ئىنسان ئۈچۈن ئەركىنلىك قانداق ياخشى! مەن قەيسەرنى سېغىنغىنىمدا، ئۇنى كۆرسەم بويىنىغا ئېسىلىپ ئۇزاققىچە يىغلىغۇم، يايلاقلارنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرگىنىمدە، شامالدەك يۈگۈرۈپ قىيغۇتقۇم، دەريا بويى ھەم ھېلىقى دۆڭلۈكنى ئەسلىگىنىمدە ئاۋازىمنى بولۇشىچە قويۇۋېتىپ ۋارقىرىغۇم، ناخشا ئېيتقۇم كېلىدۇ. ئاھ مەن ئەكسىنى يۈزۈڭدە كۆرۈپ رۇخسارىمنىڭ ھەقىقەتەن

گۈزەللىكىگە تويۇنجى قېتىم ئىشەنگەن يۇلتۇز كۆل! ... ھەر ئىككىمىزنىڭ ئىسمى نېمىشقا "يۇلتۇز"؟ ئىسمىمىز، گۈزەللىكىمىز ئوخشاشكەن، تەقدىرىمىزمۇ ئوخشاشمىدۇ؟
ئاش پىشىپ يۇلتۇز ئۇنى چايدانلىق كورىغا ئۇسقىچە ئۇنىڭغا كۆز ياشلىرىنىڭ قانچىلىك ئېقىپ چۈشكىنىنى بىلمىدى. ھاكىم دادىسى قىشلىق سارايلىق ئۆيدە ئالىلىكىملەر بىلەن ئۈلپەتلىشىپ ئولتۇراتتى. يۇلتۇز چاپىنىنى كىيىپ، ياغلىقىنى چىگدى ـ دە، ئاشنى كۆتۈرۈپ دەرۋازىدىن چىقتى.
نويابىرنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى. تاغدا ئالىلقاچان قېلىن قار چۈشكىنىگە قارىماي، شەھەردە تېخى جاندىن ئۆتكۈدەك سوغۇق يوق. جەنۇب ئىقلىمىغا خاس قۇرغاق شامال ئاسفالىت يول ئۈستىدىكى توپىلارنى ئۇچۇرتۇپ، يالىڭاچلىنىپ قالغان دەرەخ شاخلىرىدىكى قۇرۇپ دىردىيىپ قالغان ئاخىرقى يوپۇرماقلارنى تىترىتەتتى. يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە سودا ماگىزىنلىرى بىلەن ئۇششاق دۇكانلار شۇنچىلىك كۆپ ئىدىكى، گويا بۇ شەھەرنىڭ پۈتكۈل پۇقرالىرى سودىگەر ـ سېتىقچى بوپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى. كوچىدا ماشىنىلىقلار، ۋېلسىپىتلىكلەر ھەم پىيادىلەر كۆپ بولۇشىغا قارىماي، ئاندا ـ ساندا كىشىلەر ماگىزىن ـ دۇكانلارغا كىرىپ قوياتتى. دۇكاندارلار ئۇلارنى كۆرگەن ھامان بىردىنلا جانلىنىپ ئورنىدىن ئۈمىد بىلەن تۇرۇشاتتى ـ يۇ، ئۇلار ئۇنىڭغا ـ بۇنىڭغا قاراپ قويۇپ چىقىپ كېتىشكەندىن كېيىن، لاسسىدە بوشىشىپ قاتتىق بەندىڭگە ئۆزىنى تاشلايتتى ۋە سوغۇقتىن دۈگدىيىپ ئاستا مۈگدەشكە باشلايتتى.
يۇلتۇز شەھەرنىڭ نەچچە قەۋەتلىك ھەشەمەتلىك بىنالىرىنى، تاملىرىغا ئېسىلغان رەڭگارەڭ ئېلان تاختىلىرىنى، ئادەملەر مىغىلداپ، ماشىنىلار يولدا سۈدەك ئېقىشىۋاتقان ۋاڭ ـ چۇڭلۇق، قىستا ـ قىستاڭلىق شەھەر ھاياتىنى كۈندە كۆرىۋېرىپ زېرىككەن، شۇڭا ئۇ پىيادىلەر يولىدا ئىككى يېنىغىمۇ قارىماي بېشىنى تۆۋەن سېلىپ كېتىۋەردى. ئەمما كۆڭلىدە شەھەر ئاسمىنىدا مانايىقىپ يۈرگەن توپا ـ چاڭدەك، ئازابلىق، ھەسرەتلىك، كۆڭۈلسىز خىياللار ... بۈگۈن نەق ئاتمىش تۆت كۈن ... ئاھ بۇ مۇدھىش كۈنلەرنىڭ چېكى نەدە، توشىدىغان ۋاقتى قاچان؟ ئاپام مۇشۇنداق بولارىنى بۇرۇنلا بىلىپتىكەن، شۇڭا توغرا ئېيتىپتىكەن، ھاكىم دادىڭىزنىڭ گېپىگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ دەپ ... خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرىمەن دېگىنى ئۆزۈنغا چىقسۇن! قايتىپ كېتەي، قايتىپ كېتەي زادى ... بىراق شۇ دادام ... ئارانلا قىلسا ئاچچىقىنى ئاپامدىن ئالىدۇ. كەتسەم قانداق بولار؟ كەتسەم ... بۇنىڭ دەردىگە يەنە شۇ ئاپام قالارمۇ؟ بىچارە ئاپام...
يۇلتۇز يولدا كېتىۋېتىپ كۆز ياشلىرىنى تۇتىۋالالماي قالدى. يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلار ئۇنىڭغا بىرلىرى قىزىقىش، بىرلىرى ھەيرانلىق نەزەرىدە قارىشاتتى، ئارقىسىدىن كۇسۇلدىشاتتى . يۇلتۇز نومۇس قىلىپ ياغلىقىنىڭ ئۇچىنى چىڭ چىشلىۋالدى. ئەمما ئىچ ـ ئىچىدىن بۇلدۇقلاپ تېشىۋاتقان كۆز ياشلىرى خۇددى قېشى بۇزۇلغان دەريا سۈيىدەك زادىلا توختار ئەمەس.
ـ خەيرلىك يول!
قىز چۆچۈپ بېشىنى كۆتۈردى. ئالدىدا قاسقان تۇماقلىق، بومبا ساقال، كۆكلۈچ كۆزلۈك بەستلىك بىر بوۋاي ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. قىز بوۋاينىڭ كۆزلىرىدىن

چاقناۋاتقان كۆچلۈك كۆكۈچ نۇردىن كۆزلىرىنى قاچۇرۇپ ئېتتىك يەرگە قارىۋالدى.
- كۆز ياش ھاياتىڭىزنى نابۇت قىلغۇچى قىياندۇر، چىداملىق ھەم قەيسەر بولۇڭ قىزىم! "قەيسەر ..." قىز ۋۇجۇدىنى كۈچلۈك ئېلېكتىر ئېقىمى سوققاندەك ئەندىكىپ كەتتى، ئارتۇقچە ھودۇقۇشتىن ئېغىزىغا گەپ كەلمەي قالدى. ئۇ پەقەت بوۋاينىڭ يېنىدىن قۇش سايىسىدەك شەپىسىز ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنىلا كۆرۈپ تۇردى. ئۇ شۇ چاغدىلا ئۆزىگە كەلدى. "بوۋايغا نېمىشقا سەدىقە بېرىشنى ئۇنتۇدۇم؟ بېرىشىم كېرەك" دەپ ئويلىدى قىز ۋە ئېتتىك يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ كەينىگە قارىدى. ئەمما يۇلتۇز دىۋانە دەپ ئويلىغان بوۋاي ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتتى. يۇلتۇز ئۇنى كىشىلەر توپىغا قوشۇلۇپ كەتتىمىكىن دەپ ئارقىسىغا يېنىپ يىراقلارغىچە قاراپ باقتى. بوۋاي خۇددى يەرگە كىرىپ، ياكى ئاسمانغا چىقىپ كەتكەندەك كوچىنىڭ ھېچنەرىدە كۆرۈنمەيتتى. ئۇنىڭ ئورنىدا يەنە شۇ ھەرخىل سىياقتا كىيىنگەن، كېسەلمەن، تاتىراڭغۇ چىراي ئادەملەر تەمترەپ يۈرۈشەتتى...
دوختۇرخانا چىن مەنىسى بىلەن ئېيتقاندا ئاجىز، نىمجانلار ئۈچۈن نالىخانا، گۇناھكارلار ئۈچۈن تۆۋا - ئىستىغپارخانا. ئۆلۈم ۋەھشىتى ئەجەلدىن شەپە بەرگۈچى قارا قانىتىنى يېيىپ ئۇلارنىڭ ئۈستىگە ئۇچۇپ كەلگەندە ھۆكۈمران شاھتىن تارتىپ مەھكۇم گادايغىچە ئۆتكەن كۈنلىرىنى ئەسلىمەيدىغىنى، قىلغانلىرىنىڭ قايسىسى ھەق، قايسىسى گۇناھ ئىكەنلىكىنى ۋىجدان دەپتىرىگە تىزىپ چىقمايدىغىنى، ئۆلۈمدىن ئىبارەت بۇ تەڭداشسىز قۇدرەتلىك دىۋە ئالدىدا ئۆزىنى ئەڭ بىچارە ۋە بويسۇنغۇچى ھېسابلىمايدىغىنى يوق.
يۇلتۇز بالنىسقا كىرگەندە پاشاخان يەنە بۇرۇنقى ھالدا - پەرىشان، ھالسىز بىر كەيپىياتتا ئارقىسىغا ئېگىزلىتىپ قويۇلغان قوش ياستۇقتا يۆلىنىپ ياتاتتى. چىرايى تاتارغان، پۈرلاشقان، يۇلتۇز كىچىك چاغلىرىدا ھەۋەسلىنىپ قاراپ قالىدىغان چىرايلىق كۆزلىرىنىڭ نۇرى كۈنسېرى ئاجىزلاپ كېتىۋاتقاندەك، كۆز چاناقلىرى يوغىناپ كېتىۋاتقاندەك ئىدى. يۇلتۇز كۈندە دېگۈدەك تاراپ تۇرىدىغان، كېسەل ئازابىدىن چۈشۈپ ئازلا قالغان چاچلىرى ياستۇقتا چېچىلغان، لەۋلىرى ئاقارغان، يىرىكلەشكەن ...
- ئەسسالام، قانداقراق ياتتىلا خان ئاچا؟ - يۇلتۇز قولىدىكى كورىنى تومپۇچكا ئۈستىگە قويۇپ پاشاخاننىڭ چاچلىرىنى تۈزەشتۈردى، بىر ياققا قىيسىيىپ قالغان ياغلىقنى تۈزەپ چىگدى.
- ئوبدان ... مۇشۇنچىلىك ... - پاشاخاننىڭ چىرايىغا ئەتىيازنىڭ يۇپقا ئاپتىپىدەك ھالسىز، سۇس كۈلكە يۈگۈردى، - ھاكىم دادىلىرى ... قانداقراق قوپتى؟
- ياخشى.
يۈزىنى يۇيۇش ئۈچۈن سۇخانىغا چىقىپ كەتكەن شەمشىدىن لۆڭگە بىلەن سۇلياۋ قاپتىكى سوپۇننى كۆتۈرگىنىچە ياتاققا كىرىپ كەلدى ۋە يۇلتۇزغا ئامراقلىق بىلەن كۈلۈپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى:
- كەلدىڭىزمۇ خان؟
- ھەئە، تىچلىقمۇ ئاكا؟
يۇلتۇز كەلگەندىن كېيىن پاشاخانغا قارايدىغان بۇرۇنقى تەرتىپ ئۆزگىرىپ بەش بالا ۋە ئىككى كېلىن كېچىسى نۆۋەت بىلەن قارايدىغان، كۈندۈزى يۇلتۇز قارايدىغان

بولغان. شۇڭا پاشاخاننىڭ شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىدە ئوتتۇرا دەرىجىلىك ئەمەل بىلەن ئىشلەۋاتقان چوڭ ئوغلى شەمشىددىن ئاپىسىغا قاراش ئۈچۈن ئاخشام كەلگەن. يۇلتۇز دەسلەپتە داسقا ئىلمان سۇ تەڭشەپ پاشاخاننىڭ يۈز، قولىنى نەم لۆڭگە بىلەن پاكىزە سۈرتۈپ يۇدى. ئاندى شوۋا گۈرۈچنى قاچىغا بۆلۈپ پاشاخانغا بىر قوشۇق - بىر قوشۇقتىن ئىچۈرۈشكە باشلىدى.

- دادامچۇ، دادام بارمۇ ئۆيدە؟ - بىرخىل جىددىي، تەنلىك ئاھاڭدا سورىدى شەمشىددىن.

- بار، ئۆيدە بىرسى بىلەن پاراڭدىشىپ ئولتۇرۇپ قالغان.

- كەلمەمدىكىنا دوختۇرخانىغا؟

- بىلمىدىم ئاكا.

شەمشىددىن بىردىنلا چىچىلىشقا باشلىدى:

- قانداق گەپ بۇ، ھېچبولمىسا ئىككى كۈندە بىر كېلىپ قويمىسا ...شۇمۇ ئاتا بولدىمۇ ئەمدى؟

- ھېچقىسى يوق بالام، - پاشاخان ئاش ئىچىشتىن توختاپ ئوغلىغا يېلىنغۇچى بىر نەزەر بىلەن قارىدى، - ئالدىنقى كۈنى كەلگەن ... ئىشى چىقىپ قالغاندۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنىڭمۇ تازا تاۋى يوق تۇرغان...

- دەم ئېلىشقا چىققان ئادەمگە يەنە نېمە ئىش ئاپا؟ ھازىرقى كۈندە بىر ئىت بىكار، بىر دادام ... تاۋى يوق بولسا مانا دوختۇرخانا، كۆرۈنسە بولىدىغۇ، - شەمشىددىن شۇنچىلىكلا دېدى، خۇددى ئاپىسىنىڭ ئالدىدا ئارتۇقچە سۆزلەپ قويغىنى ئۈچۈن خىجىل بولغاندەك جىمجىت ئولتۇرۇپ كەتتى. "بىچارە ئانا ... دادامنىڭ تاش يۈرەكلىك قىلىۋاتقىنىنى بىلىپ تۇرۇپ يەنە ئۆزىنىڭ قەدىناسىغا يان باسىدۇ، ھەممىنى بىلىپ تۇرۇپ بىلمىگەنگە سالىدۇ، دەرد - ئەلەملىرىنى ئىچىگە يۇتىدۇ. يۈرەك نېمىشقا كاردىن چىقتى، نېمىشقا ئۇنىڭ بېغىشلىرىغا دەز كەتتى، بەش بالىنى بېقىپ چوڭ قىلغۇچە تارتقان جاپاسى، ئۆيىنىڭ ئېغىر يۈكىنى يالغۇز ئۆزى كۆتۈرۈپ كۈچ ئېلىپ كەتكىنى ئۈچۈنمۇ؟ ياق! مەن دېگەن بالىنىڭ چوڭى، شۇڭا بۇنىڭ سەۋەبىنى ياخشى بىلىمەن. بىر ئانا ئۈچۈن جاپا - مۇشەققەت دېگەن نېمە؟ يامنى ئازاب - دەرد ... بۇ ھەممىدىن يامان! ئېخ دادا! ئۇ ھېلىمۇ ئۆزىنى مۇشۇ يۇرتتا يەرنىڭ چوڭقۇر تەكتىگە غۇلاچلاپ يىلتىز تارتقان، شاخلىرى تەرەپ - تەرەپكە يېيىلغان قامەتلىك سىدە دەرىخىدەك ھېس قىلىدۇ. بىراق مۇشۇ ھەيۋەتلىك گىگانت قامەتنىڭ كۆڭلىمىزدىكى ئورنى قانچىلىك، مۇشۇلارنى بىلەمدىغاندۇ؟"

- ناشتا قىلىۋېلىڭ بالام، يۇلتۇز، ئاكىڭىزغا چاي قۇيۇپ بېرىڭا، - مانا بۇ مېھرىبان ئانىنىڭ ھالسىزلىقتىن تىترەپ چىقىۋاتقا،ن ئاۋازى.

- ياق ئاپا، - دېدى شەمشىددىن سائىتىگە قاراپ، - ئىدارىگە كېچىكىپ قالىمەن، - ئۇ ئالدىراپ چاپىنىنى، شەپكىسىنى كىيدى، - كەچتە ئارزۇگۈل كېلىدۇ، خۇدايىمغا ئامانەت ئاپا!

- دەپ قويۇڭ، بالىلارنى ئالغاچ كەلسۇن ...

دوختۇرلار كىردى، يۇلتۇز ئۇلارنىڭ ئىسمىنى بىلمىگىنى بىلەن ھەممىسى تونۇش. ئۇلار شۇ قەدەر مېھرىبان، چىرايلىرى ئىللىق، گەپلىرى سىلىق ئادەملەر. قايسى كۈنى پاشاخان ئۇلارنىڭ گېپىنى قىلىپ "ئۇلار ئاغرىققا سەۋەب، ئۆلۈمگە ئامال قىلغۇچى

ئاق كيىملىك پەرشتىلەر" دېگەن. پەرشتە! نەقەدەر ئۇلۇغ سىما! ئاپىسى كىچىكىدە دەپ بېرىدىغان، پەرشتىلەر خۇدانىڭ ئەلچىلىرىدۇر دەپ. ئۇلار شۇنىڭ ئۈچۈن شۇقەدەر مېھرىبان، شەپقەتلىك ئىكەن ـ دە! ئوروۇق، ئالدىغا سەل مۈكچەيگەن كۆزەينەكلىك دوختۇر. يۈلتۇز ئۇنى ھەممىدىن بەكرەك ياخشى كۆرىدۇ. پاشاخاننىڭ ئېيتىشچە ئۇنىڭ داۋالاش تېخنىكىسى ھەممىدىن يۇقىرىمىش ھەم مۇشۇ بۆلۈمنىڭ باشلىقىمىش. ئۇ ھەر كۈنىدىكىدەك پاشاخاننىڭ يۈرەك ھەرىكىتىنى تەكشۈرۈپ كۆردى، ئۇنى ـ بۇنى سوراشتۇردى. ئۇ كۆزەينەك ئاستىدا پارقىراپ تۇرغان كۆزلىرىنىڭ ئۆتكۈر بېقىشى بىلەن پاشاخاننى ئەمەس، ئۇنىڭ زەئىپلەشكەن يۈرىكىنى كۆرۈۋاتقاندەك ئىدى.
ـ سىجاڭ بۈگۈن كېلەمدۇ؟
ـ بىلمىدىم... كېلىپ قالار ھېلىغىچە.
ـ مۇمكىن بولسا بىر چاقىرتساق. مەسلىھەتلىشىدىغان ئىش بار ئىدى.
ـ ئەمىسە قىزىم بېرىپ چاقىرىپ كەلسۇنمىكىن... ھازىرلا...
ـ ئاۋارە بولمىسۇن، بىز تېلېفون بېرەيلى بولمىسا، تېلېفونىڭلارنىڭ نومۇرى نەچچىدى؟
پاشاخان ئېيتىپ بەردى، دوختۇرلار چىقىپ كېتىشتى.
...ئاسما ئوكۇل رەڭسىز ئىنچىكە نەيچە بويلاپ پاشاخاننىڭ تومۇرىغا بىر تېمىم، بىر تېمىمدىن تامچىلاپ چۈشۈۋاتاتتى. يۈلتۇز ئۈچۈن ئۇ تامچىلارنىڭ ھەر بىرى شۇنچىلىك سېھرلىك، خاسىيەتلىك. گويا ئاشۇ ھەر ـ بىر تامچە پاشاخاننىڭ جېنىغا جان، ۋۇجۇدىغا كۈچ قوشۇۋاتقاندەك، يۈرىكىدىكى مۇدھىش كېسەلگە ئوق بولۇپ تېگىۋاتقاندەك...
يۈلتۇز پاشاخاننىڭ كىچىك تەرىتىگە قاچا تۇتتى.
ـ سىزگە ... سىزگە نېمە دەپ رەھمەت ئېيتسام بولار قىزىم؟ ـ ھالسىز، تىترەڭگۈ بىر ئاۋاز پاشاخاننىڭ ھىملەشكەن لەۋلىرى ئارىسىدىن سىرغىپ چىقماقتا، ـ مېھرىبانلىقنى ... خۇددى ئۆز قىزىمدەك يەتكۈزدىڭىز...
ـ ھېچقىسى يوق خان ئاچا، بىز دېگەن تۇغقان ئەمەسمۇ.
ـ ئېيتىڭا... سىزنى ... مۇشۇ جاپايىڭىزغا چۈشلۇق نېمە بىلەن رازى قىلسام بولار؟ قۇلىقىمدىكى ھالقىنى ئېلىڭا... ئۇنىڭ ئەمدى... ئۇنىڭ ماڭا لازىمى قالمىدى.
ـ ياق، ئۇنداق دېمىسىلە خان ئاچا، ـ يۈلتۇز ئەندىكىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، ـ ئۇنداق دېسىلە كۆڭلۈمگە كېلىدۇ. مەن خىزمەتلىرىنى ھازىرلا ئەمەس، زاۋۇتتا ئىشقا چۈشكەندىن كېيىنمۇ ياخشى قىلىمەن.
ـ نېمە ... زاۋۇت دېدىڭىزما؟ ـ پاشاخان قۇرۇپ كېتىۋاتقان لەۋلىرىنى تىلى بىلەن يالاپ نەمدەپ قويدى.
ـ ھەئە، ھاكىم دادام شۇنداق دېگەن.
ـ راست ئۆزى... شۇنداق دېگەنما؟
ـ ھەئە، تاغدىكى چاغدا.
ـ قايسى زاۋۇتقا؟
ـ خىمىيىۋى ئوغۇت زاۋۇتى دېگەن.
ـ ۋاي خۇدايىم... ئەمىسە نېمىشقا ... ۋاقتىدا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويمايدۇ؟ ئىككى ئاي... بىكارلا ئۆتۈپ كېتىپتۇ مانا...

- ياق، ياق، ھېچقىسى يوق خان ئاچا، - يۇلتۇز پاشاخاننىڭ بىئارامىلىنىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ بىردىنلا ئۇكايسىزلىنىپ كەتتى، - سىلىنى ساقايغىچە قاراپ تۇرسۇن دېگەندۇ.
نېمە ئالدىراش؟ مېنىڭ ئەس - يادىم سىلىدە خان ئاچا.
ئىككىيلەن سۇلتان ئەلىنىڭ تۇيۇقسىز كارىدوردا ئاڭلىنىۋاتقان گۇدۇك ھارۋىنىڭ گۇدۇڭىدەك چىقىدىغان بوم، بوغۇق ئاۋازىنى ئاڭلاپ، ئىچىگە تىنىپ جىم بولۇشتى.
- كەپتۇ... دوختۇرلار چاقىرتقان ئوخشايدۇ، - ئاستا پىچىرلىدى پاشاخان. سۇلتان ئەلىنىڭ دەسلەپتە كىملەردىندۇر ئەھۋال سورىغان، كىملەرگىدۇر كۈلكە ئارىلاش چاقچاق قىلىۋاتقان خۇشخۇي ئاۋازى ئاڭلاندى. ئاندىن ئىشىكتىكى ئەينەكتىن يۇلتۇزغا تونۇش گەۋدىلىك، سېمىز بەستى كۆرۈندى. بۆلۈم مۇدىرى ئۇنى ئىشخانىغا باشلاپ كىرىپ كەتتى.
- مەرھەمەت، قېنى ئولتۇرسىلا، - ئىلتىپات بىلەن كىرىسلوغا تەكلىپ قىلدى ئۇ. سۇلتان ئەلى كىرىسلوغا ئەمەس، بۆلۈم مۇدىرىنىڭ ئۇدۇلىدىكى يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى. قايسىبىر دوختۇر ئۇنىڭدىن يېقىنچىلىق بىلەن ئەھۋال سوراپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. سېستىرالار باشلىقى چايداندىن ئىستاكانغا چاي قۇيۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇۋېتىپ خىجىل بولغان ھالدا:
- ئەپۇ قىلسىلا، قايناقسۇ قۇيۇپ سالدىم، سەت بولدى، - دېدى.
- كېرەك يوق، دوختۇرخانا ئەمەسمۇ، - سىپايىلىق بىلەن كۈلدى سۇلتان ئەلى. قارىغاندا ئۇ ئەمەلدىن ئاللىقاچان قالدۇرۇلغىنىغا قارىماي، ئۇنىڭ كىشىلەرنى ئەيمەندۈرگۈچى بۇرۇنقى ئوبرازى يەنىلا بۇ يەردىكىلەرنىڭ كاللىسىدىن كەتمىگەندەك ئىدى.
- مۇنداق ئىش ئىدى، - مۇھەممەت تۇرسۇن كۆزەينىكىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ، پاشاخاننىڭ كېسەل تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللارغا كۆز يۈگۈرتكەچ داۋام قىلدى، - بىزنىڭ بىمار ئۈستىدىكى ئاخىرقى قارارىمىز يۈرەك قان تومۇرىنى ئوپېراتسىيە قىلىش. لېكىن بۇخىل كېسەللىك ئۈستىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان ئوپېراتسىيىنىڭ جەريانى مۇرەككەپ، قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى. توغرىسىنى ئېيتقاندا دوختۇرخانىمىزدا بۇخىل ئوپېراتسىيىنى قىلىشنىڭ تېخنىكىلىق شارائىتى كەمچىل، بۇنى پەقەت زامانىۋى تېخنىكا ۋە ئەسلىھەلىرىگە ئىگە يۇقىرى دەرىجىلىك دوختۇرخانىلارلا مۇۋەپپەقىيەتلىك ئىشلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە. بىراق، بىمارنى ھازىر ئورنىدىن يۆتكەش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا ھازىرقى بىردىنبىر چارە يۇقىرى دەرىجىلىك دوختۇرخانىلاردىن تېزلىكتە مۇتەخەسسىس تەكلىپ قىلىپ ئوپېراتسىيىنى مۇشۇ يەردە قىلىش. بىز مۇشۇلاردىن سىلىنى خەۋەرلەندۈرۈپ پىكىرلىرىنى ئالماقچىدۇق.
"پىكىرلىرىنىمىش تېخى..." چىشلىرىنى ئەلەملىك كىرىشتۈردى سۇلتان ئەلى، "بۇرۇن شۇنداق دېيىشكە ھەددىمىدى؟ <يولىيورۇقلىرىنى> دېمىسە ئاغزىغا چوغ يېقىلاتتى".
- ئوپېراتسىيە... - تەكرارلىدى سۇلتان ئەلى ۋە كۆرسەتكۈچ بارمىقى بىلەن جوزىنى تاكىلدىتىپ چەككىنىچە ئاز ۋاقىت خىيال سۈرۈپ ئولتۇردى، - ئوپېراتسىيە... ئەرزىمدۇ؟ ياق - ياق، مۇنداق دېگىنىم، دېمەكچى بولغىنىم، ئوپېراتسىيە قىلماي داۋالاپ ساقايتىشنىڭ زادى ئىمكانىيىتى يوقمۇ؟

- هازىرچە مۇنداق ئىمكانىيەت يوق سۇلتان سىجاڭ.
- ئۇنداقتا، ئوپېراتسىيەگە نەچچە پۇل كېتەر؟ - سۇلتان ئەلى ۋراچقا سىنچى كۆزلىرى بىلەن جىددىي بىر نەزەردە قارىدى، - پەرىزىڭىزچە ئىككى - ئۈچ مىڭ كويچە كېتەرمۇ؟
- يەنە مۇتەخەسسىسنىڭ كېلىش - كېتىش كىراسى بىلەن ئىش ھەققىنىمۇ سىلى ئايرىم ئۈستىلىرىگە ئېلىشلىرىغا توغرا كېلىدۇ.
- كېلىش - كېتىش كىراسىغۇ مەيلى، ھۆكۈمەتتىن ئالىدىغان مائاشى تۇرۇقلۇق يەنە بىزدىن ئىش ھەققى ئالامدىكەن؟
- ئۇ ئۆز ئىدارىسىگە ئەمەس، بىزگە ئىشلەيدۇ ئەمەسمۇ.
- ئۇ ئىدارە، بۇ ئىدارە ھەممىسى ئوخشاش. ئىستىل بۇزۇلغان دەڭا. بوپتۇ... ئۇنىڭغا ھازىرچە مىڭ كوي دەپ تۇرايلى. ھەممىسى بولۇپ تۆت مىڭ كوي يېتەرمۇ؟
- ئەستا. بىرخىل ئوڭايسىزلىنىش ئىچىدە كۈلدى قېرى ۋراچ، - مەن نېمە دېيەلەيمەن؟ مەن پەقەت كېسەلنى داۋالاشنىلا بىلىمەن، پۇل ھەققىدە ھېچنېمە دەپ بېرەلمەيمەن.
- ياق - ياق، دەپ قويدۇم - دە ئەمدى. كۆڭۈلدە ئاز - پاز سان بولمىسا قانداق بولىدۇ؟... تۆت مىڭ كوي ئاز پۇل ئەمەس جۇمۇڭ!
- يەتمەسمىكىن.
- بەش مىڭ كويچۇ؟ بەش مىڭ كوي!
ۋراچ بېشىنى چايقىدى.
- بوپتۇ ئالتە مىڭ كوي! - سۇلتان ئەلى خۇددى ئۇنىڭغا تەئەددى قىلىۋاتقاندەك كەسكىن بىر ئاھاڭدا ئېيتتى، - لېكىن بىر شەرت، مۇشۇ ئوپېراتسىيە بىلەن بالىنىڭ ئاپىسىنى ئۈزۈل - كېسىل ساقايتىشقا ھۆددە قىلالامسىز؟
- مەن خۇدا ئەمەس، دوختۇر، - تەمكىنلىك بىلەن جاۋاب بەردى قېرى ۋراچ، - مەن ئىشەنچ قىلالايمەن، ئەمما ھۆددە قىلالمايمەن.
- ھۆددە قىلالىسىڭىز ھېساب! ھۆددە قىلالمىسىڭىز، جېنىغا ئارا تۇرالمىسىڭىز مۇنداق ئوپېراتسىيىنى قىلىشنىڭ نېمە ئەھمىيىتى؟
- مەن سىلىگە زىممىمىزدىكى تىببىي مەسئۇلىيەتنىلا دەپ قويدۇم.
- گەپ مۇشۇنداق، ئەمما كىچىك تىلىڭلار باشقا، - ئۇنىڭ چىرايىدا تەرسالىق ئارىلىشىپ كەتكەن بىر خىل ھاكاۋۇرلۇق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى، - يېڭى كېسەللىك بايقالدى دەيسىز، بۇنىسى ناتايىن. بۇخىل كېسەلنى دورا بىلەن داۋالاشنىڭ ئۈنۈمىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بۇرۇن بىلمەيتتىڭلارمۇ؟ بىلەتتىڭلار. بىلىپتۇرۇپ كېسەلنى ئۈچ ئاي ئاۋارە قىلغىنىڭلاردىكى سەۋەب نېمە؟ ئەمدى قوپۇپ ئوپېراتسىيە قىلىمىز دەيسىلەر. بۇنىڭ ھەممىسى كېسەل داۋالاشقا مەسئۇلىيەتسىزلىك بىلەن قاراپ پۇل تېپىشنى قوغلىشىش. ئاڭلىسام دوختۇرخانىڭلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا يولغا قويۇلىدىغان بىر تۈزۈم بارمىش، بىرەر دوختۇرنىڭ يازغان رېتسىپىدىكى دورىنىڭ قىممىتى مىڭ يۈەنگە يەتسە ئۇنىڭغا ئوتتۇز يۈەن مۇكاپات بېرىلەرمىش. راستىنى دەپ بېقىڭا. مەمتاخۇن، بىزنىڭ خوتۇنىنىڭ داۋالىنىش چىقىمى ئۈچۈن ھازىرغىچە تۆلىگەن پۇلۇمدىن قانچىلىك مۇكاپات ئالدىڭىز؟
مۇھەممەت تۇرسۇن خۇددى سېسىغان نىجاسەتنى يۇقتۇرۇۋالغاندەك سەسكىنىپ

كەتتى.
- لەنەت سىلىگە...! - پەس، ئەمما قەھرلىك ئاۋازدا تووۋلىۋەتتى ئۇ. ئورۇق گەۋدىسى غەزەپتىن جالاقلاپ تىترەيتتى، ئۆسكىلەڭ قاشلىرى ھۈرپىيىپ، كۆزلىرى ئوتتەك يېنىپ كەتكەنىدى.- ئۈستۈمدىكى مۇشۇ ئاق خالاتنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتىگە داغ چۈشمىسۇن دېدىم. بولمىسا مۇشۇ گەپنى قىلغان ئاغزىلىرىغا پوق تىقاتتىم!- مۇھەممەت تۇرسۇن شۇنداق دېدى - دە، ئورنىدىن قوپۇپ، ئىشىكنى غەزەپ بىلەن ئېچىپ چىقىپ كەتتى. سۇلتان ئەلى ئۆزى يالغۇز خېلىغىچە ئولتۇردى. يېنىغا ھېچكىم كىرمىگەندىن كېيىنلا ئېغىر پۇشۇلداپ، ئاستا ئورنىدىن تۇرۇپ پاشاخاننىڭ يېنىغا كىرىپ كەلدى.
- زادى بۇلار دوختۇر ئەمەس، جاڭگالغا بېرىپ ئېشەك باقىدىغان گۇيلار! - بەندىڭدە ئولتۇرۇپ ئەلەملىك خىرىلدىدى ئۇ.- ئۈچ ئايدىن بېرى ئاۋارە قىلىپ، ئالىدىغان پۇلنى ئېلىپ بولۇپ ئەمدىلىكتە يۇقىرىدىن دوختۇر ئەكىلىپ ئوپېراتسىيە قىلىمىز دەيدا؟ بۇرۇنلا شۇنداق دېسە بولمامدۇ؟ ئوپېراتسىيە قىلىدىغان يەرگە ئاپىراتتۇققۇ، يا ئۈرۈمچىگە ئاپىراتتۇق، يا بېيجىڭ، شاڭخەيگە...
يۇلتۇز بىلەن پاشاخان سۇلتان ئەلىنىڭ قەھرلىك چىرايىدىن، غەزەپلىك ئاۋازىدىن قورقۇشۇپ دېمىنى ئىچىگە يۇتۇپ جىم بولۇشتى. "ئەمدى بىزگە ۋارقىرارمۇ، ئاچچىقىنى بىزدىن ئالارمۇ؟" دەپ تەشۋىش، ساراسىمە ئىچىدە ئولتۇراتتى ھەر ئىككىسى.
سۇلتان ئەلى ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن نە بۇلبۇلنىڭ ئاۋازى، نە تېلېۋىزوردىكى كۆرۈنۈشلەر كۆڭلىنى ئالالمىدى. ئۇ كىرىسلوغا ئۆزىنى تاشلاپ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ خىيال بىلەن ئولتۇراتتى. قۇلىقىنىڭ تۈۋىدە ھېلىمۇ مۇھەممەت تۇرسۇننىڭ ئەتىگەنكى ھاقارەتلىك ئاۋازى... "ئەبلەخ! بۇرۇنلاردا ماڭا شۇنداق تىل تەگكۈزۈش تۈگۈل، تىك بېقىپ قاراشقا جۈرئەت قىلالارمىدى؟ شۇنداق قىلىدىغان بولسا ئانا - مانىسىنى كۆزىگە كۆرسىتەتتىمغۇ. بۇ دوختۇرخانىدىن يىلتىز - پىلتىزى بىلەن قومۇرۇپ تاشلاپ ئۇدۇل يىراق يېزىغا ياكى تاغقا قوغلاتقۇزۇۋېتەتتىم. ھەي ھوقۇق... ئۇنىڭدىن ئايرىلىۋىدىم، بۈگۈن قالتىس قەدرى ئۆتتۈلدى."
كەچتە شەمشىددىن ئۆيگە - ئۇدۇل دادىسىنىڭ يېنىغا كىرىپ كەلدى.
- كەل - كەل شەمشى، ھە... يېنىمدا ئولتۇر.- سۇلتان ئەلى ئوغلىغا ئىلتىپات بىلەن كۈلۈمسىرەپ يېنىدىن ئورۇن كۆرسەتتى، - خوتۇن، باللىرىڭ تىچلىقمۇ، نېمىشقا باللىرىڭنى ئېلىپ كەلمىدىڭ؟ ئاڭلىدىم، ئاززۇگۈلدىن ئاپاڭ بەك رازىكەن.
- ئۆزىڭىزچۇ، قانداق تۇرۇۋاتىسىز؟
- يامان ئەمەس، ئۆزۈڭ كۆرۈپ تۇرۇپسەن مانا، يەنە شۇ كونا كېسەل...
يۇلتۇز چاي دەملەپ مەزە ئېلىپ كىردى.
- قېنى چاي ئىچ.- ناننى ئۆزى ئۇشتۇپ ئوغلىنىڭ ئالدىغا قويدى سۇلتان ئەلى، ئاندىن يۇلتۇزغا بۇرۇلدى.- تېز بولۇڭ، ئاكىڭىزغا ئاش ئەكىلىڭ.
- رەھمەت، بايىلا تاماق يېگەن، ئۆزۈممۇ ئالدىراپلا كەلگەن، تاماق ئەكەلمەڭ خان.
سۇلتان ئەلى ئوغلىنىڭ ئالدىراپ تۇرۇپمۇ يەنە نېمىشقا كەلگەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى دەرھال چۈشەندى. بىر ئىشى بار، شۇنىڭغا كەلگەن گەپ. چوقۇم ئاپىسىنىڭ ئىشى. بەچچىغەرلەر، ئىشى چىقسا، ھاجىتى چۈشسە كېلىدۇ. ئاپىسى دوختۇرخانىدا يېتىپ

قالغاندىن بېرى، ھالىڭ نىچۇك دادا؟ دەپ بىرەر قېتىممۇ كېلىپ قويۇشمايدا؟
- سىلەر ساقچى خەق ئالدىراپلا يۈرىسىلەر زادى. يەنە شۇ قاتتىق زەربە بېرىشنىڭ گېپىمۇ؟
- ھەئە.
سۇلتان ئەلى ئەمدى ئارتۇقچە سۆزلىمىدى. تېلېۋىزوردا كۆرسىتىلىۋاتقان خەلقئارا بوكس مۇسابىقىسىنى كۆرگەن بولۇپ ئوغلىنىڭ ئېغىزلىنىشىنى كۈتۈپ ئولتۇرىۋەردى.
- قېشىڭىزغا بىر ئىش بىلەن كېلىۋىدىم، دادا.
- ھە... سۆزلە، قايسى ئىش بىلەن؟
- ئاپامنىڭ كېسەللىك ئەھۋالى توغرۇلۇق.
- مەن ئەتىگەندە ئاپاڭنىڭ قېشىغا بارغان.
- بىرىپسىز، ئاڭلىدىم، دوختۇر بىلەنمۇ كۆرۈشۈپسىز. لېكىن سىز دوختۇرنىڭ ئوپېراتسىيە قىلىش توغرىسىدىكى تەكلىپىگە باشقىچە پىكىردە ئوخشايسىز.
- بۇ چوڭ ئىش، جاننىڭ ئىشى.- سۇلتان ئەلى يېنىغا بۇرۇلۇپ ئوغلىغا ئۇدۇل توغرىلاندى، چىرايى جىددىي تۈس ئالدى، - شۇڭا ئەلۋەتتە ئويلىنىش لازىم بولىدۇ - دە.
- بۇ توغرا، بىراق ئويلانسىڭىز قايسى تەرەپلەردىن ئويلىنىسىز؟
- راستىنى ئېيتسام، بۇ خەقنىڭ ئاپاڭغا قويغان دىئاگنوزىدىنمۇ، داۋالاش ئۇسۇلىدىنمۇ گۇمانلىنىۋاتىمەن.- دېدى ئۇ باشقۇرغۇچىنىڭ كونۇپكىسىنى بېسىپ تېلېۋىزورنى ئۆچۈرۈۋېتىپ.- ئۇلار دەسلەپتە ئاپاڭنىڭ كېسىلىنى يۈرەك زەئىپلىشىش دېيىشتى. ئەمىسە نېمىشقا ئۈچ ئايدىن بۇيان ئىشلىتىۋاتقان دورىلار بۇ كېسەلگە شىپا بولمىدى؟ دېمەك، ئوق نىشانغا توغرىلانمىغان، ئوقمۇ كۈچىنى يوقاتقان ناچار، ساختا ئوق... مۇشۇنىڭ ئۈچۈنلا ھازىر سەككىز مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل چىقىم قىلمىدى. پەرىزىمچە، ئاپاڭنى يەنە ئىككى - ئۈچ مىڭ يۈەنسىز بالنىستىن ئەچىقىش مۇمكىن ئەمەس. ئون نەچچە مىڭ يۈەن... ئىسىت، بىكارغىلا خەجلەنگەن بولىدۇ - دە.
- ياق - ياق، - دادىسىنىڭ گېپىدىن كېيىنلا ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈشكە تىرىشتى شەمشىددىن، - سىز بىلەن مەن دوختۇر بولمىغاندىن كېيىن نېمىشقا دوختۇرلارنى ئاساسسىز ئەيىبلەيمىز؟
- ئاساسسىز، مېنىڭ دەۋاتقانلىرىم ئاساسسىزما؟
- توختاڭ، گېپىمنى بۆلمەڭ، سىز دوختۇرلارنىڭ ئۈچ ئايدىن بۇيانقى داۋالىشى كار قىلمىدى دەيسىز. لېكىن مېنىڭچە ئۇلار ئاشۇنداق جان پىدالىق بىلەن داۋالاش ئارقىلىق ئاپامنىڭ ھاياتىنى مۇشۇ كۈنگىچە ئۇزارتىپ كەلگەن بولسىچۇ؟ ئەمدى ئوپېراتسىيە قىلىش مەسىلىسىگە كەلسەك، ئۇلارنىڭ بۇ قارارىنىڭ ئىلمىي ئاساسى يوق دېگىلى بولمايدۇ. بىز ئىلمىنى ھۆرمەت قىلىشىمىز، رېئاللىقنى ئېتىراپ قىلىشىمىز كېرەك دادا.
- توختا، سەن ئوپېراتسىيە قىلدۇرساق دېمەكچىمۇ؟
- مەن دوختۇرنىڭ قارارىغا قوشۇلۇشنى توغرا تاپتىم، ئېھتىمال مۇشۇ تەدبىرلا ئاپامنىڭ ھاياتىنى قۇتقۇزۇپ قېلىشى مۇمكىن.
- يائاللا، ھەممىسى ساراڭ بوپتۇ بۇ خەقنىڭ؟ سەن >ئېھتىمال< دېسەڭ، دوختۇر

قويۇپ > ھۆددە قىلالمايمەن< دېسە، ئىشەنچ بولمىغان ئىشقا نېمىشقا تەۋەككۇل قىلىمىز؟

- بۇنى تەۋەككۇلچىلىك دېگىلى بولمايدۇ. مېنىڭچە دوختۇرلار مەلۇم ئىشەنچىسى بولمىغان ئىشقا نىسبەتەن مۇنداق قارارنىمۇ چىقارمايدۇ.

- لېكىن بۇنىڭغا ناھايىتى كۆپ پۇل كېتىدىغۇ شەمشىددىن؟ - سۇلتان ئەلى ئاخىر ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكىنى ئېيتتى.

- مەيلى بۇنىڭ ئۈچۈن قانچىلىك پۇل كەتسۇن، ھازىر بۇنى ئېغىزغا ئېلىپ ئولتۇرساق بولمايدۇ.

- لېكىن سەن شۇنى ئويلاپ باقتىڭمۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن كەم بولغاندا يەنە ئون مىڭ يۈەن تاپشۇرىشىمىز كېرەك، بۇنچىلىك پۇلنى مەن نەدىن تاپىمەن؟

- سىز مۇشۇ ئۆيىنىڭ تۈۋرۈكى، ئاپامنىڭ قىرىق يىللىق قەدىناسى. شەمشىددىن دادىسىنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى شۇنچىلىك ئەدەپلىك، ئېغىر - بېسىق تۇتۇشقا تىرىشقىنىغا قارىماي ئىچىدىكى نارازىلىق يۈزىگە تېپىپ چىقتى. شۇڭا بۇ گەپ سىزگە ياراشماسمىكىن دادا.

بۇرۇندىن تارتىپ چامغۇرى پىششمايدىغان، بىر يەرگە كەلسىلا ئىككى ئېغىز گەپ قىلىشار - قىلىشمايلا ھۆرپىيىشىپ قالىدىغان مۇنۇ زاكۇنچى ئوغلىنىڭ قىلىۋاتقان زەھەردەك سۆزلىرىگە نېمە دەپ جاۋاب قايتۇرغان ياخشى؟ بۇرۇنقىدەك قوللىرىنى شىلتىپ، ۋارقىراپ تىللاپ قىلىدىغان ھەيۋىسىنىڭ ئەمدى كۈچى كەتكەن ئوخشايدۇ.

- ماڭا تەئەددى قىلما! - ئوغلىغا چەكچىيىپ قارىدى ئۇ بۇرۇنقى چاغلىرىدىكىدىن خېلىلا بوششىپ، - ھە... مېنى نېمە قىل دەيسەن ئەمدى؟

- ئائىلىگە تۈۋرۈكلۈك، ئاپام ئالدىدا ئەرلىك، بىزگە بولغان ئاتىلىق بۇرچىڭىزنى ئادا قىلىڭ دېمەكچىمەن.

- ئادا قىلمىدىمما، زادى بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنى ئادا قىلمىدىمما؟ - سۇلتان ئەلى ئەمدى ئۆزىنى باسالماي ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. ئاپاڭنىڭ كېسىلىنى بەش - ئالتە يىلدىن بېرى داۋالىتىۋاتىمەن، يىغقان - تۈگكەن پۇللىرىمىزنىڭ ھەممىسى شۇنىڭغا كەتتىغۇ. خوش، ئاتىلىق بۇرچۇڭ دەيسەن، ئاتىلىق بۇرچۇمنى ئادا قىلماي قايسى بىرىڭنى تالادا قويدۇم؟ ھەممىڭنى خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇردۇم، ئۆيلىدىم، ياتلىق قىلدىم. ئەمما سىلەرچۇ؟ ئاپاڭ دوختۇرخانىدا بولۇپ قېلىۋىدى، قېنى قايسىڭ كېلىپ مېنى يوقلاپ قويۇشتۇڭ؟

- كەلمىدۇق ئەمەس كەلدۇق، لېكىن قېشىڭىزغا كىرىشكە جۈرئەت قىلالمىدۇق، نىمىشقا جۈرئەت قىلالمىدۇق؟ كەچۈرۈڭ دادا... ئۇنى دېيىشكە تىلىمىز بارمايدۇ...

سۇلتان ئەلىگە ھەممە ئىش ئايان بولۇپ گەپ قىلالماي ئولتۇرۇپ كەتتى. تېلېۋىزور ئوچۇقمۇ، ئۆچۈرۈكلۈكمۇ، ئۇنىڭ خىيالىدا يوق. خىيالىدا ئايالى بالىنىستا ياتقۇزۇلغاندىن كېيىن، ئۆيدە ئۇيۇشتۇرۇلغان ئويۇن - تاماشا... ناخشا، ساز، ئۇسسۇل، تانسىلار خۇددى گادىرماش چۈشتەك مانايىقىپ يۈرمەكتە. ھەي، بۇنى شەمشىددىنگە باشقىچىرەك بىر مەزمۇندا چۈشەندۈرۈش كېرەك ئىدى، بىراق نېمە دەپ؟

- گەپنى قىسقارتايلى، ئاپامنى زادى قانداق قىلىمىز؟

- ئۇكىلىرىڭىنىڭ پىكرىنى ئېلىپ باقايلى، ئۇلار ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇشقا قوشۇلامدىكىن؟
- مەن شۇلارنىڭ تەلپىي بىلەن قېشىڭىزغا كەلدىم.
- بوپتۇ... سىلەر شۇنداق قىلىشنى توغرا تاپقان بولساڭلار مەن نېمە دەيتتىم؟ لېكىن... ئۇ قاشلىرىنى كۆتۈرىۋىدى، پىشانىسىدە تۈرۈم - تۈرۈم قورۇقلار كۆرۈنۈپ كەتتى.- لېكىن پۇلنىڭ ئىشىنى قانداق قىلىمىز؟ شۇنى ئويلىنىۋاتىمەن، بېشىم قېتىۋاتىدۇ...
- ئەمما مەن سىزنى پۇلدا قىيىنچىلىق ھېس قىلمايدۇ دەپ ئويلايمەن.
- توۋا... مېنى نېمىشقا ئەتۈر قىينايدىغانسەن؟ بىلىپ قوي، مەنمۇ خۇددى ساڭا ئوخشاش ھۆكۈمەتنىڭ مائاشىغا قاراشلىق ئادەممەن.
- گېپىڭىز مۇشۇمۇ؟ - شەمشىددىننىڭ ئېلىشقا ئۈلگۈرەلمىگەن قاپقارا ساقاللىرى غەزەپتىن تىكىلىشىپ كەتتى.- دېمەك ئاپامنى ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇش ئۈچۈن پۇل چىقىرالمايسىز شۇنداقمۇ؟
- سەن ماڭا مۇنداق سوئال قويما شەمشى!
- رەھمەت دادا،- شەمشىددىن ساقچىلارغا خاس چەبدەسلىك بىلەن ئورنىدىن تۇردى،- ئىنساۋىڭىزغا رەھمەت. سىزنى مۇشۇ كۈنلەردە مائاشقىلا قاراشلىق دېسە كىم ئىشىنىدۇ، ئۆزىڭىزنى پۇختىلاشتىكى بۇرۇنقى چارە - تەدبىرىڭىزنى دېمەيلا قوياي، گىلەم يايلاقتا ساتتار دېگەن ھېلىقى تۇغقىنىڭىزنى ۋاستە قىلىپ تاپقان پۇللىرىڭىزلا نەچچە يۈز مىڭ يۈەندىن ئاشار. بوپتۇ دادا، مۇشۇ پۇللىرىڭىزنى خەجلەش سىزگە نېسىپ بولسۇن. سىزگە پۇل لازىمكەن، ئاپام لازىم ئەمەسكەن. لېكىن ئانا بىزگە لازىم... بىز بەش بالىغا لازىم! - شەمشىددىن چىقىپ كەتتى، سۇلتان ئەلى زىڭىلداپ ئاغرىۋاتقان چېكىسىنى تۇتاملاپ جىمجىت ئولتۇراتتى. "بىز بەش بالىغا لازىم دەيدۇ تېخى ھۇ بەدرەك! ماڭا لازىم بولغاچقا قىرىق يىلدىن بېرى ئۇنى ئائىلە ئايالى دېمەي خوتۇن قىلىپ كەلگەندىمەن. بىراق قوغۇن پىشىپ يۇمشاپ كەتكەندە ساپىقىدىن ئاجراپ كەتمەسلىكنى تەلەپ قىلىش مۇمكىنمۇ؟ ھەي... ھەممە ئىشتا مېنىڭ رايىمغا قارايدىغان ياۋاش، رايىش، يەنە كېلىپ تولىمۇ مېھرىبان ئايال ئىدى... قىرىق يىلدىن بېرى ئۇ قاچان مېنى بىرەر قېتىم ئاچچىق قويغان، قاچان كۆڭلىكىمنىڭ ياقىسىنى كىر قىلغان؟ مەن شۇنىڭ ئۈچۈنلا ئۇنىڭغا تازا كۆڭلۈم بولمىسىمۇ قىرىق يىلنى بىللە ئۆتكۈزۈپ كەلگەنغۇ. ئوپېراتسىيە قىلارمىش... بۇ ئۆلۈمنىڭ بېشىدا سۈرە ياسىن ئوقۇغاندەكلا ئىشقۇ. كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇرىۋاتىدۇ، ئۇ ئەمدى ئۇزۇن ياشىيالمايدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن ھەسرەت چەككۈلۈكمۇ، ئاھ ئۇرغۇلۇقمۇ؟ ياق، ئۇنداق قىلىش ھايات ياشاۋاتقانلارنى كاردىن چىقىرىدۇ. ئۆلۈمگە كىم ئامال قىلالىغان؟ ۋاقتى كەلگەندە سەن بەشىڭ پۈت - قولىغا ئېسىلىۋالغىنىڭ بىلەنمۇ ئۇ ئالەمگە كەتكۈسى كەلسە كېتىۋېرىدۇ..."
- يۈلتۈز، يۈلتۈزخان!
ئاتا - بالا ئوتتۇرىسىدىكى پاراڭدىن قورقۇپ، يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلىپ ئاشخانا ئۆيدە تۈگۈلۈپ ئولتۇرغان يۈلتۇز بۇ ئاۋازدىن شۇئان ئېسىنى يىغىپ يۈگۈرۈپ دېگۈدەك سارايغا كىردى:
- مېنى چاقىرغانمىدىلە ھاكىم دادا؟

- ھەئە، بۇنىڭدىن كېيىن مەن چاقىرغان ھامان <ھە> دەپ جاۋاب بېرىڭ.
- ماقۇل.
- بىر پىيالە قايناقسۇ بېرىڭ، دورا ئىچىۋالاي.
- ماقۇل.

يۇلتۇز يەرگە قارىغىنىچە ئىشىكنىڭ دۇخاۋا پەردىسىنى يېنىك تەۋرىتىپ چىقىپ كەتتى، ھايال ئۆتمەي يەنە كىردى. ئەنە، سۇلتان ئەلىنىڭ ئالدىدا گۈل - نەقىشلىرى ئالتۇن رەڭ كۆك پىيالە، يىپەكتەك يۇمشاق نازۇك بارماق...

"ئىلاج يوق" ئۇنىڭ ئارامسىزلىنىپ تۇرغان كۆڭلىدە يەنە شۇ بالىنىستا يېتىۋاتقان بەختسىز مەزلۇمە توغرىسىدىكى خىيال، "شۇنداق، ئىلاج يوق... كېسەل ئازاۋىنى ئۇزاق ۋاقىت تارتىپ ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ قىيناپ يۈرگەندىن كۆرە، بىراقلا ئارام تاپقىنىمۇ ياخشى..."

...بۇلبۇل قەپەسنىڭ تۆمۈر سىملىرىغا تىنىمسىز ئۆزىنى ئۇراتتى، سىم ئاراشلىرىدىن ئۇچۇپ چىقىپ كەتمەكچى بولاتتى. جان - جەھلى بىلەن تۆمۈرگە ئۆزىنى ئۇرۇشلىرىدىن باش - كۆزى يارا بولۇپ، ئۇنىڭدىن قېپقىزىل قان تەپچىرەپ ئېقىپ تۇراتتى. بەدىنىدىن يۇمشاق پەيلىرى قاردەك توزۇماقتا ئىدى. بۇلبۇلنىڭ توختاۋسىز ۋېچىلداپ نالە قىلىشلىرىدىن كۆزلىرىدىن ياش، تىلىدىن قان تاماتتى. يۇلتۇز زوۋانسىز، ئەمما بۇلبۇلغا ئىچ ئاغرىتىپ يۈرەك - باغرى ئېقىپ كەتكۈدەك بىر ھالەتتە بۇلبۇلغا قاراپ تۇراتتى. بۇلبۇل بىردىنلا يۇلتۇزغا ئۇدۇل توغرىلىنىپ قەپەسكە ئۆزىنى بار كۈچى بىلەن ئۇردى:

- كۆزۈمدىن يوقال! سېنى كۆرەر كۆزۈم يوق!- بىردىنلا زوۋانغا كېلىپ ئەلەملىك ۋېچىرلىدى بۇلبۇل.

- نېمىشقا، سەن مېنى نېمىشقا يېنىڭدىن قوغلىماقچى بولىسەن بۇلبۇلۇم؟ - ھەيران بولۇپ سورىدى يۇلتۇز.

- چۈنكى سەن مېنىڭ مەھكۇملىقىمنى تاماشا قىلىۋاتىسەن، ئازابلىق ناللىرىمدىن ھۇزۇرلىنىۋاتىسەن.

- ياق، بۇ ئەيىبلەشلىرىڭ دۇرۇس بولمىدى، مەن سېنىڭ بەختسىزلىكىڭ ئۈچۈن يىغلاپ، سەن بىلەن بىللە ھەسرەت چەككۈچىمەن.

- مەن بۇنىڭدىن گۇمانلانمايمەن، لېكىن سەن ماڭا جور بولۇپ ئازاب ۋە ھەسرەت چېكىشنى ماڭا بولغان خەيرخاھلىق بىلەن ئويلامسەن، سەن نېمىشقا ئىنسانغا خاس ئەقىل ۋە قۇدرىتىڭنى نامايان قىلىشنى ئويلىمايسەن؟

- سەن مېنى قەپەستىن ئازاد قىلساڭ دېمەكچىمۇ سەن؟

- ماڭا شەپقەت قىل ئەي ئىنسان!- بۇلبۇلنىڭ كۆز ياشلىرى خۇددى كۈز يامغۇرىدەك تۆكۈلدى،- سەن تەقدىرىمدىكى مەھكۇملۇقنى بىردىنبىر ھېس قىلغۇچى، ئاۋازىمدىكى ئازاب ۋە ھەسرەتنى چۈشەنگۈچىسەن. ھېس قىلىش ۋە چۈشىنىش ئادەمگە ئەمەس، ئادىمىيلىككە خاس بولغان يېگانە خىسلەتتۇر. بىز ھەر ئىككىمىز ئۆز زېمىنىمىزنىڭ بىپايان ئالىمىگە تەئەللۇق ئەمەسمىدۇق؟ بىز ئەمدى شۇ يەرلەرگە كېتەيلى، بەخت - ئەركىمىزگە ئېرىشەيلى يۇلتۇز!...

- كەچۈر... مېنى كەچۈر بۇلبۇلۇم،- يۇلتۇز ئىچ - ئىچىدىن مۇزلاپ لاغىلداپ تىترىدى،
- ئۇنداق قىلىشقا ھەددىم ئەمەس، كۆرمەيۋاتامسەن، پۇت قولۇم، ئەركىم... ھەممە

نەرسەم كۆرۈنمەس قەپەس ئىچىگە بەنت قىلىنغان...

يۈلتۇزنىڭ ئۆكسۈپ يىغلىشىدىن نازۇك گەۋدىسى سىلكىنىپ تىترىدى، كارىۋات، ئۆي، ئالەم... ئاشۇ ھەسرەتلىك سىلكىنىشتىن تىترىگەندەك بولدى...

پاشاخاننىڭ ئەھۋالى كۈنسايىن پەسلەپ كېتىۋاتاتتى. باللىرى ئۇ يەر - بۇيەردىن قەرز قىلىشىپ، يېتەرلىك پۇلنى راستلاش ئۈچۈن بىر ھەپتىدىن ئارتۇق ۋاقىت كەتكەندى. شەمشىددىن كەچتە پۇلنى كۆتۈرۈپ دوختۇرخانىغا كەلگەندە مۇھەممەت تۇرسۇن بالىنىستا پاشاخاننى جىددىي قۇتقۇزۇشقا يېتەكچىلىك قىلىۋاتاتتى. پاشاخاننىڭ خېلىدىن كېيىن تىنىقى ئەسلىگە كەلدى، ئەمما ئۇ ھوشسىز ئىدى. مۇھەممەت تۇرسۇن بالىنىستىن چىقىپ كېتىۋاتقاندا شەمشىددىن ئۇنىڭغا يېپىشىۋالدى:

- پۇلنى تەييارلاپ كەلگەنىدىم، دوختۇر.

- ئەمدى ۋاقىت ئۆتتى، پۇرسەت كەتتى... ئاخىرەتلىكىگە تەييارلىق قىلىڭلار.

بالىنىستىقا سۇلتان ئەلىدىن تارتىپ باللىرىغىچە ھەممىسى يىغلىشقانىدى. سۇلتان ئەلى مۇھەممەت تۇرسۇن ھەم شەمشىددىن بىلەن ئارازلىشىپ قالغىنىغا قارىماي يەنە ئۇلار بىلەن يېپىرلىشىپ سۆزلىشىپ تۇراتتى. بۇ ياتاقتا بىر كېچە چىراغ ئۆچمىدى، تاڭ سەھەرگە يېقىن تۇيۇقسىز يۈرەكنى ئەزگۈچى يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى...

ئەزەلدىن ھۇزۇر - ھالاۋەت ۋە سەلتەنەت ھەيۋىسى ھۆكۈم سۈرۈپ تۇرىدىغان بۇ ھويلا ئەمدىلىكتە خۇددى ھازىدار مومايدەك مۇڭلىنىپ قالغانىدى. ئەرلەر مەخمەل يوپۇق يېپىلغان جىنازىنى كۆتۈرۈپ قەبرىستانلىققا ئېلىپ كېتىشكەن، ئاياللار ئاق روماللىرىغا پۈركىنىپ ئۆيدە ھازا ئېچىشىۋاتاتتى. يۈلتۇز ساراي ئۆيگە كىرىپ ئېغىر قەپەسنى ئاسما ئىلگەكتىن ئالدى - دە، تالاغا چىقتى. لەپىلدەپ قار يېغىۋاتاتتى، ئەمما ئاسمان شۇ قەدەر چەكسىز، بىپايان كۆرۈنەتتى. يۈلتۇز قەپەسنىڭ ئىشىكىنى چاققانلىق بىلەن ئېچىپ قەپسنى ئېگىز كۆتۈرۈپ تۇرۇپ:

- ئەمدى سەن مەڭگۈلۈككە ئازاد بۇلبۇلۇم، ئۇچۇپ كەت! يىراقتىكى ماكانىڭغا، دەرد - ئەلەم، قايغۇ - ھەسرەت بولمىغان بېھىش - جەننىتىڭگە ئۇچۇپ كەت،- دېدى.

بۇلبۇل دەسلەپتە ئۆزىنىڭ ئازاد قىلىنغىنىغا ئىشىنەلمىگەندەك قەپەسدە ئاز دەقىقە تەمترەپ تۇردى، ئاندىن سىرتقا ئۇقتەك ئېتىلىپ ئۇچۇپ چىقتى - دە، بىپايان كۆككە پەرۋاز قىلدى...

(تۈگىدى)